مۇھەممەد قۇتۇپ

# تۈزىتىشكە تېگىشلىك چۈشەنچىلەر

سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى

مۇھەممەد قۇتۇپ

تۈزىتىشكە تېگىشلىك چۈشەنچىلەر

سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى




سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مۇھەممەد قۇتۇب

# تۈزىتىشكە تېگىشلىك چۈشەنچىلەر

سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى

2012 – يىل، ئىستانبۇل

# مفاهيم ينبغي أن تصحح


ئاپتورى: مۇھەممەد قۇتۇب
تەرجىمە قىلغۇچى: م. مۇھەممەد خالىس
تەھرىرى: ھىلال
كوررېكتورى: سابىرجان كۆكتۇغ
مۆمىنجان سىدىق
بەتچىك: ئىبراھىم بۇغرا

ئايەت ۋە ھەدىسنىڭ ئەرەبچە
تېكىستىنى كىرىشتۈرگۈچى: ھ. مۇھەممەد تۇرسۇن



ئالاقىلىشىش
Ördek Kasap Mah. Millet Cad Gülşen Apt
No:108 D: 5 Çapa - Fatih/ İstanbul/Türkiye
Tel:0090-212-5232877
E- mail: info@maarip.org/www.istiqlaltv.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز .......................................................7
ئىمان چۈشەنچىسى ................................................17
ئىبادەت چۈشەنچىسى ...............................................165
قازا ۋە قەدەر چۈشەنچىسى ...........................................243
دۇنيا ۋە ئاخىرەت چۈشەنچىسى ........................................271
ھازارەت چۈشەنچىسى ..............................................325
پارلاق ئىستىقبال ..................................................349

## بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللهنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

﴿لَيْسَ الْبِرَّ أَنْ تُوَلُّوا وُجُوهَكُمْ قِبَلَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ وَلَكِنَّ الْبِرَّ مَنْ آمَنَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ وَالْمَلَائِكَةِ وَالْكِتَابِ وَالنَّبِيِّينَ وَآتَى الْمَالَ عَلَى حُبِّهِ ذَوِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينَ وَابْنَ السَّبِيلِ وَالسَّائِلِينَ وَفِي الرِّقَابِ وَأَقَامَ الصَّلَاةَ وَآتَى الزَّكَاةَ وَالْمُوفُونَ بِعَهْدِهِمْ إِذَا عَاهَدُوا وَالصَّابِرِينَ فِي الْبَأْسَاءِ وَالضَّرَّاءِ وَحِينَ الْبَأْسِ أُولَئِكَ الَّذِينَ صَدَقُوا وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُتَّقُونَ﴾ ﴿سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى اللهقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، الله نازىل قىلغان كىتابلارغا، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش؛ اللهنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش-ئەقرىبالارغا، يېتىملارغا، مىسكىنلەرگە، يول-مېلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازاتلىقىقا ئېرىششىگە پۇل - مال ياردەم بېرىش؛ ناماز ئوقۇش؛ زاكات بېرىش؛ ئەھدىگە ۋاپا قىلىش؛ يوقسۇللۇققا، كېسەللىككە ۋە اللهنىڭ يولىدا قىلىنغان ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇ يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر ئىمانىدا راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر﴾[1].

—— ئۇلۇغ الله راست ئېيتقان.

---

[1] سۈرە بەقەرە، 177- ئايەت.

# كىرىش سۆز

ھازىر ئىسلام دۇنياسى تارىختىكى ئەڭ يامان بىر دەۋرنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتىدۇ. تارىختا مۇسۇلمانلار ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك ئېچىنىشلىق ھالغا چۈشۈپ قالمىغان، مۇسۇلمانلارنى خار-زەبۇنلۇق ۋە يوقىلىش خەۋپى ھازىرقىدەك بىرلا ۋاقىتتا ئىسكەنجىگە ئالغان ئەمەس. مەن بۇ مەسىلىنى باشقا بىر كىتابىمدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدىم.

ئۆتمۈشتە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەندۇلۇستا يېگەن زەربىسى ئەڭ ئېغىر زەربە ھېسابلىنىدۇ. بىراق مۇسۇلمانلار ھازىر پەلەستىندە ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر زەربە يەۋاتىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا گەرچە مۇسۇلمانلار ئەندۇلۇستىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئوسمانىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ ياش ئىمپېراتورى كونستانتىنپولغا بۆسۈپ كىرىپ، ئۇنى ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختىگە ئايلاندۇردى. ئوسمانىيلار ئىمپېرىيىسى شۇنىڭدىن كېيىن ياۋروپاغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئافىنا ۋە پېتىربۇرگلارغىچە يېتىپ باردى. بىراق فىلىپپىن، ھەبەشىستان، ئارتىرىيە، چاد، نىگېرىيە، ھىندىستان، ئافغانىستاندا - پۈتۈن يەر شارىدا مۇسۇلمانلار زەربە يەۋاتقان ۋە كوممۇنىستلارنىڭ قولىدا دىندىن چىقىش ياكى ئۆلۈش – مۇشۇ ئىككى يولنىڭ بىرىنى تاللاشقا مەجبۇر بولۇۋاتقان؛ مۇسۇلمانلار خەلقئارا كۈچلەرنىڭ سۇيىقەستىگە دۇچ كېلىۋاتقان؛ ئىسلام دۇنياسى ئارقا - ئارقىدىن پارچىلىنىۋاتقان؛ مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنىدا غەيرى ئىسلام دۆلىتىنى قۇرۇش قەستلىنىۋاتقان؛ ھەرقېتىملىق قەستتە مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنى بۆلۈۋېلىنىپ، كاپىرلارنىڭ قولىغا قالغان، مۇسۇلمانلار قۇل قىلىنىۋاتقان ۋە قەتلى قىلىنىۋاتقان؛ دەۋەتچىلەر دىن دۈشمىنى ھۆكۈمەتلەرنىڭ قولىدا ۋەھشىيلەرچە قىيىن-قىستاققا ئېلىنىۋاتقان ۋە قىرغىن قىلىنىۋاتقان

مۇشۇنداق بىر پەيتتە مۇسۇلمانلار پەلەستىندە زەربە يەۋاتىدۇ. ئىسلام دۇنياسى تارىختا ھېچقاچان بۇنداق ئېغىر مەغلۇبىيەتكە دۇچار بولغان ئەمەس.

بۇ ۋەزىيەتنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەرگىزمۇ تەساددىپى ئەمەس. جاھاندا ھېچقانداق ئىش سەۋەبسىز بولمايدۇ. ئىنسانلار ھاياتىدا ھەرقانداق ئىش ﷲنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە يۈز بېرىدۇ. ﷲنىڭ قانۇنىيىتى ھېچكىمگە يان باسمايدۇ:

﴿**فَهَلْ يَنْظُرُونَ إِلَّا سُنَّتَ الْأَوَّلِينَ فَلَنْ تَجِدَ لِسُنَّتِ اللَّهِ تَبْدِيلًا وَلَنْ تَجِدَ لِسُنَّتِ اللَّهِ تَحْوِيلًا**﴾ ﴿ئۇلار پەقەت ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە قوللىنىلغان (ﷲنىڭ ئۇلارنى ھالاك قىلىش ۋە جازالاشتىن ئىبارەت) يولنىلا كۈتىدۇ، ﷲنىڭ (مەخلۇقاتلار ئۈستىدە قوللانغان) يولىدا ھەرگىزمۇ ھېچقانداق ئۆزگىرىشنى كۆرمەيسەن، ﷲيولىدا ھەرگىز يۆتكىلىشنىمۇ (يەنى ئازابنىڭ ئازابقا تېگىشلىك بولغانلار ئۈستىدىن باشقىلارنىڭ ئۈستىگە يۆتكىلىشىنى) كۆرمەيسەن﴾[1].

ﷲنىڭ نېئمىتىگە تۇزكورلۇق قىلىپ ئازغانلاردىن نېئمەتنى تارتىۋېلىش ﷲنىڭ بىر قانۇنىيىتىدۇر: ﴿**ذَلِكَ بِأَنَّ اللَّهَ لَمْ يَكُ مُغَيِّرًا نِعْمَةً أَنْعَمَهَا عَلَى قَوْمٍ حَتَّى يُغَيِّرُوا مَا بِأَنْفُسِهِمْ وَأَنَّ اللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٌ**﴾ ﴿بۇ (يەنى ئۇلارغا نازىل بولغان ئازاب) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بىرەر قەۋم ئۆزلىرىنىڭ ھالىتىنى (كۇفرى ۋە گۇناھ بىلەن) ئۆزگەرتمىگىچە ﷲ ئۇلارغا بەرگەن نېئمىتىنى ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ، ﷲ (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (قىلمىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾[2].

ياخشى كىشىلەرنىڭ ئەۋلادلىرىغا يان باسماسلىق ﷲنىڭ يەنە بىر قانۇنىيىتىدۇر: ﴿**وَإِذِ ابْتَلَى إِبْرَاهِيمَ رَبُّهُ بِكَلِمَاتٍ فَأَتَمَّهُنَّ قَالَ إِنِّي جَاعِلُكَ لِلنَّاسِ إِمَامًا**

[1] سۈرە فاتىر، 43- ئايەت.

[2] سۈرە ئەنفال، 53 – ئايەت.

قَالَ وَمِنْ ذُرِّيَّتِي قَالَ لَا يَنَالُ عَهْدِي الظَّالِمِينَ﴾ «ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمنى پەرۋەردىگارى بىرقانچە ئەمرلەر (يەنى شەرىئەت تەكلىپلىرى) بىلەن سىنىدى، ئىبراھىم ئۇلارنى بەجا كەلتۈردى. الله (ئۇنىڭغا): «سېنى چوقۇم كىشىلەرگە (دىندا) پېشۋا قىلىمەن» دېدى، ئىبراھىم: «مېنىڭ بىر قىسىم ئەۋلادىمنىمۇ پېشۋا قىلساڭ» دېدى. الله: «مېنىڭ (پېشۋا قىلىش ئەھدەمگە زالىملار (يەنى كاپىرلار) ئېرىشەلمەيدۇ» دېدى﴾[1].

ياخشى كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ ھەقىقى ياخشى مۇئمىن بولغاندىلا، اللهنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلەيدۇ: ﴿وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنْكُمْ وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُمْ فِي الْأَرْضِ كَمَا اسْتَخْلَفَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ الَّذِي ارْتَضَى لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُمْ مِنْ بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْنًا يَعْبُدُونَنِي لَا يُشْرِكُونَ بِي شَيْئًا﴾ ﴿الله ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ﴾[2].

ئەمما اللهنىڭ كىتابىغا پەقەت ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان مىراس سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغانلار يامان ئىزباسارلار ھېسابلىنىدۇ. الله قۇرئاندا بەنى ئىسرائىلنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى سۆزلەپ، مۇسۇلمانلارنى ئۇنداق قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ: ﴿فَخَلَفَ مِنْ بَعْدِهِمْ خَلْفٌ وَرِثُوا الْكِتَابَ يَأْخُذُونَ عَرَضَ هَذَا الْأَدْنَى وَيَقُولُونَ سَيُغْفَرُ لَنَا وَإِنْ يَأْتِهِمْ عَرَضٌ مِثْلُهُ يَأْخُذُوهُ أَلَمْ يُؤْخَذْ عَلَيْهِمْ مِيثَاقُ الْكِتَابِ أَنْ لَا يَقُولُوا عَلَى اللَّهِ إِلَّا الْحَقَّ وَدَرَسُوا مَا فِيهِ وَالدَّارُ الْآخِرَةُ خَيْرٌ لِلَّذِينَ

---

[1] سۈرە بەقەرە، 124-ئايەت.
[2] سۈرە نۇر، 55-ئايەت.

**يَتَّقُونَ أَفَلَا تَعْقِلُونَ**﴾ ﴿ئۇلاردىن كېيىن (يامان) ئەۋلاتلار تەۋراتقا ۋارىسلىق قىلدى، ئۇلار بۇ دۇنيانىڭ ئەرزىمەس پۇل-مېلىنى (ھالال بىلەن ھارامنى ئايرىماي، قارىقويۇق) ئالىدۇ ۋە بىزنى اللە ئەپۇ قىلىدۇ، دەيدۇ. شۇنداق پۇل-مال ئۇلارنىڭ قولىغا كەلسە، ئۇلار يەنە ئالىدۇ. كىتابتا (يەنى تەۋراتتا) اللەقا (يالغان چاپلىماي) پەقەت ھەقنىلا ئېيتىشلىرى توغرۇلۇق ئۇلاردىن چىڭ ۋەدە ئېلىنمىدىمۇ؟ ھالبۇكى، ئۇلار تەۋراتتىكى نەرسىلەرنى ئوقۇغان ئىدى، ھارامنى تەرك ئېتىپ، اللەتىن قورقىدىغانلارغا ئاخىرەت ياخشىدۇر، بۇنى چۈشەنمەمسىلەر؟﴾[1]

بۇنداق يامان ئىزباسارلار ھەققىدە اللە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**فَخَلَفَ مِنْ بَعْدِهِمْ خَلْفٌ أَضَاعُوا الصَّلَاةَ وَاتَّبَعُوا الشَّهَوَاتِ فَسَوْفَ يَلْقَوْنَ غَيًّا**﴾ ﴿ئۇلار كەتكەندىن كېيىن (ئۇلارنىڭ) ئورنىنى باسقان ئورۇنباسارلار نامازنى تەرك ئەتتى، نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشتى، ئۇلار (قىيامەتتە) گۇمراھلىقنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ﴾[2].

اللەنىڭ بۇ قانۇنىيەتلىرى ھېچكىمگە يان باسمايدۇ، بىرەركىمنىڭ خاھىشىغا قاراپمۇ ئۆزگەرمەيدۇ.

اللە مۇتتەقىيلارغا بەرگەن ۋەدىسى بويىچە مۇسۇلمانلارغا نېئمەت ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى قۇدرەت تاپقۇزدى. خەلىپە قىلدى، خاتىرجەم قىلدى ھەم ئۇلارنى ئاسمان - زېمىننىڭ پاراۋانلىقلىرىغا مۇيەسسەر قىلدى: ﴿**وَلَوْ أَنَّ أَهْلَ الْقُرَى آمَنُوا وَاتَّقَوْا لَفَتَحْنَا عَلَيْهِمْ بَرَكَاتٍ مِنَ السَّمَاءِ وَالْأَرْضِ**﴾ ﴿(پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقتىن ھالاك قىلىنغان) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى ئىمان ئېيتقان ۋە (كۇفرىدىن،گۇناھلاردىن) ساقلانغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلارنى

[1] سۈرە ئەئراف، 169-ئايەت.

[2] سۈرە مەريەم، 59-ئايەت.

ئاسمان - زېمىننىڭ پاراۋانلىقلىرىغا مۇيەسسەر قىلاتتۇق﴾[1].

مۇسۇلمانلار كېيىنچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۈۋەندىكى ھەدىستە ئاگاھلاندۇرغان ھالەتكە كېلىپ قالغاندا خار –زەبۇنلۇققا قالدى، زەئىپلەشتى، خانىۋەيران قىلىندى، قىرغىن قىلىندى: «**يوشك أن تداعى عليكم الأمم كما تداعى الأكلة إلى قصعتها . قالوا : أمن قلة نحن يومئذ يا رسول الله ؟ قال : أنتم يومئذ كثير ولكنكم غثاء كغثاء السيل...**» «سىلەرگە بارلىق مىللەت بىر لوقما تائامغا ئولاشقاندەك ئولىشىپ كېلىدۇ». «شۇ كۈنلەردە سانىمىزنىڭ ئازلاپ كەتكەنلىكىدىن شۇنداق بولامدۇ؟» دېيىلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بەلكى شۇ كۈنلەردە سىلەرنىڭ سانىڭلار كۆپ، بىراق سەلدىكى كۆپۈككە ئوخشاپ قالىسىلەر، الله دۈشمەنلىرىڭلارنى سىلەردىن قورقماس قىلىۋېتىدۇ، سىلەرنىڭ دىلىڭلارغا بوشاڭلىقنى تاشلايدۇ» دېدى. ساھابىلەر: «بوشاڭلىق دېگەن نېمە؟» دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بوشاڭلىق دېگەن دۇنياپەرەسلىك ۋە ئۆلۈمنى يامان كۆرۈش» دېدى[2].

مۇسۇلمانلار قانداق بولۇپ بۇ ھالغا چۈشۈپ قالدى؟

مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان تارىخى مۇساپىسىدە نۇرغۇن ئازغۇنلۇقلار يۈز بەردى.

مۇسۇلمانلار ھەرقېتىم ئىلاھىي يولدىن ئازغاندا؛ ئازغۇنلۇقنىڭ تۈرىگە، ئومۇملىشىش دەرىجىسىگە، ھۆكۈمدارلارنىڭ، ئۆلىمالارنىڭ ۋە ئاۋام خەلقنىڭ ئازغۇنلۇققا تۇتقان پوزىتسىيىسىگە قاراپ ھامان بەدەل تۆلىدى. ئاخىرى بېرىپ ئازغۇنلۇق ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتتى. ئاقىۋەتتە خەلىپىلىكتىن، قۇدرەت تېپىشتىن ۋە خاتىرجەملىكتىن ئايرىلىپ، ھازىرقىدەك زەئىپ، خار ۋە قورقۇنچ ئىچىگە چۈشۈپ قالدى.

---

[1] سۈرە ئەئراف، 96-ئايەت.

[2] ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

بىز بۇ كىتابتا پۈتۈن ئازغۇنلۇق لىنىيىسى ھەققىدە سۆز ئاچماقچى ئەمەسمىز. بىز بۇ يەردە پەقەت ئازغۇنلۇقنىڭ مۇسۇلمانلار ھاياتىغا ئېغىر خەتەر ئېلىپ كەلگەن ياكى پۈتۈن ئازغۇنلۇققا يىلتىز بولغان مەلۇم تۈرلىرى ئۈستىدە توختالماقچىمىز.

كۆپلىگەن ئىخلاسمەن دەۋەتچىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقىدەك يامان ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشى مەسلەك جەھەتتە ئىسلامنىڭ توغرا شەكلىدىن ئازغانلىقى سەۋەبىدىن بولغان دەپ قاراۋاتىدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ مەسلەك جەھەتتە ئازغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. بۇ ھەقتە توختىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىش، زەئىپلىشىش، قورقۇنچاقلىق، تەسلىمچىلىك، بىدئەتچىلىك، ياشلارنىڭ چۈشكۈنلىشىشى ۋە دىنسىزلىشىشى، كىشىلەرنىڭ پاسىقلىققا ۋە مۇنكەرلەرگە كۆنۈپ كېتىشى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ساناقسىز ئازغۇلۇقلارنىڭ ھېچقايسىسى مۇسۇلمانلىقنىڭ جۈملىسىدىن ئەمەس.

ۋەھالەنكى، «مۇسۇلمانلار»نىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشىدا بۇنداق ئەسكىلىكلەر ساماندەك تولا!

شۇنداقتىمۇ بۇ يەردىكىسى مەسلەك ئازغۇنلىقىلا ئەمەس ھەم مەسلەك ئازغۇنلىقى مۇسۇلمانلاردىكى ئەڭ خەتەرلىك ئازغۇنلۇقمۇ ئەمەس. ناۋادا مەسلەك ئازغۇنلىقىلا مەۋجۇت بولغان بولسا ئىدى، بۇنىڭ چارىسىنى قىلىش ئانچە تەس ئەمەس ئىدى. لېكىن ئازغۇنلۇق مەسلەكتىن چۈشەنچىلەرگە ھالقىپ كەتتى. ئىمان چۈشەنچىسىدىن باشلاپ، ئىسلامنىڭ ئاساسلىق ھەممە چۈشەنچىلىرى خاتا چۈشىنىلدى.

مەسلەك جەھەتتە ئازغان ئەمما دىنىنى توغرا تونۇغان ئادەمگە يولۇققىنىڭىزدا، ئۇنىڭ مەسلەك ئازغۇنلىقىنى تۈزەشكىلا تۇتۇش قىلسىڭىز بولىدۇ. ئۇنىڭ چۈشەنچىسىنى توغرىلايمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمەيسىز. لېكىن چۈشەنچە ئازغۇنلىقى يۈز بەرگەندە بۇ ئازغۇنلۇقنى تۈزەش ئۈچۈن

قانچىلىك كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلەر؟

ئازغۇنلۇق مەسىلەك رايوندىن ھالقىپ، دىنىمىزنىڭ ئاساسىي چۈشەنچىلىرىگە قەدەر يېتىپ كەلدى. ئىسلام دۇنياسىنىڭ بۈگۈنكى ھەقىقىي ۋەزىيىتى ئەنە شۇنداق. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلام دىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆۋەندىكى ھەدىستە بېشارەت بەرگەندەك غېرىبلىشىپ كەتتى: «بدأ الإسلام غريبا ، وسيعود غريبا كما بدأ» «ئىسلام غېرىب ھالەتتە باشلاندى، يەنە غېرىبلىشىدۇ»[1].

ئىسلام ئەمەلىيەتتە غېرىبلاشتى... مۇسۇلمانلار ئىچىدىمۇ غېرىبلاشتى. ئۇلار مەسىلەك جەھەتتە ئىسلامدىن ئازغانلىقى ئۈستىگە، ئىدىيە جەھەتتە ئىسلامنى توغرا چۈشەنمىدى. ئىسلام قۇرئان، ھەدىستە چۈشەندۈرۈلگەندەك، سەلەپ - سالىھلارنىڭ زامانىدا تەتبىقلانغاندەك ھەقىقىي توغرا سۈرەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلسا، ئۇلار بۇنىڭدىن يىتىرقايدۇ.

بىز ئەمەلىيەتچىل بولۇشىمىز كېرەك... چۈشەنچە ئازغۇنلىقىنى تۈزەتمەي تۇرۇپ، مەسىلەكنى تۈزەشكە ئۇرۇنۇش بىلەن ئۇتۇق قازانغىلى بولمايدۇ. مۇسۇلمانلار ھازىرقى پاتقاقتىن قۇتۇلۇپ چىقالمايدۇ. ئىسلامنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق غېرىبلىقىنى تۈگىتىش ئۈچۈن تۈنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار بىرىنچى قېتىملىق غېرىبلىقنى تۈگىتىشكە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندەك تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

بۇ مۇھىم ۋەزىپىنى ئويغانغان مۇسۇلمانلار ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

بىز ھەممىدىن ئاۋۋال قوبۇل قىلىش ئۇسۇلىمىزنى تۈزىتىشىمىز كېرەك...

بىز دىنىمىزنى نېمىدىن قوبۇل قىلىمىز؟ اللهنىڭ كىتابىدىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدىن ۋە سەلەپ - سالىھلار (الله ئۇلاردىن رازى

---

[1] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

بولسۇن)نىڭ ئىش - ئىزلىرىدىن قوبۇل قىلىمىزمۇ ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇزاققا سوزۇلغان تارىخى مۇساپىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان بىرقانچە ئالىملارنىڭ تەسىرى ۋە ھەرخىل پىكىر ئېقىملىرىغا سۈركىلىپ ئۆتكەنلىكىنىڭ تەسىرى بىلەن دىنىمىزغا قوشۇلۇپ قالغان كەلگىنىدى، ئازغۇن پىكىرلەردىن قوبۇل قىلىمىزمۇ؟

قوبۇل قىلىش ئۇسۇلىمىزنى تۈزىتىش، بۇنىڭغا ئاساسلىنىپ كېيىنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامنىڭ ئاساسلىق چۈشەنچىلىرى ھەققىدىكى ناتوغرا چۈشەنچىلىرىنى تۈزىتىش بىزنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىمىز. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمانلارنى توغرا چۈشەنچە بويىچە تەربىيىلەش ئىككىنچى مۇھىم ۋەزىپىمىز بولۇپ قالىدۇ. ئىككىنچى ۋەزىپىنىڭ ئەھمىيىتى بىرىنچى ۋەزىپىنىڭ ئەھمىيىتىدىن كەم ئەمەس.

ھەقىقى ئۈمىدنى تەربىيىدىن كۈتسەك بولىدۇ. بىراق تەربىيە توغرا ئاساس بىلەن ئېلىپ بېرىلمىسا، نەتىجە بەرمەيدۇ.

بۇ كىتابتا مۇسۇلمانلار خاتا چۈشىنىۋالغان بەزىبىر ئىسلامىي چۈشەنچىلەرنى اللهنىڭ كىتابى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ۋە سەلەپ - سالىھلارنىڭ ئىش - ئىزلىرى بويىچە توغرا چۈشەندۈرۈشكە، تارىخىي جەرياندا ئىسلام ئەقىدىلىرىگە يېپىشىۋالغان ئازغۇنلۇقلارنى تۈگىتىشكە تىرىشتىم.

بۇ كىتابتا ئىسلامىي چۈشەنچىلەردىن تۆۋەندىكى بەشى ھەققىدە توختالدىم:

1- ئىمان چۈشەنچىسى
2- ئىبادەت چۈشەنچىسى
3- قازا ۋە قەدەر چۈشەنچىسى
4- دۇنيا ۋە ئاخىرەت چۈشەنچىسى
5- ھازارەت چۈشەنچىسى

كىتابىمىزنىڭ ئاساسلىق قىسمىنى ئىمان چۈشەنچىسى بىلەن ئىبادەت چۈشەنچىسىگە بېغىشلىدۇق. بۇنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. چۈنكى، ئىمان

ئىسلامنىڭ بىرىنچى ۋە ئەڭ چوڭ رۈكنى بولۇپ، مۇسۇلمانلار بۇ رۈكىننى چۈشىنىشتە ئېغىر خاتالاشتى. ئىبادەت چۈشەنچىسىمۇ شۇنداق. چۈنكى كەڭ مەنىدىكى ئىبادەت چۈشەنچىسى ئەينى ۋاقىتتا ئىسلامىي ئۈممەتنىڭ روناق تېپىشى ۋە بۈيۈك نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىگە قانداق چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن بولسا، تار مەنىدىكى ئىبادەت چۈشەنچىسى زامانىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىغا شۇنداق چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. مۇشۇ چۈشەنچىلەر توغرىلىنىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىدىيىسىدە ئۆزىنىڭ ھەقىقى جانلىق ئاكتىپ ئال سۈرىتىگە يانالىسا، قالغان ئازغۇنلۇقلارنى تۈزەش ئانچە تەسكە توختىمايدۇ.

ئەگەر مەن مۇشۇ ئەرزىمەس ئۇرۇنۇشلىرىمدا اللهنىڭ مۇۋەپپىقىيىتىگە ئېرىشەلىسەم، اللهنىڭ نېئمىتىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن. مەن پەقەت اللهنىڭ ياردىمى بىلەنلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمەن.

ــــ مۇھەممەد قۇتۇب

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئىمان چۈشەنچىسى

اللهنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە ئىشىنىش ئىسلامنىڭ ئەڭ بىرىنچى ۋە ئەڭ چوڭ رۇكنىدۇر... بۇ رۇكنى ناماز، روزا، زاكات، ھەجنىڭ ئالدىدا يەنى، دىنىمىزدىكى ھەممە نەرسىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ.

قۇرئاننى مۇلاھىزە قىلغان كىشىلەرگە ئايانكى، اللهنىڭ كىتابى تەۋھىد مەسىلىسىگە، اللهنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە ئىشىنىش مەسىلىسىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. بۇ مەسىلە قۇرئاننىڭ ئاساسى قىسمىنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، مەككىدە نازىل بولغان سۈرىلەردە نۇقتىلىق بايان قىلىنغان.

«قۇرئان تەتقىقاتى» ناملىق كىتابتا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمدەك، قۇرئاندا ئىمان مەسىلىسىگە چوڭقۇر ئەھمىيەت بېرىلدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب، يۈزەكى قارىغاندا قۇرئاننى بىرىنچى قېتىم تىڭشىغانلار مۇشرىكلەر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ خاتا ئېتىقادىنى تۈزىتىش ئۈچۈن بۇ مەسىلە مەركەزلىك بايان قىلىنغاندەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن ئېتىقاد مۇقىملىشىپ بولغان، ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، ئىسلامىي دۆلەت بارلىققا كېلىپ، ئىسلامنىڭ تەكلىپلىرىگە رىئايە قىلىنغان ۋە اللهيولىدا جىھاد ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن نازىل بولغان مەدەنىي سۈرىلەردە بۇ مەسىلىنىڭ ئىزچىل تەكىتلىنىشى ئۇنىڭ مۇھىملىقىغا ئېنىق دالالەت قىلىدۇ. «ئى مۇئمىنلەر!» دېگەن خىتاب بىلەن باشلانغان ئايەتلەردىمۇ تەۋھىد مەسىلىسىنىڭ تەكىتلىنىشى شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، تەۋھىد مەسىلىسى بىر مەزگىل تەكىتلەنگەندىن كېيىن ئۇنى قويۇپ باشقىغا ئۆتۈپ كېتىدىغان مەسىلە ئەمەس. بەلكى ھەرقاچان ئاۋۋال بۇ مەسىلىنى سۆزلەپ، ئاندىن باشقا مەسىلىنى مۇشۇ مەسىلىگە

باغلاپ سۆزلەش كېرەك. سۈرە نىسانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتى بۇ سۆزىمىزنىڭ كەسكىن پاكىتى: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا آمِنُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ وَالْكِتَابِ الَّذِي نَزَّلَ عَلَى رَسُولِهِ وَالْكِتَابِ الَّذِي أَنْزَلَ مِنْ قَبْلُ وَمَنْ يَكْفُرْ بِاللَّهِ وَمَلَائِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَالًا بَعِيدًا﴾ ﴿ئى مۆئمىنلەر! اللەقا، اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە اللەئۇنىڭغا نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە ئىلگىرى اللە نازىل قىلغان كىتابلارغا (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابلارغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار. كىمكى اللەنى، اللەنىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ﴾[1].

بۇ ئايەتتە ئەمەلىيەتتە ئىمان كەلتۈرۈپ بولغان كىشىلەرگە يەنە «ئىمان كەلتۈرۈڭلار!» دېيىلىۋاتىدۇ. اللەبۇ ھە قتە سۈرە بەقەرەنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿آمَنَ الرَّسُولُ بِمَا أُنْزِلَ إِلَيْهِ مِنْ رَبِّهِ وَالْمُؤْمِنُونَ كُلٌّ آمَنَ بِاللَّهِ وَمَلَائِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ﴾ ﴿پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، مۇئمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى اللەقا ۋە اللەنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى﴾[2].

دېمەك ئىمان مەسلىسى ئىنسانلار ھاياتىدىكى دائىملىق مەسلىدۇر... ئىمانغا پەقەت ئىمانسىز كاپىرلار ۋە توغرا ئىمان كەلتۈرەلمىگەن مۇشرىكلارلا چاقىرىلماستىن، بەلكى مۇئمىنلەرمۇ چاقىرىلىدۇ. بۇنىڭدا مۇئمىنلەرنىڭ دىللىرىدا ئىمانىنى جانلاندۇرۇش، مۇستەھكەملەش، ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇش، سۇسلاپ قالماسلىق، ئىماننىڭ تەقەززالىرىدىن غاپىل بولماسلىق مەقسەت قىلىنىدۇ. شۇڭا ئىمان مەسلىسىنىڭ بەك چوڭ مەسىلە بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

---

[1] سۈرە نىسا، 136-ئايەت.

[2] سۈرە بەقەرە، 285-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.uyghurkitap.com



قۇرئانىدا بۇ مەسىلىگە زىيادە ئەھمىيەت بېرىلىشىدىكى سەۋەب ، قۇرئانىنىڭ پەقەت بىر دىنى كىتابلا ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارغا ھاياتلىق يولىنى بەلگىلەپ بېرىدىغان كىتاب بولغانلىقىدىندۇر.

ئىنسانلار كائىناتنىڭ ئاپىرىدە قىلىنىشىدىكى ھەقىقەتنى بىلىپ، ئۆز ھاياتىنى شۇ ھەقىقەتكە توغرىلاپ، ھەممە ئىشتا شۇ ھەقىقەت بويىچە ئىش كۆرگەندىلا ئاندىن ھاياتلىق تۈزىلىدۇ.

ﷲتىن باشقا مەئبۇدى بەرھەق يوقتۇر... ﷲ يېگانە ياراتقۇچىدۇر، ﷲ يېگانە رىزىق بەرگۈچىدۇر، ﷲ يېگانە باشقۇرغۇچىدۇر، ﷲ يېگانە تەدبىر بەلگىلىگۈچىدۇر، ﷲ يېگانە ئىدارە قىلغۇچىدۇر... ﷲتىن باشقا يارىتالايدىغان ياكى رىزىق بېرەلەيدىغان ۋە ياكى ئىدارە قىلالايدىغان ھېچكىم يوقتۇر... كائىناتنىڭ ئاپىرىدە قىلىنىشىدىكى ھەقىقەت مانا شۇ. بۇ ھەقىقەتنىڭ تەقەززاسى شۇكى، ئىبادەت بىرلا ﷲقا قىلىنىشى، ﷲتىن باشقا ھېچكىمگە قىلىنماسلىقى، ﷲقا شېرىك كەلتۈرۈلمەسلىكى كېرەك. بۇ، ﷲنىڭ ئۆز بەندىلىرى ئۈستىدىكى ھەققىدۇر. چۈنكى ئىبادەت قىلىنىش ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى، ئۆز پەزلى بىلەن نىئمەت ئاتا قىلغۇچى زاتنىڭ ھەققىدۇركى، ھەرگىزمۇ ياراتمىغان، رىزىق بەرمىگەن، نىئمەت ئاتا قىلمىغانلارنىڭ ھەققى ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ، ئىنسانلارنىڭ بەختلىك بولۇشى ياكى بەدبەخت بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلە.

ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى، ئۆز پەزلى بىلەن نېئمەت ئاتا قىلغۇچى ﷲقىلا ئىبادەت قىلىش كېرەك. چۈنكى ﷲ يەككە-يېگانە ئىلاھتۇر ۋە پەرۋەردىگاردۇر. بىراق ﷲ بەندىلىرىدىن ۋە ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدىن بىھاجەتتۇر. ھەممە ئادەمنىڭ ﷲقا بىردەك ئىبادەت قىلىشى ياكى كاپىر بولۇشى ﷲنىڭ مۈلكىگە قىلچە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. ﷲ ھەدىس قۇدۇسىدا مۇنداق دەيدۇ: «**يا عبادي ، لو أن مؤمنكم وكافركم ، برّكم وفاجركم كانوا على أتقى قلب رجل منكم ما زاد ذلك في ملكي شيئا ، ولو أن مؤمنكم وكافركم ، بركم**

**وفاجركم كانوا على أفجر قلب رجل منكم ما نقص ذلك في ملكي شيئا»** «ئى بەندىلىرىم! سىلەرنىڭ مۇئمىنىڭلار، كاپىرىڭلار، ياخشىڭلار، يامىنىڭلار - ھەممىڭلار ئاراڭلاردىكى ئەڭ تەقۋا ئادەمدەك بولۇپ كەتسەڭلار، بۇ مېنىڭ مۈلكىمنى قىلچە ئاشۇرالمايدۇ. سىلەرنىڭ مۇئمىنىڭلار، كاپىرىڭلار، ياخشىڭلار، يامىنىڭلار - ھەممىڭلار ئاراڭلاردىكى ئەڭ پاسىق بىر ئادەمدەك بولۇپ كەتسەڭلار، بۇ مېنىڭ مۈلكىمدىن ھېچنەرسىنى كېمەيتەلمەيدۇ»[1].

اللہ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَقَالَ مُوسَى إِنْ تَكْفُرُوا أَنْتُمْ وَمَنْ فِي الْأَرْضِ جَمِيعًا فَإِنَّ اللَّهَ لَغَنِيٌّ حَمِيدٌ**﴾ ﴿مۇسا (ئۆز قەۋمىگە): ‹ئەگەر سىلەر ۋە پۈتۈن يەر يۈزىدىكى كىشىلەر كاپىر بولۇپ كەتسەڭلارمۇ (اللہقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر)، چۈنكى اللہ ئەلۋەتتە (ھەممىدىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىلەشكە لايىقتۇر› دېدى﴾[2].

ئىنسان اللہقا ئوخشىمايدۇ. ئىنسان بىر تەرەپتىن ھەرقاچان اللہنىڭ يەزلىدىن بىھاجەت بولالمايدۇ: ﴿**يَا أَيُّهَا النَّاسُ اذْكُرُوا نِعْمَتَ اللَّهِ عَلَيْكُمْ هَلْ مِنْ خَالِقٍ غَيْرُ اللَّهِ يَرْزُقُكُمْ مِنَ السَّمَاءِ وَالْأَرْضِ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ فَأَنَّى تُؤْفَكُونَ**﴾ ﴿ئى ئىنسانلار! اللہنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېئمىتىنى ياد ئېتىڭلار، اللہتىن باشقا سىلەرگە ئاسماندىن ۋە زېمىندىن رىزىق بېرىپ تۇرىدىغان ياراتقۇچى بارمۇ؟ اللہتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، (اللہنىڭ ئىبادىتىدىن) قانداقمۇ باش تارتىسىلەر؟﴾[3]

يەنە بىر تەرەپتىن ئىنسان ئىبادەت قىلىش تەبىئىتىگە ئىگە. ئىنسان ئۆز ئۆمرىنىڭ ھەرقانداق لەھزىدە ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا بىر نەرسىگە ئىبادەت قىلماي، چوقۇنماي تۇرالمايدۇ. ئىنسانىنىڭ ئالدىدا پەقەت ئىككى

[1] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] سۈرە ئىبراھىم، 8 – ئايەت.

[3] سۈرە فاتىر، 3 – ئايەت.

uyghurkitap.com



يولنىڭ بىرىلا بار، ئۈچىنچى يول يوق: ئۇ ياكى يېگانە اللهقا شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىدۇ ياكى اللهتىن غەيرىگە ئىبادەت قىلىدۇ ياكى اللهقا غەيرىنى قوشۇپ ئىبادەت قىلىدۇ. ئىككىنچى يول شەيتاننىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن شەيتانغا چوقۇنغانلىق ھېسابلىنىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَلَمْ أَعْهَدْ إِلَيْكُمْ يَا بَنِي آدَمَ أَنْ لَا تَعْبُدُوا الشَّيْطَانَ إِنَّهُ لَكُمْ عَدُوٌّ مُبِينٌ وَأَنِ اعْبُدُونِي هَذَا صِرَاطٌ مُسْتَقِيمٌ﴾ ﴿سىلەرگە (پەيغەمبەرلىرىم ئارقىلىق): <ئى ئادەم بالىلىرى! شەيتانغا چوقۇنماڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاشكارا دۈشمەندۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر> دەپ تەۋسىيە قىلمىدىممۇ؟﴾[1]

ئىنسان تەبىئىتىدە يەنە ھوزۇر - ھالاۋەتكە ئىنتىلىش خۇسۇسىيىتى بار. الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿زُيِّنَ لِلنَّاسِ حُبُّ الشَّهَوَاتِ مِنَ النِّسَاءِ وَالْبَنِينَ وَالْقَنَاطِيرِ الْمُقَنْطَرَةِ مِنَ الذَّهَبِ وَالْفِضَّةِ وَالْخَيْلِ الْمُسَوَّمَةِ وَالْأَنْعَامِ وَالْحَرْثِ ذَلِكَ مَتَاعُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَاللَّهُ عِنْدَهُ حُسْنُ الْمَآبِ﴾ ﴿ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن -كۈمۈشتىن توپلانغان كۆپ ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلاردۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان (باقاسى يوق) شەيئىلەردۇر؛ اللهنىڭ دەرگاھىدا بولسا قايتىدىغان گۈزەل جاي(يەنى جەننەت) باردۇر (شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىغا ئەمەس، جەننەتكە قىزىقىش كېرەك﴾[2].

بۇ خىل خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ئىنسان تەبىئىتىگە سەپلىنىشىدە اللهنىڭ ھېكمىتى بار، ئەلۋەتتە. شۇنداقتىمۇ بۇخۇسۇسىيەت شەيتاننىڭ ئىنسانىنى ئېزىقتۇرۇشىنىڭ كىرىش ئېغىزى بولىدۇ. شەيتان بۇ كىرىش ئېغىزىدىن پايدىلىنىپ، ئىنسانىنى گۇناھ قىلدۇرۇش ئارقىلىق اللهتىن ۋاقىتلىق

[1] سۈرە ياسىن، 60 – ۋە 61 – ئايەتلەر.
[2] سۈرە ئال ئىمران، 14- ئايەت.

يېراقلاشتۇرىدۇ: «**لا يزني الزاني حين يزني وهو مؤمن ، ولا يسرق السارق حين يسرق وهو مؤمن...**» «زىناخور مۇئمىنلىق ھالىتىدە تۇرۇپ زىنا قىلمايدۇ، ئوغرى مۇئمىنلىق ھالىتىدە تۇرۇپ ئوغرىلىق قىلمايدۇ...»[1]. ياكى شېرىك كەلتۈرۈش، كاپىر بولغۇزۇش ئارقىلىق ئىنساننى اللهتىن يۈتۈنلەي يىراقلاشتۇرىدۇ: ﴿**قَالَ فَبِمَا أَغْوَيْتَنِي لَأَقْعُدَنَّ لَهُمْ صِرَاطَكَ الْمُسْتَقِيمَ ثُمَّ لَآتِيَنَّهُمْ مِنْ بَيْنِ أَيْدِيهِمْ وَمِنْ خَلْفِهِمْ وَعَنْ أَيْمَانِهِمْ وَعَنْ شَمَائِلِهِمْ وَلَا تَجِدُ أَكْثَرَهُمْ شَاكِرِينَ**﴾ ﴿ئىبلىس ئېيتتى: سېنىڭ مېنى ئازدۇرغانلىقىڭدىن ئۇلار (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىغا ۋەسۋەسە قىلىش) ئۈچۈن چوقۇم سېنىڭ توغرا يولۇڭ ئۈستىدە ئولتۇرىمەن، ئاندىن ئۇلارغا چوقۇم ئالدىدىن، ئارقىسىدىن، ئوڭدىن، سولدىن ھۇجۇم قىلىمەن، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ (نېمىتىڭگە) شۈكۈر قىلغۇچىلار ئەمەسلىكىنى كۆرىسەن﴾[2].

اللهقا ئىبادەت قىلغان ئىنسان بىلەن شەيتانغا چوقۇنغان ئىنساننىڭ ھاياتى ئوخشاش بولمايدۇ: ﴿**أَفَمَنْ يَمْشِي مُكِبًّا عَلَى وَجْهِهِ أَهْدَى أَمَّنْ يَمْشِي سَوِيًّا عَلَى صِرَاطٍ مُسْتَقِيمٍ**﴾ ﴿زادى قايسى ئادەم يول تاپالايدۇ؟ بېشىنى ساڭگىلىتىپ ماڭغان ئادەممۇ؟ ياكى قەددىنى رۇس تۇتۇپ تۈز يولدا ماڭغان ئادەممۇ؟﴾[3]

﴿**قُلْ هَلْ يَسْتَوِي الْأَعْمَى وَالْبَصِيرُ أَمْ هَلْ تَسْتَوِي الظُّلُمَاتُ وَالنُّورُ**﴾ ﴿كور (يەنى كاپىر) بىلەن كۆزى كۆرىدىغان ئادەم (يەنى مۇئمىن) باراۋەر بولامدۇ؟ ياكى قاراڭغۇلۇق (يەنى گۇمراھلىق) بىلەن نۇر (يەنى ھىدايەت) باراۋەر بولامدۇ؟﴾[4]

ئىلاھلىقتا، پەرۋەردىگارلىقتا، ئىبادەت قىلىنىشتا الله يېگانىدۇر دەپ

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] سۈرە ئەئراف، 16- ۋە 17- ئايەتلەر.
[3] سۈرە مۇلك، 22-ئايەت.
[4] سۈرە رەئد، 16-ئايەت.

ئەقىدە قىلىش ئاللاھنىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ھەققىدۇر. بەندىلەر بۇ ھەقنى ئادا قىلغاندا ئاللاھ ياراتقان ئەڭ گۈزەل ھالىتىنى ساقلاپ قالالايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيالىق ھاياتىمۇ ئەڭ گۈزەل، ئەڭ پاكىزە، ئەڭ كۆڭۈللۈك ھايات بولىدۇ. ئاخىرەتتە ئاللاھ ئۇلارغا ۋەدە قىلغان مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ. بەندىلەر مەزكۇر ھەقنى ئادا قىلمىسا، كاپىر بولسا، بۇ دۇنيادا ھايۋانلاردەك يەپ ئىچىدۇ، ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ. ﴿وَالَّذِينَ كَفَرُوا يَتَمَتَّعُونَ وَيَأْكُلُونَ كَمَا تَأْكُلُ الْأَنْعَامُ وَالنَّارُ مَثْوًى لَهُمْ﴾ ﴿كاپىرلار (ھاياتى دۇنيادا ئۇنىڭ لەززەتلىرىدىن) بەھرىمەن بولىدۇ ۋە چاھار پايلاردەك يەپ - ئىچىدۇ، (ئاخىرەتتە) ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ﴾[1].

﴿وَالَّذِينَ اجْتَنَبُوا الطَّاغُوتَ أَنْ يَعْبُدُوهَا وَأَنَابُوا إِلَى اللَّهِ لَهُمُ الْبُشْرَى...﴾ ﴿شەيتانغا (ۋە بۇتلارغا) چوقۇنۇشتىن يىراق بولغانلارغا، ئاللاھقا (ۋە ئۇنىڭ ئىبادىتىگە) قايتقانلارغا (جەننەت بىلەن) خۇشخەۋەر بېرىلىدۇ﴾[2].

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ئىمانغا داۋاملىق ئېھتىياجلىق بولىدۇ. كاپىر ياكى مۇشرىك ئىنسان ئەسلى ئېتىقادىنى توغرىلاش ئۈچۈن ئىمانغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. ئىمانى بار كىشى سەگەكلىشىش، شەيتاننىڭ كىرىش ئېغىزلىرىنى تارايتىپ، ئاللاھنىڭ ئىبادىتىدىن ئازماسلىق ئۈچۈن يەنىلا ئىمانغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. ئىمان ھەر ھالدا ئىنسان ھاياتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىمان ھېچقانداق ئەمەلىيىتى يوق قۇرۇق سۆز ئەمەس.

ئەمدى بىز تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن)نىڭ ھاياتىدا ئىماننىڭ قانچىلىك مۇھىم رول ئوينىغانلىقىغا قاراپ باقايلى! ئەڭ ئاۋۋال ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ ئىسلامىي دەۋەتكە نېمە ئۈچۈن ئەشەددىي غالجىرلىق بىلەن قارشى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى!

[1] سۈرە مۇھەممەد، 12- ئايەت.

[2] سۈرە زۇمەر، 17 – ئايەت.

ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگىچە ئارىلىقتىكى بارلىق پەيغەمبەرلەر اللهنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە ئىشىنىشكە بىردەك دەۋەت قىلدى. بارلىق جاھىلىيەت بۇ دەۋەتنى بىردەك رەت قىلدى، يۈز ئۆرىدى ۋە قارشى چىقتى. جاھىلىيەت نېمىشقا شۇنداق قىلىدۇ؟ ئۇلار دەۋەتنىڭ نېمىسىگە قارشى چىقىدۇ؟ ﴿وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا نُوحًا إِلَى قَوْمِهِ إِنِّي لَكُمْ نَذِيرٌ مُبِينٌ أَنْ لَا تَعْبُدُوا إِلَّا اللَّهَ إِنِّي أَخَافُ عَلَيْكُمْ عَذَابَ يَوْمٍ أَلِيمٍ فَقَالَ الْمَلَأُ الَّذِينَ كَفَرُوا مِنْ قَوْمِهِ مَا نَرَاكَ إِلَّا بَشَرًا مِثْلَنَا وَمَا نَرَاكَ اتَّبَعَكَ إِلَّا الَّذِينَ هُمْ أَرَاذِلُنَا بَادِيَ الرَّأْيِ وَمَا نَرَى لَكُمْ عَلَيْنَا مِنْ فَضْلٍ بَلْ نَظُنُّكُمْ كَاذِبِينَ﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، بىز نۇھنى قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، ئۇ: «مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە ئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن. بىر اللهتىن باشقىغا ئىبادەت قىلماڭلار، سىلەرنىڭ قاتتىق كۈننىڭ ئازابىغا ئۇچرىشىڭلاردىن قورقىمەن» دېدى. ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاپىر كاتتىلىرى: «بىزنىڭچە، سەن پەقەت بىزگە ئوخشاش بىرئادەمسەن، بىزنىڭچە، ئارىمىزدىكى پەس كىشىلەر يەڭگىللىك بىلەن ساڭا ئەگەشكەن، بىزنىڭچە، سىلەرنىڭ بىزدىن ھېچقانداق ئارتۇقچىلىقىڭلار يوق، بەلكى بىز سىلەرنى يالغانچى دەپ ئويلايمىز» دېدى﴾[1].

ئاد قەۋمىگە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى ھۇدنى ئەۋەتتۇق، ھۇد ئېيتتى: ﴿قَالَ يَا قَوْمِ اعْبُدُوا اللَّهَ مَا لَكُمْ مِنْ إِلَهٍ غَيْرُهُ إِنْ أَنْتُمْ إِلَّا مُفْتَرُونَ يَا قَوْمِ لَا أَسْأَلُكُمْ عَلَيْهِ أَجْرًا إِنْ أَجْرِيَ إِلَّا عَلَى الَّذِي فَطَرَنِي أَفَلَا تَعْقِلُونَ وَيَا قَوْمِ اسْتَغْفِرُوا رَبَّكُمْ ثُمَّ تُوبُوا إِلَيْهِ يُرْسِلِ السَّمَاءَ عَلَيْكُمْ مِدْرَارًا وَيَزِدْكُمْ قُوَّةً إِلَى قُوَّتِكُمْ وَلَا تَتَوَلَّوْا مُجْرِمِينَ قَالُوا يَا هُودُ مَا جِئْتَنَا بِبَيِّنَةٍ وَمَا نَحْنُ بِتَارِكِي آلِهَتِنَا عَنْ قَوْلِكَ وَمَا نَحْنُ لَكَ بِمُؤْمِنِينَ﴾ ﴿ئى قەۋمىم! اللهقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللهتىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، سىلەر (اللهتىن غەيرىيگە چوقۇنۇش بىلەن) پەقەت (اللهقا) يالغاننى توقۇغۇچىلارسىلەر. ئى قەۋمىم! مەن تەبلىغ ئۈچۈن سىلەردىن ئەجىر

[1] سۈرە ھۇد، 25 -ئايەتتىن 27 – ئايەتكىچە.

سورىمايمەن، ماڭا ئەجىر بېرىشنى پەقەت مېنى ياراتقان ئاللاھ ئۈستىگە ئالغان، سىلەر چۈشەنمەمسىلەر؟. ئى قەۋمىم! پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، سىلەرگە ئۇ كۆپ يېغىن ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، سىلەرگە تېخىمۇ كۈچ - قۇۋۋەت بېرىدۇ، سىلەر گۇناھقا چۆمگەن ھالدا (مېنىڭ دەۋىتىمدىن) يۈز ئۆرۈمەڭلار». ئۇلار ئېيتتى: «ئى ھۇد! سەن بىزگە (ئۆزەڭنىڭ راستلىقىڭنى كۆرسىتىدىغان) ھېچقانداق روشەن دەلىل كەلتۈرمىدىڭ، سېنىڭ سۆزۈڭ بىلەن بىز ئىلاھلىرىمىزنى تاشلىۋەتمەيمىز ۋە سېنىڭ (پەيغەمبەرلىكىڭگە) ئىشەنمەيمىز﴾[1].

﴿وَإِلَى ثَمُودَ أَخَاهُمْ صَالِحًا قَالَ يَا قَوْمِ اعْبُدُوا اللَّهَ مَا لَكُمْ مِنْ إِلَهٍ غَيْرُهُ هُوَ أَنْشَأَكُمْ مِنَ الْأَرْضِ وَاسْتَعْمَرَكُمْ فِيهَا فَاسْتَغْفِرُوهُ ثُمَّ تُوبُوا إِلَيْهِ إِنَّ رَبِّي قَرِيبٌ مُجِيبٌ قَالُوا يَا صَالِحُ قَدْ كُنْتَ فِينَا مَرْجُوًّا قَبْلَ هَذَا أَتَنْهَانَا أَنْ نَعْبُدَ مَا يَعْبُدُ آبَاؤُنَا وَإِنَّنَا لَفِي شَكٍّ مِمَّا تَدْعُونَا إِلَيْهِ مُرِيبٍ﴾ ﴿سەمۇدقا ئۇلارنىڭ قېرىندىشى سالىھنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۇ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! اللهقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللهتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ سىلەرنى زېمىندىن(يەنى تۇپراقتىن) ياراتتى، سىلەرنى زېمىندا تۇرغۇزدى، اللهتىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن يېقىندۇر، (دۇئانى) ئىجابەت قىلغۇچىدۇر». ئۇلار: «ئى سالىھ! بۇنىڭدىن بۇرۇن سەن ئارىمىزدا ئۈمىد قىلىنغان كىشى ئىدىڭ (يەنى بۇ سۆزنى ئېيتىشىڭدىن بۇرۇن ئارىمىزدا چوڭ ئادەم بولۇپ قېلىشىڭنى ئۈمىد قىلاتتۇق)، بىزنى ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كەلگەن بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشتىن توسامسەن؟ شەك - شۈبھىسىزكى، ھەقىقەتەن بىز سەن دەۋەت قىلغان ئىشقا زور گۇماندىمىز» دېيىشتى﴾[2].

---

[1] سۈرە ھۇد، 50- ئايەتتىن 53 – ئايەتكىچە.
[2] سۈرە ھۇد، 61 – ۋە 62 – ئايەتلەر.

﴿وَإِلَى مَدْيَنَ أَخَاهُمْ شُعَيْبًا قَالَ يَا قَوْمِ اعْبُدُوا اللَّهَ مَا لَكُمْ مِنْ إِلَهٍ غَيْرُهُ وَلَا تَنْقُصُوا الْمِكْيَالَ وَالْمِيزَانَ إِنِّي أَرَاكُمْ بِخَيْرٍ وَإِنِّي أَخَافُ عَلَيْكُمْ عَذَابَ يَوْمٍ مُحِيطٍ وَيَا قَوْمِ أَوْفُوا الْمِكْيَالَ وَالْمِيزَانَ بِالْقِسْطِ وَلَا تَبْخَسُوا النَّاسَ أَشْيَاءَهُمْ وَلَا تَعْثَوْا فِي الْأَرْضِ مُفْسِدِينَ بَقِيَّتُ اللَّهِ خَيْرٌ لَكُمْ إِنْ كُنْتُمْ مُؤْمِنِينَ وَمَا أَنَا عَلَيْكُمْ بِحَفِيظٍ قَالُوا يَا شُعَيْبُ أَصَلَاتُكَ تَأْمُرُكَ أَنْ نَتْرُكَ مَا يَعْبُدُ آبَاؤُنَا أَوْ أَنْ نَفْعَلَ فِي أَمْوَالِنَا مَا نَشَاءُ إِنَّكَ لَأَنْتَ الْحَلِيمُ الرَّشِيدُ﴾

﴿مەديەن (ئەھلى) گە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى شۇئەيبنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۇ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! اللەقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللەتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا كەم بەرمەڭلار، مەن سىلەرنى ھەقىقەتەن باي ھېسابلايمەن، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىنى قورشاپ تۇرغۇچى كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) نىڭ ئازابىغا دۇچار بولۇشۇڭلاردىن قورقىمەن. ئى قەۋمىم! سىلەر ئۆلچەمنى توغرا ئۆلچەڭلار، تارازىنى توغرا تارتىڭلار، كىشىلەرگە نەرسىلىرىنى كەم بەرمەڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ پىتنە- پاسات تېرىماڭلار. ئاللاھ سىلەرگە قالدۇرغان ھالال رىزىق (سىلەر يىققان ھارامدىن) ياخشىدۇر، ئەگەر سىلەر مۆمىن بولساڭلار.مەن سىلەرگە مۇھاپىزەتچى ئەمەسمەن. ئۇلار: ‹ئى شۇئەيب! سېنىڭ نامىزىڭ (يەنى دىنىڭ) سېنى ئاتا- بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقان نەرسىلەرنى (يەنى بۇتلارنى) بىزنى تاشلاتقۇزۇشقا ياكى ماللىرىمىزنى خالىغىنىمىزچە تەسەررۇپ قىلىشىمىزنى تەرك ئەتكۈزۈشكە بۇيرۇمدۇ؟ سەن تازىمۇ كۆڭلى-كۆكسى كەڭ، تازىمۇ توغرا يول تاپقان ئادەمسەن-دە، دېدى﴾ [1].

ئەرەب جاھىلىيىتى پەيغەمبەرنىڭ دەۋىتىگە قارشى تۇرغان تۇنجى جاھىلىيەت ئەمەس. ئەرەب جاھىلىيىتى نېمىشقا بۇرۇنقى جاھىلىيەتلەرگە ئوخشاشلا دەۋەتكە قارشى تۇرۇش پوزىتسىيىسىدە بولىدۇ، دەۋەتنى قوبۇل

[1] سۈرە ھۇد، 84 – ئايەتتىن 87 – ئايەتكىچە.

قىلغىلى ئۇنىمايدۇ؟

ئۇلار دەۋەت شۇئارىنى ئېغىزدا ئېيتىشنى رەت قىلىۋاتامدۇ ياكى دەۋەت شۇئارىنىڭ مەزمۇنىنى ۋە تەلەپ تەقەززالىرىنى رەت قىلىۋاتامدۇ؟ ئۇلار دەۋەتنىڭ مەزمۇنىنى زادى قانداق چۈشەنگەن؟ ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى ھاياتى بىلەن دەۋەت تەشەببۇس قىلىۋاتقان ھاياتنىڭ زادى قانداق پەرقى بار؟

قۇرەيشلەرنىڭ دەۋەت شۇئارىنى ئېغىزدىلا ئېيتىشنى مۇنچىلا كەسكىن رەت قىلىشى، ئامال بولمىغاندا بۇنىڭ ئۈچۈنلا جەڭ قىلىپ ئۆز كاتتىۋاشلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ناۋادا دەۋەت شۇئارى ئۇلارنىڭ تۇرمۇش تەرتىۋىنى ئۆزگەرتمەيدىغان بولسا ئىدى، قۇرەيشلەرمۇ ۋە باشقا ئەرەبلەرمۇ ئۇنچىلا قارشى تۇرۇپ كەتمەيتتى. ئارىسىدىن بىرەر شائىر چىقسا باشقا قەبىلىلەر ئالدىدا ئېپتىخارلىنىپ ھېچ ھالى قالمايدىغان قۇرەيشلەر ئارىسىدىن پەيغەمبەر چىقسا ئىپتىخارلانماي قالاتتىمۇ؟! قۇرەيشلەر ئەينى زامانىنىڭ دىنى داھىيسى بولۇپ بۇ ئارقىلىق سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە مەركىزى ئورۇنغا ۋە ئىمتىيازغا ئىگە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇلىشى ئۇلارنىڭ دىنى داھىيلىقىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئورنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ ئىشەنچىسى تېخىمۇ ئاشاتتى. بۇ ئەھۋالدا ناۋادا ئىسلامىي دەۋەت ئېغىزدىلا دەپ قويسا پۈتىدىغان ئىش بولسا، قۇرەيشلەر نېمىشقا بۇ سۆزنى ئېغىزدىن چىقىرىشنى رەت قىلىدۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسى ئەبۇ تالىبنىڭ ئىمان كەلتۈرۈشىنى تەلەپ قىلىپ: «اللهتىن باشقا مەئبۇد بەرھەق يوق دېگىن، تاغا! بۇنىڭ بىلەن مەن اللهنىڭ ئالدىدا ساڭا شاپائەت قىلىمەن» دېدى. ئەبۇ تالىب بۇ سۆزنى دېيىشنى رەت قىلدى. ناۋادا بۇ سۆز ئېغىزدىلا دەپ قويسا ئەمەلىي تۇرمۇشنىڭ رېتىمنى بىر-بىرلەپ ئۆزگەرتمىسىمۇ بولىدىغان ئىش بولسا، ئەبۇ تالىب ئۇنى رەت قىلارمىدى؟ بىزنىڭچە بۇ ناھايىتى روشەن مەسىلە،

مۇنازىرە قىلىشنىڭ ئورنى يوق.

ئەرەبلەرنىڭ بۇرۇنقى ھاياتى بىلەن ئىسلامىي دەۋەت تەشەببۇس قىلغان ھاياتنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بار ئىدى. ئۇلار دەۋەتنى ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن ھەرخىل شەكىلدە رەت قىلدى:

ئۇلار ۋەھىينى يالغانغا چىقاردى...

ئۇلار قايتا تىرىلىپ اللهنىڭ ئالدىغا بېرىپ ھېساب بېرىشنى يالغانغا چىقاردى...

ئۇلار ئىلاھ بىر دەپ ئەقىدە قىلىشنى رەت قىلدى...

ئۇلار ئاتا-بوۋىسىنىڭ ئۆرپ-ئادىتىنى تاشلاپ اللهنىڭ يولىغا ئەگىشىشنى، اللهھالال قىلغاننى ھالال، ھارام قىلغاننى ھارام دەپ بىلىشنى رەت قىلدى...

ئۇلار يەنە ھاراقكەشلىك، قىمارۋازلىق، زىناخورلۇق، قاتىللىق، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش، قىز بالىلارنى تىرىك كۆمۈش، يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋېلىش، ئۆز-ئارا زۇلۇم قىلىش، ئۆكتەملىك قىلىش... قاتارلىق بۇزۇق ئەخلاقلاردىن قول ئۈزۈشنى رەت قىلدى.

ئەلھاسىل، كەڭ مەنىدىكى دىننى، ئېتىقادنى، ئىبادەت پائالىيەتلىرىنى، ھالال-ھارامنى ئەخلاق ۋە ئىدىيىنى اللهنىڭ دەرگاھىدىن قوبۇل قىلىشنى رەت قىلدى. اللهنىڭ دەرگاھىدىن نازىل قىلىنغان دىنغا رىئايە قىلىشنى رەت قىلدى.

قۇرئان ئاساسلىقى ھەممە مەسىلىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن تۆۋەندىكى ئىككى مەسىلىنى مەركەزلىك بايان قىلىدۇ:

بىرىنچى مەسىلە: بىرلا اللهقا ئىبادەت قىلىش

ئىككىنچى مەسىلە: الله نازىل قىلغان ئايەتلەرگە ئەگىشىش

﴿وَعَجِبُوا أَنْ جَاءَهُمْ مُنْذِرٌ مِنْهُمْ وَقَالَ الْكَافِرُونَ هَذَا سَاحِرٌ كَذَّابٌ أَجَعَلَ الْآلِهَةَ إِلَهًا

وَاحِدًا إِنَّ هَـذَا لَشَـيْءٌ عُجَـابٌ﴾ «ئۇلارغــا ئۆزلىرىنىــڭ ئىچىــدىن بىــر ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) كەلگەنلىكىگە ئۇلار ھەيران قېلىشتى، كاپىرلار ئېيتتى: «بۇ بىر يالغانچى سېھىرگەردۇر. ئۇ نۇرغۇن ئىلاھلارنى بىر ئىلاھ قىلماقچىمۇ؟ بۇ ھەقىقەتەن غەلىتە ئىش»[1].

﴿وَإِذَا قِيلَ لَهُمُ اتَّبِعُوا مَا أَنْزَلَ اللَّهُ قَالُوا بَلْ نَتَّبِعُ مَا وَجَدْنَا عَلَيْهِ آبَاءَنَا أَوَلَوْ كَانَ الشَّيْطَانُ يَدْعُوهُمْ إِلَى عَذَابِ السَّعِيرِ﴾ «ئەگەر ئۇلارغا: «اللہ نازىل قىلغان نەرسە (يەنـى قۇرئان)غـا ئەگىشـىڭلار» دېيىلسـە، ئـۇلار: «يـاق، بىـز ئاتـا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىغا ئەگىشىمىز» دەيدۇ، شـەيتان ئـۇلارنى دوزاخ ئازابىغا چاقىرغان تۇرسا (ئۇلار يەنىلا ئاتا- بوۋىلىرىنىڭ دىنىغا ئەگىشەمدۇ؟»[2]

قۇرئان كەرىم سۈرە ئەنئام ۋە سۈرە نەھلدە شىرىكنى ئىككى مەسىلىگە يىغىنچاقلايدۇ: ﴿سَيَقُولُ الَّذِينَ أَشْرَكُوا لَوْ شَاءَ اللَّهُ مَا أَشْرَكْنَا وَلَا آبَاؤُنَا وَلَا حَرَّمْنَا مِنْ شَيْءٍ كَذَلِكَ كَذَّبَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ حَتَّى ذَاقُوا بَأْسَنَا﴾ «مۇشـرىكلار: ئەگەر اللہ خالىسـا ئىـدى، بىـز ۋە ئاتـا بـوۋىلىرىمىز شـېرىك كەلتۈرمەيتتـۇق ۋە ھـېچ نەرسىنى ھارام قىلمايتتۇق دەيدۇ. ئۇلاردىن بۇرۇنقى كىشىلەر تاكى (بىزنىـڭ ئـازابىمىز نازىـل بولـۇپ) ئـازابىمىزنى تېتىغانغـا قەدەر (ئۆزلىرىنىـڭ پەيغەمبەرلىرىنى) مۇشۇنداق (يەنى مۇشـرىكلار سـېنى ئىنكـار قىلغانـدەك) ئىنكار قىلغان ئىدى»[3].

﴿وَقَالَ الَّذِينَ أَشْرَكُوا لَوْ شَاءَ اللَّهُ مَا عَبَدْنَا مِنْ دُونِهِ مِنْ شَيْءٍ نَحْنُ وَلَا آبَاؤُنَا وَلَا حَرَّمْنَا مِنْ دُونِهِ مِنْ شَيْءٍ كَذَلِكَ فَعَلَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ فَهَلْ عَلَى الرُّسُلِ إِلَّا الْبَلَاغُ الْمُبِينُ﴾ «مۇشرىكلار: مۇبادا اللہ خالىغان بولسا، بىـز ۋە بىزنىـڭ ئاتـا ـ بـوۋىلىرىمىز اللہنى قويۇپ ھېچ نەرسىگە ئىبادەت قىلمىغان بولاتتۇق، اللہ ھارام قىلمىغان

[1] سۈرە ساد، 4- ۋە 5 – ئايەتلەر.
[2] سۈرە لوقمان، 21- ئايەت.
[3] سۈرە ئەنئام، 148 – ئايەت.

(يەنى اللهنىڭ ھۆكمىسىز) ھېچ نەرسىنى ھارام قىلمىغان بولاتتۇق، دېدى. ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرمۇ ئەنە شۇنداق قىلغان ئىدى. پەيغەمبەرلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت روشەن تەبلىغ قىلىشتىنلا ئىبارەت. (ھىدايەت قىلىش بولسا اللهنىڭ ئىشىدۇر)﴾[1].

اللهتىن باشقا ئىلاھ بار دەپ ئەقىدە قىلىش ئېتىقادى شېرىكتۇر.

اللهنىڭ غەيرىگە ئىبادەت قىلىش، ھالال - ھارام مەسىلىسىدە اللهنىڭ دىنىغا ئەگەشمەسلىك ئەمەلىي شېرىكتۇر. دەۋەت شوئارى بۇ ئىككى خىل شېرىكنى يوق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا ئەرەب مۇشرىكلىرى دەۋەتنى رەت قىلدى.

يۇقىرىدا بىز دەۋەتنى رەت قىلىشنىڭ ئەرەب جاھىلىيىتىگىلا خاس ئەمەسلىكىنى، بەلكى بۇرۇنقى ھەرقانداق جاھىلىيەتتە بارلىقىنى قەيت قىلغان ئىدۇق. يۇقىرىقى ئىككى ئايەتتىكى «ئۇلاردىن بۇرۇنقى كىشىلەر... ئىنكارقىلغاندەك ئىنكار قىلدى»، «ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرمۇ ئەنە شۇنداق قىلغان ئىدى» دېگەن بۆلەكلەرمۇ شۇنى قەيت قىلىۋاتىدۇ. بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىمۇ مۇشۇ تارىخىي ھەقىقەتنى دەلىللەيدۇ. ھەرقانداق بىر پەيغەمبەر دەۋەت ئېلىپ بارغاندا، «تەكەببۇر چوڭلار» دەۋەتنى بىرىنچى بولۇپ ئىنكار قىلىدۇ. دەۋەتكە زىيانكەشلىك قىلىدۇ، دەۋەتنى توسۇشقا ئالدىرايدۇ. بىچارە ئاۋام خەلق (ئىنتايىن ئاز ساندىكىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا) خوجىلىرىغا ئەگىشىپ ھەق يولدىن ئازىدۇ. ئاۋام خەلق ئۆزى چوقۇنۇپ كۆنۈپ قالغان ئىلاھلارغا چوقۇنماسلىقنى ئۇنىمايدۇ. چۈنكى جاھىلىيەت ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ئاۋام خەلق ھېسسىي دۇنياغا ناھايىتى چىڭ باغلانغان بولىدۇ. بۇ ھېسسىي ئىلاھلار ئاۋام خەلقنىڭ ئازغۇنلۇقىنى ئالقىشلاپ، ئۇلارنى ئىبادەت قىلىش ياكى قۇربانلىق

[1] سۈرە نەھل، 35 – ئايەت.

قىلىش ئارقىلىق ئىلاھقا يېقىنلاشقان تۈيغۇغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

ئاۋام خەلقتىن بىلىم ۋە ھوقۇقتا يۇقىرى ئورۇندا تۇرىۋاتقان تەكەببۇر چوڭلارنىڭ پەيغەمبەرلەرگە قارشى تۇرۇشتىكى مۇددىئاسى ئاتالمىش ئۇلۇھىيەت مەسىلىسى بولماستىن بەلكى ھوقۇق مەسىلىسىدۇر. ئۇلارنىڭ بۇئىلاھلارغا شەكلەن ئېسىلىۋېلىشى، ئىلاھلارنى قوغدىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىشى ئىلاھلارغا ئىشىنىپ، ئۇلارنى قوغدىغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئىلاھ نامىدا ئاۋام خەلقنى قۇل قىلىشنى، ئۆزىنى ئىلاھنىڭ مۇقەددەس ھۆكۈمرانى قىلىپ كۆرسىتىشنى ئاساسى مەقسەت قىلىدۇ. بۇلارغا نىسبەتەن ھەقىقى مەسىلە ھاكىمىيەت مەسىلىسى. ئاۋام خەلققە كىم ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ؟ ئۇلار ھۆكۈمرانلىق قىلامدۇ ياكى اللهنىڭ شەرىئىتى ھۆكۈمرانلىق قىلامدۇ مەسىلىسى.

مانا بۇ ھەقىقى مەسىلە ھەرقايسى جاھىلىيەتتىكى تەكەببۇر چوڭلارنى ئىسلامىي دەۋەتكە قارشى تۇرۇشقا ئۈندەيدۇ.

ئۇلار قانۇن تۈزۈپ، ئاۋام خەلقنى باشقۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنداق قىلىش ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ھوقۇقى ئەمەس. بەلكى ئۇ، ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى، پەزلى مەرھەمىتى بىلەن نېئمەت ئاتا قىلغۇچى زاتنىڭ ھوقۇقىدۇر. ياراتقان، رىزىق بەرگەن، پەزلى مەرھەمىتى بىلەن نېئمەت ئاتا قىلغان زاتنىڭلا قانۇن تۈزۈش ھوقۇقى، چەكلەش ۋە يولغا قويۇش ھوقۇقى بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىمنىڭ ئۇنداق ھوقۇقى بولمايدۇ.

﴿أَفَمَنْ يَخْلُقُ كَمَنْ لَا يَخْلُقُ أَفَلَا تَذَكَّرُونَ﴾ «(پۈتۈن كائىناتنى) ياراتقان الله بىلەن (ھېچ نەرسىنى) يارىتالمايدىغانلار ئوخشاش بولامدۇ؟ ئويلىمامسىلەر»[1].

﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ اذْكُرُوا نِعْمَتَ اللَّهِ عَلَيْكُمْ هَلْ مِنْ خَالِقٍ غَيْرُ اللَّهِ يَرْزُقُكُمْ مِنَ السَّمَاءِ

[1] سۈرە نەھل، 17 – ئايەت.

وَالْأَرْضِ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ فَأَنَّى تُؤْفَكُونَ﴾ ﴿ئى ئىنسانلار! اﷲنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېئمىتى ياد ئېتىڭلار، اﷲتىن باشقا سىلەرگە ئاسماندىن ۋە زېمىندىن رىزىق بېرىپ تۇرىدىغان ياراتقۇچى بارمۇ؟ اﷲتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق)يوقتۇر، (اﷲنىڭ ئىبادىتىدىن) قانداقمۇ باش تارتىسىلەر؟﴾[1]

لېكىن تەكەببۇر چوڭلار بۇ ھەقىقەتنى بىلمەس بولۇۋالىدۇ. بۇھەقىقەتنىڭ ئېتىقادى ئاساسلىرى، ئەمەلىي تەقەززالىرىنى ئۇقماس بولۇۋالىدۇ. ئۇلار مەيلى ئوچۇق –ئاشكارا دىكتاتورلۇق بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزسۇن ياكى ھازىرقىدەك دېموكراتىيىنى پەردە قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزسۇن، ئاۋام خەلقنىڭ خاھىشى بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزسۇن ياكى ئۆز خاھىشلىرى بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزسۇن، بەرىبىر ئۇلار ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدۇ. ھۆكۈمەت نىزامى ۋە ئاساسى قانۇنلارنى تۈزۈپ ئۆز ھاكىمىيىتىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەيدۇ.

اﷲنىڭ دەرگاھىدىن بىر پەيغەمبەر كېلىپ: «اﷲتىن باشقا مەئبۇد بەرھەق يوق»، «اﷲقا ئىبادەت قىلىڭلار! سىلەرنىڭ اﷲتىن باشقا ئىلاھىڭلار يوق» دېسە، ئەھۋالدا تامامەن ئۆزگىرىش بولىدۇ.

تەكەببۇر چوڭلار ئۆزئارا ھوقۇق تالىشىپ زىددىيەتلىشىدۇ. گاھىدا ھازىرقى دېموكراتىيىدىكىگە ئوخشاش تەكەببۇر چوڭلار بىلەن ئاۋام خەلق ئوتتۇرىسىدا ھوقۇق تالىشىش كۆرەشلىرىمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. بىراق: «اﷲتىن باشقا مەئبۇد بەرھەق يوق»، «اﷲقا ئىبادەت قىلىڭلار! سىلەرنىڭ اﷲتىن باشقا ئىلاھىڭلار يوق» دەيدىغان پەيغەمبەر كەلگەن ھامان ئەھۋالدا تۈپتىن ئۆزگىرىش بولىدۇ... بۇ يەردىكى مەسىلە تەكەببۇر چوڭلارنىڭ قولىدىن بەلكى بارلىق ئىنسانلارنىڭ قولىدىن ھوقۇقنى ئۆتكۈزىۋېلىپ، ھوقۇقنى ھەقىقى ئىگىسىگە قايتۇرۇش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن

[1] سۈرە فاتىر، 3 – ئايەت.

«تەكەببۇر چوڭلار» ئىسلامىي دەۋەتتىن زېمىنىدىكى ھوقۇق تالاشقۇچى رەقىبلىرىدىن قورققاندىن نەچچە ھەسسە قورقىدۇ. پۈتۈن كۈچى بىلەن دەۋەتكە قارشى قوشۇن تەشكىللەيدۇ. بۇ كۆرەشتە گاھ ساختىلىق بىلەن، گاھ مۇشتۇمزورلۇق بىلەن ئاۋام خەلقنى كۆسەي قىلىدۇ. ﴿وَقَالَ فِرْعَوْنُ ذَرُونِي أَقْتُلْ مُوسَى وَلْيَدْعُ رَبَّهُ إِنِّي أَخَافُ أَنْ يُبَدِّلَ دِينَكُمْ أَوْ أَنْ يُظْهِرَ فِي الْأَرْضِ الْفَسَادَ﴾ «پىرئەۋن ئېيتتى: مېنى قويۇۋېتىڭلار، مۇسانى ئۆلتۈرىمەن، مۇسا (ئۆزىنى مەندىن قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن) پەرۋەردىگارىنى چاقىرسۇن، مەن ھەقىقەتەن مۇسانىڭ دىنىڭلارنى ئۆزگەرتىۋېتىشىدىن ياكى زېمىندا (يەنى دۆلەتتە) قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشىدىن قورقىمەن»[1].

﴿ثُمَّ بَعَثْنَا مِنْ بَعْدِهِمْ مُوسَى وَهَارُونَ إِلَى فِرْعَوْنَ وَمَلَئِهِ بِآيَاتِنَا فَاسْتَكْبَرُوا وَكَانُوا قَوْمًا مُجْرِمِينَ فَلَمَّا جَاءَهُمُ الْحَقُّ مِنْ عِنْدِنَا قَالُوا إِنَّ هَذَا لَسِحْرٌ مُبِينٌ قَالَ مُوسَى أَتَقُولُونَ لِلْحَقِّ لَمَّا جَاءَكُمْ أَسِحْرٌ هَذَا وَلَا يُفْلِحُ السَّاحِرُونَ قَالُوا أَجِئْتَنَا لِتَلْفِتَنَا عَمَّا وَجَدْنَا عَلَيْهِ آبَاءَنَا وَتَكُونَ لَكُمَا الْكِبْرِيَاءُ فِي الْأَرْضِ وَمَا نَحْنُ لَكُمَا بِمُؤْمِنِينَ﴾ «ئۇلاردىن كېيىن مۇسا بىلەن ھارۇننى پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرىغا نۇرغۇن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق. ئۇلار (ئىمان ئېيتىشتىن) بويۇنتاۋلىق قىلدى. ئۇلار گۇناھكار قەۋم ئىدى. ئۇلارغا بىز تەرەپتىن ھەقىقەت نازىل بولغان چاغدا، ئۇلار: بۇ ھەقىقەتەن روشەن سېھىردۇر» دېدى. مۇسا: «سىلەرگە ھەقىقەت كەلسە ئۇنى سېھىر دەمسىلەر؟ ئەجەبا بۇ سېھىرمۇ؟ سېھىرگەرلەر مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ» دېدى. ئۇلار: «سەن بىزگە ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىدىن بىزنى ۋاز كەچتۈرۈش ۋە زېمىن (يەنى مىسىر زېمىنى) نىڭ سەلتەنىتىنى ئىككىڭلارنىڭ قىلىۋېلىش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟ بىز ئىككىڭلارغا ئىشەنمەيمىز» دېدى»[2].

[1] سۈرە غافىر، 26-ئايەت.

[2] سۈرە يۇنۇس، 75- ئايەتتىن 78-ئايەتكىچە.

﴿فَاسْتَخَفَّ قَوْمَهُ فَأَطَاعُوهُ إِنَّهُمْ كَانُوا قَوْمًا فَاسِقِينَ﴾ «پىرئەۋن قەۋمىنى گوللىغانلىقتىن، قەۋمى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى، ئۇلار ھەقىقەتەن پاسىق قەۋم ئىدى»[1].

مەككىدىمۇ دەل شۇنداق ئىش بولدى... شۇ يەرنىڭ تەكەببۇر چوڭلىرى بولغان قۇرەيشلەر دەۋەتكە توسقۇنلۇق قىلدى ۋە قارشى چىقتى. ئەمەلىيەتتە قۇرەيشلەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ھېچقانداق زىددىيىتى يوق ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دەۋەت بىلەن زىددىيىتى بار ئىدى: ﴿فَإِنَّهُمْ لَا يُكَذِّبُونَكَ وَلَكِنَّ الظَّالِمِينَ بِآيَاتِ اللَّهِ يَجْحَدُونَ﴾ «ئۇلار سېنى ئىنكار قىلمايدۇ، زالىملار اللهنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ»[2].

زىددىيەت ئۆتكۈرلىشىپ يۇقىرى چەككە يەتكەندە قۇرەيشلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەلچى ئەۋەتىپ: «ھوقۇق، بايلىق ۋە باشقا ھەر قانداق نەرسە دېسەڭ بېرەيلى، دەۋەتنى توختاتقىن» دەپ باقتى. بۇنىڭدىن قارىغاندىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا شەخسى ئاداۋەت يوق ئىدى. ھەممە ئاداۋەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋەت ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرغانلىقى، قۇرەيشلەرنىڭ بۇنىڭغا چىدىمىغانلىقىدىن كېلىپ چىقتى. ئاخىرى بېرىپ قۇرەيشلەر بىلەن دەۋەتكە ۋەكىللىك قىلغۇچى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىسىدا ھايات-ماماتلىق جەڭ پارتلىدى...

اللهنىڭ خاھىشى بىلەن بىر بۆلۈك كىشىلەر ئىمان ئېيتتى. بۇلاردىن تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر ئەۋلاد كىشىلەر ۋۇجۇدقا كەلدى... ئۇلار ئىماننى قانداق چۈشەنگەن؟ ئىمان ئۇلارنىڭ ھاياتىدا قانداق ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلغان؟

---

[1] سۈرە زۇخرۇف، 54- ئايەت.

[2] سۈرە ئەنئام، 33- ئايەت.

ئۇلار ئىمان دېگەن اللهنىڭ بارلىقىغا ۋە بىرلىكىگە قەلب بىلەن تەستىق قىلىپ، تىل بىلەن ئىقرار قىلىشلا دەپ چۈشەنگەنمۇ ياكى پۈتۈن كائىناتتا اللهنىڭ ھۆكمى ئىجرا بولۇش دەپ چۈشەنگەنمۇ؟

ئۇلار ئىدىيە ۋە ئەمەلىيەتتە بىرەر نەرسىنى ئىماندىن چوڭ بىلىپ باققانمۇ؟

ئەمەلىيەتكە قاراپ باقايلى!...

«مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى» دېگەن كىتابتا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەرەبلەر تولىمۇ چېچىلاڭغۇ بىر خەلق ئىدى. ئۇلارنىڭ زېمىنى بىر، مۇھىتى بىر، تىلى بىر، ئېتىقادى بىر، قىممەت قارىشى بىر، تارىخى بىر... بولسىمۇ بۇ بىرلىكلەر ئۇلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرالمىغان ئىدى. ئىسلام ئۇلارنى ئەنە شۇنداق چېچىلاڭغۇلۇق ئىچىدىن سۇغۇرۇپ، ئۇلاردىن «ئىنسانلار ئىچىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۈممەت» نى قۇرۇپ چىقتى.

بەزى تارىخ كىتابلىرى تەرسالىق بىلەن شۇنى بازارغا سېلىۋاتىدۇكى، «ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بۇتلارلا مەبۇد ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا مەبۇد يوق ئىدى. ھاراقكەشلىك، قىمارۋازلىق، زىناخورلۇق، قىزلارنى تىرىك كۆمۈش، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش ۋە ئىجتىمائىي زۇلۇم قاتارلىق بىرقانچە ئەخلاقىي بۇزۇقچىلىقلارلا بار ئىدى».

ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس ئىدى. بۇنداق دېگەن كىتابلارنىڭ مەقسىتى ئىماننى ئاشۇ خىل شېرىك ۋە بۇزۇقچىلىقلارنى يوق قىلىشقىلا چەكلەپ قويۇشتىن ئىبارەت.

ئىمان تازىلىماقچى بولغان شېرىك بىر خىللا شېرىك ئەمەس ئىدى. بەلكى كۆپ خىل شېرىك بولۇپ، ھەممىسى كۆپ خۇدالىق ئېتىقاد ۋە الله نازىل قىلغان شەرىئەتنىڭ غەيرىگە ئەگىشىشتىن ئىبارەت مۇشۇ ئىككى

مەسىلىنىڭ تەھتىگە داخىل ئىدى.

شائىر تۆۋەندىكى شېئىردا ئېيتقاندەك، قەبىلىمۇ ئىلاھقا ئايلانغان ئىدى:

ئازمىسا قەبىلەم ئازمايمەن، ئازسا ئازىمەن.

مەن شۇنداق ئەر، ئەگىشىپ جەمەتىمگە ماڭىمەن!

ئاتا بوۋىلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىمۇ ئىلاھقا ئايلانغان ئىدى: ﴿وَإِذَا قِيلَ لَهُمُ اتَّبِعُوا مَا أَنْزَلَ اللَّهُ قَالُوا بَلْ نَتَّبِعُ مَا وَجَدْنَا عَلَيْهِ آبَاءَنَا﴾ ﴿ئەگەر ئۇلارغا: اللہ نازىل قىلغان نەرسە (يەنى قۇرئان) غا ئەگىشىڭلار دېيىلسە، ئۇلار: ياق، بىز ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىغا ئەگىشىمىز، دەيدۇ﴾[1].

ھاۋايى-ھەۋەس ۋە شەخسى پىكىرلەر ئىلاھقا ئايلانغان ئىدى:

توسايسەن مېنى جەڭگە - جېدەلدىن، قانغىچە ئويناشتىن،

ئەي كىشى، بېرەلەمسەن كاپالەت ئۆلمەي ياشاشتىن؟!

قۇرەيش قاتارلىق چوڭ قەبىلىلەر خۇددى كاھىنلارغا ئوخشاشلا باشقا ئەرەبلەرگە ھالال-ھارامنى ئۆزى خالىغانچە بەلگىلەپ بېرەتتى: ﴿إِنَّمَا النَّسِيءُ زِيَادَةٌ فِي الْكُفْرِ يُضَلُّ بِهِ الَّذِينَ كَفَرُوا يُحِلُّونَهُ عَامًا وَيُحَرِّمُونَهُ عَامًا لِيُوَاطِئُوا عِدَّةَ مَا حَرَّمَ اللَّهُ فَيُحِلُّوا مَا حَرَّمَ اللَّهُ زُيِّنَ لَهُمْ سُوءُ أَعْمَالِهِمْ وَاللَّهُ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الْكَافِرِينَ﴾ ﴿ئاينى ئارقىغا سۈرۈش (يەنى ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئاينى باشقا بىر ئايغا ئۆزگەرتىپ، يىلنىڭ 12ئېيىنى 13ئايغا كۆپەيتىش) كۇفرىنى زىيادە قىلىشتۇر، بۇنىڭ بىلەن كاپىرلار ئازدۇرۇلىدۇ؛ ئۇلار اللہھارام قىلغان ئايلارنىڭ سانىغا مۇۋاپىقلىشىش ئۈچۈن، ئۇنى بىر يىل ھالال قىلسا، ئىككىنچى يىلى ھارام قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار اللہھارام قىلغان ئاينى ھالال قىلىدۇ،ئۇلارغائۆزلىرىنىڭ يامان ئەمەللىرى چىرايلىق كۆرسىتىلدى. اللہكاپىر

---

[1] سۈرە لوقمان، 21-ئايەت.

www.uyghurkitap.com

قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾[1].

﴿وَجَعَلُوا لِلَّهِ مِمَّا ذَرَأَ مِنَ الْحَرْثِ وَالْأَنْعَامِ نَصِيبًا فَقَالُوا هَذَا لِلَّهِ بِزَعْمِهِمْ وَهَذَا لِشُرَكَائِنَا فَمَا كَانَ لِشُرَكَائِهِمْ فَلَا يَصِلُ إِلَى اللَّهِ وَمَا كَانَ لِلَّهِ فَهُوَ يَصِلُ إِلَى شُرَكَائِهِمْ سَاءَ مَا يَحْكُمُونَ وَكَذَلِكَ زَيَّنَ لِكَثِيرٍ مِنَ الْمُشْرِكِينَ قَتْلَ أَوْلَادِهِمْ شُرَكَاؤُهُمْ لِيُرْدُوهُمْ وَلِيَلْبِسُوا عَلَيْهِمْ دِينَهُمْ وَلَوْ شَاءَ اللَّهُ مَا فَعَلُوهُ فَذَرْهُمْ وَمَا يَفْتَرُونَ وَقَالُوا هَذِهِ أَنْعَامٌ وَحَرْثٌ حِجْرٌ لَا يَطْعَمُهَا إِلَّا مَنْ نَشَاءُ بِزَعْمِهِمْ وَأَنْعَامٌ حُرِّمَتْ ظُهُورُهَا وَأَنْعَامٌ لَا يَذْكُرُونَ اسْمَ اللَّهِ عَلَيْهَا افْتِرَاءً عَلَيْهِ سَيَجْزِيهِمْ بِمَا كَانُوا يَفْتَرُونَ وَقَالُوا مَا فِي بُطُونِ هَذِهِ الْأَنْعَامِ خَالِصَةٌ لِذُكُورِنَا وَمُحَرَّمٌ عَلَى أَزْوَاجِنَا وَإِنْ يَكُنْ مَيْتَةً فَهُمْ فِيهِ شُرَكَاءُ سَيَجْزِيهِمْ وَصْفَهُمْ إِنَّهُ حَكِيمٌ عَلِيمٌ قَدْ خَسِرَ الَّذِينَ قَتَلُوا أَوْلَادَهُمْ سَفَهًا بِغَيْرِ عِلْمٍ وَحَرَّمُوا مَا رَزَقَهُمُ اللَّهُ افْتِرَاءً عَلَى اللَّهِ قَدْ ضَلُّوا وَمَا كَانُوا مُهْتَدِينَ﴾ ﴿مۇشرىكلار اللە ياراتقان ئېكىنلەردىن ۋە چاھار پايلاردىن (يەنى تۆگە، كالا، قويلاردىن) اللە ئۈچۈن بىر ھەسسە (بۇتلىرى ئۈچۈن بىر ھەسسە) ئايرىپ قويۇپ، ئۆز گۇمانلىرىچە (ھېچقانداق دەلىلسىزلا): «بۇ، اللە ئۈچۈندۇر، بۇ، مەبۇدلىرىمىز ئۈچۈندۇر» دېدى. بۇتلىرىنىڭ نېسۋىسىدىن اللەنىڭكىگە قوشۇشقا بولمايتتى، اللەنىڭ نېسۋىسىدىن بۇتلىرىنىڭكىگە قوشۇشقا بولاتتى (مۇشرىكلار اللەقا ئاتىغان ھەسسىسىدىن بۇتلارغا ئاتىغان ھەسسىسىگە بىرەر نەرسە قوشۇلۇپ قالسا، ئۇنى بۇتلىرىنىڭ ھەسسىسى ئىچىدە قالدۇراتتى ۋە اللە باي، بۇنىڭغا موھتاج ئەمەس دەيتتى. بۇتلىرىغا ئاتىغان ھەسسىسىدىن اللەقا ئاتىغان ھەسسىسىگە بىرەر نەرسە قوشۇلۇپ قالسا، ئۇنى بۇتلارنىڭ ھەسسىسىگە قايتۇرۋېتەتتى). ئۇلارنىڭ قارارى نېمىدېگەن قەبىھ! مۇشرىكلارنىڭ شېرىكلىرى (يەنى شەيتانلار) مۇشرىكلارنى ھالاك قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ دىنىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرىغا بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈشنى، شۇنىڭدەك (يەنى اللەقا ۋە بۇتلارغا ھەسسە ئايرىپ قويۇشتەك تەقسىماتنى شەيتانلارغا ۋە مۇشرىكلارغا

[1] سۈرە تەۋبە 37-ئايەت.

چىرايلىق كۆرسەتكەندەك) چىرايلىق كۆرسەتتى. ئەگەر الله خالىغان بولسا ئىدى، ئۇلار بۇ (قەبىھ) ئىشنى قىلمايتتى، ئۇلارنى اللهقا چاپلىغان يالغانلىرى بىلەن بىللە تەرك ئەت. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گۇمانىچە: «بۇ ھايۋانلار ۋە ئېكىنلەر (مەبۇدلىرىمىزغا خاس بولۇپ، باشقىلارغا) ھارامدۇر، ئۇلارنى پەقەت بىز خالىغان ئادەملەرلا يەيدۇ، بۇ ھايۋانلارنى مىنىش ھارامدۇر، بۇ ھايۋانلارنى بوغۇزلىغاندا اللهنىڭ ئىسمىنى ئېيتىشقا بولمايدۇ» دېدى. ئۇلار اللهقا يالغان چاپلىدى، الله ئۇلارنى يالغان چاپلىغانلىقلىرى ئۈچۈن جازالايدۇ. ئۇلار: «بۇ ھايۋانلارنىڭ قورساقلىرىدىكى باللىرى بىزنىڭ ئەركىشىلىرىمىزگە خاستۇر، بىزنىڭ خوتۇن كىشىلىرىمىزگە ھارامدۇر» دېدى. ئەگەر تۇغۇلغان ھايۋان ئۆلۈك بولسا، بۇ ئەر كىشىلەر بىلەن خوتۇن كىشىلەر ئارىسىدا ئورتاقتۇر (يەنى ئۇنى ھەممەيلەن تەڭ يەيدۇ) دەپ (ھالال-ھارامنى تەيىنلەشتى) اللهقا يالغان چاپلىغانلىقلىرى ئۈچۈن الله ئۇلارنى جازالايدۇ. شۈبھىسىزكى، الله ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر. ھاماقەتلىك ۋە نادانلىقلىرىدىن باللىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە الله نامىدىن يالغان ئېيتىپ، الله رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى ھارام بىلگەن كىشىلەر ھەقىقەتەن زىيان تارتتى، ئۇلار ھەقىقەتەن (توغرا يولدىن) ئاداشتى، ھىدايەت تاپمىدى﴾[1].

قۇرئان كەرىم قەبىلەردىكى، روھلاردىكى، تۇيغۇلاردىكى ۋە ئەمەلىي مەسىلەكلەردىكى ھەرخىل شېرىكلەرنى تازىلاشقا چاقىرىق قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە اللهنىڭ ئەمرىگە بىنائەن تۈرلۈك شېرىكلەرگە تەڭ تاقابىل تۇردى.

ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىش ھەرخىل شېرىكلەرنى ۋە شېرىك ئاسارەتلىرىنى تازىلاشتا ناھايىتى چوڭ رول ئوينايدۇ. چۈنكى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىپ، شېرىك كەلتۈرگەنلىك گۇناھىغا قارىتا جازاغا

---

[1] سۈرە ئەنئام، 136- ئايەتتىن 140- ئايەتكىچە.

www.uyghurkitap.com

تارتىلىدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەن كىشىلەر شېرىكنى تەرك ئەتمەيدۇ ۋە شېرىكتىن قول ئۈزمەيدۇ. ئىبادەتتىكى شېرىك بىلەن ئەگىشىشتىكى شېرىك ئوخشاش بىر شېرىك. شۇنىڭ ئۈچۈن الله مەككىدە نازىل بولغان نۇرغۇن ئايەتلەردە بۇ مەسىلىنى تەكىتلەيدۇ.

ھەرخىل شېرىكلەردىن پاكلانغان مۇسۇلمانلارنىڭ روھىيىتىدە ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بەردى... خۇددى ئۇلار قايتىدىن تۇغۇلغاندەك بولدى. گويا ئۇلارنىڭ روھىنات زەررىچىلىرى قايتا رەتلىنىپ، تۆمۈر زەررىچىلىرى قايتا تىزىلىپ، ماگنىتلىق ئېلىكتىر ھاسىل قىلغاندەك يېڭى ئېنېرگىيە ھاسىل قىلدى. ئۇلارنىڭ قەلبلىرى، روھلىرى ۋە مەسىلەكلىرىنى ئىشغال قىلىپ تۇرغان ساختا ئىلاھلار تامامەن يوقالدى. ئۇلارنىڭ روھىدا ئەمدى بىرلا اللهقا ئىبادەت قىلىشتىن باشقا ھېچنەرسە قالمىدى. ساختا ئىلاھلارغا مۇناسىۋەتلىك ئۆرپ-ئادەتلەر ۋە ساختا ئىلاھلاردىن ئەيمىنىشلەرمۇ يوقالدى. مانا ئەمدى قەبىلە، ئاتا-بوۋىلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتى ۋە ئاتا مىراس ئەنئەنىلەرنىڭ قىلچە ئېتىبارى قالمىدى. بۇ نەرسىلەر ئۇلارنىڭ مەسىلەكلىرى ياكى ئىدىيىۋى تونۇشلىرىغا بېسىم ئىشلىتەلمەيدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ بىرلىششى ياكى بۆلۈنىشىدە ئەمدى قانداشلىق مۇناسىۋىتى ياكى مەنپەئەت مۇناسىۋىتى ئاساس بولالمىدى. بەلكى ئۇلار ئىمان ئېيتىشتىن بۇرۇن ئۇلارغا ئەڭ چوڭ بىلىنگەن ئىرماش-چىرماش مۇناسىۋەتلەر ئەمدى ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەيتتى. ئاخىرەتتىن ئۈزۈلگەن قىممەت قاراشلارنىڭمۇ ھېچبىر ئەتىۋارى قالمىغان ئىدى. ئىمان بىرلىشىش ۋە بىرلەشمەسلىكنىڭ ئاچقۇچىغا ئايلانغان بولۇپ، ئىمانلىقلار ئىمانلىقلار بىلەن بىرلەشتى. ئىمانسىزلار بىلەن ئايرىلدى. بۇرۇنقى بىرلىكلەرنىڭ ئورنىنى ئىماندىن كېلىپ چىققان، ئىماننى چۆرىدىگەن يېڭى بىرلىك ئىگەللىدى. اللهنىڭ بارلىقىغا ۋە بىرلىكىگە قەلبتە تەستىق قىلىپ، ئېغىزدا ئىقرار قىلىش بىلەنلا مۇنداق چوڭ ئۆزگىرىش بولمايدۇ.

اللهنىڭ پەيغەمبىرى ۋە ئۇلارنى ئىمانغا يېتەكلىگۈچى پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام ئۇلار بىلەن ئەرقەم دېگەن كىشىنىڭ ھويلىسىدا ئۇچرىشىپ، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ بىر ئىشنى قىلدى. ئىمانىنىڭ تەقەززاسى ۋە ئىماني ئەخلاقلار بويىچە مىسلىسىز بىر ئەۋلاد كىشىلەرنى تەربىيىلىدى. بۇ تەربىيە ئارقىلىق تارىختىكى ئەڭ ياخشى بىر ئۈممەتنى تەربىيىلەپ چىقتى.

ھازىر بەزى كىشىلەر: «ئەرەب مۇشرىكلىرى مۇشرىك بولمىغان بولسا، ئۇلارغا شېرىك ھەققىدە مۇنچە كۆپ سۆزلەنمەيتتى، بەلكى ئۇلاردىن دىلىدا تەستىق قىلىش ۋە ئېغىزىدا ئىقرار قىلىشلا تەلەپ قىلىناتتى» دەپ جۆيلۈۋاتىدۇ. بۇ مۇرجىئىلىك ئىدىيىسىنىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان زىيانكەشلىكىدۇر. مۇرجىئىلىك باشقا ئامىللار بىلەن قوشۇلۇپ، ئىماننى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مەزمۇنىدىن قۇرۇقداپ، ئاخىرى جانسىز ئىسكىلىتقا ئايلاندۇرۇپ قويدى. بىز بۇنداق دېگۈچىلەر بىلەن مۇنازىرە قىلىشتىن بۇرۇن، مەدىنىدىكى مۇئمىنلەرنىڭ ئىمانى ھەققىدە ئازراق توختالماقچىمىز.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىمان ھەققىدىكى سۆز مەدىنىدە ئۈزۈلۈپ قالمىدى. چۈنكى، ئىمان بىر مەھەل تەكتىلەنگەندىن كېيىن تاشلاپ قويۇلىدىغان نەرسە ئەمەس. بەلكى ھەرقانداق ئىشتا ئاۋۋال ئىمان تەكتىلىنىپ، ئاندىن باشقا تېمىدا سۆز قىلىنىدۇ. مەدىنىدە نازىل بولغان بىر نەچچە سۈرىلەرنى تەھلىل قىلساقلا، بۇ نۇقتا ناھايىتى ئايدىڭلىشىدۇ. سۈرە بەقەرە بىرقانچە تېمىلاردا سۆزلەيدۇ. بۇ سۈرە ئىسلامىي دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىنكى يېڭى جەمئىيەتكە تۈزۈم تۇرغۇزىدۇ. مانا بۇ سۈرە ھەممىدىن ئاۋۋال ئېتىقادى دۇرۇس، ھەرىكىتى توغرا، ئىبادىتى جايىدا مۇئمىنلەرنى تونۇشتۇرۇش بىلەن باشلىنىدۇ: **﴿الم ذَلِكَ الْكِتَابُ لَا رَيْبَ فِيهِ هُدًى لِلْمُتَّقِينَ الَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِالْغَيْبِ وَيُقِيمُونَ الصَّلَاةَ وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنْفِقُونَ وَالَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِمَا أُنْزِلَ إِلَيْكَ وَمَا أُنْزِلَ مِنْ قَبْلِكَ وَبِالْآخِرَةِ هُمْ يُوقِنُونَ أُولَئِكَ عَلَى هُدًى مِنْ رَبِّهِمْ وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾** ﴿ئەلىف، لام، مىم. بۇ كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ھېچ شەك يوق، (ئۇ)

تەقۋادارلارغا يېتەكچدۇر. ئۇلار غەيبكە ئشنندۇ، نامازنى ئادا قلدۇ، ئۇلار بىز بەرگەن مال- مۈلۈكتىن (خۇدا يولىغا) سەرپ قلدۇ. ئۇلار ساڭا نازل قلىنغان كتابقا، سەندىن ئىلگرىكى (پەيغەمبەرلەرگە) نازل قلىنغان كتابلارغا ئشنندۇ ۋە ئاخرەتكە شەكسز ئشنندۇ. ئەنە شۇلار پەرۋەردگارىنىڭ توغرا يولىدا بولغۇچلاردۇر، ئەنە شۇلار بەختكە ئېرشكۈچلەردۇر﴾[1].

مانا بۇ ئايەتتە بەختكە ئېرشكەن تەقۋادار مۇئمنلەر اللهنىڭ بارلقغا، بىرلكگە دىلدا تەستىق قلىپ، ئېغزىدا ئىقرار قلىدۇ دەپلا سۈپەتلەنمدى. بەلكى بۇ سۈپەتكە ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش قاتارلق پەرز ئبادەتلەرنى قلدىغانلقى قوشۇلدى. دىلىڭلاردا تەستىق قلىپ، ئېغىزىڭلاردا ئىقرار قلساڭلارلا ھەممە ئىش پۈتىدۇ، شۇنىڭ بىلەنلا جەننەتكە كرۋېرسلەر دېيلمىدى. بەلكى ھەر خىل پەرزلەرنى قلغاندىلا ئاندىن تەقۋادار بولغىلى، جەننەتكە كرگىلى بولدىغانلقى قەيت قلىندى. مەزكۇر سۈرىنىڭ يەنە بىر ئايىتىدە ھەقىقى ئىماننىڭ تەستىق ۋە ئىقرار بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئىماننىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى بولغان مۇئەييەن ئەمەللەر بىلەن ۋۇجۇدقا چىقدىغانلقى تەلىم بېرلدى:

﴿لَيْسَ الْبِرَّ أَنْ تُوَلُّوا وُجُوهَكُمْ قِبَلَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ وَلَكِنَّ الْبِرَّ مَنْ آمَنَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ وَالْمَلَائِكَةِ وَالْكِتَابِ وَالنَّبِيِّينَ وَآتَى الْمَالَ عَلَى حُبِّهِ ذَوِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينَ وَابْنَ السَّبِيلِ وَالسَّائِلِينَ وَفِي الرِّقَابِ وَأَقَامَ الصَّلَاةَ وَآتَى الزَّكَاةَ وَالْمُوفُونَ بِعَهْدِهِمْ إِذَا عَاهَدُوا وَالصَّابِرِينَ فِي الْبَأْسَاءِ وَالضَّرَّاءِ وَحِينَ الْبَأْسِ أُولَئِكَ الَّذِينَ صَدَقُوا وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُتَّقُونَ﴾ ﴿سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى اللهقا، ئاخىرەت كۈنگە، پەرىشتىلەرگە، الله نازىل قىلغان كىتابلارغا، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان

---

[1] سۈرە بەقەرە، 1- ئايەتتىن 5 – ئايەتكىچە.

كەلتۈرۈش؛ اللەنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش - ئەقرىبالارغا، يېتىملارغا، مىسكىنلەرگە، پۇل-مېلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازاتلىقىقا ئېرىشىشىگە پۇل - مال ياردەم بېرىش؛ ناماز ئوقۇش؛ زاكات بېرىش؛ ئەھدىگە ۋاپا قىلىش؛ يوقسۇللۇققا، كېسەللىككە ۋە اللەنىڭ يولىدا قىلىنغان ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇ يۇقىرقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر ئىمانىدا راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر﴾[1].

سۈرە ئال ئىمراننىڭ ھەممە ئايەتلىرىدە ئىمان چۈشەندۈرۈلىدۇ. بۇ سۈرە ئەقىدىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇنۇ ئايەتلەر بىلەن باشلىنىدۇ: ﴿**الم اللَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ نَزَّلَ عَلَيْكَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ مُصَدِّقًا لِمَا بَيْنَ يَدَيْهِ وَأَنْزَلَ التَّوْرَاةَ وَالْإِنْجِيلَ مِنْ قَبْلُ هُدًى لِلنَّاسِ وَأَنْزَلَ الْفُرْقَانَ إِنَّ الَّذِينَ كَفَرُوا بِآيَاتِ اللَّهِ لَهُمْ عَذَابٌ شَدِيدٌ وَاللَّهُ عَزِيزٌ ذُو انْتِقَامٍ**﴾ ﴿ئەلىف، لام، مىم. اللەتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، الله(ھەمىشە) تىرىكتۇر، مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر. (ئى مۇھەممەد!) ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كىتابلارنى تەستىق قىلغۇچى ھەق كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) (الله) ساڭا نازىل قىلدى. ئىلگىرى، كىشىلەرگە يول كۆرسەتكۈچى قىلىپ تەۋرات بىلەن ئىنجىلنى نازىل قىلغان ئىدى. ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى كىتابنى (يەنى بارلىق ساماۋى كىتابلارنى) نازىل قىلدى. شۈبھىسىزكى، اللەنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلار (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ، الله غالىبتۇر، (يامانلارنى) جازالىغۇچىدۇر﴾[2].

بۇ سۈرە ئېتىقادنىڭ تۈپكى قائىدىلىرىنى ناھايىتى روشەن، كەسكىن بايان قىلىش بىلەن بىللە ئىماننىڭ تەقەززالىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ھەقىقەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنىڭ ئىماننىڭ بىر تەقەززاسى

---

[1] سۈرە بەقەرە، 177 – ئايەت.

[2] سۈرە ئال ئىمران، 1 – ئايەتتىن 4 – ئايەتكىچە.

www.uyghurkitap.com

ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. بۇ سۈرىدە ناھايىتى مۇھىم بىر دەرس بېرىلىدۇ: ﴿إِنَّ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَاخْتِلَافِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ لَآيَاتٍ لِأُولِي الْأَلْبَابِ الَّذِينَ يَذْكُرُونَ اللَّهَ قِيَامًا وَقُعُودًا وَعَلَى جُنُوبِهِمْ وَيَتَفَكَّرُونَ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ رَبَّنَا مَا خَلَقْتَ هَذَا بَاطِلًا سُبْحَانَكَ فَقِنَا عَذَابَ النَّارِ رَبَّنَا إِنَّكَ مَنْ تُدْخِلِ النَّارَ فَقَدْ أَخْزَيْتَهُ وَمَا لِلظَّالِمِينَ مِنْ أَنْصَارٍ رَبَّنَا إِنَّنَا سَمِعْنَا مُنَادِيًا يُنَادِي لِلْإِيمَانِ أَنْ آمِنُوا بِرَبِّكُمْ فَآمَنَّا رَبَّنَا فَاغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَكَفِّرْ عَنَّا سَيِّئَاتِنَا وَتَوَفَّنَا مَعَ الْأَبْرَارِ رَبَّنَا وَآتِنَا مَا وَعَدْتَنَا عَلَى رُسُلِكَ وَلَا تُخْزِنَا يَوْمَ الْقِيَامَةِ إِنَّكَ لَا تُخْلِفُ الْمِيعَادَ فَاسْتَجَابَ لَهُمْ رَبُّهُمْ أَنِّي لَا أُضِيعُ عَمَلَ عَامِلٍ مِنْكُمْ مِنْ ذَكَرٍ أَوْ أُنْثَى بَعْضُكُمْ مِنْ بَعْضٍ فَالَّذِينَ هَاجَرُوا وَأُخْرِجُوا مِنْ دِيَارِهِمْ وَأُوذُوا فِي سَبِيلِي وَقَاتَلُوا وَقُتِلُوا لَأُكَفِّرَنَّ عَنْهُمْ سَيِّئَاتِهِمْ وَلَأُدْخِلَنَّهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ ثَوَابًا مِنْ عِنْدِ اللَّهِ وَاللَّهُ عِنْدَهُ حُسْنُ الثَّوَابِ﴾ ﴿شۇبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە روشەن دەلىللەر بار. ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ اللەنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) «پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ. سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! سەن كىمنىكى دوزاخقا كىرگۈزىدىكەنسەن، ئۇنى ئەلۋەتتە خار قىلغان بولىسەن. زالىملارغا ھېچقانداق ياردەمچى بولمايدۇ. پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن بىر چاقىرغۇچىنىڭ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىڭلار، دەپ ئىمانغا چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدۇق، ئىمان ئېيتتۇق، پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، يامانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقارغىن، بىزنى ياخشىلارنىڭ قاتارىدا قەبزى روھ قىلغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە پەيغەمبەرلىرىڭ ئارقىلىق ۋەدە قىلغان نەرسىنى (يەنى ئىتائەت قىلغانلارغا خاس بولغان جەننەتنى) بەرگىن، قىيامەت كۈنى بىزنى رەسۋا قىلمىغىن. سەن ھەقىقەتەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن. ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى

پەرۋەردىگارى ئىجابەت قىلدى: مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەرقانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەمىلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن، سىلەر بىر-بىرىڭلاردىن تۆرەلگەن. ھىجرەت قىلغانلار، يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغانلار، مېنىڭ يولۇمدا (يەنى اللهنىڭ دىنى ئۈچۈن) ئەزىيەت تارتقانلار، ئۇرۇشقا قاتناشقانلار (يەنى مېنىڭ يولۇمدا ئۇرۇشقانلار) ۋە مېنىڭ يولۇمدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ گۇناھلىرىنى (مەغپىرىتىم ۋە رەھمىتىم بىلەن) ئەلۋەتتە يوققا چىقىرىمەن. ئەلۋەتتە، ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمەن». بۇ (ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن) اللهتەرىپىدىن بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر. اللهنىڭ دەرگاھىدا ياخشى مۇكاپات (يەنى جەننەت) بار﴾[1].

اللهنى ياد ئېتىش ھەم دىل بىلەن ھەم ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن بولىدۇ. اللهنى ئۆرە تۇرغان، ئولتۇرغان، ياتقان ھالەتلىرىدە – ھەرقانداق ھالەتتە ئەنە شۇنداق ياد ئېتىپ تۇرىدىغان ئىماندا راستچىل مۇئمىنلەر ئاسمان - زېمىننىڭ يارىتىلىشى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق جاھاننىڭ بىھۇدە يارىتىلمىغانلىقىنى، بەلكى مەقسەت بىلەن يارىتىلغانلىقىنى چۈشەندى. جاھاننىڭ يارىتىلىشىدىكى مەقسەت ئىنسانلارنىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشى يامان ئىشلىرىغا يارىشا ئاخىرەتتە مۇكاپات ياكى جازا بېرىلىدىغانلىقى ئۇلارغا ئايان بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار اللهتىن جەننەت بېرىشنى تىلىدى، دوزاختىن پاناھ تىلىدى. جەننەتكە كىرىشنىڭ شەرتىنى ھازىرلاپ، ئىسلامىي دەۋەتنى ئاڭلىغان ھامان ئىمان ئېيتتى. مانا بۇ ھەقىقى مۇئمىنلەرنىڭ دۇئاسىنى الله ئىجابەت قىلدى... ئۇلارنىڭ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولۇشى تەستىق ۋە ئىقرار قىلغانلىقى ئۈچۈنلىمۇ؟ تەپەككۇر قىلىپ ئويلانغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟ اللهنى دائىم ياد ئەتكەنلىكى ئۈچۈنمۇ؟ دوزاختىن ساقلىنىش، جەننەتكە كىرىش ھەققىدە يىلىنىپ دۇئا قىلغانلىقى ئۈچۈنمۇ

[1] سۈرە ئال ئىمران، 190 – ئايەتتىن 195- ئايەتكىچە.

ياكى ئىماننى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟

«ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى پەرۋەردىگارى ئىجابەت قىلدى: مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەرقانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەمىلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن...»

مانا بۇ ئايەتتە پىكىر قىلىش ۋە اللهنى ياد ئېتىشنىڭ ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلانغانلىقى ئۈچۈن دۇئانىڭ ئىجابەت بولغانلىقى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، مۇسۇلمانلاردىن الله يولىدا ھىجرەت قىلىش، الله يولىدا ئازار - كۈلپەتلەرگە ئۇچرىسا، ئۆلتۈرۈلسە، يۇرت - ماكانلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىلسا، سەۋر قىلىش قاتارلىق ئەمەللەرنى بەجا كەلتۈرۈش تەلەپ قىلىنىدى.

سۈرە نىسادا ئەمەلىيەتتە ئىمان كەلتۈرۈپ بولغانلاردىن يەنە ئىمان كەلتۈرۈش تەلەپ قىلىنىدى. بۇ سۈرىدە دىلىغۇلاردا ۋە ئېغىزىغلاردا ئىمان بولغاندىكىن شۇنىڭ بىلەنلا جەننەتكە كىرىۋېرىسىلەر، ئەمەلىي ھەرىكەتلەردا ئۆزخاھىشىلار بويىچە ياكى ئۆرپ-ئادەتلەر بويىچە ئىش قىلساڭلارمۇ بولىۋېرىدۇ دېيىلمىدى. بەلكى ئۇلارغا بىرقانچە پەرزلەرنى بېكىتكەندىن كېيىن مۇنداق دېيىلدى: ﴿**تِلْكَ حُدُودُ اللَّهِ وَمَنْ يُطِعِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ يُدْخِلْهُ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَذَلِكَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ وَمَنْ يَعْصِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَيَتَعَدَّ حُدُودَهُ يُدْخِلْهُ نَارًا خَالِدًا فِيهَا وَلَهُ عَذَابٌ مُهِينٌ**﴾ ئەنە شۇلار (يەنى الله بەندىلىرىنىڭ ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن يۇقىرىدىكى ئەھكاملار) اللهنىڭ قانۇنلىرىدۇر، كىمكى اللهقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدىكەن، الله ئۇنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇ ئۇيەرلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتۇر. كىمكى اللهقا ۋە پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ، اللهنىڭ قانۇنلىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىدىكەن، الله ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ، ئۇ

دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ خورلىغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾[1].

بۇ سۈرىدە ئائىلىۋى مۇناسىۋەتلەر ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ھەققىدە مۇئەييەن يوليورۇقلار بېرىلىدۇ. ھەممە ئىشتا نېمىنىڭ ئاساس بولىدىغانلىقى ئېنىق بەلگىلىنىدۇ: ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَطِيعُوا اللَّهَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ وَأُولِي الْأَمْرِ مِنْكُمْ فَإِنْ تَنَازَعْتُمْ فِي شَيْءٍ فَرُدُّوهُ إِلَى اللَّهِ وَالرَّسُولِ إِنْ كُنْتُمْ تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ ذَلِكَ خَيْرٌ وَأَحْسَنُ تَأْوِيلًا**﴾ ﴿ئى مۆئمىنلەر! اللەقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۇستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا اللەقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر اللەقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە (ھەقىقىي) ئىشىنىدىغان بولساڭلار، بۇ (يەنى اللەنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر﴾[2].

مانا بۇ ئايەتتە ھاياتلىقتىكى ھەرقانداق بىر ئىشتا اللەنىڭ قانۇنى بويىچە ئىش كۆرۈشنىڭ ئىمانغا شەرت ئىكەنلىكى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى: «اللەقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر اللەقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە (ھەقىقىي) ئىشىنىدىغان بولساڭلار».

بۇ سۈرىدە يەنە اللە پەيغەمبەرلەرنى دەۋەت قىلىش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئىتائەت قىلىنىش ئۈچۈنمۇ ئەۋەتكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: ﴿**وَمَا أَرْسَلْنَا مِنْ رَسُولٍ إِلَّا لِيُطَاعَ**﴾ ﴿بىز ھەر قانداق پەيغەمبەرنى پەقەت ئىتائەت قىلىنىش ئۈچۈنلا ئەۋەتتۇق﴾[3].

بۇ سۈرىدە يەنە اللە ئىمانى بار كىشىلەرگە پەرز قىلغان ھۆكۈملەر،

---

[1] سۈرە نىسا، 13- ۋە 14- ئايەتلەر.

[2] سۈرە نىسا، 59-ئايەت.

[3] سۈرە نىسا، 64-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.uyghurkitap.com

يولىيورۇقلار، ئەمرى ۋە نەھىيلەر بايان قىلىنغاندىن كېيىن، ئىمانىنىڭ قۇرۇق ئارزۇ ئەمەسلىكى، بەلكى رېئاللىققا ئايلانغان ئەمەلىي ئىشەنچ ئىكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلىدۇ: ﴿لَيْسَ بِأَمَانِيِّكُمْ وَلَا أَمَانِيِّ أَهْلِ الْكِتَابِ مَنْ يَعْمَلْ سُوءًا يُجْزَ بِهِ وَلَا يَجِدْ لَهُ مِنْ دُونِ اللَّهِ وَلِيًّا وَلَا نَصِيرًا وَمَنْ يَعْمَلْ مِنَ الصَّالِحَاتِ مِنْ ذَكَرٍ أَوْ أُنْثَى وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَأُولَئِكَ يَدْخُلُونَ الْجَنَّةَ وَلَا يُظْلَمُونَ نَقِيرًا﴾ ﴿(الله ۋەدە قىلغان ساۋاب) سىلەرنىڭ قۇرۇق ئارزۇيۇڭلار ۋە ئەھلى كىتابنىڭ قۇرۇق ئارزۇسى بىلەن قولغا كەلمەيدۇ، كىمكى بىر يامانلىق قىلىدىكەن، بۇنىڭ ئۈچۈن (دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە) جازالىنىدۇ، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن اللهتىن باشقا (اللهنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچقانداق دوست ۋە ھېچقانداق مەدەتكار تاپالمايدۇ. ئەر-ئاياللاردىن مۆئمىن بولۇپ تۇرۇپ ياخشى ئىشلارنى قىلغانلار جەننەتكە داخىل بولىدۇ، ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى قىلچە كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ)﴾[1].

سۈرە مائىدىدە دىنىنىڭ كامىل قىلىنغانلىقى ۋە نېئمەتنىڭ پۈتۈنلەنگەنلىكى ئېلان قىلىندى: ﴿الْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ الْإِسْلَامَ دِينًا﴾ ﴿بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم﴾[2].

بۇ سۈرىدە يېمەك-ئىچمەك ۋە مۇئامىلىلەر توغرىسىدىكى ھۆكۈملەر سۈرىنىڭ بىرىنچى ئايىتىدىن باشلاپلا بايان قىلىنىدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَوْفُوا بِالْعُقُودِ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! ئەھدىلەرگە (يەنى اللهبىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ۋە سىلەرنىڭ ئۆز ئاراڭلاردىكى ئەھدىلەرگە) ۋاپا

[1] سۈرە نىسا 123- ۋە 124- ئايەتلەر.
[2] سۈرە مائىدە، 3-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىلىڭلار...»[①].

بۇ سۈرىدە يەنە اللهنىڭ شەرىئىتىنىلا ھۆكۈمدار قىلىش، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق قانۇننى ھۆكۈمدار قىلماسلىق ئوچۇق پەرز قىلىندى.

دۇنيادا اللهنىڭ ھۆكمى ياكى جاھىلىيەتنىڭ ھۆكمىدىن ئىبارەت ئىككى خىللا ھۆكۈمنىڭ بارلىقى، ئۈچىنچى خىل ھۆكۈمنىڭ يوقلىقى ئېنىق بايان قىلىندى: ﴿أَفَحُكْمَ الْجَاهِلِيَّةِ يَبْغُونَ وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ اللَّهِ حُكْمًا لِقَوْمٍ يُوقِنُونَ﴾ ﴿ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ (اللهقا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە اللهتىنمۇ ئادىل كىم بار؟﴾[②]

بۇ سۈرىدە يەنە اللهنىڭ قانۇنى بويىچە ھۆكۈم قىلمىغان كىشىلەرنىڭ كاپىر، پاسىق، زالىم ئىكەنلىكى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى:

﴿وَمَنْ لَمْ يَحْكُمْ بِمَا أَنْزَلَ اللَّهُ فَأُولَئِكَ هُمُ الْكَافِرُونَ﴾ ﴿كىملەركى الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر﴾[③].

﴿وَمَنْ لَمْ يَحْكُمْ بِمَا أَنْزَلَ اللَّهُ فَأُولَئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ﴾ ﴿الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىغان كىشىلەر زالىملاردۇر﴾[④].

﴿وَمَنْ لَمْ يَحْكُمْ بِمَا أَنْزَلَ اللَّهُ فَأُولَئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ﴾ ﴿الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمىغانلار پاسىقلاردۇر﴾[⑤].

مەدىنىدە نازىل بولغان سۈرىلەرنىڭ ھەممىسى مۆئمىنلەرگە تەستىق ۋە ئىقرارنىڭلا كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنى بەلكى بۇنىڭغا قوشۇپ ئەمەل قىلىش

[①] سۈرە مائىدە، 1-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[②] سۈرە مائىدە، 50-ئايەت.
[③] سۈرە مائىدە ، 44- ئايەت.
[④] سۈرە مائىدە ، 45- ئايەت.
[⑤] سۈرە مائىدە ، 47-ئايەت.

كېرەكلىكىنى، مۇئمىن بولۇش ئۈچۈن چوقۇم اللهنىڭ قانۇنىغا رىئايە قىلىش كېرەكلىكىنى، بۇنىڭ ئىماننىڭ راستلىقىنى سىنايدىغان ئىمتىھان ئىكەنلىكىنى، ئىغىزدا ئىمانىم بار دەپ تۇرۇپ، ئەمەلىيەتتە اللهنىڭ قانۇنىغا رىئايە قىلمايدىغانلارنىڭ مۇناپىق ھېسابلىنىپ دوزاختا مەڭگۈ قالدىغانلىقىنى... چۈشەندۈردۇ: ﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِينَ يَزْعُمُونَ أَنَّهُمْ آمَنُوا بِمَا أُنْزِلَ إِلَيْكَ وَمَا أُنْزِلَ مِنْ قَبْلِكَ يُرِيدُونَ أَنْ يَتَحَاكَمُوا إِلَى الطَّاغُوتِ وَقَدْ أُمِرُوا أَنْ يَكْفُرُوا بِهِ وَيُرِيدُ الشَّيْطَانُ أَنْ يُضِلَّهُمْ ضَلَالًا بَعِيدًا﴾ ﴿ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە سەندىن بۇرۇن نازىل قىلىنغان كىتابلارغا (يەنى تەۋراتقا ۋە ئىنجىلغا) ئىمان كەلتۈردۇق دەۋالغان كىشىلەر (يەنى مۇناپىقلار) نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار ئەرزىنى شەيتاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارماقچى بولۇۋاتىدۇ؛ ھالبۇكى، ئۇلار شەيتاننى ئىنكار قىلىشقا بۇيرۇلغان، شەيتان ئۇلارنى چوڭقۇر ئازدۇرۇشنى خالايدۇ﴾[1].

﴿فَلَا وَرَبِّكَ لَا يُؤْمِنُونَ حَتَّى يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لَا يَجِدُوا فِي أَنْفُسِهِمْ حَرَجًا مِمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُوا تَسْلِيمًا﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغىچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ﴾[2].

﴿وَيَقُولُونَ آمَنَّا بِاللَّهِ وَبِالرَّسُولِ وَأَطَعْنَا ثُمَّ يَتَوَلَّى فَرِيقٌ مِنْهُمْ مِنْ بَعْدِ ذَلِكَ وَمَا أُولَئِكَ بِالْمُؤْمِنِينَ وَإِذَا دُعُوا إِلَى اللَّهِ وَرَسُولِهِ لِيَحْكُمَ بَيْنَهُمْ إِذَا فَرِيقٌ مِنْهُمْ مُعْرِضُونَ وَإِنْ يَكُنْ لَهُمُ الْحَقُّ يَأْتُوا إِلَيْهِ مُذْعِنِينَ أَفِي قُلُوبِهِمْ مَرَضٌ أَمِ ارْتَابُوا أَمْ يَخَافُونَ أَنْ يَحِيفَ اللَّهُ عَلَيْهِمْ وَرَسُولُهُ بَلْ أُولَئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ إِنَّمَا كَانَ قَوْلَ الْمُؤْمِنِينَ إِذَا دُعُوا إِلَى اللَّهِ وَرَسُولِهِ لِيَحْكُمَ

---

[1] سۈرە نىسا، 60 - ئايەت.
[2] سۈرە نىسا، 65 – ئايەت.

بَيْـنَهُمْ أَنْ يَقُولُوا سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾ «(مۇنــاپىقلار) ئاللاھقــا ۋە پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتتۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق دېيىشىدۇ، ئاندىن ئۇلاردىن بىر جامائە شۇنىڭدىن (يەنى ئىماننى دەۋا قىلغانـدىن) كېـيىن، (شـەرىئەت ھۆكمىدىن) يـۈز ئۆرۈيـدۇ، ئـۇلار (ھەقىقەتـتە) مـۆئمىن ئەمەس. ئۇلارنىــڭ ئارىســدا (پەيغەمــبەر) ھۆكــۈم چىقىــرىش ئۈچــۈن، ئــۇلار ئاللاھنىــڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ (ھۆكمىگە) چاقىرىلسا، ئۇلاردىن بىر جامـائە (پەيغەمبەرنىـڭ ئالدىغا ھازىر بولۇشتىن) باش تارتىدۇ. ئەگەر ھەقىـقەت ئۇلارنىـڭ تەرىپىـدە بولــــدىغان بولســـا (پەيغەمـــبەر ئەلەيھىســـسالامنىڭ ھەق ھۆكـــۈم چىقىرىدىغانلىقىنى بىلىدىغانلىقلىرى ئۈچۈن)، پەيغەمبەرگە بويسۇنغان ھالـدا كېلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرىدا (مۇناپىقلىق) ئىللىتى بـارمۇ؟ يـا (مـۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىدىن) گۇمانلىنامدۇ؟ يا ئاللاھنىـڭ ۋە ئۇنىـڭ پەيغەمبىرىنىــڭ ئۇلارغــا ئادىــل بولماســلىقىدىن قورقامــدۇ؟ يــاق، ئــۇلار (رەســۇلۇللانىڭ ھۆكمىــدىن بــاش تارتقــانلىقلىرى ئۈچــۈن) زالىمــدۇر. (پەيغەمبەر) مۇئمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چاقىرىلغان چاغدا ئۇلار:

«ئاڭلىــدۇق ۋە ئىتــائەت قىلــدۇق دېيىشــلىرى كېــرەك، مانــا شــۇنداق كىشىلەرمەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر»[1].

﴿إِنَّ الْمُنَافِقِينَ فِي الدَّرْكِ الْأَسْفَلِ مِنَ النَّارِ وَلَنْ تَجِدَ لَهُمْ نَصِيرًا﴾ «مۇنــاپىقلار چوقــۇم دوزاخنىــڭ ئەڭ ئاســتىنقى قەۋىتىگە(يەنــى قەئــرىگە) تاشــلىنىدۇ، ئۇلارغا ھەرگىزمۇ (ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان) مەدەتكار تاپالمايسەن»[2].

مەدىنە سۈرىلىرىنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا دىن كامىل بولغان، ﴿الْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ الْإِسْلَامَ دِينًا﴾ «بۈگــۈن ســىلەرنىڭ

[1] سۈرە نۇر، 47 – ئايەتتىن 51 – ئايەتكىچە.
[2] سۈرە نىسا، 145 – ئايەت.

دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم﴾[1] دېگەن ئايەت نازىل بولغان كۈنلەردە ئىمان ھاياتلىقىنىڭ مۇكەممەل يولىغا ئايلانغانىدى. بۇ يول ئېتىقادىي تەرەپنى، ئىبادەت تەرەپنى، ئەمەلىي مەسلەك تەرىپىنى تەڭ ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. بۇ يولدا اللهنىڭ زاتتا، سۈپەتتە، ئەسمائۇ ۋە ئەفئالدا بىرلىكىگە ئېتىقاد قىلىندى. بارلىق ئىبادەت پائالىيەتلىرى بىرلا اللهقا قارىتىلدى. اللهنىڭ شەرىئىتىلا ھۆكۈمدار قىلىندى. ئىمانىي ئەخلاقلارغا رىئايە قىلىندى، تۈرلۈك ئىلاھىي تەكلىپلەر ئورۇندالدى...

مەككىدە نازىل بولغان سۈرىلەر اللهقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابلارغا، پەيغەمبەرلەرگە، تەقدىرگە ئېتىقاد قىلىشنى، ئەخلاقىي تەرەپلەرنى ۋە ئۇ چاغدا پەرز قىلىنغان ئىبادەت پائالىيەتلىرىنى مەركەزلىك بايان قىلدى. مەدىنىدە نازىل بولغان سۈرىلەر ھاكىمىيەت مەسىلىسىنى ۋە اللهنىڭ شەرىئىتىنى ھۆكۈمدار قىلىشنى قاتتىق تەكىتلەپ، بۇنى ئىماننىڭ ئۆلچىشى قىلىپ بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەخلاقنى يەنە تەكىتلەپ، يەنە باشقا تۈرلۈك ئىبادەت پائالىيەتلىرىنى پەرز قىلدى.

لېكىن ھاكىمىيەت مەسىلىسى يەنى ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقى، قانۇن تۈزۈش ۋە يولغا قويۇش ھوقۇقىنىڭ بىرلا اللهقا خاسلىقى مەسىلىسى، الله نازىل قىلمىغان نەرسىلەرنى قانۇن قىلىش ۋە شۇنداق قانۇنلارغا بويسۇنۇشنىڭ دىندىن چىقىپ، كاپىر بولۇش مەسىلىسى مەدىنىدە بېكىتىلگەن دەپ ئويلاش پۈتۈنلەي خاتادۇر. چۈنكى بۇ مەسىلە، مەككىدە نازىل بولغان كۆپلىگەن سۈرىلەردە ئىماننىڭ بىر تۈپكى قائىدىسى سۈپىتىدە ناھايىتى روشەن، كەسكىن بېكىتىلدى. مەسىلەن: مەككىدە نازىل بولغان سۈرە ئەئرافنىڭ تۆۋەندىكى ئايىتى بۇنىڭغا شاھىد: ﴿**اتَّبِعُوا مَا أُنْزِلَ إِلَيْكُمْ مِنْ رَبِّكُمْ وَلَا تَتَّبِعُوا مِنْ دُونِهِ أَوْلِيَاءَ قَلِيلًا مَا تَذَكَّرُونَ**﴾ ﴿(ئى ئىنسانلار!) سىلەر

[1] سۈرە مائىدە، 3- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار، اللهنى قويۇپ، (جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان سىلەرنى ئازدۇرىدىغان) دوستلارغا ئەگەشمەڭلار، سىلەر ۋەز - نەسىھەتنى ئاز قوبۇل قىلىسىلەر»[1].

بۇ ئايەت نېمە مەزمۇننى ئىپادىلەۋاتىدۇ؟ بۇ ئايەت ئىنسانلارنى بىر ئىشقا بۇيرۇۋاتىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئىمان. يەنە بىر ئىشتىن توسۇۋاتىدۇ، ئۇ بولسىمۇ شېرىك. «سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار» دېگەندە ئىمانغا بۇيرۇۋاتىدۇ. «اللهنى قويۇپ، (جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان سىلەرنى ئازدۇرىدىغان) دوستلارغا ئەگەشمەڭلار» دېگەندە شېرىكتىن توسۇۋاتىدۇ.

مەزكۇر سۈرىنىڭ يەنە مۇنۇ ئايىتىگە قاراڭ: ﴿**إِنَّ رَبَّكُمُ اللَّهُ الَّذِي خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ فِي سِتَّةِ أَيَّامٍ ثُمَّ اسْتَوَى عَلَى الْعَرْشِ يُغْشِي اللَّيْلَ النَّهَارَ يَطْلُبُهُ حَثِيثًا وَالشَّمْسَ وَالْقَمَرَ وَالنُّجُومَ مُسَخَّرَاتٍ بِأَمْرِهِ أَلَا لَهُ الْخَلْقُ وَالْأَمْرُ تَبَارَكَ اللَّهُ رَبُّ الْعَالَمِينَ ادْعُوا رَبَّكُمْ تَضَرُّعًا وَخُفْيَةً إِنَّهُ لَا يُحِبُّ الْمُعْتَدِينَ وَلَا تُفْسِدُوا فِي الْأَرْضِ بَعْدَ إِصْلَاحِهَا وَادْعُوهُ خَوْفًا وَطَمَعًا إِنَّ رَحْمَتَ اللَّهِ قَرِيبٌ مِنَ الْمُحْسِنِينَ**﴾«شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭلار الله ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە (يەنى ئالتە دەۋردە) ياراتتى، ئاندىن (ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق رەۋىشتە) ئەرش ئۈستىدە قارار ئالدى، الله كېچە بىلەن (يەنى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن) كۈندۈزنى ياپىدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈز بىر - بىرىنى قوغلىشىدۇ (يەنى داۋاملىق ئورۇن ئالمىشىپ تۇرىدۇ)؛ الله قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى اللهنىڭ ئەمرىگە بويسۇندۇرۇلغۇچى قىلىپ ياراتتى، يارىتىش ۋە ئەمر قىلىش (يەنى كائىناتنى تەسەررۇپ قىلىش) راستىنلا اللهنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللهنىڭ دەرىجىسى كاتتىدۇر. پەرۋەردىگارىڭلارغا تۆۋەنچىلىك

[1] سۈرە ئەئراف، 3 – ئايەت.

بىلەن يوشۇرۇن دۇئا قىلىڭلار، (دۇئا قىلغاندا كەلىمە-كەلىمەس سۆزلەپ، توۋلاپ) ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلەرنى الله ياقتۇرمايدۇ. الله (پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىپ) يەر يۈزىنى تۈزىگەندىن كېيىن، يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلماڭلار، (اللهنىڭ ئازابىدىن) قورققان ۋە (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلغان ھالدا دۇئا قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، اللهنىڭ رەھمىتى ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا يېقىندۇر﴾[1].

مانا بۇ ئايەتتە ئەمرى قىلىش ھوقۇقىنىڭ بىرلا اللهقا خاسلىقى ئاسمانلاردىمۇ، زېمىندىمۇ ۋە ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدىمۇ اللهتىن باشقا ھېچكىمنىڭ قانۇن تۈزۈش ھوقۇقىنىڭ يوقلىقى قارارلاشتۇرۇلۇپ، پەيغەمبەرلەر ئىلاھىي قانۇن ئارقىلىق تۈزگەن ئىشلارنى باشقا قانۇنلار ئارقىلىق بۇزۇشتىن توسۇلدى. بۇ ئايەتتە يەنە پۈتۈن كائىناتتا اللهتىن باشقا ھېچقانداق بىر كۈچنىڭ يارىتىش، يوق يەردىن بار قىلىش ئىقتىدارىنىڭ يوقلىقىنى، يارىتىش ئىقتىدارى بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇيرۇش، توسۇش يەنى قانۇن تۈزۈش ھوقۇقىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى، بۇ ھوقۇقنىڭ پەقەت اللهقىلا خاس ئىكەنلىكىنى بىكىتتى. مەككىدە نازىل بولغان سۈرە شۇرانىڭ مۇنۇ ئايىتىگە قاراڭ: ﴿أَمِ اتَّخَذُوا مِنْ دُونِهِ أَوْلِيَاءَ فَاللَّهُ هُوَ الْوَلِيُّ وَهُوَ يُحْيِ الْمَوْتَى وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ وَمَا اخْتَلَفْتُمْ فِيهِ مِنْ شَيْءٍ فَحُكْمُهُ إِلَى اللَّهِ ذَلِكُمُ اللَّهُ رَبِّي عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ وَإِلَيْهِ أُنِيبُ﴾ ﴿بەلكى ئۇلار اللهتىن باشقىلارنى ئىگە قىلىۋالدى، پەقەت الله ئىگىدۇر، الله ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدۇ، الله ھەر نەرسىگە قادىر. سىلەر (دىن ئۈستىدە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا) ھەر قانداق نەرسە ئۈستىدە ئىختىلاپ قىلىشساڭلار، ئۇنىڭغا الله ھۆكۈم چىقىرىدۇ. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى) ئەنە شۇ الله مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل

[1] سۈرە ئەئراف، 54 ئايەتتىن 56- ئايەتكىچە.

قىلدىم، (ھەممە ئىشتا) اللهقا مۇراجىئەت قىلىمەن﴾[1].

مانا بۇ ئايەتتە سۈرە ئەئرافنىڭ يۇقىرقى ئايىتىدە بېكىتىلگەن پىرىنسىپنىڭ ئۆزى يەنى پۈتۈن كائىناتتا، جۈملىدىن ئىنسانلار ئىچىدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ھوقۇقىنىڭ بىرلا اللهقا خاسلىق پىرىنسىپى بېكىتىلدى. ھەممە ئىشتا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ھوقۇقىنىڭ اللهقا خاسلىقىنى ئېتىراپ قىلىش ئىماندۇر. بۇنى ئېتىراپ قىلماسلىق «اللهتىن باشقىلارنى ئىگە قىلىۋالغان»لىقتۇر. يەنى دىندىن چىقىپ كاپىر بولۇشتۇر.

سۈرە شۇرانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىمۇ يەنە شۇنى تەكىتلەيدۇ: ﴿أَمْ لَهُمْ شُرَكَاءُ شَرَعُوا لَهُمْ مِنَ الدِّينِ مَا لَمْ يَأْذَنْ بِهِ اللَّهُ﴾ ﴿ئۇلارنىڭ الله رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى دىن قىلىپ بېكىتكەن مەبۇدلىرى بارمۇ؟﴾[2]

مەككىدە نازىل بولغان سۈرە ئەنئامنىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرى بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ تەپسىلى شەرھىلەيدۇ: ﴿أَفَغَيْرَ اللَّهِ أَبْتَغِي حَكَمًا وَهُوَ الَّذِي أَنْزَلَ إِلَيْكُمُ الْكِتَابَ مُفَصَّلًا وَالَّذِينَ آتَيْنَاهُمُ الْكِتَابَ يَعْلَمُونَ أَنَّهُ مُنَزَّلٌ مِنْ رَبِّكَ بِالْحَقِّ فَلَا تَكُونَنَّ مِنَ الْمُمْتَرِينَ وَتَمَّتْ كَلِمَتُ رَبِّكَ صِدْقًا وَعَدْلًا لَا مُبَدِّلَ لِكَلِمَاتِهِ وَهُوَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ وَإِنْ تُطِعْ أَكْثَرَ مَنْ فِي الْأَرْضِ يُضِلُّوكَ عَنْ سَبِيلِ اللَّهِ إِنْ يَتَّبِعُونَ إِلَّا الظَّنَّ وَإِنْ هُمْ إِلَّا يَخْرُصُونَ إِنَّ رَبَّكَ هُوَ أَعْلَمُ مَنْ يَضِلُّ عَنْ سَبِيلِهِ وَهُوَ أَعْلَمُ بِالْمُهْتَدِينَ فَكُلُوا مِمَّا ذُكِرَ اسْمُ اللَّهِ عَلَيْهِ إِنْ كُنْتُمْ بِآيَاتِهِ مُؤْمِنِينَ وَمَا لَكُمْ أَلَّا تَأْكُلُوا مِمَّا ذُكِرَ اسْمُ اللَّهِ عَلَيْهِ وَقَدْ فَصَّلَ لَكُمْ مَا حَرَّمَ عَلَيْكُمْ إِلَّا مَا اضْطُرِرْتُمْ إِلَيْهِ وَإِنَّ كَثِيرًا لَيُضِلُّونَ بِأَهْوَائِهِمْ بِغَيْرِ عِلْمٍ إِنَّ رَبَّكَ هُوَ أَعْلَمُ بِالْمُعْتَدِينَ وَذَرُوا ظَاهِرَ الْإِثْمِ وَبَاطِنَهُ إِنَّ الَّذِينَ يَكْسِبُونَ الْإِثْمَ سَيُجْزَوْنَ بِمَا كَانُوا يَقْتَرِفُونَ وَلَا تَأْكُلُوا مِمَّا لَمْ يُذْكَرِ اسْمُ اللَّهِ عَلَيْهِ وَإِنَّهُ لَفِسْقٌ وَإِنَّ الشَّيَاطِينَ لَيُوحُونَ إِلَى أَوْلِيَائِهِمْ لِيُجَادِلُوكُمْ وَإِنْ أَطَعْتُمُوهُمْ إِنَّكُمْ لَمُشْرِكُونَ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى،

[1] سۈرە شۇرا، 9 – ۋە 10 – ئايەتلەر.
[2] سۈرە شۇرا، 21 – ئايەت.

«الله سىلەرگە روشەن كىتاب نازىل قىلغان تۇرسا، (ئارىمىزدىكى ئىختىلاپنى هەل قىلىش ئۈچۈن) اللهتىن غەيرىي هۆكۈم قىلغۇچىنى تەلەپ قىلامدىم؟!» بىز كىتاب ئاتا قىلغانلار (يەنى يەهۇدىيلار ۋە ناسارالارنىڭ ئۆلىمالىرى) ئۇنىڭ (يەنى قۇرئاننىڭ) پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان هەق كىتاب ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، سەن هەرگىزمۇ شەك قىلغۇچىلاردىن بولمىغىن. پەرۋەردىگارىڭنىڭ سۆزى ناهايىتى راستتۇر، ناهايىتى توغرىدۇر، ئۇنىڭ سۆزىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان هېچ كىشى يوقتۇر. الله(بەندىلەرنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەهۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئەگەر سەن يەر يۈزىدىكى كۆپچىلىك كىشىلەر (يەنى كۇففارلار) گە ئىتائەت قىلساڭ، ئۇلار سېنى اللهنىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ، ئۇلار پەقەت گۇمانغىلا ئەگىشىدۇ، ئۇلار پەقەت يالغانىنىلا سۆزلەيدۇ. (ئى مۇهەممەد!) سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ئۆزىنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى هەقىقەتەن ئوبدان بىلىدۇ، توغرا يول تاپقانلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. اللهنىڭ ئايەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرگۈچى بولساڭلار، اللهنىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان هايۋانلارنى يەڭلار. زۆرۈرىيەت بولمىغىچە يېيىش هارام قىلىنغان نەرسىلەرنى الله سىلەرگە ئوچۇق بايان قىلغان تۇرسا، اللهنىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان هايۋانلارنى نېمىشقا يېمەيسىلەر؟ نۇرغۇن كىشىلەر نەپسى خاهىشىغا ئەگىشىپ، بىلمەستىن، (باشقىلارنى) هەقىقەتەن ئازدۇرىدۇ، شۈبهىسىزكى، سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ (شەرئى دەلىلسىز هالال، هارام دەپ) هەددىدىن ئاشقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ. ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن گۇناهلارنى تەرك ئېتىڭلار، شۈبهىسىزكى، گۇناه قىلغۇچىلار ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن (ئاخىرەتتە) جازاغا تارتىلىدۇ. (ئى مۆئمىنلەر) اللهنىڭ ئىسمى ئېيتىلماي بوغۇزلانغان (يەنى بىسمىللا دەپ زەبهى قىلىنمىغان) هايۋانلارنى يېمەڭلار، ئۇنى يېيىش ئەلۋەتتە گۇناهتۇر. شۈبهىسىزكى، شەيتانلار ئۆز دوستلىرىنى (يەنى مۇشرىكلارنى) سىلەر بىلەن دەتالاش قىلىشقا ۋەسۋەسە قىلىدۇ، ئەگەر ئۇلارغا ئىتائەت قىلساڭلار، سىلەر چوقۇم مۇشرىك بولۇپ

www.uyghurkitap.com

قالىسىلەر﴾[1].

«اللەتىن غەيرىي ھۆكۈم قىلغۇچىنى تەلەپ قىلامدىم؟» بۇ ئايەت مانا بۇ ئىنكار سوئالى بىلەن باشلىنىۋاتىدۇ. بۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ھوقۇقىنىڭ اللەقىلا خاس ئىكەنلىكىنى، اللەتىن باشقا ھېچكىمنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ھوقۇقى يوقلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ ئايەتتە يەنە قۇرئاننىڭ تەپسىلى بايان قىلىنغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ھېچكىمنىڭ اللەتىن باشقا ھۆكۈمدارنى تەلەپ قىلىشىغا ئورۇن قالدۇرۇلمىدى... شۇنىسى دىققەتكە سازاۋەركى، بۇ ئايەت مەككىدە نازىل بولغان. مەككىدە تېخى ئىنسانىي ھاياتقا مۇناسىۋەتلىك قانۇن-تۈزۈملەر تولۇق نازىل بولمىغان. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، مەككىدە تەپسىلى بايان قىلىنغىنى فۇرۇئات ھۆكۈملەر بولماستىن، بەلكى ئىسلام ئېتىقادىنىڭ تۈپكى مەسىلىرىنىڭ بىرى بولغان ھاكىمىيەت مەسىلىسىدۇر. اللە نازىل قىلغان قانۇنلارنى پرىنسىپ جەھەتتىن ئېتىراپ قىلمىغان كىشىلەردە ئىمان بولمايدۇ. اللە تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان قانۇننىڭ ئاز - كۆپلىكى، ئېتىقادقا ياكى ئەخلاققا مۇناسىۋەتلىكلىكى مۇھىم ئەمەس. ئەڭ مۇھىمى اللەنىڭ قانۇنىنى ئېتىراپ قىلىش.

مەزكۇر ئايەتنىڭ داۋامىدا يەنە اللەنىڭ سۆزىنىڭ راستىلىقى، ئادىللىقى، ھەق - ناھەقنى ئايرىغۇچى ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، اللەنىڭ سۆزىگە ئەگەشمىگەنلەرنىڭ گۇمانغا ئەگىشىپ ئازىدىغانلىقى، اللە ئازغانلار بىلەن ھىدايەت تاپقانلارنى ئوبدان بىلىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئاندىن كېيىن بۇ ئايەتنىڭ ئاساسى مەقسىتى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ ئايەتنىڭ ئاساسى مەقسىتى ھارام - ھالالنى كىم بېكىتىدىغانلىقى، يەنى قانۇننى كىم تۈزىدىغانلىقى، بۇ مەسىلىدە مۇسۇلمانلارنىڭ قانداق قاراشتا بولۇشى ئۇلارنى مۆئمىن قىلىدىغانلىقى ياكى كاپىر قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت. ئەينى زاماندا

[1] سۈرە ئەنئام، 114- ئايەتتىن 121- ئايەتكىچە.

www.uyghurkitap.com

مەككە مۇشرىكلىرى مال - چارۋىلارنى ئۆلتۈرگەندە اﷲنىڭ نامىنى ياد ئەتمەي ئۆلتۈرۈپ، شۇنداق ئۆلتۈرۈلگەن نەرسىنى يېيىشنى ھالال دەپ قانۇن تۈزگەن. بۇ اﷲنىڭ رۇخسىتىسىز قانۇن تۈزگەنلىك ئىدى. اﷲ مۇسۇلمانلارنى مۇشرىكلارنىڭ مۇشۇنداق قانۇنلىرىغا ئىتائەت قىلىشتىن ئاگاھلاندۇردى. چۈنكى بۇنداق قانۇنغا ئىتائەت قىلغانلىق اﷲ نازىل قىلمىغان جاھىلىيەت قانۇنلىرىغا ئىتائەت قىلغانلىق بولىدۇ.

بۇنىڭدىن ئايدىڭلاشتىكى، ھاكىمىيەت مەسىلىسى مەدىنىدە شەرىئەت ئەھكاملىرى نازىل بولغاندىن كېيىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇشقا باشلانغان بولماستىن، بەلكى مەككىدە ئىماننىڭ يىلتىزىنى بېكىتىدىغان ۋە ئىماننىڭ تەقەززالىرىنى بايان قىلىدىغان ۋاقىتتىلا باشلىنىپ بولغان. مەدىنىدە نازىل بولغان ئايەتلەر بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ ۋە تەكىتلەپ، ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ مۇئمىن بولۇشىغا اﷲنىڭ قانۇنىنى ئېتىراپ قىلىشنىڭ شەرت ئىكەنلىكىنى، اﷲنىڭ قانۇنىنى ئېتىراپ قىلمىغان كىشىنىڭ مۇئمىن بولالمايدىغانلىقىنى كەسكىن ئوتتۇرىغا قويدۇ.

بۇ مەسىلە نەزەرىيە جەھەتتە ئەنە شۇنداق. ئەمدى بىز بۇ مەسىلىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەلىي ھاياتىدا قانداق ئىجرا بولغانلىقىغا قاراپ باقايلى!

تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنىڭ ھېچقايسىسى ئىلاھىي تەكلىپلەرگە قارىتا مەيلى قۇرئاندا، مەيلى ھەدىستە دېيىلگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇ تەكلىپلەر ئىماننىڭ بىر تەركىبى قىسمىمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟ بۇ تەكلىپلەرنىڭ اﷲنىڭ دەرگاھىدىن نازىل بولغانلىقىغا تەستىق قىلىشلا كۇپايە قىلامدۇ ياكى ئۇنى ئەمەلىي ئىجرا قىلىش كېرەكمۇ؟ ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئەمەل بەجا كەلتۈرمىگەنلەر مۇئمىن بولامدۇ؟ دېگەندەك سوئاللارنى سوراپ باقمىغان. ھېچكىم مۇنداق سوئالنى سوراپ باقمىغان. اﷲ ۋە اﷲنىڭ پەيغەمبىرى ئىمانغا گۇۋاھلىق بەرگەنلەرگە سورىمىغان، ھەتتا كۆڭلىدە كاپىرلىقنى

يۈشۈرۈپ، زاھىرەن مۇئمىن قىياپەتكە كىرىۋا لىغان مۇناپىقلارمۇ سوراپ باقمىغان. چۈنكى ئۇ زاماندىكىلەر ئېغىزدا شاھادەت ئېيتىپلا مۇئمىن بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى، بەلكى كەلىمە شاھادەتنىڭ تەقەززالىرىغا ئەمەل قىلىش كېرەكلىكىنى ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى. ئۇلار كەلىمە شاھادەتنىڭ تەقەززالىرىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئىجرا قىلاتتى. ھەقىقى مۇئمىنلەر اللهنىڭ رازىلىقىنى ۋە جەننىتىنى ئۈمىد قىلىپ، چىن قەلبى بىلەن ئىشىنىپ، ئەستايىدىل ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئىجرا قىلاتتى. مۇناپىقلار سۇسلۇق بىلەن چارىسىز ھالەتتە ئەمەلىيىتىدە ئىسلامنى ئىجرا قىلاتتى - يۇ، كۆڭلىدە ئىسلامغا ئىشەنمەيتتى. دېمەك ھەقىقى مۇئمىنلەر بىلەن مۇناپىقلار ئەمەلىي ھەرىكەتتە ئەمەس، بەلكى ئىدىيىدە پەرقلىنەتتى: ﴿إِنَّ الْمُنَافِقِينَ يُخَادِعُونَ اللَّهَ وَهُوَ خَادِعُهُمْ وَإِذَا قَامُوا إِلَى الصَّلَاةِ قَامُوا كُسَالَى يُرَاءُونَ النَّاسَ وَلَا يَذْكُرُونَ اللَّهَ إِلَّا قَلِيلًا﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلار اللهنى ئالدىماقچى بولۇشىدۇ، الله ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقىغا يارىشا جازا بېرىدۇ. ئۇلار ناماز ئۇچۇن تۇرغاندا، خۇش ياقماسلىق بىلەن تۇرىدۇ (ساۋاب ئۈمىد قىلمايدۇ)، (نامازنى) كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ (يەنى رىياكارلىق قىلىدۇ) اللهنى پەقەت ئازغىنا ياد ئېتىدۇ﴾[1].

﴿وَإِنَّ مِنْكُمْ لَمَنْ لَيُبَطِّئَنَّ فَإِنْ أَصَابَتْكُمْ مُصِيبَةٌ قَالَ قَدْ أَنْعَمَ اللَّهُ عَلَيَّ إِذْ لَمْ أَكُنْ مَعَهُمْ شَهِيدًا وَلَئِنْ أَصَابَكُمْ فَضْلٌ مِنَ اللَّهِ لَيَقُولَنَّ كَأَنْ لَمْ تَكُنْ بَيْنَكُمْ وَبَيْنَهُ مَوَدَّةٌ يَا لَيْتَنِي كُنْتُ مَعَهُمْ فَأَفُوزَ فَوْزًا عَظِيمًا﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، ئاراڭلاردا ئۇرۇشقا چىقماي قېلىپ قالغانلار (يەنى مۇناپىقلار) بار، ئەگەر سىلەرگە بىرەر مۇسىبەت (مەغلۇبىيەت ياكى قىرغىنلىق) كەلسە (ئۇ مۇناپىق) «الله ھەقىقەتەن ماڭا مەرھەمەت قىلدى، چۈنكى مەن ئۇلار بىلەن (ئۇرۇشتا) بىللە بولمىدىم، (بولمىسا ئۆلتۈرۈلگەنلەر قاتارىدا ئۆلتۈرۈلگەن بولاتتىم)» دەيدۇ. ئەگەر

[1] سۈرە نىسا، 142-ئايەت.

www.uyghurkitap.com

سىلەرگە اللهنىڭ پەزلى (غەلىبە ۋە غەنىيمەت) يەتسە، گويا سىلەر بىلەن ئۇ (يەنى مۇناپىق) نىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق دوستلۇق يوقتەكىدەك، «كاشكى مەن (ئۇرۇشتا) ئۇلار بىلەن بىللە بولغان بولسام، چوڭ بىر مۇۋەپپەقىيەتكە (يەنى غەنىيمەتتىن زور نېسىۋىگە) ئېرىشكەن بولاتتىم، دەيدۇ»﴾[1].

مانا بۇ ئايەتتە دېيىلگەن مۇناپىقلارنىڭ ھېچقايسىسى كەلىمە شاھادەتنى ئېيتىپ قويۇش بىلەنلا بۇ شاھادەتنىڭ تەقەززالىرىنىڭ بىرىنىمۇ بەجا كەلتۈرمەي تۇرۇپ، بۇ دۇنيادا مۇسۇلمانلىق نامىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ، دەپ ئويلىمايتتى.ئىسلام جەمئىيىتىدە مۇنداق تونۇشنىڭ پەيدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

اللهنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ئىسلام جەمئىيىتىدە ھېچكىم مەيلى ئۇ ھەقىقى مۆئمىن بولسۇن ياكى مۇناپىق بولسۇن، ئىسلامىي ئەمەللەرنىڭ بىرىنىمۇ بەجا كەلتۈرمەي تۇرۇپ، مۇسۇلمانلىق نامىغا ئىگە بولغىلى ۋە ئۇنى ساقلىغىلى بولىدۇ دەپ ئويلىمايتتى. ھېچبولمىغاندا ناماز ئوقۇماي تۇرۇپ مۇسۇلمانلىق نامىغا ئېرىشكىلى بولمايتتى.

ئۇدا ئۈچ كۈن ناماز ئوقۇمىغان كىشى مۇرتەد ياكى كاپىر دەپ قارىلىپ، ئۆلۈم جازاسىغا ئۇچرايتتى. ئىمام ئىبنى تەيمىيە تەھقىقلاپ ئېيتقاندەك، قەلبىدە تېرىقنىڭ دانىسىچىلىك ئىمان بار بىر ئادەمنىڭ ئۇدا ئۈچ كۈن ناماز ئوقۇماسلىقى ۋە شۇ سەۋەبتىن مۇرتەدلىكنىڭ جازاسىغا ئۇچرىشى مۇمكىن ئەمەس. اللهنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان بىر جەمئىيەتتە مۇنداق ئادەمنىڭ تېپىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ناماز قاتارلىق ئىسلامىي ئەمەللەرنى بەجا كەلتۈرۈش مەسىلىسى اللهنىڭ قانۇنىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئېتىراپ قىلىش ياكى ئېتىراپ قىلماسلىق مەسىلىسىدۇر. ئىسلام جەمئىيىتىدە اللهنىڭ قانۇنىنى ئېتىراپ قىلمىغان كىشىنىڭ مۇسۇلمان

[1] سۈرە نىسا، 72- ۋە 73- ئايەتلەر.

ھېسابلىنىشى مۇمكىنمۇ؟ بۇنداق مۇرتەدنىڭ ھايات ياشىشى مۇمكىنمۇ؟ ئىسلام جەمئىيىتىدە ئىسلامىي ئەمەللەرنىڭ بىرىنىمۇ بەجا كەلتۈرمەي تۇرۇپ، مۇسۇلمان دەپ ئاتىلىدىغان ۋە بۇ نامنى ساقلاپ قالالايدىغان ئادەملەرنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ شۇ جەمئىيەتتە ھاياتىنى ساقلىيالىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ھېچقانداق ئەمەل قىلمىغان ئادەمنىمۇ مۇسۇلمان دەپ قاراش ئىسلام روھىدىن تامامەن ياتلاشقان مۇرجىئىلىكنى دەستەك قىلغان، مۇسۇلمانچە نامى بار جاھىلىيەت جەمئىيەتلىرىنىڭ قۇرۇق دەۋاسىدۇر.

بىز كەلىمە شاھادەتنىڭ تەقەززالىرى ئىماننىڭ تەركىبى قىسمىمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟ دېگەن بۇ مەسىلىدە ئوخشىمىغان ئۈچ نۇقتىدىن تەھلىل يۈرگۈزسەك، ئاخىرقى نەتىجىسى ئوخشاش بولۇپ چىقىدۇ.

بىرىنچى نۇقتا: كەلىمە شاھادەتنى دىلىدا تەستىق قىلىپ، ئېغىزىدا ئىقرار قىلىشلا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مۇسۇلمان بولۇشقا كۇپايە قىلىدىغان بولسا، بۇ دىن ئۆزىنىڭ نازىل بولۇشتىكى نىشانىغا يېتەلەمدۇ؟

ئىككىنچى نۇقتا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇلۇغ ساھابىلەرنىڭ كەلىمە شاھادەتنىڭ تەقەززاسى دەپ قىلغان ئەمەللىرى پەرز ئەمەل ئەمەس، نەپلە ئەمەلمىدى؟

ئۈچىنچى نۇقتا: ئىنسانلار ئىچىدە كۆڭلىدە بىرەر نەرسىگە ئىشىنىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىدە بۇ ئىشەنچكە خىلاپ ياكى زىت ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەملەر ئەمەلىيەتتە بارمۇ؟

بىرىنچى نۇقتا ئۈستىدە تەھلىل: اللهپەيغەمبەرلەرنى نېمە ئۈچۈن ئەۋەتتى؟ نېمە مەقسەت بىلەن ئۇلارنى ئەلچى قىلدى؟

بۇ چوڭ سوئالغا ئۆز ئالدىمىزغا جاۋاب بېرەلمەيمىز. ھېچكىم ئۆز ئالدىغا جاۋاب بەرمەسلىكى كېرەك! چۈنكى بۇ سوئالغا اللهئۆزىنىڭ ھەرقاچان

ھەقلىقىنى ساقلايدىغان كىتابىدا ئۆزى جاۋاب بەردى:

﴿وَمَا أَرْسَلْنَا مِنْ رَسُولٍ إِلَّا لِيُطَاعَ...﴾ ﴿بىز ھەر قانداق پەيغەمبەرنى پەقەت ئىتائەت قىلىنىش ئۈچۈنلا ئەۋەتتۇق﴾[1].

﴿لَقَدْ أَرْسَلْنَا رُسُلَنَا بِالْبَيِّنَاتِ وَأَنْزَلْنَا مَعَهُمُ الْكِتَابَ وَالْمِيزَانَ لِيَقُومَ النَّاسُ بِالْقِسْطِ وَأَنْزَلْنَا الْحَدِيدَ فِيهِ بَأْسٌ شَدِيدٌ وَمَنَافِعُ لِلنَّاسِ وَلِيَعْلَمَ اللَّهُ مَنْ يَنْصُرُهُ وَرُسُلَهُ بِالْغَيْبِ إِنَّ اللَّهَ قَوِيٌّ عَزِيزٌ﴾ ﴿بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە، ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ، كىتابنى، قانۇننى چۈشۈردۇق. تۆمۈرنى ياراتتۇق، (تۆمۈردىن ئۇرۇش قوراللىرى ياسىلىدىغانلىقى ئۈچۈن) تۆمۈر كۈچ-قۇۋۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تۆمۈردە ئىنسانلار ئۈچۈن نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار، الله، اللهنى كۆرمەي تۇرۇپ (قوراللارنى ئىشلىتىپ) اللهقا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ياردەم بەرگەنلەرنى بىلىش (مەلۇم قىلىش) ئۈچۈن (تۆمۈرنى ياراتتى)، الله ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر﴾[2].

بىز ئۆزگىچە ۋەزىپە ۋە نىشانغا ئىگە ئاخىرقى پەيغەمبەر ھەققىدە توختىلىشتىن بۇرۇن ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگىچە ئارىلىقتا ئۆتكەن بارلىق پەيغەمبەرلەر ھەققىدە توختالغان بۇ ئىككى ئايەتنى تەھلىل قىلىپ باقايلى!

پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى اللهنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزۈش بىلەنلا تامام بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن كىشىلەر پەيغەمبەرنىڭ يەتكۈزگىنىنى بىلدىم دېيىشى بىلەنلا پەيغەمبەرگە ئەگەشكەن بولمايدۇ. پەيغەمبەرگە ئەگەشكەن بولۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش كېرەك! بىرىنچى ئايەتتە بۇ مەسىلە ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

---

[1] سۈرە نىسا، 64- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە ھەدىد، 25-ئايەت.

ئىككىنچى ئايەتتە پەيغەمبەر ئەۋەتىشنىڭ نىشانى ئىنسانلار ئىچىدە ئادالەتنى بەرپا قىلىش ئىكەنلىكى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. بۇ لەپزى قىسقا، مەنىسى كۆپ بىر ئايەت بولۇپ، باشقا ئايەت ۋە ھەدىسلەر بۇ ئايەتنى ناھايىتى تەپسىلى ئىنچىكە شەرھلەپ، ئىنسان خاھىشىغا ئورۇن قالدۇرمىدى. چۈنكى نېمىنىڭ ئادالەت ئىكەنلىكىنى بېكىتىش ئىنسان خاھىشىغا قالدۇرۇلسا ھەممە ئىش بۇزۇلىدۇ: ﴿وَلَوِ اتَّبَعَ الْحَقُّ أَهْوَاءَهُمْ لَفَسَدَتِ السَّمَاوَاتُ وَالْأَرْضُ وَمَنْ فِيهِنَّ بَلْ أَتَيْنَاهُمْ بِذِكْرِهِمْ فَهُمْ عَنْ ذِكْرِهِمْ مُعْرِضُونَ﴾ ﴿ئەگەر ھەقىقەت ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا بويسۇندىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئاسمانلار، زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار خاراپ بولغان بولاتتى، ئۇنداق بولغىنى يوق، ئۇلارغا (ئادالەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) قۇرئاننى ئاتا قىلدۇق، ئۇلار ئۆزلىرىگە (ۋەز- نەسىھەت بولغان) قۇرئاندىن يۈز ئۆرۈيدۇ﴾[1].

بۇ ئايەتلەر شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋەتىلىشى، ئىلاھىي كىتابلارنىڭ نازىل قىلىنىشى اللهنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزۈش ۋە اللهنىڭ شەرىئىتىنى، قانۇنىنى ئىجرا قىلىپ، كىشىلەرنى بۇ قانۇنغا بويسۇندۇرۇشتىن ئىبارەت ئەمەلىي نىشان ئۈچۈندۇر. چۈنكى ئىلاھىي قانۇننى ئىجرا قىلغاندىلا ئىنسانلار ئىچىدە ئادالەتنى بەرپا قىلغىلى بولىدۇ. يەنى كەلىمە شاھادەتكە تەستىق ۋە ئىقرار قىلغاندىن كېيىن، ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمەلىي ھەرىكەت قىلماي تۇرۇپ، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋەتىلىشى ۋە دىنىنىڭ نازىل قىلىنىشىدىكى نىشاننى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. ئەمەل قىلمىغاندا دىن ئەمەلىيىتى يوق قۇرۇق شۇئارغا، ئىنسانلارھاياتىدا ھېچ ئىشنى بىرتەرەپ قىلالمايدىغان قۇرۇق ئارزۇغا ئايلىنىپ قالىدۇ. مەزكۇر ئايەتتە تۆمۈر، جەڭ، اللهنىڭ دىنىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ياردەم بېرىش دېگەن سۆزلەرنىڭ تىلغا ئېلىنىشى، ئادالەت بەرپا قىلىش نىشانىغا يېتىش

---

[1] سۈرە مۇئمىنۇن، 71-ئايەت.

www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن جىھاد قاتارلىق ئەمەلىي ھەرىكەتلەرنى قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشەندۈردۇ.

بۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگىچە ئارىلىقتىكى ھەممە پەيغەمبەرلەر ئىشقا ئاشۇردىغان نىشان بولۇپ، ئاخىرى زامان پەيغەمبىرى بۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن بىللە يەنە باشقا بىر ۋەزىپىنىمۇ قوشۇپ ئورۇندىشى كېرەك ئىدى. اللهبۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ حُنَفَاءَ وَيُقِيمُوا الصَّلَاةَ وَيُؤْتُوا الزَّكَاةَ وَذَلِكَ دِينُ الْقَيِّمَةِ**﴾ ﴿ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى اللهقا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) اللهغىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى. نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە (بۇيرۇلدى)، ئەنە شۇ توغرا دىندۇر﴾[1].

مانا بۇ ئايەتتە بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلدى. ئاخىرى زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشنى قىلغاندىن سىرت يەنە باشقا ۋەزىپىلەرنىمۇ ئادا قىلدۇ.

الله ئۆزىنىڭ خاھىشى ۋە تەقدىرى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەۋەتمەسلىكنى قارار قىلدى: ﴿**مَا كَانَ مُحَمَّدٌ أَبَا أَحَدٍ مِنْ رِجَالِكُمْ وَلَكِنْ رَسُولَ اللَّهِ وَخَاتَمَ النَّبِيِّينَ وَكَانَ اللَّهُ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمًا**﴾ ﴿مۇھەممەد ئاراڭلاردىكى ئەرلەردىن ھېچبىرىنىڭ ئاتىسى ئەمەس، لېكىن (ئۇ) اللهنىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر (الله ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلىكنى ئاخىرلاشتۇرغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق پەيغەمبەر كەلمەيدۇ)، الله ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر﴾[2].

«**ألا إنه ليس بعدي نبي**» «ئاگاھ بولۇڭلاركى مەندىن كېيىن پەيغەمبەر

[1] سۈرە بەييىنە، 5-ئايەت.

[2] سۈرە ئەھزاب، 40-ئايەت.

كەلمەيدۇ»[1].

الله ئۆزىنىڭ خاھىشى ۋە تەقدىرى بىلەن ئىسلام دىنىنى ئاخىرقى دىن ھەم شۇنداقلا پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ دىنى قىلىپ بېكىتتى.

﴿الْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ الْإِسْلَامَ دِينًا﴾ ﴿بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم﴾[2].

﴿وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلَّا كَافَّةً لِلنَّاسِ بَشِيرًا وَنَذِيرًا﴾ ﴿سېنى بىز پەقەت پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن (مۇئمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە (كاپىرلارنى ئازاب بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق﴾[3].

﴿قُلْ يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنِّي رَسُولُ اللَّهِ إِلَيْكُمْ جَمِيعًا﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا الله تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن﴾[4].

«... **وبعثت إلى الأمم كافة**» «مەن ھەممە مىللەتلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم»[5].

ئاخىرى زامان پەيغەمبىرىنىڭ ئۈممىتى ئاخىرقى ئۈممەت بولغانلىقى ئۈچۈن بۇرۇنقى ئۈممەتلەرگە ئوخشاش بىر ئىشقا ئەمەس، بەلكى ئىككى ئىشقا تەكلىپ قىلىندى. بۇرۇنقى ئۈممەتلەر «پەقەت ئىبادەتنى اللهقا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) اللهغىلا ئىبادەت

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] سۈرە مائىدە، 3-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە سەبەئ، 28-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ئەئراف، 158-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

قىلىشقا بۇيرۇلغان» ۋە ئۆزگە بەلگىلەنگەن دائىرىدە دىن ئۈستىدە چىڭ تۇرۇشقا تەكلىپ قىلىنغان بولسا، ئىسلامىي ئۈممەت بۇنىڭغا تەكلىپ قىلىنىش بىلەن بىللە يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىزباسار بولۇپ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، پۈتۈن دۇنياغا دىن تارقىتىشقا، دىن پۈتۈنلەي اللهئۈچۈن بولغانغا قەدەر جىھاد قىلىشقا بۇيرۇلدى: ﴿وَلْتَكُنْ مِنْكُمْ أُمَّةٌ يَدْعُونَ إِلَى الْخَيْرِ وَيَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾ ﴿سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن. ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾[1].

﴿وَقَاتِلُوهُمْ حَتَّى لَا تَكُونَ فِتْنَةٌ وَيَكُونَ الدِّينُ كُلُّهُ لِلَّهِ﴾ ﴿پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي الله ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار!﴾[2]

مانا بۇ ئىلاھىي تەكلىپنى ئورۇنداش ئۈچۈن كەلىمە شاھادەتنى دىلدا تەستىق قىلغان ۋە ئېغىزدا ئىقرار قىلغاندىن كېيىن، بۇرۇنقى ئۈممەتلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ چوڭ ئەمەللەرنى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. الله ئىسلامىي ئۈممەتنى بىرلا ۋاقىتتا دىندا ئۆزى چىڭ تۇرۇشقا ۋە باشقىلارغا دىن تارقىتىشقا تەڭ تەكلىپ قىلدى. تەستىق ۋە ئىقرارنىڭ ئۆزىلا بۇرۇنقى ئۈممەتلەرنىڭ ئىلاھىي تەكلىپلەرنى بەجا كەلتۈرۈشكە كۇپايە قىلمىغان يەردە، ئۇلاردەك ئىككى ھەسسە ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىنغان ئۈممىتى مۇھەممەدىينىڭ ئىلاھىي تەكلىپلەرنى بەجا كەلتۈرۈشكە تېخىمۇ كۇپايە قىلمايدۇ.

ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولۇشتا پەقەت تەستىق ۋە ئىقرارلا تەلەپ قىلىنىدىغان بولسا، بەيتۇللاھ بۇتلاردىن تازىلىنارمىدى؟ مەككە، ئەرەب

[1] سۈرە ئال ئىمران، 104- ئايەت.

[2] سۈرە ئەنفال، 39 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يېرىم ئارىلى ۋە اللهيولىدا جىھاد قىلغۇچىلارنىڭ جىھادلىرى سەۋەبىدىن ئىسلام نۇرىغا مۇۋەپپەق قىلىنغان جايلاردىن شىرىك تازىلىنارمىدى؟

ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولۇشتا پەقەت تەستىق ۋە ئىقرارلا تەلەپ قىلىنىدىغان بولسا، مۇسۇلمانلارمۇ ئىماننى شۇنداق چۈشەنگەن بولسا، ئىچكى جەھەتتە يەھۇدىيلارنىڭ، تاشقى جەھەتتە قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ سۇيىقەستلىرىگە ۋە زىيانكەشلىكلىرىگە ئۇچراپ تۇرۇۋاتقان ئىسلامىي دۆلەت پۈتۈن ئارالدا ئەمەس، پەقەت مەدىنىدىلا پۈت تىرەپ تۇرالارمىدى؟ ئەينى زاماندىكى ئىككى چوڭ كاپىر دۆلىتىنىڭ بىرى، پىرىسسىيە زاۋال تېپىپ، يەنە بىرى رۇمنىڭ سەلتەنەت تەختى لىڭشىپ، ھەيۋىسى يەرگە ئۇرۇلارمىدى؟

بىز بىرىنچى نۇقتا ھەققىدىكى بۇ تەھلىللىرىمىز بىلەن ئىككىنچى نۇقتىغا يېقىنلىشىپ قالدۇق:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇلۇغ ساھابىلەرنىڭ كەلىمە شاھادەتنىڭ تەقەززاسى دەپ قىلغان ئەمەللىرى پەرز ئەمەل ئەمەس، نەپلە ئەمەلمىدى؟

بۇ نۇقتىدا ساھابىلەرنىڭ پەرز ئەمەللەرنى بەجا كەلتۈرۈشى بىلەن نەپلە ئەمەللەرنى بەجا كەلتۈرۈشىنىڭ پەرقىنى ئايرىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

مەن «مۇسۇلمانلارنى ھازىرقى ئەھۋالى» ناملىق كىتابتا مۇنداق دېگەن ئىدىم: « تۈنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنىڭ مىسلىسىز ئالاھىدىلىكى ئۇلارنىڭ ئىلاھىي تەكلىپلەرنى ئورۇندىغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى بۇ تەكلىپلەرنى مىسلىسىز ئالىي دەرىجىدە ئورۇندىغانلىقىدا. ئىلاھىي تەكلىپلەرنى ئورونداش ھەرقايسى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارغا پەرز. ھەرقانداق مۇسۇلمان بۇ پەرزنى ئورۇندىشى كېرەك! مەسىلەن: الله جىھادنى پەرز قىلدى. بىر ساھابە بۇ پەرزنى ئورۇنداش نىيىتى بىلەن ئۆيىدىن چىقىپ، خورما بىلەن ئوزۇقلىنىۋاتقاندا جەننەتكە بېرىشقا ئالدىراپ: «مۇشۇ خورمىنى يەپ بولغۇچە ياشىسام، بەك ئۇزۇن ياشىغان بولىدىكەنمەن» دەپ قولىدىكى

www.uyghurkitap.com

خورمنی تاشلاپ ئۆزنی جەڭگاھقا ئېتىپ شېھىد بولدی... مانا بۇ، ئىلاھىي تەكلىپلەرنى ئورۇنداشتىكى مىسلىسىز دەرىجە. ساھابىلەر ئىچىدە بۇنداق دەرىجىگە ئېرىشكەنلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئەمما جىھاد قىلىشنىڭ ئۆزى بىر ئىلاھىي تەكلىپ، بۇ تەكلىپ ساھابىلەرگىلا خاس ئەمەس. بەلكى ھەر بىر ئەۋلاد مۇسۇلمانلاردىن ئۇنى ئورۇنداش تەلەپ قىلىنىدۇ.

الله ئىسلامىي جەمئىيەتنى ئاممۇۋى ياخشى ئىشلارغا قاتنىششقا بۇيرۇدى. بايلارنىڭ زاكات بېرىشى ۋە نەپلە خەير - ئېھسانلارنى قىلىشى بۇ تەكلىپنى ئورۇنداشنىڭ ۋاستىسى قىلىپ بەلگىلەندى. زاكات نىسابىغا يەتكەن مال - مۈلۈكتىن مەلۇم نىسبەت بويىچە ئېلىنىپ، تۆۋەندىكى ئايەتتە بەلگىلەنگەن ئورۇنلارغا دۆلەت تەقسىم قىلىش شەكلى بىلەن تارقىتىلىدۇ: ﴿**إِنَّمَا الصَّدَقَاتُ لِلْفُقَرَاءِ وَالْمَسَاكِينِ وَالْعَامِلِينَ عَلَيْهَا وَالْمُؤَلَّفَةِ قُلُوبُهُمْ وَفِي الرِّقَابِ وَالْغَارِمِينَ وَفِي سَبِيلِ اللَّهِ وَابْنِ السَّبِيلِ فَرِيضَةً مِنَ اللَّهِ وَاللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ**﴾ ﴿زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازات قىلىشقا، قەرزدارلارغا، اللهنىڭ يولىغا، ئىبن سەبىللەرگە بېرىلىدۇ، بۇ اللهنىڭ بەلگىلىمىسىدۇر، الله (بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى) ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[1].

بايلار زاكاتتىن باشقا يەنە نەپلە خەيرى - ئېھسانلارنى قىلىشى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «**في المال حق سوى الزكاة**» «پۇل - مالدا زاكاتتىن باشقىمۇ ھەق بار»[2]. اللهنىڭ يولىدا مۇشۇ ئىككى خىل شەكىلدە خەير-ئېھسان قىلىش ساھابىلەرگىلا خاس بولغان ئىلاھىي تەكلىپ ئەمەس، بەلكى بۇ تەكلىپنى ھەرقايسى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار بەجا

[1] سۈرە تەۋبە، 60-ئايەت.

[2] ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

كەلتۈرۈشى كېرەك. ئەمما بەزى ساھابىلەر قىلغانىدەك ھەممە مۈلكىنى تۆكىتىپ خەيرى-ئېھسان قىلىش، بىر ۋاقىلىق تاماقتىن ئارتۇق ئوزۇقلۇقى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئۆيىگە كەلگەن مېھماننى ياخشى كۈتۈۋېلىپ، چىراقنى ئۆچۈرۈپ، بالىلىرىنى ئۇخلىتىپ، مېھماننى قورۇندۇرماسلىق ئۈچۈن ئۆزىمۇ تاماق يەۋاتقاندەك كەيپىيات پەيدا قىلىش، بۇ ئارقىلىق اللەنىڭ «ئۆزى مۇھتاج تۇرۇقلۇق (باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆزىنىڭ مەنپەئىتى) دىن ئەلا بىلدۇ» دېگەن يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشىش... مانا بۇ ئۆز ئىختىيارلىق بىلەن قىلىنغان نەپلە ئەمەل. الله ساھابىلەر يەتكەن بۇنداق ئالىي دەرىجىنى پەرز قىلمىغان.

**«الحلال بيّن والحرام بيّن ، وبينهما متشابهات . فمن اتقى الشبهات فقد استبرأ لدينه ، ومن حام حول الحمى أوشك أن يقع فيه»** «ھالالمۇ ئېنىق، ھارامىمۇ ئېنىق. ھالالغىمۇ، ھارامغىمۇ ئوخشاپ قالىدىغان شۈبھىلىك ئىشلار بار. كىمكى شۈبھىلىك ئىشلاردىن ساقلانسا دىنىنى پاك ساقلىيالايدۇ. چېگرا ئەتراپىغا يېقىنلاپ قالغان ئادەمنىڭ چېگرا ئىچىگە كىرىپ قېلىش ئېھتىماللىقى چوڭ بولىدۇ»[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مانا بۇ سۆزى ئارقىلىق مۇسۇلمانلاردىن شۈبھىلىك ئىشلاردىن ساقلىنىپ، دىنىنى پاك ساقلاپ، ھالال ئىشلار دائىرىسىدە توختاپ، ھارام ئىشلاردىن يىراق بولۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇ ھەرقايسى دەۋردىكى ھەممە مۇسۇلمانلارغا قويۇلغان تەلەپ. ئەمما «بىز ھالال ئىشلارنىڭ ئوندا توققۇزىنى ھارامغا چۈشۈپ قېلىشتىن قورقۇپ تەرك ئېتەتتۇق» دېگەن ساھابىلەرنىڭ قىلغىنى نەپلەدۇر. بۇنداق مىسلىسىز ئالىي دەرىجىنى الله پەرز قىلمىدى.

بەزى كىشىلەر ساھابىلەرنىڭ پەرز دەپ قىلغان ئەمەللىرى بىلەن نەپلە دەپ قىلغان ئەمەللىرىنى ياخشى ئايرىيالماي، ئۇلار قىلغان پەرز ئەمەللەرنىمۇ شۇلارغىلا خاس ئەمەل ئوخشايدۇ دەپ قېلىۋاتىدۇ. نەپلە

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئەمەلدە ۋە پەرز ئەمەلنى ئورۇنداشتا ئالىي دەرىجىگە يېتىش ساھابىلەرگىلا خاس بولسىمۇ، ئەمما پەرز ئەمەللەرنى ئورۇنداش ئۇلارغىلا خاس ئەمەس. بۇنى ئېنىق چۈشىنىۋېلىش كېرەك.

ھازىر بىز ساھابىلەرنىڭ پەرز دەپ تونۇپ قىلغان ئەمەللىرىگە قاراپ باقايلى:

ساھابىلەرنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا رىئايە قىلىشى، ھەرقانداق ئىشتا قۇرئان ۋە ھەدىسنى قانۇن قىلىشى الله ئۇلارنى تەكلىپ قىلمىغان نەپلە ئەمەلمىدى؟

ئۇلارنىڭ الله يولىدا ئىخلاس بىلەن جىھاد قىلىشى الله ئۇلارنى تەكلىپ قىلمىغان نەپلە ئەمەلمىدى؟

ئۇلارنىڭ ھەقىقىي رەۋىشتىكى ئۇممەت شەكىللەندۈرۈشى، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تەبىقىلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا كېپىل بولۇشى، ياخشىلىق ۋە تەقۋالىقتا ھەمكارلىشىشى، ماللارنى، قانلارنى ۋە ئابرويلارنى ساقلىشى... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى الله ئۇلارنى تەكلىپ قىلمىغان نەپلە ئەمەلمىدى؟

ئۇلارنىڭ ئىلاھىي ئادالەتنى ئەمەلىيەتتە ئىشقا ئاشۇرۇشى الله ئۇلارنى تەكلىپ قىلمىغان نەپلە ئەمەلمىدى؟

ئۇلارنىڭ ئىمانىي ئەخلاقلار بىلەن ئەخلاقلىنىشى الله ئۇلارنى تەكلىپ قىلمىغان نەپلە ئەمەلمىدى؟

ئۇلارنىڭ ئەھدى - ۋەدىلەرگە ۋاپا قىلىشى اللهئۇلارنى تەكلىپ قىلمىغان نەپلە ئەمەلمىدى؟

ئۇلار مۇشۇ ئەمەللەرنى قىلىۋاتقاندا كەلىمە شاھادەتنى تەستىق قىلىش ۋە ئىقرار قىلىش بىلەنلا ئىمانىمىز پۈتۈپ بولغان، ئىماننىڭ تەركىبى قىسمى بولمىغان زىيادە ئەمەللەرنى قىلىۋاتىمىز، دەپ تونۇغانمۇ ياكى قۇرئان ۋە



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھەدىسنىڭ تەلىماتى بويىچە بۇ پەرز ئەمەللەرنى قىلىش كەلىمە شاھادەتنىڭ تەقەززاسى دەپ تونۇغانمۇ؟

ئىماننىڭ ئەمەلىي ئىپادىسىنى ئىماننىڭ تەركىبى قىسمى ئەمەس دېيىش كىمنىڭ ئەقلىگە سىغىدۇ؟ ئۇنداقتا دىننىڭ نېمە قىممىتى بولىدۇ؟ دىننىڭ كىشىلەر ھاياتىدىكى رولى قانداق بولىدۇ؟

الله كۆڭۈلنىڭ سىرتىغا چىقمايدىغان، ئەمەلىيەتتە ھېچ ئىش قىلالمايدىغان، ھەقنى بار قىلىپ، ناھەقنى يوق قىلالمايدىغان سەلبىيلىك ۋە پاسسىپلىق پەيدا قىلىش ئۈچۈن كىتاب نازىل قىلغانمۇ؟ پەيغەمبەر ئەۋەتكەنمۇ؟ سەۋرى قىلىشقا، بەرداشلىق بېرىشكە، مۇشەققەتلىك جىھادلارنى قىلىشقا تەكلىپ قىلغانمۇ؟

مۇشۇنداق سەلبىيلىك بىلەن «ئىنسانلار ئىچىدىن ياخشىغا بۇيرۇيدىغان، ياماندىن توسىدىغان، اللهقا ئىمان كەلتۈرىدىغان بىر ياخشى ئۇممەتنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى» مۇمكىنمۇ؟

مۇشۇنداق بىر ئۇممەتنىڭ ئەمەلگە ئاشىشىمۇ، ئاشمىسىمۇ ئىمانغا تەسىر كۆرسەتمەيدىغان ئارتۇقچە بىر نىشان بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىرىلىشى مۇمكىنمۇ؟

ئەمەل ئىماننىڭ بىر تەركىبى قىسمى ئەمەس دېگۈچىلەر: «ئىماننىڭ تەقەززالىرى ساھابىلەرگىلا خاس ئىدى، ئەمما كېيىنكى مۇسۇلمانلار كەلىمە شاھادەتنى تەستىق ۋە ئىقرار قىلسىلا ئەمەل قىلمىسىمۇ بولىدۇ» دەمدىغاندۇ؟

بۇ گەپنىڭ قۇرئاندىن ياكى ھەدىستىن ياكى ئەقلىي مەنتىقىدىن ئاساسى بارمىدۇ؟!

مۇئەييەن بىر ئەۋلاد مۇسۇلمانلارلا ياكى مۇئەييەن شەخسلەرلا ئىماننىڭ تەقەززالىرىغا ئەمەل قىلىشى كېرەك، قالغانلار كەلىمە شاھادەتنى دىلىدا

www.uyghurkitap.com

تەستىق قىلىپ، تىلىدا ئىقرار قىلسىلا ھەممە ئىش پۈتىدۇ، باشقا ئەمەللەرنى قىلمىسىمۇ بولىدۇ. ناۋادا ئىماننىڭ تەقەززالىرىدىن بىرەر ئەمەلنى قىلغۇسى كېلىپ قىلسا، ساۋاب بېرىلىدۇ، قىلمىسا گۇناھكار بولمايدۇ... شۇنداق قىلغانلار كامىل مۇئمىن بولىدۇ دەيدىغان ئايەت، ھەدىس ياكى ئەقلى مەنتىقە بارمىدۇ؟

دەرۋەقە تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار ئىماننىڭ تەقەززالىرىنى ئىدىيە ۋە ئەمەلىيەتتە مىسلىسىز دەرىجىدە ئىشقا ئاشۇردى. بۇ دەرىجە تارىختىن بېرى تەكرارلىنىپ باقمىدى. كېيىنكى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئىماننىڭ تەقەززالىرىدىن تەدرىجى ئايرىلىپ قالدى. ئاخىرى بېرىپ ئىماننىڭ ھېچقانداق تەقەززاسىنى ئىجرا قىلمايدىغان بولدى. بۇ ئىككى ئەۋلادنىڭ ئىماندىكى پەرق ، تۇنجى ئەۋلادنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلار تەكلىپ قىلىنمىغان ئۆزگىچە تەكلىپلەرگە تەكلىپ قىلىنغانلىقتىن ياكى تۇنجى ئەۋلادلارغا پەرز قىلىنغانلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلاردىن ئەپۇ قىلىنغانلىقىدىن كېلىپ چىققان ئەمەس.

تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنىڭ شەرت - شارائىتى ئۇلارنى تارىختا ئىماننىڭ مىسلىسىز ئالىي دەرىجىسىگە كۆتۈردى. ئۇلار جاھىلىيەتنىمۇ، ئىسلامنىمۇ كۆرگەن بولغاچقا، ئىلاھىي نېمەتنى تونۇپ قەدرىگە يەتتى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ياشاپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىۋاستە تەلىم ئېلىپ تەربىيەلەنگەن بولغاچقا، ئىنسانلار ئۆرلىيەلەيدىغان ئەڭ ئالىي دەرىجىگە ئۆرلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭى ئاپىرىدىلىك تۇيغۇسى ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى تېخىمۇ تاۋلاپ كۈچىنى ئاشۇردى. ئەمما كېيىنكى ئەۋلادلار ئىسلام دىنىنىڭ بىناسىنى ئۆز قولى بىلەن قۇرۇپ چىقىپ، جاپاسىنى تارتىپ، بۇ بىنانىڭ گۈزەللىكىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈشكە چىداپ تۇرالمايدىغان تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلاردەك بولالمىدى.

دېمەك، ساھابىلەر ئەنە شۇنداق شارائىتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئىمان تەقەززالىرىنى ئەڭ ئالىي دەرىجىدە ئورۇنلىدىغان، كېيىنكىلەر ئۇلارغا يېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما تەكلىپتە ئۆزگىرىش بولغىنى يوق. قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا ئەمەل بەجا كەلتۈرۈشنىڭ ئىماننىڭ تەقەززاسى ئىكەنلىكى ئۆزگەرگىنى يوق. بۇتەكلىپ ھەرقايسى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش.

بىز ھازىر ئۈچىنچى نۇقتىغا يېتىپ كەلدۇق:

ئۈچىنچى نۇقتا: ئىنسانلار ئىچىدە كۆڭلىدە بىرەر نەرسىگە ئىشىنىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىدە بۇ ئىشەنچكە خىلاپ ياكى زىت ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەملەر ئەمەلىيەتتە بارمۇ؟

روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرلىرىغا ئايانكى، «قوش كىملىك» ھېس قىلىش دەيدىغان بىر خىل روھىي كېسەل بار. بۇنداق كېسەلگە گىرىپتار بولغۇچىدا بىر- بىرىگە تامامەن ئوخشىمايدىغان، بىر-بىرى بىلەن زادىلا مۇناسىۋىتى يوق ئىككى خىل كىملىك بولىدۇ. بۇنداق كېسەل بىردەم ناھايىتى ياخشى ئادەم بولۇپ كېتىدۇ. بىردەم نېرۋىسى قوزغىلىپ ئۆزىنى كونترول قىلالمايدۇ. بۇنداق كېسەللەردىن شەرئەت تەكلىپلىرى ساقىت قىلىنىدۇ. بۇنداق كېسەلنىڭ قايسى كىملىكتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئەمەلىي ھەرىكىتىگە قاراپ بىلگىلى بولىدۇ. ئەمما ئاڭلىق، ئىرادىلىك، نورمال بىر ئادەمنىڭ كۆڭلىدە ئىشەنگەن نەرسىسىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىدە ئىپادىلەنمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق ئىش تارىختا بولۇپ باققان ئەمەس. توغرا، ئادەملەر ئۆز ئىرادىسى ۋە ئېتىقادىغا خىلاپ ئىشلارنى قىلىپ تۇرىدۇ، ھەممە كۆپلىگەن ئادەملەر شۇنداق قىلىدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى سەۋەبسىز ئەمەس.

ئىنساننىڭ ئۆز ئېتىقادىغا خىلاپ ئىشلارنى قىلىشىغا ئىنسان روھىياتىدىكى قىمىرلاپ تۇرىدىغان ئىنسانىي ئىستەكلەر سەۋەب بولىدۇ.

چۈنكى، شەرىئەت ئەھكاملىرى ئىنسانىي قىزىقىشلارغا زامان، ماكان ۋە مىقدار جەھەتتە چەك قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ ئۆزىنى باشقۇرمىغان ئادەملەردە شەرىئەت تەكلىپلىرىدىن چىقىپ كېتىش خاھىشى پەيدا بولىدۇ. روھىي تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئىنساندا «ئىشىنىش» مايىللىقى بار بولۇپ، بىر نەرسىگە ئىشەنمىسە تۇرالمايدۇ. ئىشىنىش (ئىمان) ئىنسانىي ئىستەكلەرگە، قىزىقىشلارغا زامان، ماكان ۋە مىقدار جەھەتتە چەك قويىدۇ. شۇڭا ئىمانلىق كىشىلەرنىڭ ئىنسانىي ئىستەكلىرى زامان، ماكان ۋە مىقدار جەھەتتە ئىمانسىزلارنىڭكىدەك يامان بولمايدۇ. ئىمانلىق كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىدىن ئاپتوماتىك ئىشلەيدىغان كونترول قىلىش ئىقتىدارى پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. كونترول قىلىش ئىقتىدارى قانچە كۈچلۈك بولسا، ئىماننىڭ تەقەززالىرىنى شۇنچىلىك ئورۇندىغىلى بولىدۇ. ئىمانلىق كىشىلەر بۇ جەھەتتە بىر- بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ھەتتا بىر شەخسنىڭ ئوخشىمىغان ۋاقىتتىكى كونترول قىلىش ئىقتىدارىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ ھەر ھالدا ئىماننىڭ ھاسىلى نۆل بولمايدۇ. ئىمانى بارلار بىلەن ئىمانى يوقلار ئەمەلىي ھەرىكەتتە چوقۇم پەرقلىنىدۇ...

مانا بۇ ئىنسان تەبىئىتى... شۇنىڭ ئۈچۈن اللەنىڭ نۇرى بىلەن دىلى يورۇغان ئۆلىمالار: « ئىمان كەم - زىيادە بولىدۇ... گۇناھ قىلسا كېمىيىدۇ، تائەت - ئىبادەت بىلەن زىيادە بولىدۇ.» دەيدۇ.

دىن، ئىنسانىي ئىستەكلەرنى زامان، ماكان ۋە مىقدار جەھەتتە كونترول قىلىدۇ.

اللە قۇرئاندا: ﴿تِلْكَ حُدُودُ اللَّهِ فَلَا تَقْرَبُوهَا﴾ ﴿ئەنە شۇلار اللە بەلگىلىگەن چېگرالاردۇر (يەنى مەنئى قىلغان ئىشلاردۇر)، ئۇنىڭغا يېقىنلاشماڭلار﴾[1].

[1] سۈرە بەقەرە، 187- ئايەت.

﴿تِلْكَ حُدُودُ اللَّهِ فَلَا تَعْتَدُوهَا﴾ ﴿ئەنە شۇلار اللهنىڭ ھۆدۈدلىرىدۇر، ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كەتمەڭلار﴾[1] دېيىش ئارقىلىق، ئىنسان ۋۇجۇدىدا قۇتراۋاتقان ئىستەكلەرگە چەك قويىدۇ.

الله ئىنساننى قىزىقتۇرىدىغان ھەقىقەتلەرنى مۇنداق دەيدۇ: ﴿زُيِّنَ لِلنَّاسِ حُبُّ الشَّهَوَاتِ مِنَ النِّسَاءِ وَالْبَنِينَ وَالْقَنَاطِيرِ الْمُقَنْطَرَةِ مِنَ الذَّهَبِ وَالْفِضَّةِ وَالْخَيْلِ الْمُسَوَّمَةِ وَالْأَنْعَامِ وَالْحَرْثِ ذَلِكَ مَتَاعُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا﴾ ﴿ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن-كۆمۈشتىن توپلانغان كۆپ ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان (باقاسى يوق) شەيئىلەردۇر﴾[2] .

بۇ ئىستەكلەرگە تۆۋەندىكى ئايەتلەردە چەك قويۇلدى: ﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ كُلُوا مِمَّا فِي الْأَرْضِ حَلَالًا طَيِّبًا وَلَا تَتَّبِعُوا خُطُوَاتِ الشَّيْطَانِ إِنَّهُ لَكُمْ عَدُوٌّ مُبِينٌ﴾ ﴿ئى ئىنسانلار! يەر يۈزىدىكى ھالال - پاكىز نەرسىلەردىن يەڭلار، شەيتاننىڭ يوللىرىغا ئەگەشمەڭلار، چۈنكى شەيتان سىلەرگە ئوچۇق دۈشمەندۇر﴾[3] .

﴿وَلَا تُنْكِحُوا الْمُشْرِكِينَ حَتَّى يُؤْمِنُوا وَلَعَبْدٌ مُؤْمِنٌ خَيْرٌ مِنْ مُشْرِكٍ وَلَوْ أَعْجَبَكُمْ...﴾ ﴿مۇشرىك ئەرلەر ئىمان ئېيتمىغۇچە مۇئمىن ئاياللارنى ئۇلارغا ياتلىق قىلماڭلار، (ھۆر) مۇشرىك ئەر سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ، مۇئمىن قۇل ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن ئارتۇقتۇر...﴾[4] .

﴿وَأُحِلَّ لَكُمْ مَا وَرَاءَ ذَلِكُمْ أَنْ تَبْتَغُوا بِأَمْوَالِكُمْ مُحْصِنِينَ غَيْرَ مُسَافِحِينَ﴾ ﴿بۇلاردىن

[1] سۈرە بەقەرە، 299- ئايەت.
[2] سۈرە ئال ئىمران، 14-ئايەت.
[3] سۈرە بەقەرە، 168- ئايەت.
[4] سۈرە بەقەرە ،221- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(يەنى يۇقىرىدىكى ئېلىش دۇرۇس بولمايدىغان ئاياللاردىن) باشقىلىرىنى زىنادىن ساقلىنىپ، ئىپپەتلىك بولغىنىڭلار ھالدا، ماللىرىڭلارنى سەرپ قىلىپ (يەنى مەھرىنى بېرىپ) نىكاھلاپ ئېلىشىڭلار ھالال قىلىندى﴾[1].

دىن بېكىتكەن ھارام ۋە ھالال ئىنسانىي ئېستېكلەرگە زامان، ماكان ۋە مىقدار جەھەتتە چەك قويىدۇ. ناماز، روزا، زاكات، ھەج، ئىمانىي ئەخلاقلار... جۈملىدىن اللە يولىدا جىھاد قىلىش قاتارلىق تەكلىپلەرمۇ ئىنسانىي خاھىشلارغا چەك قويىدۇ.

اللە ئىنسانلاردىكى خاھىشلارنى، ئېستېكلەرنى مەقسەتسىزلا بىھۇدە ئورۇنلاشتۇرغان ئەمەس. اللە ھەرگىز بىھۇدە ئىش قىلمايدۇ.

ئىنسانىي ئېستېكلەر ئىنساننى ئەمگەك قىلىشقا، نەتىجە يارىتىشقا ۋە ھەرىكەت قىلىشقا ئۈندەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىنسانلارنىڭ زېمىندا خەلىپە بولۇش ئىقتىدارى ئاشىدۇ. خەلىپە بولۇش يەنى زېمىننى ئاباد قىلىش ئىنسانلاردىن تەلەپ قىلىنغان ئىشلارنىڭ بىرى. ﴿وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلَائِكَةِ إِنِّي جَاعِلٌ فِي الْأَرْضِ خَلِيفَةً﴾ ﴿ئۆزۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن، دېدى﴾[2].

﴿هُوَ أَنْشَأَكُمْ مِنَ الْأَرْضِ وَاسْتَعْمَرَكُمْ﴾ ﴿اللەسىلەرنى زېمىندىن (يەنى تۇپراقتىن) ياراتتى، سىلەردىن زېمىننى ئاباد قىلىشنى تەلەپ قىلدى﴾[3].

ئىنسان بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداشتا ئىنسانىي ئېستېكلەرگە مۇھتاج بولىدۇ. ئىنسانىي ئېستېكلەر يەنە اللە زېمىندا ئىنسانغا ئورۇنلاشتۇرغان ھوزۇر-ھالاۋەتكە ۋاستە بولىدۇ: ﴿وَلَكُمْ فِي الْأَرْضِ مُسْتَقَرٌّ وَمَتَاعٌ إِلَى حِينٍ﴾ ﴿يەر يۈزىدە

[1] سۈرە نىسا، 24- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە بەقەرە، 30-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە ھۇد، 61-ئايەت.

ۋاقىتلىق (ئەجىلىگىلار تونۇشقۇچە) يەرلىشىگىلار ۋە (نېمەتلەردىن) بەھرىمەن بولۇشلار﴾[1].

ئىنسانىي ئىستەكلەر يەنە ئىنساننىڭ يارىتىلىش غايىسى بولغان سىناقنىڭ ئىجرا قىلىنىش نۇقتىسىدۇر.

﴿إِنَّا جَعَلْنَا مَا عَلَى الْأَرْضِ زِينَةً لَهَا لِنَبْلُوَهُمْ أَيُّهُمْ أَحْسَنُ عَمَلًا﴾ ﴿ئىنسانلارنىڭ قايسىلىرىنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى يەر يۈزىنىڭ زىنىتى قىلدۇق﴾[2].

اللهقا شۇ ئايان ئىدىكى، ئىنسانلار الله تەرىپىدىن تەلەپ قىلىنغان خەلىپىلىك ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشتا ئىنسانىي ئىستەكلىرىنى چەكلىشى ۋە قېلىپلاشتۇرۇشى زۆرۈر ئىدى. ئىنسانىي ئىستەكلەرنىڭ كەينىگە كىرىپ، بەلگىلەنگەن ھۆدۇددىن ھالقىش ئىنساننى ھالاكەتكە دۇچار قىلاتتى، ياخشى ئىنسانغا نېسىپ بولىدىغان يۈكسىلىشتىن مەھرۇم قىلاتتى. ياخشى ئىنسان دېگىنىمىز، الله ياراتقان گۈزەل ھالىتىنى ساقلاپ، ھايۋاندىن ئېنىق پەرقلىنىپ، ئاسمان - زېمىن ئۈستىگە ئېلىشتىن قورققان ئۇلۇغ ئامانەتنى ئۈستىگە ئېلىش ۋە ئادا قىلىش لاياقىتىگە ئېرىشكەن ئىنساندۇر.

ئىنسانىي ئىستەكلەرنى چەكلەش تۇرمۇشتا قوش ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىنسان ئۆز ئىستەكلىرىنى چەكلەش ئارقىلىق ئورۇنداشقا تېگىشلىكلىرىنى ئورۇنداپ، ئورۇندىماسلىقى تېگىشلىكلىرىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۆز ئېنېرگىيىسىنى بىھۇدە نابۇت بولۇشتىن ساقلاپ قالىدۇ. ھەم ئىستەكلەرگە زامان ۋە ماكان جەھەتتىن چەكلىمە قويۇپ، نوقۇل ھېس دائىرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئالىي ئىنسانلىقنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان قىممەت

[1] سۈرە بەقەرە، 36-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە كەھف، 7-ئايەت.

قاراشلارغا يۈكسىلەلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق ھايۋاندىن پەرقلىنەلەيدۇ...

شۇنداق، ئىنساندا ھەرخىل خاھىش ۋە ئىستەكلەرمۇ ۋە ئۇنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىمۇ بار. بۇ ئىككى خىل ئىقتىدارنىڭ تەڭپۇڭلۇقى ساقلاپ قېلىنسا، ئىنساننىڭ مەۋجۇد بولۇش غايىسى ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە ئىشقا ئاشىدۇ. لېكىن ئىنسان داۋاملىق بىر خىل ھالەتتە تۇرمايدۇ. داۋاملىق ئۆزىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ قالالمايدۇ: ﴿وَلَقَدْ عَهِدْنَا إِلَى آدَمَ مِنْ قَبْلُ فَنَسِيَ وَلَمْ نَجِدْ لَهُ عَزْمًا﴾ ﴿بىز ئىلگىرى ئادەمگە (دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېمەسلىكنى) تەۋسىيە قىلدۇق، ئۇ (بۇ تەۋسىيىنى) يادىدىن چىقاردى، ئۇنىڭدا ھېچقانداق چىڭ ئىرادە كۆرمىدۇق﴾[1].

«كل بني آدم خطاء ، وخير الخطائين التوابون» «ھەرقانداق ئادەم بالىسى خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ، خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى تەۋبە قىلغۇچىلاردۇر»[2].

مەئسىيەت ئەنە شۇ مۇۋازىنەتنىڭ بۇزۇلۇشىدىن پەيدا بولىدۇ. مۇۋازىنەتنىڭ بۇزۇلۇشىغا ئىككى ئىش ياكى ئىككى ئىشنىڭ بىرى سەۋەب بولىدۇ. بۇ ئىشلار ئىنساني ئىستەكلەرنىڭ كۈچىيىپ كېتىشى ۋە كونترول قىلىش ئىقتىدارىنىڭ ئاجىزلىشىپ كېتىشىدىن ئىبارەت. نەتىجىنىڭ قانداق بولۇشى مۇشۇ سەۋەبلەرنىڭ مىقدارىغا باغلىق. ئىنساني ئىستەك ئاجىز بولسا، ئۇنى كونترول قىلىشمۇ ئاسان بولىدۇ. كۈچلۈك ئىنساني ئىستەكنى كونترول قىلىش ئۈچۈن كۈچلۈك ئىرادە كېرەك بولىدۇ. ئىرادە كۈچلۈك بولسا، گۇناھ ـ مەئسىيەت يۈز بەرمەيدۇ ياكى يېنىك يۈز بېرىدۇ. ئىرادە ئاجىز بولسا ئىستەكنىڭ بېسىمى ئالدىدا يىمىرىلىپ كېتىدۇ...

ﷲقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش ئىنساني ئىستەكلەرنىڭ

---

[1] سۈرە تاھا، 115-ئايەت.

[2] ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەھ ۋە دارىمى رىۋايەت قىلغان.

بېسىمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئەڭ كۈچلۈك قورالدۇر. كىشىنىڭ ئىمانى قانچىكى كۈچلۈك ۋە مۇستەھكەم بولغانسېرى ئۇنىڭ ئۆز ئىستەكلىرىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارى، يەنى اللهنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، چەكلىگەنلىرىدىن قورقۇپ، پەرز تەكلىپلەرنى ئىجرا قىلىش ئىقتىدارى شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. بۇ ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىنسانلىقىدىن ھالقىپ گۇناھ قىلمايدىغان پەرىشتىگە ئايلىنىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى تائەت - ئىبادەتنى كۆپ قىلىدۇ، گۇناھ - مەئسىيەتنى ئاز قىلىدۇ، خۇددى الله تۆۋەندىكى ئايەتتە دېگەندەك: ﴿**وَالَّذِينَ إِذَا فَعَلُوا فَاحِشَةً أَوْ ظَلَمُوا أَنْفُسَهُمْ ذَكَرُوا اللَّهَ فَاسْتَغْفَرُوا لِذُنُوبِهِمْ وَمَنْ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلَّا اللَّهُ وَلَمْ يُصِرُّوا عَلَى مَا فَعَلُوا وَهُمْ يَعْلَمُونَ**﴾ ﴿تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا اللهنى ياد ئېتىدۇ. گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، گۇناھنى كەچۈرىدىغان اللهتىن باشقا كىم بار؟ ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ﴾[1].

كىشىنىڭ اللهقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە كەلتۈرگەن ئىمانى قانچىكى ئاجىز بولسا، گۇناھنى شۇنچە كۆپ قىلىدۇ.

ھەر ھالدا ئىماننىڭ ھاسىلاتى نۆل بولمايدۇ. كىشىنىڭ ئىسلامي ئەمەللەرنى قىلىشى بىلەن قىلماسلىقى ئوخشاش بولمايدۇ.

ئۆلىمالارنىڭ بىردەك قارىشى شۇكى، گۇناھ - مەئسىيەت قىلىش كىشىنى دىنىدىن چىقىرىۋەتمەيدۇ، بەلكى گۇناھ - مەئسىيەتنى ھالال ساناش (گەرچە ئۆزى گۇناھ قىلمىسىمۇ) دىنىدىن چىقىرىۋېتىدۇ. ھالال ساناش باشقا گەپ، گۇناھ قىلىش باشقا گەپ.

ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى ئىمان ئۆزىنى كۆرسىتەلمەي قالغاندا كىشىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىماني ئىرادە ئاجىزلىشىپ، ئۆزىنىڭ مۇئمىنلىقىنى ئۇنتۇيدۇ.

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 135-ئايەت.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
تورىمىز كىتابلار ئۇيغۇرچە ئادرېسى

شۇنىڭ بىلەن گۇناھ قىلىپ سالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لا يزني الزاني حين يزني وهو مؤمن ، ولا يسرق السارق حين يسرق وهو مؤمن ..» «زىناخور مۇئمىنلىق ھالىتىدە تۇرۇپ زىنا قىلمايدۇ، ئوغرى مۇئمىنلىق ھالىتىدە تۇرۇپ ئوغرىلىق قىلمايدۇ...»[1] دېگەندە دەل بۇنى كۆزدە تۇتقان. گۇناھ قىلغۇچى كېيىن ھوشىنى تېپىپ، ئۆزىنىڭ گۇناھ قىلغانلىقىنى ئەسلەيدۇ- دە، اللەتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، اللەمۇ ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلىدۇ.

ئەمما گۇناھ - مەئسىيەتنى ھالال ساناش اللەقا ئىبادەت قىلىشتىن ۋە اللەنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇشتىن باش تارتقانلىقتۇر. خۇددى ئىبلىس الله ئۇنى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغاندا: ﴿قَالَ أَنَا خَيْرٌ مِنْهُ خَلَقْتَنِي مِنْ نَارٍ وَخَلَقْتَهُ مِنْ طِينٍ﴾ ﴿مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇق. مېنى ئوتتىن، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ﴾[2] دەپ بويۇنتاۋلۇق قىلغاندەك، بۇنداق چوكچىلىق قىلغۇچى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن: «الله ئۇنداق دېگەن بولسا، مەن مۇنداق دەيمەن» دېگەن بولىدۇ. بۇنداق چوكچىلىق قىلغۇچىنى اللەكەچۈرمەيدۇ. چۈنكى ئۇ، اللەقا شېرىك كەلتۈرگەنلىكتۇر. ﴿إِنَّ اللَّهَ لَا يَغْفِرُ أَنْ يُشْرَكَ بِهِ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَلِكَ لِمَنْ يَشَاءُ وَمَنْ يُشْرِكْ بِاللَّهِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَالًا بَعِيدًا﴾ ﴿الله ئۆزىگە بىرەر نەرسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلۈشىنى (يەنى مۇشرىكلىك گۇناھىنى) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقىنى (الله ئۆزى) خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ، كىمكى اللەقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن قاتتىق ئازغان بولىدۇ﴾[3].

لېكىن ئىسلامىي جەمئىيەتتە ھەممە گۇناھلارنىڭ يۈز بېرىشىگە يول قويغىلى بولامدۇ؟

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] سۈرە ئەئراف، 12- ئايەت.
[3] سۈرە نىسا، 116-ئايەت.

پۈتۈن جەمئىيەتنى گۇناھ - مەئسىيەتنىڭ بېسىپ كېتىشى، ئىسلامىي ئەمەللەرنىڭ پۈتۈنلەي يوقۇلۇشى، ئىسلامىي جەمئىيەتنىڭ پەقەت تەستىق ۋە ئىقرار بىلەنلا مۇسۇلمان بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىنمۇ؟

«تەستىق ۋە ئىقرار بىلەنلا ئىمان پۈتىدۇ، ئەمەل ئىماننىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ئەمەس، كەلىمە شاھادەتنى دىلدا تەستىق قىلغان، ئېغىزدا ئىقرار قىلغان كىشى مۇسۇلمان بولۇۋېرىدۇ.» دېسەك، ئىسلامىي جەمئىيەتتە ھەممە ئادەم مۇشۇنداق مۇسۇلمان بولۇپ كەتسە، ئەھۋال قانداق بولىدۇ؟

اللهنىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىشى ۋە كىتابلارنى نازىل قىلىشتىكى ئىرادىسى ئىشقا ئاشامدۇ؟

پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش ۋە كىتابلارنى نازىل قىلىشنىڭ نىشانىنى بايان قىلغان ئايەتلەرنى ئەسلىتىپ ئۆتەيلى:

﴿لَقَدْ أَرْسَلْنَا رُسُلَنَا بِالْبَيِّنَاتِ وَأَنْزَلْنَا مَعَهُمُ الْكِتَابَ وَالْمِيزَانَ لِيَقُومَ النَّاسُ بِالْقِسْطِ﴾

﴿بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە، ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ، كىتابنى، قانۇننى چۈشۈردۇق﴾[1].

ئەمەل قىلمىغان ئادەملەر ئادالەتنى بەرپا قىلالامدۇ؟ ئىسلامىي ئۈممەتنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنىڭ نىشانىنى بايان قىلغان ئايەتلەرنى ئەسلىتىپ ئۆتەيلى:

﴿كُنْتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ﴾

﴿(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان، اللهقا ئىمان

[1] سۈرە ھەدىد، 25-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر﴾[1].

﴿وَكَذَلِكَ جَعَلْنَاكُمْ أُمَّةً وَسَطًا لِتَكُونُوا شُهَدَاءَ عَلَى النَّاسِ وَيَكُونَ الرَّسُولُ عَلَيْكُمْ شَهِيدًا﴾ ﴿شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغانىدەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق﴾[2].

﴿وَجَاهِدُوا فِي اللَّهِ حَقَّ جِهَادِهِ هُوَ اجْتَبَاكُمْ وَمَا جَعَلَ عَلَيْكُمْ فِي الدِّينِ مِنْ حَرَجٍ مِلَّةَ أَبِيكُمْ إِبْرَاهِيمَ هُوَ سَمَّاكُمُ الْمُسْلِمِينَ مِنْ قَبْلُ وَفِي هَذَا لِيَكُونَ الرَّسُولُ شَهِيدًا عَلَيْكُمْ وَتَكُونُوا شُهَدَاءَ عَلَى النَّاسِ فَأَقِيمُوا الصَّلَاةَ وَآتُوا الزَّكَاةَ وَاعْتَصِمُوا بِاللَّهِ هُوَ مَوْلَاكُمْ فَنِعْمَ الْمَوْلَى وَنِعْمَ النَّصِيرُ﴾ ﴿اللهنىڭ يولىدا (پۇل-مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن) تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە جىھاد قىلىڭلار، الله (دىنىغا ياردەم بېرىشكە ئۈممەتلەر ئارىسىدىن) سىلەرنى تاللىدى (ئەڭ مۇكەممەل شەرىئەت ۋە ئۇلۇغ پەيغەمبەرنى سىلەرگە خاس قىلدى). سىلەرگە دىنىدا ھېچقانداق مۇشكۈللۈكنى قىلمىدى (سىلەرنى سىلەر تاقەت قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تەكلىپ قىلمىدى). (بۇ) ئاتاڭلار ئىبراھىمنىڭ دىنىدۇر (بۇ توغرا دىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى مەھكەم ئۇچلاڭلار)، الله سىلەرنى ئىلگىرى (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرىكى كىتابلاردا) مۇسۇلمان دەپ ئاتىدى. قۇرئاندىمۇ شۇنداق ئاتىدى. (الله) پەيغەمبەرنى سىلەرگە گۇۋاھ بولۇشقا ۋە سىلەرنى كىشىلەرگە گۇۋاھ بولۇشقا (تاللىدى)، ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، اللهقا يېپىشىڭلار، الله سىلەرنىڭ ئىگەڭلاردۇر، الله نېمىدېگەن ياخشى ئىگە! نېمىدېگەن ياخشى مەدەتكار!﴾[3]

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 110-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە بەقەرە، 143-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە ھەج، 78 – ئايەت.

ئەمەل قىلمىغان ئادەملەر بۇ نىشانلارنى ئىشقا ئاشۇرالامدۇ؟ الله تۆۋەندىكى ئايەتتە بەنى ئىسرائىلنىڭ ۋەقەلىكىنى سۆزلەش ئارقىلىق بىزنى شۇنداق خاتا تونۇشتىن ۋە خاتا مەسىلەكتىن ئاگاھلاندۇرغان ئەمەسمىدى؟!

﴿فَخَلَفَ مِنْ بَعْدِهِمْ خَلْفٌ وَرِثُوا الْكِتَابَ يَأْخُذُونَ عَرَضَ هَذَا الْأَدْنَى وَيَقُولُونَ سَيُغْفَرُ لَنَا وَإِنْ يَأْتِهِمْ عَرَضٌ مِثْلُهُ يَأْخُذُوهُ أَلَمْ يُؤْخَذْ عَلَيْهِمْ مِيثَاقُ الْكِتَابِ أَنْ لَا يَقُولُوا عَلَى اللَّهِ إِلَّا الْحَقَّ وَدَرَسُوا مَا فِيهِ وَالدَّارُ الْآخِرَةُ خَيْرٌ لِلَّذِينَ يَتَّقُونَ أَفَلَا تَعْقِلُونَ﴾ ﴿ئۇلاردىن كېيىن (يامان) ئەۋلاتلار تەۋراتقا ۋارىسلىق قىلدى، ئۇلار بۇ دۇنيانىڭ ئەرزىمەس پۇل-مېلىنى (ھالال بىلەن ھارامنى ئايرىماي قارىقويۇق) ئالدۇ ۋە بىزنى الله ئەپۇ قىلىدۇ دەيدۇ. شۇنداق پۇل- مال ئۇلارنىڭ قولىغا كەلسە، ئۇلار يەنە ئالىدۇ. كىتابتا (يەنى تەۋراتتا) اللهقا (يالغان چاپلىماي) پەقەت ھەقنىلا ئېيتىشلىرى توغرۇلۇق ئۇلاردىن چىڭ ۋەدە ئېلىنمىدىمۇ؟ ھالبۇكى، ئۇلار تەۋراتتىكى نەرسىلەرنى ئوقۇغان ئىدى، ھارامنى تەرك ئېتىپ، اللهتىن قورقىدىغانلارغا ئاخىرەت ياخشىدۇر، بۇنى چۈشەنمەمسىلەر؟﴾[1]

بۇ تەكلىپ بەنى ئىسرائىلغىلا قارىتىلغانمۇ؟ مۇسۇلمانلاردىن ئەپۇ قىلىنىغانمۇ؟!

بۇ خاتا تونۇشقا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «نعم الإخوة لكم بنو إسرائيل إن كان لكم كل حلوة ولهم كل مرة» «تاتلىقى سىلەرنىڭ، ئاچچىقى بەنى ئىسرائىلنىڭمۇ! نەدە ئۇنداق ئاسان ئىش باركەن!»[2]

ھەرقانداق بىر جەمئىيەتكە ئىمان توغرىسىدا ۋە ئىماننىڭ تەقەززالىرى توغرىسىدا ئاشۇنداق بۇزۇق پىكىرلەر تارقىلىپ كەتسە، ئۇنداق جەمئىيەتنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆۋەندىكى ھەدىستە ئاگاھلاندۇرغان كۆپۈكچە

---

[1] سۈرە ئەئراف، 169-ئايەت.

[2] تەبەرى ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بىر قانچە قېتىم رىۋايەت قىلغان.

www.uyghurkitap.com

هالىتىگە كېلىپ قېلىشى مۇقەررەردۇر: «**يوشك أن تداعى عليكم الأمم كما تداعى الأكلة إلى قصعتها . قالوا : أمن قلة نحن يومئذ يا رسول** الله**؟ قال : أنتم يومئذ كثير ، ولكنكم غثاء كغثاء السيل**» «سىلەرگە بارلىق مىللەتلەر بىر لوقما تائامغا ئولاشقاندەك ئولىشىپ كېلىدۇ، "شۇ كۈنلەردە سانىمىزنىڭ ئازلىقىدىن شۇنداق بولامدۇ؟" دېيىلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "بەلكى شۇ كۈنلەردە سىلەرنىڭ سانىڭلار كۆپ، بىراق سەلدىكى كۆپۈككە ئوخشاپ قالىسىلەر، اللهدۈشمەنلىرىڭلارنى سىلەردىن قورقماس قىلىۋېتىدۇ، سىلەرنىڭ دىلىڭلارغا بوشاڭلىقنى تاشلايدۇ." دېدى. ساھابىلەر: "بوشاڭلىق دېگەن نېمە؟" دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "بوشاڭلىق دېگەن دۇنياپەرەسلىك ۋە ئۆلۈمنى يامان كۆرۈش" دېدى»[1].

كەلىمە شاھادەتنى تەستىق قىلىش ۋە ئىقرار قىلىش بىلەنلا ئۆزىنى كامىل مۇسۇلمان ھېسابلاپ يۈرگەن كۆپلىگەن ئۇممەتلەر ئەمەلىيەتتە يوقىتىپ يۈرۈلۈپ كېلىۋاتىدۇ.

ئىسلامىي جەمئىيەتتىمۇ الله يۈز بېرىشىنى تەقدىر قىلغان گۇناھ - مەئسىيەتلەر يۈز بېرىدۇ. لېكىن ھەرقانداق ئەھۋالدا ئىسلامىي جەمئىيەتتە مۇسۇلمانلار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىش ۋە مۇرتەدلىكنىڭ جازاسىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھېچبولمىغاندا ناماز ئوقۇماي، شەرىئەتنىڭ قانۇنىغا بويسۇنماي بولمايدۇ. ئىسلامىي جەمئىيەتتە گەرچە تۈرلۈك ئازغۇنلۇقلار يۈز بەرگەن، ئىسلامنىڭ تەكلىپلىرى ئورۇندالمىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىككى ئىشقا ئۇن ئۈچ ئەسىر ئىزچىل ئەمەل قىلىنىپ كەلگەن. كۆڭلىدە ئىشەنمەيدىغان مۇناپىقمۇ ئەمەل قىلىشقا مەجبۇر بولغان. پەقەت يېقىنقى زامانىدىلا بۇ ئىككى ئىش تاشلىنىپ قالدى...

پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋەتىلىشى ۋە كىتابلارنىڭ نازىل قىلىنىشىدىكى

---

[1] ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

نىشانلارغا؛ اللەنىڭ شەرىئىتىنى قانۇن قىلغان ئىسلامىي جەمئىيەتنىڭ ئەمەلىيىتىگە؛ ئىنسانىنىڭ روھىيىتىگە قارىغاندىمۇ مۇسۇلماننىڭ كەلىمە شاھادەتىنىڭ تەلەپ - تەقەززالىرىدىن تامامەن خالىي قىلىشى مۇمكىن بولمايدىغان تۇرسا، «تەستىق ۋە ئىقرار بىلەنلا ئىمان پۈتىدۇ، ئەمەل دەرىجىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، خالاس. ئەمەل قىلمىسىمۇ، تەستىق ۋە ئىقرار بىلەنلا ۋۇجۇدقا كەلگەن ئىمان دەخلىگە ئۇچرىمايدۇ» دېگەن ئادەملەر نېمىگە ئاساسلىنىپ شۇنداق دەيدۇ؟

ناھايىتى ئېنىقكى مۇرجىئىلەر ۋە ئۇلارنىڭ قۇيرۇقچىلىرى شۇنداق دەيدۇ... تەپرىقچىلىك تارىخىنى بىر قۇر مۇزاكىرە قىلساقلا، ئىسلام روھىغا يات بۇ سۆزنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. توغرا، قەدىمقى مۇرجىئىلەر گەرچە ئىسلامىي چۈشەنچىدە ئازغۇنلۇق پەيدا قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ھازىرقى مۇرجىئىلەردەك ناماز ئوقۇشنى ۋە شەرىئەت قانۇنىنى ھۆكۈمدار قىلىشنى ساقىت قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتمىگەن. چۈنكى ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىكى ئۈچ ئەسىردە ھېچقانداق بىر ئىنسان، ئۇدا ئۈچ كۈن ناماز ئوقۇمىغان ياكى شەرىئەتنى قانۇن قىلمىغان ئادەمنى مۇسۇلمان دەپ قارىمىغان. بەلكى ئۇنى ياشاش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولغان مۇرتەد دەپ قارىغان. لېكىن قەدىمقى مۇرجىئىلەر تېرىپ قويغان زەھەرلىك ئۇرۇقلار ھازىرقى مۇرجىئىلەرنى ئۈندۈرگەن. بۇ ئۇرۇقلاردىن ھېچقانداق بىر پەيغەمبەر ئېلىپ كەلمىگەن، ھېچقانداق بىر كىتابتا نازىل قىلىنمىغان يېڭىچە بىر ئىسلام يەنى «تەكلىپسىز ئىسلام»، «ئىسلامسىز ئىسلام» ئۈنۈپ چىقتى!

قەدىمقى مۇرجىئىلەر بولسۇن ياكى ھازىرقى مۇرجىئىلەر بولسۇن، ئۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مۇسۇلمان ھېسابلىنىش ئۈچۈن تەستىق ۋە ئىقرارلا كۇپايە دېگەندە نېمىگە ئاساسلىنىدۇ؟

ئۇلار بىرىنچى بولۇپ، ئىماننىڭ لۇغەتتىكى مەنىسىنى ئاساس قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئىككىنچىدىن ئىمان ھەققىدىكى ئايەتلەرنىڭ گرامماتىكىلىق تۈزۈلىشىدىن ئاساس ئىزدەيدۇ. ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «ئىمان دېگەن كۆڭۈلدە تەستىق قىلىش دېگەنلىكتۇر. قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىدە ياخشى ئەمەللەر «و» ھەرپى ئارقىلىق ئەتپى قىلىنىپ (باغلىنىپ) كەلدى. بۇنداق ئەتپى ئىمان بىلەن ئەمەلنىڭ ئايرىم ئىككى نەرسە بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداق ئىكەن ئەمەل ئىماننىڭ بىر تەركىۋى قىسمى ئەمەس».

ئىماننىڭ لۇغەتتىكى مەنىسىنى ئاساس قىلىش ئوپئوچۇق ئىزىقتۇرما دەلىلدۇر! چۈنكى قۇرئاندا ئىشلىتىلگەن «ئىمان»، «ناماز»، «زاكات» قاتارلىق سۆزلەرنىڭ لۇغەت مەنىسى كېڭەيتىلىپ، يېڭى مەنىلەر بىلەن بېيىتىلىپ، ئەسلى لۇغەت مەنىسىدىن ھالقىغان ئىستىلاھىي ئاتالغۇلارغا ئايلاندۇرۇلغان. شۇڭا ئەسلى لۇغەت مەنىسىنىلا ئاساس قىلىشقا بولمايدۇ. مەسىلەن: «سالات» دېگەن سۆزنىڭ ئەسلىدىكى لۇغەت مەنىسى دۇئا قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئەمدى بىز دۇئا قىلىش بىلەنلا اللە پەرز قىلغان سالات يەنى ناماز ئادا تاپىدۇ، دېسەك قاملىشامدۇ؟! نامازنىڭ رۇكۇلىرى، سەجدىلىرى، قىرائەتلىرى، نامازنىڭ سىرتىدىكى پەرزلەر، ۋاقتىنىڭ پەرزلىكى قاتارلىقلارنى دۇئا قىلىش بىلەنلا بەجا كەلتۈرگىلى بولامدۇ؟!

«ئىمان» مۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشايدۇ... ئىماننىڭ لۇغەتتىكى ئەسلى مەنىسى ئىشىنىش دېگەنلىكتۇر. لېكىن بۇسۆز ئىسلامنىڭ خاس ئاتالغۇسىدا ياخشى كۆرۈش، تەزىم قىلىش، بويسۇنۇش، ھەر ئىشتا اللەنىڭ قانۇنىنى ئاساس قىلىش، ئىبادەت پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلىش، ئىمانىي ئەخلاقلارغا رىئايە قىلىش، شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلىش قاتارلىق كەڭ مەزمۇننى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن ئالاھىدە ئىشىنىشتۇر.

﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ الَّذِينَ إِذَا ذُكِرَ اللَّهُ وَجِلَتْ قُلُوبُهُمْ وَإِذَا تُلِيَتْ عَلَيْهِمْ آيَاتُهُ زَادَتْهُمْ إِيمَانًا وَعَلَى رَبِّهِمْ يَتَوَكَّلُونَ الَّذِينَ يُقِيمُونَ الصَّلَاةَ وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنْفِقُونَ أُولَئِكَ هُمُ الْمُؤْمِنُونَ حَقًّا لَهُمْ دَرَجَاتٌ عِنْدَ رَبِّهِمْ وَمَغْفِرَةٌ وَرِزْقٌ كَرِيمٌ﴾ «پەقەت اللە ياد ئېتىلسە

دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، اللّٰهنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرلا مۆئمىنلەردۇر. ئۇلار (مۆكەممەل رەۋىشتە) ناماز ئوقۇيدۇ، بىز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن پۇل- مالدىن (ئىھ يولىدا) سەرپ قىلىدۇ. ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۆئمىنلەردۇر، ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە، مەغپىرەتكە ۋە ئېسىل رىزىققا (يەنى جەننەتنىڭ تۈگىمەس نېمەتلىرىگە) ئېرىشىدۇ﴾[1].

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَطِيعُوا اللَّهَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ وَأُولِي الْأَمْرِ مِنْكُمْ فَإِنْ تَنَازَعْتُمْ فِي شَيْءٍ فَرُدُّوهُ إِلَى اللَّهِ وَالرَّسُولِ إِنْ كُنْتُمْ تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ ذَلِكَ خَيْرٌ وَأَحْسَنُ تَأْوِيلًا أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِينَ يَزْعُمُونَ أَنَّهُمْ آمَنُوا بِمَا أُنْزِلَ إِلَيْكَ وَمَا أُنْزِلَ مِنْ قَبْلِكَ يُرِيدُونَ أَنْ يَتَحَاكَمُوا إِلَى الطَّاغُوتِ وَقَدْ أُمِرُوا أَنْ يَكْفُرُوا بِهِ وَيُرِيدُ الشَّيْطَانُ أَنْ يُضِلَّهُمْ ضَلَالًا بَعِيدًا وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ تَعَالَوْا إِلَى مَا أَنْزَلَ اللَّهُ وَإِلَى الرَّسُولِ رَأَيْتَ الْمُنَافِقِينَ يَصُدُّونَ عَنْكَ صُدُودًا فَكَيْفَ إِذَا أَصَابَتْهُمْ مُصِيبَةٌ بِمَا قَدَّمَتْ أَيْدِيهِمْ ثُمَّ جَاءُوكَ يَحْلِفُونَ بِاللَّهِ إِنْ أَرَدْنَا إِلَّا إِحْسَانًا وَتَوْفِيقًا أُولَئِكَ الَّذِينَ يَعْلَمُ اللَّهُ مَا فِي قُلُوبِهِمْ فَأَعْرِضْ عَنْهُمْ وَعِظْهُمْ وَقُلْ لَهُمْ فِي أَنْفُسِهِمْ قَوْلًا بَلِيغًا وَمَا أَرْسَلْنَا مِنْ رَسُولٍ إِلَّا لِيُطَاعَ بِإِذْنِ اللَّهِ وَلَوْ أَنَّهُمْ إِذْ ظَلَمُوا أَنْفُسَهُمْ جَاءُوكَ فَاسْتَغْفَرُوا اللَّهَ وَاسْتَغْفَرَ لَهُمُ الرَّسُولُ لَوَجَدُوا اللَّهَ تَوَّابًا رَحِيمًا فَلَا وَرَبِّكَ لَا يُؤْمِنُونَ حَتَّى يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لَا يَجِدُوا فِي أَنْفُسِهِمْ حَرَجًا مِمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُوا تَسْلِيمًا﴾

﴿ئى مۆئمىنلەر! اللّٰهقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا اللّٰهقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر اللّٰهقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە (ھەقىقىي) ئىشىنىدىغان بولساڭلار، بۇ (يەنى اللّٰهنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش)

[1] سۈرە ئەنفال 2 - ئايەتتىن 4- ئايەتكىچە.

سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر. ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە سەندىن بۇرۇن نازىل قىلىنغان كىتابلارغا (يەنى تەۋراتقا ۋە ئىنجىلغا) ئىمان كەلتۈردۇق دەۋالغان كىشىلەر (يەنى مۇناپىقلار) نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار ئەرزىنى شەيتاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارماقچى بولۇۋاتىدۇ؛ ھالبۇكى، ئۇلار شەيتاننى ئىنكار قىلىشقا بۇيرۇلغان، شەيتان ئۇلارنى چوڭقۇر ئازدۇرۇشنى خالايدۇ. ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) غا: «الله نازىل قىلغان كىتاب تەرەپكە ۋە پەيغەمبەر تەرەپكە كېلىڭلار» دېيىلسە، مۇناپىقلارنىڭ سەندىن قاتتىق يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى كۆرىسەن. قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئۆز بېشىغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىپ الله بىلەن قەسەم قىلغان ھالدا: «بىز پەقەت ياخشىلىق ۋە يارىشىشنىلا ئىرادە قىلغان ئىدۇق» دېگەنلەرنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟. ئەنە شۇلار (يەنى مۇناپىقلار) (يالغان ئېيتىدۇ)، الله ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكىنى (يەنى مۇناپىقلىقىنى، مىكرىنى) بىلىدۇ، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگىن، ئۇلارغا نەسىھەت قىلغىن، ئۇلارغا تەسىرلىك سۆزلەرنى قىلغىن. بىز ھەر قانداق پەيغەمبەرنى پەقەت ئىتائەت قىلىنىش ئۈچۈنلا ئەۋەتتۇق (ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغانلىق الله قا ئىتائەت قىلغانلىق بولىدۇ)، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) (سېنىڭ ھۆكمىڭنى قوبۇل قىلماي) ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغاندا، ساڭا كېلىپ الله تىن مەغپىرەت تىلىسە، پەيغەمبەرمۇ ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىسە ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلار الله نى كەچۈرۈم قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان تاپاتتى. (ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغىچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ﴾[1].

**﴿قَدْ أَفْلَحَ الْمُؤْمِنُونَ الَّذِينَ هُمْ فِي صَلَاتِهِمْ خَاشِعُونَ وَالَّذِينَ هُمْ عَنِ اللَّغْوِ مُعْرِضُونَ**

[1] سۈرە نىسا، 59- ئايەتتىن، 65- ئايەتكىچە.

**وَالَّذِينَ هُمْ لِلزَّكَاةِ فَاعِلُونَ وَالَّذِينَ هُمْ لِفُرُوجِهِمْ حَافِظُونَ إِلَّا عَلَى أَزْوَاجِهِمْ أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُهُمْ فَإِنَّهُمْ غَيْرُ مَلُومِينَ فَمَنِ ابْتَغَى وَرَاءَ ذَلِكَ فَأُولَئِكَ هُمُ الْعَادُونَ وَالَّذِينَ هُمْ لِأَمَانَاتِهِمْ وَعَهْدِهِمْ رَاعُونَ وَالَّذِينَ هُمْ عَلَى صَلَوَاتِهِمْ يُحَافِظُونَ أُولَئِكَ هُمُ الْوَارِثُونَ الَّذِينَ يَرِثُونَ الْفِرْدَوْسَ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ﴾** ﴿مۆئمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى. (شۇنداق مۆئمىنلەركى) ئۇلار نامازلىرىدا (ﷲنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن سۈر بېسىپ كەتكەنلىكتىن) ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر. ئۇلار بىھۇدە سۆز، بىھۇدە ئىشتىن يىراق بولغۇچىلاردۇر. ئۇلار زاكات بەرگۈچىلەردۇر. ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى (ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر. (يەنى ئەۋرەتلىرىنى) پەقەت خوتۇنلىرىدىن، چۆرىلىرىدىن باشقىلاردىن ساقلىغۇچىلاردۇر (بۇلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغۇچىلار مالامەت قىلىنمايدۇ). بۇنىڭ سىرتىدىن (جىنسىي تەلەپنى قاندۇرۇشنى) تەلەپ قىلغۇچىلار ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر. ئۇلار (يەنى مۆئمىنلەر) ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر. ئۇلار نامازلىرىنى (ۋاقتىدا تەئدىل ئەركان بىلەن) ئادا قىلغۇچىلاردۇر. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە مۆئمىنلەر نازىنېمەتلىك جەننەتنىڭ) ۋارىسلىرىدۇر. ئۇلار (يۇقىرى دەرىجىلىك جەننەت) فىردەۋسكە ۋارىسلىق قىلىدۇ، فىردەۋستە مەڭگۈ قالىدۇ﴾[1].

مانا بۇ ئايەتلەردە ئىماننىڭ ئىسلام ئىستىلاھىدىكى مەنىسى ناھايىتى روشەن چۈشەندۈرۈلدى. شۇڭا «سالات»، «زاكات»... قاتارلىق ئىسلام ئىستىلاھىدىكى خاس ئاتالغۇلارنى ئەسلىدىكى لۇغەت مەنىسى بويىچىلا ئىزاھلاش توغرا بولمىغاندەك، «ئىمان» ئاتالغۇسىنىمۇ ئەسلىدىكى لۇغەت مەنىسىگە ئاساسلىنىپلا ئىزاھلاش توغرا بولمايدۇ.

«قۇرئاندا ئەمەل ئىمانغا ئەتپى قىلىندى، ئۆز-ئارا ئەتپى قىلىنغان نەرسىلەر بىر نەرسە بولماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى ئۇنداق بولمىغاندا

---

[1] سۈرە سۈرە مۆئمىنۇن، 1- ئايەتتىن 11- ئايەتكىچە.

www.uyghurkitap.com

بىر نەرسە ئۆز-ئۆزىگە ئەتىپى قىلىنىپ قالىدۇ.» مانا بۇ مۇرجىئىلەرنىڭ ئەمەل ئىماننىڭ تەركىۋى قىسمى ئەمەس دېگەن قارىشىغا كەلتۈرگەن ئىككىنچى دەلىلى. بۇ دەلىل بىرىنچى دەلىلگە ئوخشاشلا ھېچ ۋەزنى يوق ئېزىقتۇرما دەلىلدۇر.

اللہ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَنْ كَانَ عَدُوًّا لِلَّهِ وَمَلَائِكَتِهِ وَرُسُلِهِ وَجِبْرِيلَ وَمِيكَالَ فَإِنَّ اللَّهَ عَدُوٌّ لِلْكَافِرِينَ﴾ ﴿كىمكى اللہنى، اللہنىڭ پەرىشتىلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى، جىبرىئىلنى، مىكائىلنى دۈشمەن تۇتىدىكەن (اللہنى دۈشمەن تۇتقان بولىدۇ)، شۈبھىسىزكى اللہكاپىرلارنى دۈشمەن تۇتىدۇ﴾[1].

ھەممىگە ئايانكى، جىرىئىل ۋە مىكائىلمۇ پەرىشتە. يۇقىرقى ئايەتتە جىبرىئىل ۋە مىكائىل پەرىشتىلەرگە ئەتىپى قىلىنىپ كەلدى. مانا بۇ بىر نەرسىنىڭ ئۆز-ئۆزىگە ئەتىپى قىلىنغىنى بولماي نېمە؟

اللہ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الَّذِينَ يَحْمِلُونَ الْعَرْشَ وَمَنْ حَوْلَهُ يُسَبِّحُونَ بِحَمْدِ رَبِّهِمْ وَيُؤْمِنُونَ بِهِ وَيَسْتَغْفِرُونَ لِلَّذِينَ آمَنُوا﴾ ﴿ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ۋە ئەرشنىڭ چۆرىسىدىكى پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتىدۇ، ھەمدى ئېيتىدۇ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ، مۇئمىنلەرگە مەغپىرەت تىلەيدۇ﴾[2].

مانا بۇ ئايەتتە ئىماننىڭ تەقەززالىرىنىڭ بىرى ۋە تەركىۋى قىسمى بولغان تەسبىھقا ئىمان ئەتىپى قىلىندى. مانا بۇ بىر نەرسىنىڭ ئۆز-ئۆزىگە ئەتىپى قىلىنغىنى بولماي نېمە؟ ئەرەب تىلىدا سۆزنىڭ بالاغەت دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆللىينى ئاۋۋال سۆزلەپ، ئاندىن شۇ كۆللىينىڭ جۈزئىيسىنى ئۇنىڭغا ئەتىپى قىلىدىغان ياكى ئاۋۋال جۈزئىينى سۆزلەپ، ئاندىن شۇ جۈزئىينىڭ كۆللىيسىنى ئۇنىڭغا ئەتىپى قىلىدىغان ئەھۋاللار كەڭ ئومۇملاشقان. بۇ خىلدىكى ئەتىپى ھەرگىزمۇ ئۆزئارا ئەتىپى قىلىنغان ئىككى

[1] سۈرە بەقەرە، 98- ئايەت.

[2] سۈرە غافىر، 7- ئايەت.

نەرسىنىڭ باشقا ـ باشقا نەرسە بولۇشنى تەلەپ قىلمايدۇ. يۇقىرىقى ئىككى ئايەتنىڭ بىرىنچىسىدە جۈزئىي كۆللىيغا، ئىككىنچىسىدە كۆللىي جۈزئىيگە ئەتپى قىلىندى.

قۇرئانىنىڭ بەزى ئايەتلىرىدە ئىمان ئەمەل سالىھقا ئەتپى قىلىنماي جۈپلىنىپ كەلگەن. بۇ ئارقىلىق مۇرجىئىلەرنىڭ «ئەمەل ئىمانغا ئەتپى قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئەمەل ئىماننىڭ تەركىۋى قىسمى ئەمەس» دېگەن دەلىلى بەربات بولىدۇ: ﴿وَمَنْ يَأْتِهِ مُؤْمِنًا قَدْ عَمِلَ الصَّالِحَاتِ فَأُولَئِكَ لَهُمُ الدَّرَجَاتُ الْعُلَى﴾ ﴿كىمكى مۆئمىن بولۇپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا اللهقا مۇلاقات بولىدىكەن، ئۇ (اللهنىڭ دەرگاھىدا) يۇقىرى دەرىجىلەرگە ئېرىشىدۇ﴾[1].

مانا بۇ ئايەتتە جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن ئىمان ۋە ياخشى ئەمەل تەڭ شەرت قىلىندى. ئاخىرەتتە جەننەتكە كىرىدىغان چاغدا ئىمان بىلەن ئەمەلنىڭ بىر-بىرىدىن ئايرىلمايدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇنىڭدىن ئىمان بىلەن ئەمەلنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغانلىقى چىقىدۇ.

بەزىلەر «جەننەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىسىگە يېتىش ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش شەرت، ئەمما جەننەتكە كىرىشكە ئەمەل شەرت ئەمەس، تەستىق ۋە ئىقرار بىلەنلا كىرگىلى بولىدۇ» دېيىشى مۇمكىن. بۇنداق دېگەنلەرنى تۆۋەندىكى ئايەتلەر يالغانچىغا چىقىرىدۇ:

﴿وَمَنْ يَعْمَلْ مِنَ الصَّالِحَاتِ مِنْ ذَكَرٍ أَوْ أُنْثَى وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَأُولَئِكَ يَدْخُلُونَ الْجَنَّةَ وَلَا يُظْلَمُونَ نَقِيرًا﴾ ﴿ئەر- ئاياللاردىن مۆئمىن بولۇپ تۇرۇپ ياخشى ئىشلارنى قىلغانلار جەننەتكە داخىل بولىدۇ، ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى

[1] سۈرە تاھا، 75-ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى قىلچە كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ﴾[1].

﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي أَنْزَلَ عَلَى عَبْدِهِ الْكِتَابَ وَلَمْ يَجْعَلْ لَهُ عِوَجًا قَيِّمًا لِيُنْذِرَ بَأْسًا شَدِيدًا مِنْ لَدُنْهُ وَيُبَشِّرَ الْمُؤْمِنِينَ الَّذِينَ يَعْمَلُونَ الصَّالِحَاتِ أَنَّ لَهُمْ أَجْرًا حَسَنًا﴾ ﴿جىمى ھەمدۇ ـ سانا اللهقا خاستۇركى، (اللهئىنسانلارنى) ئۆز تەرىپىدىن بولغان قاتتىق ئازابتىن ئاگاھلاندۇرۇش، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان مۆئمىنلەرگە ئۇبدان مۇكاپات (يەنى جەننەت) بېرىدىغانلىقى بىلەن خۇشخەۋەر بېرىش ئۈچۈن، بەندىسى (يەنى پەيغەمبىرى مۇھەممەد)گە توغرا، ھېچقانداق قىڭغىرلىق (يەنى ئىختىلاپ، زىددىيەت) بولمىغان قۇرئاننى نازىل قىلدى﴾[2].

مانا بۇ ئايەتلەردە جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن ئىمان بىلەن ئەمەل تەڭ شەرت قىلىندى. مۆئمىنىنىڭ ياخشى ئەمەل قىلىدىغانلىقى قەيت قىلىندى. مۇرجىئىلەرنىڭ «تەستىق ۋە ئىقرار بىلەنلا الله قوبۇل قىلىدىغان، جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ئىمان ۋۇجۇدقا كېلىدۇ» دەپ ئەمەلنى ئىماننىڭ ئىچىدىن چىقىرىۋېتەلىشىگە ئوچۇق رەددىيە بېرىلدى.

مۇرجىئىلەر يەنە ئۆز كۆز قارىشىغا گۇناھ ـ مەئسىيەتنىڭ ئىماننى يوق قىلمايدىغانلىقىنى دەلىل قىلدى. ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: ئىسلام ئۆلىمالىرى بىردەك گۇناھ ئىماننى يوق قىلمايدۇ، دەيدۇ. ناۋادا ئەمەل ئىماننىڭ بىر تەركىۋى قىسمى بولسا، گۇناھ قىلغان ئادەم ئىماندىن ئاجراپ كېتىشى كېرەك بولىدۇ، بۇنىڭدىن قارىغاندا ئىمان باشقا نەرسە، ئەمەل باشقا نەرسە...

ئۇلارنىڭ بۇ دەلىلمۇ باشقا دەلىللىرىگە ئوخشاشلا ئوچۇق ئېزىقتۇرما دەلىل.

---

[1] سۈرە نىسا، 124-ئايەت.

[2] سۈرە كەھف، 1- ۋە 2- ئايەتلەر.

دەرۋەقە گۇناھ - مەئسىيەت ئىماننى يوق قىلمايدۇ، لېكىن گۇناھ ئىمانغا چوقۇم تەسىر كۆرسىتىدۇ.

گۇناھنىڭ ئىنسانغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ئوچۇق پاكىت بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ھەقتە كۆپ توختىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئىماننىڭ ماھىيىتىنى، ئىنسان قەلبىنىڭ ماھىيىتىنى، گۇناھ –مەئسىيەتنىڭ قەلبتە پەيدا قىلىدىغان تەسىرىنى ياخشى بىلىدىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسى بىزگە كۇپايە:

«شۈبھىسىزكى بەندە بىر گۇناھ قىلسا، ئۇنىڭ قەلبىدە بىر قارا چېكىت پەيدا بولىدۇ، ئۇ گۇناھتىن قول ئۈزۈپ، تەۋبە ئىستىغپار قىلسا ئۇنىڭ قەلبىدىكى قارا چېكىت ئۆچىدۇ. ئەگەر ئۇ قايتا گۇناھ قىلسا، قارا چېكىت تېخىمۇ يوغىنايدۇ. مانا بۇ، الله قۇرئاندا تىلغا ئالغان دىلنىڭ قارىيىپ كېتىشىدۇر: ﴿**كَلَّا بَلْ رَانَ عَلَى قُلُوبِهِمْ مَا كَانُوا يَكْسِبُونَ**﴾ ﴿ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن دىللىرى قارىيىپ كەتكەن﴾[1].

دىل ئىماننىڭ ئورنى. قارا دىل بىلەن ئاق دىلنىڭ ئىماني دەرىجىسى قانداقمۇ باراۋەر بولىدۇ؟

ئىمان تائەت - ئىبادەت بىلەن زىيادە بولىدۇ، گۇناھ - مەئسىيەت بىلەن كېمىيدۇ. كېمەيگەن ئىمان بىلەن زىيادە بولغان ئىمان ھەرگىز ئوخشاش بولمايدۇ.

يۇقىرىدا ئىشارەت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بەزى گۇناھ -مەئسىيەتلەر ئىماننى بۇزىۋېتىدۇ. قانداق گۇناھنىڭ ئىماننى بۇزىدىغانلىقى، قانداق گۇناھنىڭ ئىماننى بۇزمايدىغانلىقىنى بېكىتىشتە اللهنىڭ كىتابىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى ئۆلچەم قىلىش كېرەك! ئۆزىمىزنىڭ

[1] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان، ئىمام مالىك «مۇۋەتتە» دە زىكىر قىلغان. سۈرە مۇتەففىفىن، 14- ئايەت.

خاھىشىمىزنى ئۆلچەم قىلىۋېلىشىمىزغا بولمايدۇ.

گۇناھ - مەئسىيەتنى ھالال سانىماسلىق (گەرچە ھالال سانىغۇچى گۇناھ قىلمىسىمۇ) ئىماننى بۇزىۋېتىدۇ. گۇناھ ئىماننى بۇزمايدۇ، ئەمما اللەنىڭ قانۇنىنى ئېتىراپ قىلماسلىق ياكى اللەنىڭ قانۇنىدىن باشقا قانۇننى ئېتىراپ قىلىش ئىماننى بۇزىۋېتىدىغان گۇناھتۇر. بىر شەخسنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئىماننىڭ ھەممە تەقەززالىرىنى يوققا چىقىرىدىغان گۇناھلارنى قىلىشى ناتايىن. شۇنىڭدەك ھاياتىدا ئىسلامىي ئەمەللەرنىڭ بىرىنىمۇ قىلمىغان كىشىدە زەررىچىلىك ئىماننىڭ بولۇشىمۇ ناتايىن.

مۇرجىئىلەر يەنە مۇنداق دەلىل كەلتۈرىدۇ: «بىركىشىنىڭ ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولۇشىدا پەقەت كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزىدىن چىقىرىشىلا تەلەپ قىلىنىدۇ. كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزىدىن چىقارغان كىشى شۇ ھامان مۇسۇلمان دەپ قارىلىدۇ، ئۇنىڭغا دۇنيادا مۇسۇلمانلار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئاخىرەتتىكى ئىشىنى اللە ئۆزى بىر تەرەپ قىلىدۇ».

مانا بۇ، مۇرجىئىلەرنىڭ ئىماننىڭ تەقەززالىرىنى چۈشىنىشتە ئەڭ كەتكۈزۈپ قويغان بىر تەرىپى. قارىماققا ئۇلارنىڭ بۇ سۆزى توغرىدەك كۆرۈنىدۇ، بىراق ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس.

دەرۋەقە كىمدە كىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: «اللەتىن باشقا مەئبۇد بەرھەق يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللەنىڭ پەيغەمبىرى» دەپ شاھادەت ئېيتسا، ئۇ شۇ ھامان مۇسۇلمان دەپ قارالدى. گەرچە بۇ شاھادەتكە دىلىدا ئىشەنمىسىمۇ مۇسۇلمانلار قاتارىغا ئۆتەلدى.

لېكىن بۇنى «بۇ دۇنيادا مۇسۇلمان دېگەن نامغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن پەقەت كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزىدىن چىقىرىشىلا كۇپايە قىلىدۇ، ئەمەل قىلىش تەلەپ قىلىنمايدۇ» دېگەن كۆز قاراشقا دەلىل قىلىش تۈپتىن خاتادۇر.

بۇنىڭغا مۇرتەدلىك مەسىلىسى ئەڭ چوڭ دەلىل. مۇرتەدلەرمۇ كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزىدىن چىقىرىپ تۇرىدۇ. لېكىن ئۇ، كەلىمە شاھادەتنىڭ بىرەر تەقەززاسىنى ئىنكار قىلىدۇ. مەسىلەن، نامازنى ياكى روزىنى ياكى زاكاتنى ياكى اللهنىڭ شەرىئىتىنى قانۇن قىلىشنى ئىنكار قىلىدۇ. بۇنداق مۇرتەد تەۋبە قىلمىسا، ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىكى جازاسى ئۆلۈم، ئاخىرەتتىكى جازاسى دوزاختا مەڭگۈ قېلىش.

الله ئۆزى تەلەپ قىلمىغان، پەرز قىلمىغان، بىلدۈرمىگەن بىر ئىشنى قىلمىدىڭ دەپ، بىرەركىمنى بۇ دۇنيادا ئۆلۈمگە بۇيرۇپ، ئاخىرەتتە دوزاختا مەڭگۈ كۆيدۈرەرمۇ؟ ئەڭ ئادىل الله شۇنداق قىلارمۇ؟!

بىز مۇرجىئىلەر ۋە ئۇلارنىڭ قۇيرۇقچىلىرى كەلتۈرگەن دەلىلگە قارىساقلا ھەممە ئىش ئايدىڭلىشىدۇ. ئەينى ۋاقىتدا كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزىدىن چىقىرىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلار قاتارىغا ئۆتكەن ئادەم ئىماننىڭ مەلۇم ئەمەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى، ئۇنى ئىنكار قىلسا مۇرتەد بولۇپ، دۇنيادا ئۆلۈمگە، ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك دوزاخقا مەھكۇم بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. بىلمىگەن بولسا مۇرتەد ھېسابلانمايتتى.

شۇنداق ئەمەسمۇ؟ كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزىڭىزدىن چىقارسىڭىزلا، بۇ شاھادەتنىڭ تەقەززاسىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرۇپمۇ مۇسۇلمان بولالايسىز دەيدىغان ئىش بولسا، نېمىشا ئۇ كەلىمە شاھادەتنىڭ بىر تەقەززاسىنى ئىنكار قىلغان ھامان مۇرتەد بولۇپ كېتىدۇ؟

ناھايىتى ئېنىقكى، ئەينى ۋاقىتدا كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزىدىن چىقىرىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلار قاتارىغا ئۆتكەن كىشىلەر كەلىمە شاھادەتنىڭ اللهنىڭ دەرگاھىدىن كەلگەن ئىلاھىي قانۇنلارغا رىئايە قىلىشنى ۋە اللهنىڭ شەرىئىتىنى ھۆكۈمدار قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلگەن.

بەزىلەر مۇنداق دېيىشى مۈمكىن: ناۋادا مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن

ئىلاھىي قانۇنغا رىئايە قىلىش شەرت بولسا، نېمىشقا بۇ شەرتنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلىمە شاھادەت ئېيتىش شەرتىنى ئوچۇق دېگەندەك ئوچۇق دېمىگەن؟

بۇنىڭغا جاۋابەن ئېيتىمىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ قىشىغا ئىمان ئېيتقىلى كەلگەنلەرگە: «ناماز ئوقۇشۇڭ شەرت، زاكات بېرىشىڭ شەرت، روزا تۇتۇشۇش شەرت، قادىر بولالىساڭ ھەج قىلىشىڭ شەرت، اللهنىڭ شەرىئىتىنى ھۆكۈمدار قىلىشىڭ شەرت» دەپ ئىمانىنىڭ بۇ تەقەززالىرىنى ئوچۇق دېمىدى. بەلكى مۇنداق دېدى: «**أمرت أن أقاتل الناس حتى يقولوا لا إله إلا الله ، فإن قالوها عصموا مني دماءهم وأموالهم وأعراضهم ، إلا بحقها**» «مەن كىشىلەر بىلەن تاكى ئۇلار كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزىدىن چىقارغىچە ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. ئۇلار كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزىدىن چىقارسا، قانلىرى، ماللىرى ۋە ئابرويلىرىنى ساقلاپ قالىدۇ»[1]. شۇنداق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزىدىن چىقىرىشنىلا سۆزلەپ، كەلىمە شاھادەتنىڭ تەقەززاسىنى ئوچۇق سۆزلىمىدى. ئەمما تەلىمات بېرىش باسقۇچىغا كەلگەندە ئىمانىنىڭ تەقەززالىرىنى تەكىتلىدى. ئۇ، مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يەمەنگە دىن ئۆگىتىشكە ئەۋەتكەندە مۇنداق دەيدۇ: «**إنك تقدم على قوم أهل كتاب فليكن أول ما تدعوهم إليه عبادة الله – عز وجل – فإذا هم عرفوا ذلك فأخبرهم أن الله فرض عليهم خمس صلوات في يومهم وليلتهم ، فإذا فعلوا فأخبرهم أن الله فرض عليهم زكاة تؤخذ من أغنيائهم فترد على فقرائهم** ...» «سەن ئەھلى كىتاب بولغان بىر قەۋمنىڭ قېشىغا كېتىۋاتىسەن. ئۇلارنى ئەڭ ئاۋۋال اللهقا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرغىن، ئۇلار بۇنى بىلىپ بولسا، ئۇلارغا اللهنىڭ بىر كېچە-كۈندۈزدە بەش ۋاقىت نامازنى پەرز قىلغانلىقىنى ئېيتقىن، ئۇلار ناماز ئوقۇسا، ئۇلارغا اللهنىڭ

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

بايلاردىن ئېلىپ، كەمبەغەللەرگە بېرىلىدىغان زاكاتنى پەرز قىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن»[1].

ئىسلام ئۆلىمالىرى ئېيتقاندەك، بۇ تەلىماتتا ئىماننىڭ تەقەززا-لىرى ئېنىق بىلدۈرۈلدى. يەنى كەلىمە شاھادەتنى ئېيتىپ، دىنغا كىرمەكچى بولغانلار مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدى. ھەم يەنە شۇنى بىلدىكى، اللە بۇ دىنىنى قوبۇل قىلغان كىشىلەرگە بىرقانچە خىل ھۆكۈم ۋە پەرزلەرنى بېكىتكەن بولۇپ، ئىسلامىي جەمئىيەتتىكى ھەرقانداق ئىش اللە بېكىتكەن بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. دىنغا كىرمەكچى بولغانلار دىنغا كىرمەي تۇرۇپ بۇنى بىلگەچكە، ئىماننىڭ تەقەززالىرىنىڭ بىرەرىدىن يېنىۋالغان كىشى مۇرتەد ھېسابلىنىپ جازاغا تارتىلىسا ئادىل جازاغا تارتىلغان بولىدۇ: ﴿**وَتَمَّتْ كَلِمَتُ رَبِّكَ صِدْقًا وَعَدْلًا لَا مُبَدِّلَ لِكَلِمَاتِهِ وَهُوَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ**﴾ ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ سۆزى ناھايىتى راستۇر، ناھايىتى ئادىلدۇر، ئۇنىڭ سۆزىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان ھېچ كىشى يوقتۇر. اللە (بەندىلەرنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾[2].

ئىسلامىي جەمئىيەتنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەمەلىي ئەھۋالىغا قارىغاندىمۇ، ئەينى ۋاقىتتا كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزىدىن چىقىرىپ، مۇسۇلمانلار قاتارىغا ئۆتمەكچى بولغانلارنىڭ كەلىمە شاھادەتنىڭ تەقەززالىرىنى بىلگەنلىكى ئېنىق. ئىسلامىي جەمئىيەت ۋۇجۇدقا كەلگەندىن باشلاپ ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى مەلۇم ئەمەلىي ھەرىكەتلەر بىلەن ئىپادىلىدى، خىيالىي پەرەز شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىقمىدى. دېمەك، شاھادەت ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغىلى كەلگەنلەر مۇسۇلمان بولماي تۇرۇپلا كۈندە ناماز ئوقۇش كېرەكلىكىنى، يىلدا روزا تۇتۇش كېرەكلىكىنى، زاكات

[1] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] سۈرە ئەنئام، 115-ئايەت.

www.uyghurkitap.com

بېرىش كېرەكلىكىنى، قادىر بولالىسا ھەج قىلىش كېرەكلىكىنى، يەنە مۇسۇلمانلار رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك مۇئەييەن قانۇنلارنىڭ، ھالال-ھارامنىڭ بارلىقىنى، كەلىمە شاھادەتنىڭ بۇ تەقەززالىرىغا رىئايە قىلماي تۇرۇپ مۇسۇلمان بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى، ناۋادا كەلىمە شاھادەتنىڭ بىرەر تەقەززاسىغا ئىنكار قىلىپ قويسا، مۇرتەدلىكنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. ئۇلارنىڭ بۇنى بىلمەي تۇرۇپ، مۇسۇلمان بولىمەن دەپ ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشى مۇمكىنمۇ؟ ياق، ئۇلار مۇسۇلمان بولماي تۇرۇپلا اللهنىڭ شەرىئىتىگە رىئايە قىلىش، ئۇنىڭغا قارشى چىقماسلىق ئىرادىسىگە كېلىپ بولغان.

ئۇلارنىڭ شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى تولۇق بىلمەسلىكى تەبىئىي. شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى پەقەتلا ھازىردىن باشقا كىشىلەر تولۇق بىلىپ بولالمايدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ شەرىئەتكە رىئايە قىلىش پرىنسىپىنى بىلمەسلىكى، شەرىئەتكە رىئايە قىلىشنىڭ ئىماننىڭ تەقەززاسى ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئەينى ۋاقىتتا مۇسۇلمان بولغىلى كەلگەنلەردىن كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزىدىن چىقىرىشلا تەلەپ قىلىنىپ، بۇ شاھادەتنىڭ تەقەززاسى بولغان ناماز، زاكات، روزا، ھەجنى ئىقرار قىلىش ۋە شەرىئەتنىڭ ھۆكۈملىرىگە رىئايە قىلىشنى ئىقرار قىلىش تەلەپ قىلىنمىدى. چۈنكى ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئۆگىتىش باسقۇچى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئىماننىڭ مەلۇم تەقەززالارغا ئىگە ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم بولغان ئىدى. كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزىدا دەپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ بىرەر تەقەززاسىنى ئىنكار قىلغانلارغا دۇنيادا مۇرتەدلىكنىڭ جازاسى بېرىلىپ، ئاخىرەتتە دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغانلىقى ھەممە كىشىگە ئايدىڭ ئىدى.

ئىسلامىي جەمئىيەتتە ئىماننىڭ تەقەززالىرىغا رىئايە قىلىش بەزى ئادەملەر ئويلىغاندەك، ھەقىقىي مۇسۇلمانلارنىڭلا ئىشى ئەمەس ئىدى.

بەلكى كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزىدىن چىقارغان ھەربىر ئىنساننىڭ ئىشى ئىدى. گەپ - سۆزلىرىنىڭ ئورانىدىن، نامازنى ئادا قىلىشتىكى ياكى باشقا ئەمەللەردىكى سۇسلىقىدىن مۇناپىقلىقى بىلىنىپ قالىدىغان، دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغان مۇناپىقلارمۇ كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزىدىن چىقارغانلىقلىرى ئۈچۈن ئىماننىڭ تەقەززا-لىرىنى ئىجرا قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. ئۇنداق قىلمىغاندا مۇسۇلمانلار قاتارىغا ئۆتەلمەيتتى-دە، ھاياتىنىمۇ ساقلاپ قالالمايتتى. ئۇ ھېچ بولمىغاندا ناماز ئوقۇماي، شەرىئەتنىڭ قانۇنلىرىغا بويسۇنماي تۇرالمايتتى.

ناماز ئوقۇش، شەرىئەتنىڭ قانۇنلىرىغا بويسۇنۇش ئىسلامىي جەمئىيەتتە مۇسۇلمانلار قاتارىغا ئۆتۈپ، مۇرتەدلىكنىڭ جازاسىدىن قۇتۇلۇپ قېلىشنىڭ شەرتى ئىدى. بۇ جەھەتتە ھەقىقىي مۇسۇلمانلار بىلەن زاھىرەن مۇسۇلمان بولغان مۇناپىقلار ئوخشاش ئىدى. بۇ، ھەقىقىي مۇسۇلمان بىلەن مۇناپىقنىڭ پەرقىنى ئايرىيدىغان ئۆلچەم ئەمەس ئىدى. بۇ ئىككىسىنى ئايرىيدىغان ئۆلچەم شۇ ئىدىكى، ھەقىقىي مۇسۇلمان اللەنىڭ ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ، چىن قەلبى بىلەن ئىشىنىپ ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئەمەل قىلاتتى. مۇناپىق جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈنلا ئەمەل قىلاتتى.

دېمەك، اللەنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان ئىسلامىي جەمئىيەتتە مۇسۇلمان دېگەن نامغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ھېچبولمىغاندا كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزىدىن چىقىرىش بىلەن بىللە ئىماننىڭ تەقەززالىرىدىن نامازنى ئادا قىلىشقا ۋە شەرىئەت قانۇنىنى ئېتىراپ قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ئىسلام تارىخىدا بۇ مەسىلىنى ئون ئۈچ ئەسىر داۋامىدا ھەممە كىشى شۇنداق تونۇپ ۋە ئىجرا قىلىپ كەلدى.

مۇرجىئىلەر يەنە ئۆز كۆز قارىشىغا دەلىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇسامە ئىبنى زەيد كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزىدىن چىقارغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەندى ۋە

ئۇسامىگە قاتتىق كايىدى: «كەلىمە شاھادەت ئېيتقان ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتتىڭمۇ؟ سەن ئۇنىڭ قەلبىنى يېرىپ باققانمۇ؟» دېگەن سۆزنى قايتا-قايتا تەكرارلاپ، ئۇسامىنىڭ: «ئۇ ئادەم قىلىچتىن قورقۇپ شۇنداق دەپ قويدى، ھەقىقى ئىمان ئېيتمىدى» دېگەن ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلمىدى.

بۇ ۋەقەدە مۇرجىئىلەرنىڭ كۆز قارىشىغا دەلىل بولغۇدەك ھېچنەرسە يوق. چۈنكى كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزىدىن چىقارغان كىشىنى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ. لېكىن ئۇنىڭ شۇ سۆز بىلەنلا مۇسۇلمانلارنىڭ قاتارىغا ئۆتەلىشى ياكى ئۆتەلمەسلىكى ئايرىم بىر مەسىلە. اللهنىڭ ھۆكمىدە كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزىدىن چىقارغان كىشىنى گەرچە ئۇ، جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن دېگەن بولسىمۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ. ئەمما ئۇ، ئىسلامنىڭ ھۆكۈملىرىگە رىئايە قىلمىسا، يەنە ئۇنىڭغا مۇسۇلمانلار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىشى مۇمكىن ئەمەس، يەنى ئۇ كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزىدىن چىقارغاندىن كېيىن ناماز ۋاقتى كەلگەندە ناماز ئوقۇغىلى ئۇنىمىسا، ئۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟ ئۇنىڭ ھۆكمى شۇكى، ئۇ مۇرتەد بولىدى. ئۇنىڭغا مۇرتەدلىكنىڭ جازاسى بېرىلىدۇ.

دېمەك، كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزىدىن چىقىرىش ئۇنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالىدۇ. لېكىن ئۇ نازارەت قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ كەلىمە شاھادەتنىڭ تەقەززالىرىغا رىئايە قىلسا، (گەرچە مۇناپىقلىق بىلەن بولسىمۇ) بۇ دۇنيادا مۇسۇلمان دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاخىرەتتىكى ئىشىنى الله ئۆزى بىر تەرەپ قىلىدۇ. ناۋادا ئۇ ئىمانىنىڭ تەقەززالىرىغا رىئايە قىلغىلى ئۇنىمىسا، ئېغىزىدىن چىقارغان كەلىمە شاھادەتنىڭ تەقەززاسىدىن يېنىۋالغانلىقى ئۈچۈن مۇرتەدلىكنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ.

ھەر قانداق ئەھۋالدا بىر ئادەمنىڭ بۇ دۇنيادا مۇسۇلمان دېگەن نامغا ئىگە بولۇشى ئۈچۈن كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزىدىن چىقىرىشى بىلەن بىللە ئۇنىڭ تەقەززالىرىغا رىئايە قىلىشى شەرت بولىدۇ.

كېيىنكــى دەۋرلەردە ئىســلامىي جەمئىيەتــتە خىلمــۇ - خىــل گۇنــاھ - مەئسىيەتلەر پەيدا بولغان ۋە ئىزچىل كـۆپەيگەن بولســىمۇ، ئەممــا اللەنىــڭ شەرىئىتى بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ۋە ناماز ئوقۇشتىن ئىبارەت ئىككــى ئاساسى نۇقتا دەخلىگە ئۇچرىمىدى.

مۇرجىئىلەر يەنە ئۆز كــۆز قارىشــىغا دەلىــل كەلتــۈرۈپ مۇنــداق دەيــدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر دېدەكتىن: «الله قەيەردە؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇ دېدەك ئاسماننى ئىشارەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: «مەن كىم؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇ دېدەك: سەن اللەنىــڭ پەيغەمبــىرى دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ دېدەكنىڭ خوجايىنىغا مۇنــداق دېدى: «بۇ دېدەكنىڭ ئىمانى باركەن، ئۇنى ئازات قىلغىن!» مانــا بــۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېدەكنىڭ كەلىمە شاھادەتنى ئىقــرار قىلىشــىغا قاراپلا، ئۇنىڭ ئىمانى باركەن دېدى. نــاۋادا ئىمــان بولــۇش ئۈچــۈن كەلىــمە شاھادەتنى ئىقــرار قىلىشــتىن باشــقا شــەرت بولغــان بولســا، ئــۇ دېــدەكنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇئمىنكەن دېمىگەن بولاتتى.

مانا بۇ، كونا ۋە يېڭى مۇرجىئىلەرنىــڭ «كەلىــمە شــاھادەتنى ئېيتىــدىن چىقىرىش بىلەنلا دۇنيــا ۋە ئــاخىرەتتە تەلەپكە لايــق مۇســۇلمان بــولغىلى بولىدۇ» دېگەن كۆز قارىشىنى ئىســپاتلاش ئۈچــۈن كۆتــۈرۈپ چىققــان ئەڭ چوڭ دەلىلى.

بۇرۇنقى ئۆلىمالار ئۇلارنىڭ بۇ دەلىلگە رەددىيە بەرگەن.

ئىمام شاتىبي (الله ئۇنىڭغــا رەھــمە قىلســۇن) مۇنــداق دەيــدۇ: «ئــايرىم ۋەقەلەر ئارقىلىق نەس (قۇرئاننىڭ ئايىتى ۋە ھەدىس)نىڭ ھۆكمىنى بۇزغىلى بولمايدۇ. چۈنكى نەس دەلىل جەھەتتە ئــايرىم ۋەقەلەردىــن كۈچلــۈكرەك ۋە سەھىھراق».

ئىمام ئىبنى تەيمىيــيە (الله ئۇنىڭغــا رەھــمە قىلســۇن) مۇنــداق دەيــدۇ: كەلىمە شاھادەتنى ئېيتىدىن چىقارغانلارغــا دۇنيــادا مۇســۇلمانلار قاتارىــدا

مۇئامىلە قىلىنىدۇ، جۈملىدىن ئۇنى مۇسۇلمان قۇلنى ئازات قىلىدىغان جايدا ئازات قىلغىلى بولىدۇ. لېكىن كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزدىن چىقارغانلىقىغا قاراپلا ئۇنى مۇسۇلمان دەپ كەتكىلى بولمايدۇ...

مەيلى شاتىبىينىڭ سۆزىدە بولسۇن ياكى ئىبنى تەيمىيىنىڭ سۆزىدە بولسۇن، بۇ مەسىلە مۇنداق بىر يىلتىزغا باغلانغان: كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزدىن چىقارغان كىشى ئىماننىڭ تەقەززالىرىغا رىئايە قىلىدۇ دەپ قارىلىدۇ. چۈنكى مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن كەلىمە شاھادەتنىڭ تەقەززالىرىغا رىئايە قىلىشنىڭ شەرت ئىكەنلىكى ھەممە كىشىگە ئايان ئىدى. كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزدىن چىقارغان كىشى كەلىمە شاھادەتنى ئىقرار قىلغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى كەلىمە شاھادەتنىڭ تەقەززالىرىغا رىئايە قىلىدۇ، دەپ قارالغانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمانلار قاتارىغا ئۆتەلەيدۇ. ناۋادا ئۇ، كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزىدىن چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن ئىماننىڭ بىرەر تەقەززاسىدىن يېنىۋالسا، مۇرتەدلىكىنىڭ جازاسىغا ئۇچراۋېرىدۇ. كەلىمە شاھادەتنىڭ تەقەززاسى بارلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن دېگەن باھانىلىرى ئاقمايدۇ. ئىسلام شەرىئىتى ئىجرا قىلىنغان ئون ئۈچ ئەسىر داۋامىدا شەرىئەتنىڭ ھۆكۈملىرىنى بىلمىسە، سوراپ بىلگەنلەر كۆپ ئوتتۇرىغا چىققان، ئەمما كەلىمە شاھادەتنىڭ تەقەززالىرى بارلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن دېگەن كىشىلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ باقمىغان.

مۇرجىئىيلەر ئەڭ ئاخىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسلىرىنى ئۆز كۆز قاراشلىرىغا دەلىل قىلىدۇ: «**من قال لا إله إلا الله دخل الجنة**» «كىمدە كىم اللهتىن باشقا مەئبۇدى بەرھەق يوق دېسە، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ».

«من مات وهو يعلم أنه لا إله إلا الله دخل الجنة» «كىمدە كىم اللهتىن باشقا مەئبۇد بەرھەقنىڭ يوقلىقىنى بىلگەن ھالدا ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ».

بەزى ئۆلىمالار بۇ مەزمۇندىكى ھەدىسلەر مەككىدە ئىماننىڭ تەقەززالىرى بىكىتىلىشتىن بۇرۇن سۆزلەنگەن، مەدىنىدە ئىماننىڭ تەقەززالىرى بىكىتىلگەندىن كېيىن مەزكۇر ھەدىسلەرنىڭ ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان دەيدۇ. بۇنداق دېيىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.

ھاپىز مۇنزىرى مۇنداق دەيدۇ: «بىر قىسىم نوپۇزلۇق ئىلىم ئەھلىلىرى، جۈملىدىن زەھھاك، سۇفيان سەۋرى قاتارلىقلار مۇنداق دەپ قارايدۇ: كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزىدىن چىقارغان كىشى جەننەتكە كىرىدۇ ياكى دوزاخ ئۇنىڭغا ھارام بولىدۇ دېگەن مەزمۇندىكى ھەدىسلەر ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئېيتىلغان. ئىماننىڭ تەقەززالىرى بولغان پەرزلەر ۋە ھۇدۇدلار بېكىتىلگەندىن كېيىن، مەزكۇر ھەدىسلەرنىڭ ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. بۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ ۋە كۈچلۈك دەلىللەر بار. يەنە بىر قىسىم ئىلىم ئەھلىلىرى مۇنداق دەيدۇ: مەزكۇر ھەدىسلەرنىڭ ھۆكمى ئەمەلدىن قالغان دېيىشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى دىنىنىڭ رۇكنى بولغان، ئىسلامدا پەرز دەپ بېكىتىلگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى كەلىمە شاھادەتنى ئىقرار قىلىشنىڭ تەقەززاسى ۋە ئۇنىڭ داۋامى بولۇپ، بىر كىشى كەلىمە شاھادەتنى ئىقرار قىلىپ بولغاندىن كېيىن پەرزلەرنى ئىنكار قىلسا ياكى سۇسلۇق قىلسا، ئۇنىڭغا كاپىر دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ».

ئىبنۇل قەييىم مۇنداق دەيدۇ: «اللهتىن باشقا ياراتقۇچى يوق، الله ھەممە نەرسىنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە ئىگىسى دەپ ئىقرار قىلىش بىلەنلا تەۋھىد پۈتمەيدۇ. چۈنكى ئەينى ۋاقىتتىكى بۇتقا چوقۇنىدىغان مۇشرىكلاردىمۇ شۇنداق ئىقرار بار ئىدى. اللهنى ياخشى كۆرگەن، اللهقا بويسۇنغان، اللهتىن ئەيمەنگەن، ئىبادەتنى پەقەت خالىس اللهقىلا قىلغان، ھەممە سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىدە اللهنىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەن، گۇناھ-مەئسىيەتكە سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنى يامان كۆرگەندىلا ئاندىن تەۋھىد ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. اللهنى مۇشۇنداق تونۇغان كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسلىرىنى چۈشىنەلەيدۇ: «كىمدە كىم اللهنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ،

اللهتىن باشقا مەئبۇدى بەرهەق يوق دېسە، اللهئۇنى دوزاخقا هارام قلىدۇ»، «اللهتىن باشقا مەئبۇدى بەرهەق يوق دېگەن كىشى دوزاخقا كرمەيدۇ». بۇ مەزمۇندىكى هەدسنى نۇرغۇن ئادەملەر چۈشنەلمەي، گاهلىرى مەنسۇخ دەپ گۇمان قلدىگاهلىرى بۇ هەدسلەر ئەمرى-نەهيىلەر كېلىپ شەرئەت هۆكۈملرى بكتىلشتىن بۇرۇن دېيىلگەن دەپ گۇمان قلىدى، گاهلىرى دوزاختا مەڭگۈ قالمايدۇ دېگەن بولىدۇ دەپ ناتوغرا ئىزاهلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام مەزكۇر هەدسلەرنى بايان قلغاندا هەرگىزمۇ كەلمە شاهادەتنى ئېغىزدىن چقرشنىڭ ئۆزىلا بىر كشىنى جەننەتكە كرگۈزىدۇ دېمەكچى ئەمەس ئىدى. چۈنكى بۇنىڭ بىلەنلا جەننەتكە كرگىلى بولمايدىغانلقى هەممە كىشگە ئايان ئىدى. مەسلەن: مۇناپىقلار كەلمە شاهادەتنى ئېغىزدىن چقارغان بىلەن ئۇنىڭ مەزمۇنغا دىلدا ئىشەنمىگەنلكتىن دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا كەلمە شاهادەتنى ئېغىزدىن چقارغان كشى ئۇنىڭ مەزمۇنغا دىلدا تەستىق قلغان، ئېغىزدا ئقرار قلغان ۋە ئۇنىڭ تەقەززالرىغا ئەمەل قلغاندىلا هەقىقى تەۋهدگە ئېرىشىپ، دوزاختىن قۇتۇلۇپ، جەننەتكە كرەلەيدۇ. يۈز كىشنى ئۆلتۈرگەن قاتلنىڭ دىلدا تەۋهد بولغاچقا، ئۇ تەۋبە ئىزدەپ، بىر كەنتكە قاراپ ماڭىدۇ. ئۇ يولدا سەكراتقا چۈشكەندىمۇ بىر ئامالارنى قلىپ كەنت تەرەپكە سۈرلىدۇ. ئاخرى ئۇنىڭغا تەۋبە قوبۇل بولىدىغان كەنتتكى ياخشى كىشلەر قاتارىدا مۇئامىلە قلىنىدۇ. بۇنى ئوبدان ئويلىنىش كېرەك!»

الله، اللهتىن باشقا مەئبۇد بەرهەق يوق دېگەن، قەلبلرىدە زەررىچىلىك ياخشلىق بار كىشلەرنى ياكى هېچقانداق ئەمەل قلمىغان كىشلەرنى دوزاختىن قۇتقۇزۇپ چىقارسا، بۇ، اللهنىڭ ئىشى، پەزلى ۋە مەرهمىتىدۇر.

لېكىن بۇ جەهەتتە بىر ئىشقا دىققەت قىلش كېرەك:

الله ئۆز بەندىلرىگە هۆكۈم چىقرىپ، گۇناهكارلارنى دوزاخقا، تەلەپكە

لايىق ئىمان ئېيتقانلارنى جەننەتكە كىرگۈزۈپ، شاپائەتكە ئېرىشەلمىگەنلەر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن اللە خالىغان مۇددەتتە دوزاختا تۇرغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنى اللە ئۆزىنىڭ پەزلى - مەرھەمىتى بىلەن جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. بۇ ھېچقانداق ئەمەل قىلمىغان كىشىلەرنىڭ ئاقىۋىتى. ئەمدى بىز مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە قېلىشنى ئۆزىمىزگە غايە قىلىپ، شۇنىڭغا تىرىشىشىمىز كېرەكمۇ؟!

بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن بىر مىسال بايان قىلايلى، اللەنىڭ ئىشى بەندىنىڭ ئىشىغا ھەرگىز ئوخشىمايدۇ.

مېھىر - شەپقەت كومىتېتى دەيدىغان بىر كومىتېت قۇرۇلدى. بۇ كومىتېت ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىنى قايتا - قايتا مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، بار كۈچى بىلەن تىرىشىپ ئۆگەنگەن ئەمما ئىمتىھاندىن ئۆتۈشكە قۇربى يەتمىگەن ئوقۇغۇچىلارغا مېھرىبانلىق بىلەن ئېتىبار بېرىپ، ئىمتىھاندىن ئۆتكەن قىلىپ قويىدى.

بۇ ئەھۋالدا ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش باشلىغاندىلا مېھىر-شەپقەت كومىتېتى بولغاندىكىن تىرىشىپ ئۆگەنمىسەكمۇ بولىدۇ، دەپ قاراپ قالسا، ئوقۇتۇشنىڭ نىشانى ئىشقا ئاشامدۇ؟! ئىمتىھاننىڭ رولى بولامدۇ؟! ئوقۇتقاننىڭ پايدىسى بولامدۇ؟!

مەزكۇر كومىتېت ئىمتىھاندىن كېيىن ھەقىقەتەن تىرىشىپ ئۆگەنگەن، ئەمما ئۆتۈشكە قۇربى يەتمىگەن ئوقۇغۇچىلارغا ئېتىبار بەرگەندە، تىرىشىپ ئۆگەنمىسە، ئىمتىھاندىن ئۆتەلەيدىغان، ئەمما ئويۇننىڭ كەينىگە كىرىپ، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، ئىمتىھاننى كۆزگە ئىلماي يۈرگەن بىغەرەزلەرگىمۇ ئېتىبار بېرەرمۇ؟

يەنە بىر قېتىم ئېيتىمىزكى، اللەنىڭ رەھمىتى كەڭ، خالىغان كىشىگە جەننەت بېرىدۇ. اللەتىن گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلىشنى، يامانلىقلىرىمىزنى ئۆچۈرۈۋېتىشنى، ئاجىزلىرىمىزغا رەھىم قىلىشنى،

كەتكۈزۈپ قويغان تەرەپلىرىمىزنى ئەپۇ قىلىشنى ۋە خاتالىقلىرىمىزنى تۈزەپ قويۇشنى سورايمىز.

بىز شۇنداق قارايمىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزكۇر ھەدىسلىرىدە ھېچكىمنىڭ اللهنىڭ رەھمىتىدىن نائۈمىد بولماسلىقى كېرەكلىكىنى بايان قىلىش مەقسەت قىلىنغان. مۇرجىئىلەر ئېيتقاندەك، ئەمەلىيتى يوق ئىسلامنى بايان قىلىپ، ئاندىن الله دېمەكچى بولغان ئىسلام مۇشۇ دەپ دەۋا قىلىش مەقسەت قىلىنمىغان. دەلىلىمىز شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇئاز: «**يا رسول الله أفلا أبشر الناس ؟ قال : " لا تبشرهم فيتكلوا**» «كىشىلەرگە بىشارەت بېرەيمۇ؟» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلارغا بېشارەت بەرمىگىن، ئۇلار بۇ سۆزنىڭ زاھىرى مەنىسىگە يۆلىنىۋالمىسۇن»[1] دېگەن.

الله گۇناھكارلارغا ئاخىرەتتە ئۇلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرىنىڭ جازاسىنى تېتىتقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ پەزلى - مەرھەمىتى بىلەن ئۇلارنى دوزاختىن قۇتقۇزۇپ، جەننەتكە كىرگۈزسە، بۇ اللهنىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتىدۇر. بۇنىڭغا قاراپلا پۈتۈن مۇسۇلمانلار ياكى كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلار الله ئۆزىنىڭ رەھمىتى بىلەن دوزاختىن قۇتقۇزغىچە دوزاختا كۆيدىغان چۈشكۈنلەر قاتارىدىن بولۇۋالسا، دۇنيادا دىنىنىڭ غايىسى ئىشقا ئاشامدۇ؟

بىز مۇسۇلمانلارنىڭ بۈگۈن كۈندىكى رېئال ئەھۋالىمىز بۇ مەسىلىگە ئەڭ ياخشى شاھىد. تەستىق ۋە ئىقرار بىلەنلا مۇسۇلمان بولىمىز، دەپ ئەمەلنى تاشلاپ قويۇۋېدۇق، ئاجىزلاشتۇق، خورلاندۇق، دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىدا مەغلۇب بولدۇق، قانلىرىمىز تۆكۈلدى، ماللىرىمىز بۇلاڭ - تالاڭ قىلىندى، ئىززەت-ئابرويلىرىمىز دەپسەندە قىلىندى. سەلدىكى كۆپۈكچىلەرگە ئوخشاپ قالدۇق. اللهنىڭ دىنى زايا بولدى، دىنىنىڭ نازىل قىلىنىشتىكى

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

نىشانى ئىشقا ئاشمىدى. اللهبىزدىن مۇشۇنداق ئىماننى قوبۇل قىلارمۇ؟ مۇشۇنداق ئىماننى ئەسلى ئىمان دەۋالساق، ھەممە ئىشتا شۇ ئىماننى ئۆلچەم قىلىۋالساق توغرا قىلغان بولارمىزمۇ؟

جەمئىيەتتە كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ ئىمانى كۈچلۈك، ئىماننىڭ تەقەززالىرىغا ئەمەل قىلىشى چىڭ بولسا، ئىمانى ئاجىزلار، ھورۇنلار، دىنى خىزمەتنى كېيىن تارتقۇچىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي ئۆز يولىنى داۋاملاشتۇرالايدۇ، نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ. لېكىن جەمئىيەتتىكى كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ ئىمانى ئاجىزلىشىپ كەتسە، ھورۇنلىشىپ كەتسە، دىنى خىزمەتنى كېيىن تارتىدىغان بولۇپ كەتسە، نېمە ئىش قىلالايدۇ؟ قانداق نەتىجە قازىنالايدۇ؟

باراقسان بىر دەرەخنىڭ قىسمەن يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ سولىشىپ كەتسە، بەلكى بەزى شاخلىرى سۇنۇپ كەتسە، بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق. دەرەخ يەنىلا مېۋە بېرىۋېرىدۇ. لېكىن بۇ دەرەخنىڭ ھەممە يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ سولىشىپ كەتسە، بۇنداق دەرەخ قۇرۇپ كەتمەي قالاتتىمۇ؟!

الله دوزاخقا كىرىپ، بىر مەزگىل ئوتتا كۆيۈپ پاكلانغان ئىمانى ئاجىزلارنى دوزاختىن قۇتقۇزسا، بۇ اللهنىڭ بەندىلىرىگە قىلغان مەرھەمىتىدۇر. ئەمدى بىز الله مۇئمىنلەردىن مۇشۇنداق ئاجىز ئىماننى تەلەپ قىلغان، بۇنىڭدىن كۆپ ئىماننى تەلەپ قىلمىغان دېسەك توغرا بولامدۇ؟

سۆزىمىزنى يەنە تەكرارلايمىز. الله ئۆزىنىڭ مەرھەمىتى بىلەن خالىغان كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. لېكىن تەكلىپلەرنى مۇئمىنلەرگە شۇ الله يەرز قىلدى. شۇ الله «ئەمەل قىلماي قۇرۇق ئارزۇ قىلغان بىلەن جەننەتكە كىرگىلى بولمايدۇ» دېدى. ﴿**لَيْسَ بِأَمَانِيِّكُمْ وَلَا أَمَانِيِّ أَهْلِ الْكِتَابِ مَنْ يَعْمَلْ سُوءًا يُجْزَ بِهِ وَلَا يَجِدْ لَهُ مِنْ دُونِ اللَّهِ وَلِيًّا وَلَا نَصِيرًا وَمَنْ يَعْمَلْ مِنَ الصَّالِحَاتِ مِنْ ذَكَرٍ أَوْ أُنْثَى وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَأُولَئِكَ يَدْخُلُونَ الْجَنَّةَ وَلَا يُظْلَمُونَ نَقِيرًا**﴾(الله ۋەدە قىلغان ساۋاب ) سىلەرنىڭ قۇرۇق ئارزۇيۇڭلار ۋە ئەھلى كىتابنىڭ قۇرۇق ئارزۇسى بىلەن قولغا

كەلمەيدۇ، كىمكى بىر يامانلىق قىلىدىكەن، بۇنىڭ ئۈچۈن (دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە) جازالىنىدۇ، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن اللەتىن باشقا (اللەنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان) ھېچقانداق دوست ۋە ھېچقانداق مەدەتكار تاپالمايدۇ. ئەر-ئاياللاردىن مۆئمىن بولۇپ تۇرۇپ ياخشى ئىشلارنى قىلغانلار جەننەتكە داخىل بولىدۇ، ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى قىلچە كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ)﴾[1].

اللەنىڭ ئۆز بەندىلىرىگە بېرىدىغان پەزلى مەرھەمىتى چەكسىزدۇر. بىزنىڭ بۇ ھەقتە ھېچقانداق گېپىمىز يوق. بىز پەقەت زامانىمىزدىكى مۇرجىئىلەرنىڭ مەزكۇر ھەدىسلەردىن خاتا يەكۈن چىقارغانلىقى ئۈستىدىلا توختالماقچىمىز.

قەدىمقى مۇرجىئىلەر گەرچە ئىماننىڭ ئۇقۇمىنى خاتا چۈشەندۈرۈپ، نەزەرىيە جەھەتتە ئەمەل ئىماننىڭ بىر تەركىۋى قىسمى ئەمەس دېگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ناماز ئوقۇش ۋە اللەنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى نۇقتىغا كەلگەندە سۆزىنى يىغىشتۇرىۋالغان. مۇرجىئە ئېقىمىدىكى فەقىھلار فىقھى توغرىسىدا توختالغاندا مۇسۇلمانلىق نامىنى ساقلاش ئۈچۈن بەزى ئەمەللەرنى داۋملىق قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەن. شۇنداق ئەمەللەرنىڭ ئەڭ مۇھىمى ناماز ۋە شەرىئەت بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىدى.

ئەمما ھازىرقى مۇرجىئىلەر بىرەر چەكتە توختايدىغاندەك ئەمەس...

ئۇلار اللەنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزمەيدىغان، ناماز ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىبادەتلەر ئادا قىلىنمايدىغان جەمئىيەتتە دۇنياغا كەلدى. كېيىن مۇرجىئىلىكنىڭ زەھىرىگە يەتكىچە ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىماننىڭ ھەممە تەقەززالىرىنى ئىماننىڭ جۈملىسىدىن چىقىرىۋېتىپ:

[1] سۈرە نىسا، 123- ۋە 124- ئايەتلەر.

«كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزدىن چىقارغان كىشى گەرچە ھېچقانداق ئەمەل قىلمىغان تەقدىردىمۇ مۇئمىن بولىۋېرىدۇ» دەپ بىلجىرلاشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار قەدىمقى مۇرجىئىلەر توختىغان ئىككى چەك، ناماز ۋە شەرىئەت چېكىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كەتتى. شەرىئەت بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزمىگەن جەمئىيەتلەرنىمۇ ئىسلامىي جەمئىيەت دەۋەردى. ئېغىزىدىن كەلىمە شاھادەتنى چىقىرىپ قويغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى مۇسۇلمان دەۋەردى.

بىز ئاۋۋال مۇرجىئىلەر ئۆز قارىشىغا دەلىل قىلغان مۇنۇ ھەدىس ئۈستىدىكى سۆزىمىزگە يېنىپ كېلەيلى: «كىمدە كىم اللهتىن باشقا مەئبۇدى بەرھەق يوق دېسە، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ».

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ ھەدىس مەدىنىدە نازىل بولغان تەكلىپلەر بىلەن مەنسۇخ دېيىشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇنداق مەزمۇندىكى ھەدىسلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكىدەك ھەدىسلىرى بىلەن ئىزاھلانغان:

**«ما من عبد قال لا إله إلا الله ثم مات على ذلك إلا دخل الجنة»** «ھەرقانداق بىر بەندە اللهتىن باشقا مەئبۇدى بەرھەق يوق دېسە، ئاندىن شۇ سۆزى ئۈستىگە ۋاپات بولسا، جەننەتكە كىرىدۇ»[①].

**«من مات لا يشرك بالله شيئا دخل الجنة»** «كىمدە كىم اللهقا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن ھالدا ۋاپات بولسا، جەننەتكە كىرىدۇ»[②].

ئىمان توغرىسىدىكى بۇ ھەدىسلەرنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، بىزگە شۇ ئايدىڭلىشىدۇكى، ئىماننىڭ اللهنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن شېرىكتىن قەتئىي خالىي بولۇشى شەرت. الله بۇ ھەقتە قۇرئان

① مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

② مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

كەرىمدە كەسكىن قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ لَا يَغْفِرُ أَنْ يُشْرَكَ بِهِ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَلِكَ لِمَنْ يَشَاءُ وَمَنْ يُشْرِكْ بِاللَّهِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَالًا بَعِيدًا﴾ ﴿الله ئـۆزىگە بىـرەر نەرسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلۈشىنى (يەنـى مۇشـرىكلىك گۇنـاھىنى) ئەلـۋەتتە مەغپىـرەت قىلمايـدۇ، بۇنىڭـدىن باشـقىنى (الله ئـۆزى) خالىغـان ئـادەمنى مەغپىرەت قىلىدۇ، كىمكـى اللهقـا شـېرىك كەلتۈرىـدىكەن، ئـۇ ھەقىـقەتەن قاتتىق ئازغان بولىدۇ﴾[1].

شـېرىك بىـر نەچـچە تۈرلـۈك بولـىدۇ. ھـازىر خەتـىبلار، تەبلىغچـىلار شـېرىكنىڭ ھوقۇقـدارلارنىڭ چىشـىغا تەگمەيـدىغان تـۈرلىرى ئۈسـتىدە سۆزلەۋاتىدۇ. بەزى شېرىكلەر ھەققىدە زادىلا ئېغىز ئاچمايۋاتىدۇ.

اللەتىن غەيرىگە دۇئا قىلىش، اللەتىن غەيرىـدىن يـاردەم تەلەپ قىلـىش، اللەتـىن غەيـرىگە نەزىـر قىلـىش، اللەتـىن غەيرىنىـڭ نـامى بىـلەن مـال بوغۇزلاش... شەكسىز شېرىكتۇر. بۇ خىـل شـېرىكلەر توغرىسـىدا خەتـىبلار كۆپ سۆزلەۋاتىدۇ.

رىزىق بېرىشتە، پايدا - زىيـان يەتكۈزۈشـتە اللەنىـڭ شـېرىكى بـار دەپ گۇمان قىلىش شەكسىز شېرىكتۇر. بۇ خىل شـېرىكلەر توغرىسـىدا خەتـىبلار كۆپ سۆزلەۋاتىدۇ.

الله نازىل قىلمىغان نەرسىلەرنى قانۇن قىلـىش، بـۇ قانۇنغـا رازى بولـۇش شەكسىز شـېرىكتۇر. كېيىنكـى دەۋردىكـى كىشـىلەر بـۇ ئۇلـۇغ ھەقىقەتنـى بىلمەي قالدى ياكى بىلمەس قىلىۋېتىلدى. ئۇلار شېرىك بىـلەن ئـادەتتىكى گۇناھنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىيالماي، بۇخىل شېرىكنىمۇ مەغپىرەت قىلىنىدىغ ان گۇناھ دەپ قارايدىغان بولدى. ئۇنى زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن مۇباھ، گۇنـاھ بولمايدۇ دەيدىغانلار، بەلكى بۇنىڭدىنمۇ ئەزۋەيلەپ، بۇنـداق مۇشـرىكلىقنى تەرەققـىي قىلغـانلىق، مەدەنىيلەشـكەنلىك، بويۇنتـۇرۇقتىن قۇتۇلغـانلىق

[1] سۈرە نىسا، 116-ئايەت.



www.uyghurkitap.com

دەيدىغانلارمۇ يوق ئەمەس!

بۇنداق خاتا كۆز قاراش قانداق پەيدا بولدى؟

ئەڭ دەسلەپتە خرىستىئانلار ئۆزى بېسىۋالغان جايلاردا ئىسلام شەرىئىتىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. كېيىنچە: «ناماز ئوقۇساڭلار، روزا تۇتساڭلار، شەرىئەت بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزمىسەڭلارمۇ مۇسۇلمان بولىۋېرىسىلەر» دېگەن گەپ پەيدا بولدى.

بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن، خرىستىئان ئىشغالىيەتچىلەر كىشىلەرنى نامازدىنمۇ، روزىدىنمۇ بەزدۈردى. كېيىنچە «كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزىڭدىن چىقارساڭلا مۇسۇلمان بولىۋېرىسەن» دېگەن گەپ پەيدا بولدى.

ئەنە شۇنداق قىلىپ، كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزىدىن چىقارسىلا بۇ شاھادەتنىڭ ھېچقانداق تەقەززاسىنى بەجا كەلتۈرمەي تۇرۇپمۇ مۇسۇلمان بولغىلى بولىدۇ دېگەن قاراش شەكىللەندى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇرجىئىلىك بىلەن زەھەرلەنگەن يېڭى مۇرجىئىلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ: «ھېچقىسى يوق، ئىمان دېگەن دىلدا ئىشىنىش، ئېغىزىدا ئىقرار قىلىش. ئاللاھتىن باشقا مەئبۇدى بەرھەق يوق دېگەن كىشى گەرچە ھېچقانداق ئەمەل قىلمىسىمۇ مۇسۇلمان بولىۋېرىدۇ» دەپ چۇشتى.

بىز يۇقۇرىدا دېگەنلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى تەكرارلاپ ئولتۇرمايمىز. لېكىن بىز ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر مەسىلىنى قايتىلايمىز: ئىمان شېرىكتىن پاكلانسا، ئاندىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولىدۇ. ئىمانغا شېرىك ئارىلىشىپ قالسا، پۈتۈنلەي بۇزۇلىدۇ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ھەرگىزمۇ قوبۇل بولمايدۇ.

كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە بىز كىشىلەرگە تاھارەتنى بۇزىدىغان ئىشلار توغرىسىدا كۆپ سۆزلىدۇق. ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا دىنىي مەكتەپلەردە كۆپ دەرس سۆزلىدۇق. نەچچە يۈز بەتلىك كىتابلارنى يازدۇق. ئەمما ئۇلارغا

www.uyghurkitap.com

ئىمانىنى بۇزىدىغان ئىشلار ھەققىدە سۆزلىمىدۇق. سۆزلىدۇق دېگەنىدىمۇ ئېتىقاد جەھەتتىكى شېرىك، ئىبادەت جەھەتتىكى شېرىك توغرىسىدىلا سۆزلەپ، ئەگىشىش جەھەتتىكى شېرىك ھەققىدە ئېغىز ئاچمىدۇق. بۇنىڭغا مۇنداق خاتا نۇقتىئىنەزەر سەۋەبچى بولدى: «ئەگىشىشتىكى شېرىك <ئەمەلدىكى كاپىرلىق>نىڭ جۈملىسىدىن، مۇنداق كاپىرلىق دىنىدىن چىقىرىۋەتمەيدۇ». بۇ، بىز مۇسۇلمانلارغا كەلگەن يەنە بىر چوڭ مۇسىبەت. بەزىلەر بۇنداق شېرىكنى ئەمەلدىكى كۇپرى دەپ ئۇنىڭغا سەل قارىغان بىلەن الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۇنداق قارىمايدۇ.

ئەدىي ئىبنى ھاتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇۋاتاتتى: ﴿**اتَّخَذُوا أَحْبَارَهُمْ وَرُهْبَانَهُمْ أَرْبَابًا مِنْ دُونِ اللَّهِ وَالْمَسِيحَ ابْنَ مَرْيَمَ وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا إِلَهًا وَاحِدًا لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ سُبْحَانَهُ عَمَّا يُشْرِكُونَ**﴾ ﴿ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھىبرىلىرىنى، راھىبلىرىنى (يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭ دىنىي باشلىقلىرىنى، ئۆلىمالىرىنى) ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى مەبۇد قىلىۋالدى. (ھالبۇكى) ئۇلار (پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق) پەقەت بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا (يەنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللەتىن باشقا) ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، الله ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىرىدىن پاكتۇر﴾[1].

ئەدىي مۇنداق دېدى: «**يا رسول الله ما عبدوهم ! فقال رسول الله – صلى الله عليه وسلم – : ألم يحلوا لهم الحرام ويحرموا عليهم الحلال فاتبعوهم ؟ قال : بلى ! قال : فذلك عبادتهم إياهم**» «ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى، ئۇلار دىنى باشلىقلىرىنى مەئبۇد قىلىۋالمىدىغۇ؟» پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «دىنى باشلىقلىرى ئۇلارغا ھالال - ھارامنى بېكىتىپ بەرسە، ئۇلار شۇنىڭغا ئەگەشمىدىمۇ؟» ئەدىي: «ئەگەشتى» دېدى. «ئەنە شۇ ئەگەشكىنى

---

[1] سۈرە تەۋبە، 31-ئايەت.

ئۇلارنى مەئبۇد قىلىۋالغىنى» دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام[1].

بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتتۇقكى، قانۇن مەسىلىسى ئېتىقادقا مۇناسىۋەتلىك تۈپكى مەسىلە. بۇ ھەقتە مەككىي سۈرىلەردىمۇ كۆپ سۆزلەنگەن. الله مەككىدە كىشىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿اتَّبِعُوا مَا أُنْزِلَ إِلَيْكُمْ مِنْ رَبِّكُمْ وَلَا تَتَّبِعُوا مِنْ دُونِهِ أَوْلِيَاءَ﴾ ﴿(ئى ئىنسانلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار، اللهنى قويۇپ، (جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان، سىلەرنى ئازدۇرىدىغان) دوستلارغا ئەگەشمەڭلار﴾[2].

﴿أَمْ لَهُمْ شُرَكَاءُ شَرَعُوا لَهُمْ مِنَ الدِّينِ مَا لَمْ يَأْذَنْ بِهِ اللَّهُ﴾ ﴿ئۇلارنىڭ الله رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى دىن قىلىپ بېكىتكەن مەبۇدلىرى بارمۇ؟﴾[3].

﴿وَمَا اخْتَلَفْتُمْ فِيهِ مِنْ شَيْءٍ فَحُكْمُهُ إِلَى اللَّهِ﴾ ﴿سىلەر (دىن ئۇستىدە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا) ھەر قانداق نەرسە ئۇستىدە ئىختىلاپ قىلىشساڭلار، ئۇنىڭغا الله ھۆكۈم چىقىرىدۇ﴾[4].

﴿وَلَا تَأْكُلُوا مِمَّا لَمْ يُذْكَرِ اسْمُ اللَّهِ عَلَيْهِ وَإِنَّهُ لَفِسْقٌ وَإِنَّ الشَّيَاطِينَ لَيُوحُونَ إِلَى أَوْلِيَائِهِمْ لِيُجَادِلُوكُمْ وَإِنْ أَطَعْتُمُوهُمْ إِنَّكُمْ لَمُشْرِكُونَ﴾ ﴿(ئى مۇئمىنلەر) اللهنىڭ ئىسمى ئېيتىلماي بوغۇزلانغان (يەنى بىسمىللا دەپ زەبھى قىلىنمىغان) ھايۋانلارنى يېمەڭلار، ئۇنى يېيىش ئەلۋەتتە گۇناھتۇر. شۈبھىسىزكى، شەيتانلار ئۆز دوستلىرىنى (يەنى مۇشرىكلارنى) سىلەر بىلەن دەتالاش قىلىشقا ۋەسۋەسە قىلىدۇ، ئەگەر ئۇلارغا ئىتائەت قىلساڭلار، سىلەر چوقۇم مۇشرىك بولۇپ

[1] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
[2] سۈرە ئەئراف، 3-ئايەت.
[3] سۈرە شۇرا، 21-ئايەت.
[4] سۈرە شۇرا، 10-ئايەت.
[4] سۈرە شۇرا، 21-ئايەت.

www.uyghurkitap.com

قالىسىلەر﴾[1].

كېيىن مەدىنىدە دەۋرىگە كەلگەندە تەپسىلى ئەھكاملار نازىل بولۇپ، ئىسلامنىڭ ئىبادەتلەر بىلەن قوشۇپ ئىجرا قىلىنىدىغان ھۆكۈملىرى بېكىتىلىپ، يولغا قويۇش ۋە چەكلەش ھوقۇقىنىڭ اللهقىلا خاسلىقى مۇقىملىشىۋېدى، يېڭى بىر مەسىلە، يەنى مۇناپىقلار مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقتى. مۇناپىقلار زاھىرەن ئىسلامنى قوبۇل قىلغان قىياپەتكە كىرىۋالغان بولسىمۇ، ئەمما كۆڭۈللىرىدە اللهنىڭ ھۆكۈملىرىگە قايىل ئەمەس ئىدى. ئۇلار تاغۇتنىڭ (اللهتىن باشقا ھۆكۈمدارنىڭ) قېشىغا ھۆكۈم تەلەپ قىلىپ بېرىپ، ھارام - ھالالنى الله نازىل قىلغان قانۇن بويىچە ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ خاھىشلىرى ياكى ئۆرپ - ئادەتلىرى بويىچە بىر تەرەپ قىلماقچى بولدى. مانا بۇ چاغدا اللهنىڭ مۇنۇ كەسكىن ھۆكمى نازىل بولدى: ﴿**فَلَا وَرَبِّكَ لَا يُؤْمِنُونَ حَتَّى يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لَا يَجِدُوا فِي أَنْفُسِهِمْ حَرَجًا مِمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُوا تَسْلِيمًا**﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغۇچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ﴾[2].

﴿**وَيَقُولُونَ آمَنَّا بِاللَّهِ وَبِالرَّسُولِ وَأَطَعْنَا ثُمَّ يَتَوَلَّى فَرِيقٌ مِنْهُمْ مِنْ بَعْدِ ذَلِكَ وَمَا أُولَئِكَ بِالْمُؤْمِنِينَ وَإِذَا دُعُوا إِلَى اللَّهِ وَرَسُولِهِ لِيَحْكُمَ بَيْنَهُمْ إِذَا فَرِيقٌ مِنْهُمْ مُعْرِضُونَ**﴾ ﴿(مۇناپىقلار: "اللهقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتتۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق" دېيىشىدۇ، ئاندىن ئۇلاردىن بىر جامائە شۇنىڭدىن (يەنى ئىماننى دەۋا قىلغاندىن) كېيىن، (شەرىئەت ھۆكمىدىن) يۈز ئۆرۈيدۇ، ئۇلار (ھەقىقەتتە)

---

[1] سۈرە ئەنئام، 121-ئايەت.

[2] سۈرە نىسا، 65-ئايەت.

مۇئمىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (پەيغەمبەر) ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار اللهنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ (ھۆكمىگە) چاقىرىلسا، ئۇلاردىن بىر جامائە (پەيغەمبەرنىڭ ئالدىغا ھازىر بولۇشتىن) باش تارتىدۇ﴾[1].

بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، دىن پۈتۈنلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېتىقادنىڭ ساغلام بولۇشى، ئىبادەتنىڭ جايىدا بولۇشى ۋە اللهنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىماننىڭ راست-يالغانلىقىنى ئايرىيدىغان سىنتاشتۇر. ئېتىقاد ساغلام بولغان بىلەنلا ياكى ئېتىقاد ساغلام بولغان ۋە ئىبادەت جايىدا بولغان بىلەنلا الله قوبۇل قىلىدىغان ئىمانغا ئېرىشكىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئىماننىڭ نۇرغۇن تەقەززالىرى بار. مۇئمىن بولۇش ئۈچۈن شۇ تەقەززالارغا تولۇق رىئايە قىلىش كېرەك. مەككىدىكى دەسلەپكى ۋاقىتىدا دىنغا كىرمەكچى بولغان ھەر بىر كىشىدىن اللهنىڭ بىرلىكىگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىگە ئىشىنىش تەلەپ قىلىنىدى. كېيىن بەزى ئىبادەتلەر پەرز قىلىنغاندا دىنغا كىرمەكچى بولغان ھەر بىر كىشىدىن اللهنىڭ بىرلىكىگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىگە، ئاشۇ ئىبادەتلەرنىڭ پەرزلىكىگە ئىشىنىش تەلەپ قىلىندى. مەدىنە دەۋرىگە كەلگەندە ھەممە ھۆكۈملەر نازىل قىلىنىپ بولغاندا، دىنغا كىرمەكچى بولغان ھەر بىر كىشىدىن اللهنىڭ بىرلىكىگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە، ئاشۇ ئىبادەتلەرنىڭ پەرزلىكىگە ۋە اللهنىڭ قانۇنىغا رىئايە قىلىشنىڭ پەرزلىكىگە ئىشىنىش تەلەپ قىلىندى. بۇلارنىڭ بىرىگە ئىشىنىپ، يەنە بىرىگە ئىشەنمىگەندە مۇسۇلمان بولغىلى بولمايدىغان بولدى.

مۇناپىقلار اللهنىڭ بىرلىكى مەسىلىسىدە جېدەل قىلمايتتى. ئىبادەت ئىشلىرىدىمۇ (گەرچە ئىبادەتنى ئادا قىلىشتا سۇسلۇق قىلسىمۇ) جېدەل قىلمايتتى. لېكىن ئۇلار مۇئمىنلەرنىڭ بۇ دۇنيالىق پائالىيىتىنى

[1] سۈرە نۇر 47- ۋە 48- ئايەتلەر.

www.uyghurkitap.com

قىلىپلاشتۇرىدىغان ھۆكۈملەرگە كەلگەندە ساختىلىق قىلىپ، ھەر باب بىلەن تاغۇتنىڭ (ئاللاھتىن باشقا ھۆكۈمدارنىڭ) ھۆكمىگە مايىل بولاتتى. شۇڭا قۇرئاندا مۇناپىقلار توغرىسىدا سۆزلەنسىلا، ئاللاھ نازىل قىلغان قانۇن بويىچە ھۆكۈم قىلىش مەسىلىسى سۆزنىڭ مەركىزى تېمىسى قىلىندى. چۈنكى، بۇ ئەينى ۋاقىتدىكى گەۋدىلىك مەسىلە ئىدى. بۇ ھەقتە مۇنداق كەسكىن ھۆكۈملەر نازىل بولدى:

﴿أَفَحُكْمَ الْجَاهِلِيَّةِ يَبْغُونَ وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ اللَّهِ حُكْمًا لِقَوْمٍ يُوقِنُونَ﴾ ﴿ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ (ئاللاھقا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە ئاللاھتىنمۇ ئادىل كىم بار؟﴾[1].

﴿وَمَنْ لَمْ يَحْكُمْ بِمَا أَنْزَلَ اللَّهُ فَأُولَئِكَ هُمُ الْكَافِرُونَ﴾ ﴿كىملەركى ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر﴾[2].

﴿وَمَنْ لَمْ يَحْكُمْ بِمَا أَنْزَلَ اللَّهُ فَأُولَئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ﴾ ﴿ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىغان كىشىلەر زالىملاردۇر﴾[3].

﴿وَمَنْ لَمْ يَحْكُمْ بِمَا أَنْزَلَ اللَّهُ فَأُولَئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ﴾ ﴿ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىغان كىشىلەر پاسىقلاردۇر﴾[4].

ھەيرانمەن! بەزى ئادەملەر: «ئۇلار مۇناپىق بولغاچقىلا ئاللاھ ئۇلاردىن شەرىئەت ھۆكمىگە ئەگىشىشنى تەلەپ قىلدى» دەيدىكەن. ئاللاھ مۇئمىنلەردىن بۇنى تەلەپ قىلمىغانمۇ؟!

ھەيرانمەن، مۇئمىنلەر قانداق مۇئمىن بولدى؟

---

[1] سۈرە مائىدە، 50-ئايەت.
[2] سۈرە مائىدە، 44-ئايەت.
[3] سۈرە مائىدە، 45-ئايەت.
[4] سۈرە مائىدە، 47-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مۇناپىقلار نېمىشقا مۇناپىق بولۇپ قالدى؟

مۇئمىنلەر اللهنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش بىلەن، ساغلام ئېتىقاد بىلەن، ئىبادەت قىلىش بىلەن مۇئمىن بولمىغانمىدى؟

بۇنى قىلماي تۇرۇپمۇ مۇئمىن بولغىلى بولامتىمۇ؟!

﴿إِنَّمَا كَانَ قَوْلَ الْمُؤْمِنِينَ إِذَا دُعُوا إِلَى اللَّهِ وَرَسُولِهِ لِيَحْكُمَ بَيْنَهُمْ أَنْ يَقُولُوا سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾ ﴿(پەيغەمبەر) مۇئمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار اللهقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چاقىرىلغان چاغدا ئۇلار: ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق دېيىشى كېرەك، مانا شۇنداق كىشىلەر مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾[1].

﴿وَمَا كَانَ لِمُؤْمِنٍ وَلَا مُؤْمِنَةٍ إِذَا قَضَى اللَّهُ وَرَسُولُهُ أَمْرًا أَنْ يَكُونَ لَهُمُ الْخِيَرَةُ مِنْ أَمْرِهِمْ وَمَنْ يَعْصِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَالًا مُبِينًا﴾ ﴿الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر – ئايال مۇئمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى الله ۋە اللهنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن، ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ)، كىمكى اللهقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ﴾[2].

مۇئمىنلەر پەقەت كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزدىن چىقارغاندىن باشلاپ اللهنىڭ قانۇنىنى ئىتىراپ قىلغانلىقى ۋە بويسۇنغانلىقى ئۈچۈن مۇئمىن بولالىدى. شۇڭا ئۇلار اللهنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھۆكۈم قىلىشقا چاقىرىلسا، ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق دېدى. ئۇلار ئىماننىڭ تەقەززاسىغا ئەنە شۇنداق ئەمەل قىلغاچقا، ئىماننى داۋاملىق ساقلاپ قالالىدى.

---

[1] سۈرە نۇر، 51 – ئايەت.

[2] سۈرە ئەھزاب، 36 - ئايەت .

www.uyghurkitap.com

ﷲنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش مۇناپىقلارغىلا پەرز قىلىنغان ئەمەس. بەلكى كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزىدىن چىقارغان ھەممە كىشىگە پەرز قىلىنغان. بۇ پەرزگە چىن كۆڭلىدىن قايىل بولۇپ ۋە رازى بولۇپ رىئايە قىلغانلار ھەقىقى مۇئمىن بولىدۇ، زاھىرەن بويسۇنۇپ كۆڭلىدە ناقايىل بولغانلار مۇناپىق بولىدۇ. زاھىرەن بويسۇنۇپ بولغاندىن كېيىن باش تارتقانلار مۇرتەد ھېسابلىنىپ ئۆلۈم جازاسىغا ئۇچرايدۇ.

خۇلاسە شۇكى، شەرىئەت بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش مەسىلىسى ئىمان بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ مۇناسىۋەتنى ھېچقاچان ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ.

﴿وَمَنْ لَمْ يَحْكُمْ بِمَا أَنْزَلَ اللَّهُ فَأُولَئِكَ هُمُ الْكَافِرُونَ﴾ «كىملەركى ﷲ نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر»[1]. فەقىھلار بۇ ئايەتنى چۈشەندۈرگەندە مۇنداق دەيدۇ: ﷲنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھۆكۈم قىلماسلىقنى ھالال سانىمىسا كاپىر بولمايدۇ. قازى دەۋاگەردىن پارا يەپ شەرىئەت بويىچە ھۆكۈم قىلمىغان بولسا گۇناھكار بولىدۇ، ﷲنىڭ غەزىپىگە يولۇقىدۇ، ئەمما كاپىر بولمايدۇ.

ئايەت، ھەدىسنى توغرا چۈشىنەلمەي، ئىجتىھادتا خاتالىشىپ، شەرىئەت بويىچە ھۆكۈم قىلالماي قالغانلار گۇناھكار بولمايدۇ، بەلكى نىيىتىگە قاراپ ساۋاب تاپىدۇ.

توغرا، پەقىھلار كۆرسەتكەن بۇ ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىدا ﷲ نازىل قىلمىغان نەرسىنى قانۇن قىلىۋېلىش مەۋجۇد ئەمەس. قايسى بىر ھۆكۈمدە مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى شەرىئەت بويىچە ھۆكۈم قىلىنماي قالغاندا، شۇنداق قىلىشنى ھالال سانىماسلىق باشقا گەپ، ﷲ نازىل قىلمىغان نەرسىلەرنى قانۇن قىلىۋېلىش باشقا بىر گەپ. چۈنكى بىرىنچى ئەھۋالدا ﷲنىڭ قانۇنى

---

[1] سۈرە مائىدە، 44- ئايەت.

ئېتىـــراپ قىلىنىـــدۇ ۋە ئىقـــرار قىلىنىـــدۇ. گەرچە ئىجـــرا قىلىنمىســـىمۇ ھۆكۈمدارلىق دەستۇرى دەپ قارىلىـدۇ. ئىككىنچـى ئەھۋالـدا بولسـا ھۆكـۈم چىقارغۇچى ئۆزى يېزىدىن اﷲنىڭ قانۇنىغا زىت قانۇنلارنى تۈزۈپ، ئېغىزىـدا ياكى ئەمەلىـي ھەرىكىتىـدە: اﷲنىـڭ شـەرىئىتىنى ئىجـرا قىلماڭلار، مەن تۈزگەن قانۇننى ئىجرا قىلىڭلار، مىنىڭ قـانۇنۇم اﷲنىـڭ قانۇنىغـا ئوخشـايدۇ يـاكى ئۇنىڭـدىن ئەۋزەلـراق يـاكى ئۇنىڭـدىن مۇناسـىپراق دەيـدۇ. ئىسـلام تارىخىدا ھېچقانداق بىر پەقىــھ بۇنـداق قىلىشـنىڭ دىنـدىن چىقىرىـدىغان كاپىرلىق ئىكەنلىكىدە ئىختىلاپ قىلىپ باقمىدى.

بارلىق پەقىھلەر بىردەك دىندىن چىقىرىدۇ دەپ قارىغان يەنە بىـر ئىـش بار. ئۇ بولسىمۇ بىلىپ تۇرۇپ ئۆزى خالاپ اﷲنىڭ قانۇنىدىن باشقا بىر قانۇنغا رازى بولۇش. زورلىنىش بىلەن بويسۇنۇش بۇ ھۆكۈمنىڭ ئىچىـگە كىرمەيـدۇ. چۈنكى زورلىنىشتا رازى بولۇش مەۋجۇد ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن اﷲ مۇنـداق دەيدۇ:

﴿مَنْ كَفَرَ بِاللَّهِ مِنْ بَعْدِ إِيمَانِهِ إِلَّا مَنْ أُكْرِهَ وَقَلْبُهُ مُطْمَئِنٌّ بِالْإِيمَانِ وَلَكِنْ مَنْ شَرَحَ بِالْكُفْرِ صَدْرًا فَعَلَيْهِمْ غَضَبٌ مِنَ اللَّهِ وَلَهُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ﴾ ﴿كىمكـى اﷲقـا ئىمـان ئېيتقاندىن كېيىن ئىماندىن يېنىۋالسا، قەلبـى ئىمـان بىـلەن مۇسـتەھكەم تۇرسـىمۇ مەجبـۇرلاش ئاسـتىدا (ئاغزىـدىلا) ئىمانـدىن يانغـانلىقىنى بىلدۈرگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا ـ كۇفرى بىلەن كۆڭلى ئازادە بولسا (يەنى ئىختىيارىي يوسۇندا مۇرتەد بولغان بولسا)، ئۇ اﷲنىڭ غەزىپىگە دۇچار بولىدۇ ۋە چوڭ ئازابقا قالىدۇ﴾[1].

دېمەك، اﷲ نازىل قىلمىغان نەرسىنى قانۇن قىلىش، اﷲنىڭ قانۇنىغا زىت قانۇنلارغا رازى بولۇش ئوخشاشلا ئىماننى بۇزىدۇ. بۇ ھەقتە اﷲنىڭ ھـۆكمى ناھايىتى ئېنىق:

---

[1] سۈرە نەھل، 106 ـ ئايەت

﴿وَمَنْ لَمْ يَحْكُمْ بِمَا أَنْزَلَ اللَّهُ فَأُولَئِكَ هُمُ الْكَافِرُونَ﴾ ﴿كىملەركى الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر﴾[1].

﴿أَفَحُكْمَ الْجَاهِلِيَّةِ يَبْغُونَ وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ اللَّهِ حُكْمًا لِقَوْمٍ يُوقِنُونَ﴾ ﴿ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ (اللەقا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە اللەتىنمۇ ئادىل كىم بار؟﴾[2]

ئىمام ئىبنى كەسىر بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: « اللەبۇ ئايەتتە اللەنىڭ ھەممە ياخشىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغۇچى، ھەممە يامانلىقتىن توسقۇچى ھۆكمىنى تاشلاپ، ئىنسانلار اللەنىڭ شەرىئىتىنى ئاساس قىلماي تۈزگەن پىكىرلەرگە ۋە ئاتالغۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرنى ئىنكار قىلدۇ. مەسىلەن: جاھىلىيەتتىكلەر ئۆزىنىڭ خاھىشلىرى ۋە پىكىرلىرىنى قانۇن قىلغاندەك. موڭغۇللار چىنگىزخان ئۇلارغا تۈزۈپ بەرگەن «ياساق» نى قانۇن قىلغاندەك. ياساق - يەھۇدىيلارنىڭ، ناسارالارنىڭ، مۇسۇلمانلارنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ قانۇنلىرىدىن تېرىپ - تۆشەپ تۈزۈلگەن قانۇنلار توپلىمىدۇر. بۇ توپلامدا نوقۇل ئىنسانىي كۆز قاراش ۋە خاھىشلارغا ئاساسلانغان نۇرغۇن ھۆكۈملەر بار. چىنگىزخانىنىڭ باللىرى بۇ قانۇننى قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. كىمدەكىم مۇشۇلاردەك قىلسا، شەكسىز كاپىردۇر. تاكى ئۇ ھەممە ئىشتا قۇرئان ۋە ھەدىسنى ئاساس قىلىدىغان مۇسۇلمان بولغۇچە ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىش پەرز بولىدۇ.

مۇسۇلمانلار ئۇدا 13 ئەسىر ئىمان بىلەن شەرىئەت بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئايرىلماس مۇناسىۋەتكە ئىگە دەپ تونۇپ كەلگەن. ئۇلار ئىسلامنى ئەنە شۇنداق چۈشىنىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنداق قىلمايدىغان مۇسۇلماننىڭ بولۇشى ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىغا سىغمايتتى. اللەنىڭ شەرىئىتى

---

[1] سۈرە مائىدە، 44- ئايەت.

[2] سۈرە مائىدە، 50- ئايەت.

ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلىنغان بولغاچقا، كىشىلەر شەرىئەتتىن باشقا نەرسىنىڭ قانۇن بولىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى. شۇنداق بولۇشىنىڭ مۇمكىنلىكىنىمۇ كاللىسىغا سىغدۇرالمايتتى.

مۇسۇلمانلار ئىسلام بىلەن كۇپرىنى، مۇسۇلمان بىلەن كاپىرنى ئاساسلىق ئىككى ئىشقا قاراپ ئايرىيتتى. ئۇنىڭ بىرى ناماز، يەنە بىرى اللهنىڭ شەرىئىتىدىن ئىبارەت ئىدى. مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇيتتى، اللهنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزەتتى. كاپىرلار ناماز ئوقۇمايتتى، اللهنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزمەيتتى. لېكىن خرىستىئانلار ئىسلام ئەللىرىنى بېسىۋېلىپ، اللهنىڭ شەرىئىتىنى ھاكىمىيەتتىن ئايرىۋېتىپ، مۇسۇلمانلارنى مەجبۇرى دىنىدىن چىقارغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ تونۇشىدا كۆپ ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى.

بۈرۈنقى مۇسۇلمانلارنىڭ شەرىئەتكە بولغان قارىشى ناھايىتى روشەن ئىدى.

شەرىئەتنى چەتكە قېقىش پرىنسىپ جەھەتتىن كاپىرلىقتۇر. ئەمەلىيەتتە شۇنداق قىلغان ئادەملەر مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان خرىستىئان كاپىرلاردۇر.

لېكىن بۇ ئىش كېيىنكى مۇسۇلمانلارنىڭ كاللىسىدا ئارىلىشىپ كەتتى.

مەن باشقا بىر كىتابتا مۇسۇلمانلارنى دىنسىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن غەربلەشتۈرۈش، ئىدىيىۋى ھۇجۇم، ئوقۇتۇش مېتودى، تەشۋىقات ۋاستىلىرى، ئەدەبىي ساھەدىكى، سىياسىي ساھەدىكى، ئائىلىلەر مەسىلىسىدىكى ۋە ئەخلاق ساھەسىدىكى بۇزۇقچىلىقلارنىڭ... يولغا قويۇلغانلىقى ھەققىدە توختالغان ئىدىم.

كېيىنچە مۇسۇلمانچە ئىسمى بار ھۆكۈمدارلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، شەرىئەتتىن باشقا قانۇنلار بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ، خرىستىئان

www.uyghurkitap.com

ئىشغالىيەتچىلىرىنىڭ نىشانىنى ۋاكالىتەن ئىشقا ئاشۇردى. كىشىلەرگە: « بۇ ھۆكۈمدارلار مۇسۇلمان، ئۇلار ئامالسىزلىقتىن شەرىئەتتىن باشقا قانۇنلار بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتىدۇ.» دېيىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ھەر خىل ئامىللارنىڭ قىستىشى بىلەن ئىسلامدىن تېخىمۇ يىراقلاشتى. ئەمدى ئۇلارغا مۇنداق سۆزلەر ئاشكارا دېيىلىدىغان بولدى: «تەرەققىي قىلىش، گۈللىنىش، ئازات بولۇش، ئەركىنلىشىش، ھۆرىيەتپەرۋەرلىك اللهنىڭ شەرىئىتىنى ھاكىمىيەتتىن ئايرىۋېتىشنى، پرىنسىپ، قوللانما ۋە قانۇنلارنى مەدەنىيلەشكەن ياۋروپادىن ئىمپورت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. 14 ئەسىر بۇرۇن نازىل بولغان شەرىئەت بۈگۈنكى كۈندە ھۆكۈم سۈرسە بولمايدۇ. تەرەققىيات يولىغا ماڭماي بولمايدۇ، دىن كىشىلەرنى بۇ يولغا مېڭىشتىن توسىدىغان توسۇق. مەيلى بىز خالايلى ياكى خالىمايلى، بىز ھامان ياۋروپانىڭ يولىغا ماڭىمىز. ياۋروپا پەقەت دىنىنى چۆرۈۋەتكەندىن كېيىنلا تەرەققىي قىلغان. تەرەققىيات قانۇنىيتى بويىچە، ئەكسىيەتچىلىك تەرەققىيات چاقىنى توختىتىپ قالالمايدۇ، بەلكى ئۆز ئورنىنىمۇ ساقلاپ قالالمايدۇ».

مۇشۇنداق دېگەن ئادەملەرنىمۇ كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزىدىن چىقارغانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمان دېيىلدى. مانا بۇ «ھازىرقى زاماندىكى مۇسۇلمان»لارنىڭ ئەھۋالىدۇر.

كەلىمە شاھادەت ئۆزىنىڭ ھەممە مەزمۇنى ۋە تەلەپ - تەقەززالىرىدىن قۇرۇقدىۋېتىلدى. ئىمان قۇرۇق سۆزگە ئايلىنىپ قالغاچقا، مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىستە بىشارەت بەرگەن «كۆپۈكچىلەرگە»، يېلىتىزسىز گىياھلارغا ئوخشاپ قالدى.

مۇسۇلمانلارنى زېمىنغا مەھكەم ئورنىتىدىغان يىلتىز ئىماندۇر. بۇ يىلتىز قۇرۇپ كەتسە، (ئىماننىڭ مەزمۇنى يوقالسا) مۇسۇلمانلار كۆكلىيەلەيتتىمۇ؟! سەل قايناملىرىدا پىرقىرىماي قالاتتىمۇ؟! بۇرۇن «ئىنسانلار ئىچىدىكى ئەڭ

ياخشى ئۈممەتنى ئوتتۇرىغا چىقارغان» يىلتىز قېنى؟!

ئىسلام تارىخىدا ئىمانىنى ئۇنىڭ ھەقىقى مەزمۇنىدىن ئايرىۋېتىشتە نۇرغۇن ۋاستىلەر قوللىنىلدى...

ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئىلاھىي تەكلىپلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇش خاھىشى شۇ ۋاستىلارنىڭ بىرى. بۇ ۋاستىنى زېمىنىنىڭ ھوزۇر-ھالاۋەتلىرى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ... ئىمانىنى بۇ ۋاستىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەت قىلىش كېرەك ئىدى: ﴿وَذَكِّرْ فَإِنَّ الذِّكْرَى تَنْفَعُ الْمُؤْمِنِينَ﴾ ﴿ۋەز -نەسىھەت قىلغىن، ۋەز - نەسىھەت مۇئمىنلەرگە پايدىلىق﴾[1].

ۋەز - نەسىھەت سان ۋە سۈپەت جەھەتتە تەلەپكە لايىق ئېلىپ بېرىلمىغاچقا، تەكلىپلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇش خاھىشى بارغانچە ئېغىرلاشتى.

مۇسۇلمانلار قۇدرەت تاپقان زامانلاردا بارغانچە راھەت - پاراغەتكە بېرىلدى، ئۇلارنىڭ اللهنىڭ ئارغامچىسىنى تۇتقان قوللىرى بوشاشتى، تەكلىپلەردىن ئۆزىنى قاچۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىدئەت خۇراپات ۋە گۇناھ - مەئسىيەتلەر كۆپىيىپ، ئىمانىنىڭ تەقەززالىرى يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەندى.

راھەت - پاراغەتكە بېرىلىشنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە سوپىزم ئوتتۇرىغا چىقتى. ئەيش - ئىشرەتلىك جەمئىيەتكە تارقالغان پاسكىنىچىلىقلاردىن ئۆزىنى پاك تۇتقۇچىلار جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ بىر چەتكە چىقتى. بۇنىڭ بىلەن ياخشىغا بۇيرۇپ، ياماندىن توسۇش ئىشى تاشلىنىپ قالدى. نەتىجىدە ئىمان ئۆزىنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنىدىن ئايرىلىپ قالدى.

سىياسىي مۇستەبىتلىك ھوقۇقدارلارنى ياخشىغا بۇيرۇپ ياماندىن توسقانلارنى، ھوقۇقدارلارنىڭ ئازغۇنلىقىغا قارشى چىققانلارنى «باستۇرۇپ»

---

[1] سۈرە زارىيات، 55 – ئايەت.

تۇرغاچقا، كىشىلەر ئۆزى بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، دىن بارا-بارا شەخسىنىڭ ئىشىغا ئايلىنىپ قالدى. جامائەت شەكلىدىكى پائالىيەتلەر ۋە ئىبادەتلەر يوقىلىپ، سىياسىي جەھەتتە دىن بىلەن سىياسەت ئايرىۋېتىلىپ، ھاكىمىيەت شەرىئەت بويىچە يۈرگۈزۈلمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىمان ئۆزىنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنىدىن ئايرىلىپ قالدى.

ئاندىن كېيىن مۇرجىئىلىك پىكرى ئوتتۇرىغا چىقىپ، بۇ نۇقسانلارغا چاپان ياپتى. كىشىلەرگە «ئىمان دېگەن كەلىمە شاھادەتكە دىلىدا تەستىق قىلىش ۋە تىلىدا ئىقرار قىلىشتىنلا ئىبارەت» دەپ بىلجىرلىدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانى ئەنە شۇنداق زەئىپلەشتى، ئۇلار ناماز ئوقۇۋاتقان ۋە اللهنىڭ شەرىئىتىنى ھۆكۈمدار قىلىۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا نۇرغۇن گۇناھ - مەئسىيەتلەرگە چۆكۈۋاتاتتى. شۇ پەيتتە خىرىستىئانلار ئىسلام دۇنياسىغا ھۇجۇم باشلىدى... ئىماننىڭ ئاجىزلىشىشى خىرىستىئانلارنى چىللاپ كەلدى. ئۇلارنى مۇسۇلمانلار-نىڭ زېمىنىدا ماكانلاشتۇردى. ناۋادا مۇسۇلمانلار ئىماننىڭ تەقەززالىرىنى تولۇق تونۇپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىدە ئۇنى ئىجرا قىلغان بولسا ئىدى، خىرىستىئانلار ھەرگىزمۇ ھۇجۇم قوزغاپ كېلىشكە، مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنىدا ماكانلىشىشقا جۈرئەت قىلالمىغان بولاتتى.

اللهنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى تەييارلىق قىلىش، ئىقتىسادنى مۇشۇ يولغا سەرپ قىلىش ئىماننىڭ بىر تەقەززاسىدۇر: ﴿**وَأَعِدُّوا لَهُمْ مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوَّةٍ وَمِنْ رِبَاطِ الْخَيْلِ تُرْهِبُونَ بِهِ عَدُوَّ اللَّهِ وَعَدُوَّكُمْ وَآخَرِينَ مِنْ دُونِهِمْ لَا تَعْلَمُونَهُمُ اللَّهُ يَعْلَمُهُمْ وَمَا تُنْفِقُوا مِنْ شَيْءٍ فِي سَبِيلِ اللَّهِ يُوَفَّ إِلَيْكُمْ وَأَنْتُمْ لَا تُظْلَمُونَ**﴾ دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار، بۇنىڭ بىلەن اللهنىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزەڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقىتىسىلەر، ئۇلارنى سىلەر تونۇمايسىلەر، الله تونۇيدۇ، سىلەرنىڭ الله يولىدا سەرپ قىلغىنىڭلار

مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى بۇ ساۋابتىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ)﴾[1].

ئىلىم تەلەپ قىلىش ئىمانىنىڭ يەنە بىر تەقەززاسىدۇر. ئىلىم ئىگەللەش ئارقىلىق قۇدرەت تاپقىلى بولىدۇ: «**طلب العلم فريضة**» «ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەربىر مۇسۇلمانغا پەرز»[2].

راستچىللىق، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق، ئىخلاس قىلىش، ئۆز ئىشىنى پۇختا قىلىش، باشقىلارنىڭ ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش، ياخشىلىق ۋە تەقۋالىقتا ھەمكارلىشىش، گۇناھ ۋە تاجاۋۇزغا ھەمكارلاشماسلىق... قاتارلىق ئەخلاقلار ئىمانىنىڭ تەقەززاسىدۇر. بۇ ئەخلاقلارغا رىئايە قىلغاندا قۇدرەت تاپقىلى بولىدۇ. رىئايە قىلمىغاندا ۋەيرانچىلىق بولىدۇ: ﴿**وَأَطِيعُوا اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَلَا تَنَازَعُوا فَتَفْشَلُوا وَتَذْهَبَ رِيحُكُمْ وَاصْبِرُوا إِنَّ اللَّهَ مَعَ الصَّابِرِينَ**﴾ ﴿(پۈتۈن سۆز-ھەرىكەتلىرىڭلاردا) اللهقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا، (دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن) قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ-قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ؛ سەۋر قىلىڭلار، الله ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر﴾[3].

﴿**وَاعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللَّهِ جَمِيعًا وَلَا تَفَرَّقُوا**﴾ ﴿ھەممىڭلار اللهنىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى اللهنىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار، بۆلۈنمەڭلار (يەنى سىلەردىن ئىلگىرى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار ئىختىلاپ قىلىشقاندەك، دىندا ئىختىلاپ قىلىشماڭلار)﴾[4].

﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا يَسْخَرْ قَوْمٌ مِنْ قَوْمٍ عَسَى أَنْ يَكُونُوا خَيْرًا مِنْهُمْ وَلَا نِسَاءٌ مِنْ**

[1] سۈرە ئەنفال، 60 – ئايەت.
[2] ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.
[3] سۈرە ئەنفال، 46-ئايەت.
[4] سۈرە ئال ئىمران، 103- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

نِسَاءٍ عَسَى أَنْ يَكُنَّ خَيْرًا مِنْهُنَّ وَلَا تَلْمِزُوا أَنْفُسَكُمْ وَلَا تَنَابَزُوا بِالْأَلْقَابِ بِئْسَ الِاسْمُ الْفُسُوقُ بَعْدَ الْإِيمَانِ وَمَنْ لَمْ يَتُبْ فَأُولَئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اجْتَنِبُوا كَثِيرًا مِنَ الظَّنِّ إِنَّ بَعْضَ الظَّنِّ إِثْمٌ وَلَا تَجَسَّسُوا وَلَا يَغْتَبْ بَعْضُكُمْ بَعْضًا أَيُحِبُّ أَحَدُكُمْ أَنْ يَأْكُلَ لَحْمَ أَخِيهِ مَيْتًا فَكَرِهْتُمُوهُ وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ تَوَّابٌ رَحِيمٌ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى (يەنى بىر جامائە يەنە بىر جامائەنى، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى) مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغان قەۋم (ﷲنىڭ نەزىرىدە) مەسخىرە قىلغۇچى قەۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئاياللارمۇ ئۆزئارا مەسخىرە قىلىشمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار (ﷲنىڭ دەرگاھىدا) مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، بىر-بىرىڭلارنى ئەيىبلىمەڭلار، بىر-بىرىڭلارنى يامان لەقەم بىلەن چاقىرماڭلار، ئىماندىن كېيىن پىسقى بىلەن ئاتاش (يەنى مۇئمىننى پاسىق) دەپ ئاتاش نېمىدېگەن يامان! (مۇنداق نەھيى قىلىنغان ئىشلاردىن) تەۋبە قىلمىغانلار زالىملاردۇر. ئى مۇئمىنلەر! نۇرغۇن گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار (يەنى ئائىلىدىكىلىرىڭلارغا ۋە كىشىلەرگە گۇمانخورلۇق قىلماڭلار)، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر، (مۇئمىنلەرنىڭ ئەيىبىنى) ئىزدىمەڭلار، بىر-بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامسىلەر؟ ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر. ﷲتىن قورقۇڭلار، ﷲ (تەۋبەقىلغۇچىلارنىڭ قىلغان) تەۋبىسىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[①].

ئىمان يەنە ئۆزىنىڭ نۇرغۇن تەقەززالىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار «ئەقىدە قالاقلىقى»نىڭ پاتقىقىغا پېتىپ قالدى. بۇ قالاقلىقتىن ئىلمىي قالاقلىق، ھەزارىي قالاقلىق، ماددىي قالاقلىق، ئىقتىسادىي، سىياسىي، ھەربىي... قالاقلىقلار پەيدا بولدى. بۇ قالاقلىقلار

[①] سۈرە ھۇجۇرات، 11 - ۋە 12 – ئايەتلەر.

خرىستىئانلارنى چىللاپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىسلام زېمىنىدا ماكانلىشىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

لېكىن يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلار مۇسۇلمانلاردا شۇنداق ئاجىز ئىماننىڭ ساقلىنىپ قېلىشىغىمۇ چىداپ تۇرالماي، تۈرلۈك - تۈمەن سۇيىقەستلەر بىلەن ئىسلامنى تامامەن يوق قىلىش قەستىدە بولۇپ كەلدى: ﴿وَلَا يَزَالُونَ يُقَاتِلُونَكُمْ حَتَّى يَرُدُّوكُمْ عَنْ دِينِكُمْ إِنِ اسْتَطَاعُوا﴾ ﴿ئۇلار (يەنى كۇففارلار) قولىدىن كەلسىلا سىلەرنى دىنىڭلاردىن قايتۇرۇۋەتكەنگە قەدەر سىلەر بىلەن داۋاملىق ئۇرۇشىدۇ﴾[1].

﴿وَدَّ كَثِيرٌ مِنْ أَهْلِ الْكِتَابِ لَوْ يَرُدُّونَكُمْ مِنْ بَعْدِ إِيمَانِكُمْ كُفَّارًا حَسَدًا مِنْ عِنْدِ أَنْفُسِهِمْ مِنْ بَعْدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُمُ الْحَقُّ﴾ ﴿ئەھلى كىتاب ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىگە ھەقىقەت (يەنى دىنىڭلارنىڭ ھەقلىقى) ئاشكارا بولغاندىن كېيىن، ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىن سىلەرنى ئىمانىڭلاردىن قايتۇرۇپ كاپىر قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ﴾[2].

شۇنداق، مۇسۇلمانلار ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىدىن ناھايىتى زور دەرىجىدە يىراقلاشقان، ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى مۇسۇلمانلىق ئىچىدە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما دۈشمەنلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ھامان بىر كۈنى دىنىنى يېڭىلايدىغان بىر كىشىگە ئەگىشىپ، ھەقىقى مۇسۇلمانلىققا قايتىۋېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. ئىمان دەرەخقە ئوخشايدۇ. دەرەخنىڭ غولى قۇرۇپ كەتسىمۇ، يىلتىزى قۇرۇمىغانلا بولسا، سۇغارغاندىن كېيىن قايتا كۆكلەيدۇ: ﴿أَلَمْ تَرَ كَيْفَ ضَرَبَ اللَّهُ مَثَلًا كَلِمَةً طَيِّبَةً كَشَجَرَةٍ طَيِّبَةٍ أَصْلُهَا ثَابِتٌ وَفَرْعُهَا فِي السَّمَاءِ تُؤْتِي أُكُلَهَا كُلَّ حِينٍ بِإِذْنِ رَبِّهَا وَيَضْرِبُ اللَّهُ الْأَمْثَالَ لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَتَذَكَّرُونَ﴾ ﴿اللهنىڭ مۇنداق بىر تەمسىل كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ كەلىمە تەييىبە (يەنى ئىمان

[1] سۈرە بەقەرە، 217-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە بەقەرە، 109 – ئايەت.

كەلىمىسى) يىلتىزى يەرنىڭ ئاستىدا بولغان، شېخى ئاسمانغا تاقاشقان. پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن ۋاقتى - ۋاقتىدا مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ئېسىل دەرەخقە ئوخشايدۇ. اللە كىشىلەرگە ۋەز - نەسىھەت ئالسۇن دەپ، ئۇلارغا نۇرغۇن تەمسىللەرنى كەلتۈرىدۇ﴾[1].

ئەنگلىزلار مىسىرنى بېسىۋالغاندا برىتانىيىنىڭ ئەينى ۋاقتىدىكى باش ۋەزىرى گىلادستون قۇرئانغا ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «مىسىرلىقلارنىڭ قولىدا مۇشۇ كىتابلا بولىدىكەن، بىزگە ئۇ يەردە ھەرگىز ئامانلىق يوق».

ئامېرىكىلىق شەرقشۇناس توماس بىن ئۆزىنىڭ «مۇقەددەس قىلىچ» ناملىق كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇسۇلمانلارنىڭ تارىخىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپادا قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلىرىنى خۇلاسىلىگەندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «ھازىر ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولدى. مۇسۇلمانلار بىزنىڭ قولىمىزغا چۈشۈپ قالدى. لېكىن بىر قېتىم يۈز بەرگەن ئىش يەنە بىر قېتىم يۈز بېرىشى مۇمكىن. مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام)نىڭ ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ قەلبلىرىگە ياققان مەشئىلى ھەرگىز ئۆچمەيدۇ...».

شۇنىڭ ئۈچۈن يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلار مۇسۇلمانلارنى تامامەن دىندىن ئايرىپ، ئۆزلىرى خاتىرجەملىكتە ئىگە بولۇش ئۈچۈن توختىماي ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ «كالا ھارۋىسىدا توشقان تۇتىدىغان» (slow but sure) مەشھۇر پىلانى بويىچە ئىش كۆرىدۇ. برىتانىيىنىڭ مىسىرغا ئەۋەتكەن تولۇق ھوقۇقلۇق تۇنجى ۋەكىلى كرومىر مۇنداق دېگەن: «ئىلاھىي شەپقەت ئاق تەنلىكلەرنى بۇ ئەللەرگە باش قىلدى. ئۇلارنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئىمكانقەدەر خرىستىئان ھازارىتىنىڭ ئۇلىنى مۇستەھكەملەپ، ئۇنى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئاساسىغا ئايلاندۇرۇش، كاشىلا پەيدا قىلماسلىق

---

[1] سۈرە ئىبراھىم، 24 - ۋە 25 - ئايەتلەر.

ئۇچۇن مۇسۇلمانلارنى ناسارالاشتۇرۇشقا ھەرىكەت قىلماسلىق كېرەك، ئىسلام دىنىنىڭ ساختا قىياپىتىنى ساقلاش كېرەك!»

مۇسۇلمانلار غەپلەتكە چۆككەن بولغاچقا، ئۇلار ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى تولۇق ئىشقا ئاشۇردى. ئۇلار ئىشنى ئىسلام شەرىئىتىنى ھاكىمىيەتتىن ئايرىۋېتىشتىن باشلاپ، ئاخىرى مۇسۇلمانلارنى ناماز ئوقۇشتىن بەزدۈرۈشكىچە يېتىپ كەلدى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ «كالا ھارۋىسىدا توشقان تۇتۇش» پىلانىغا ئەگىشىپ، قەدەممۇ قەدەم چېكىندى.

مۇرجىئىلىك بۇ چېكىنىشكە ئانچە قىينالمايلا چاپان ياپتى. اللهنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزمىگەن جاھىلىيەت جەمئىيەتلىرىنىمۇ ئىسلامىي جەمئىيەت دەپ ئاتاۋەردى. كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزىدىن چىقارغانلىقى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە مۇسۇلمانلىق نامىنى بەخشەندە قىلىۋەردى.

بۇنداق دېسەك، بەزى كىشىلەر: «بىزنى ھازىرقى ئادەملەرگە اللهنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزمىگەنلىكى ئۇچۇن كاپىر دەپ ھۆكۈم قىپتۇ» دەپ ئويلاپ، ئۆزىچە بۇنى بىر چوڭ خەتەر دەپ تونۇپ، پىرىنسىپ جەھەتتىن ئېتىراز بىلدۈرۈشكە ئالدىرىشى مۇمكىن.

بىز باشقا بىر كىتابتا ئەسكەرتكەن ئىدۇقكى، ھازىرقى كىشىلەر ئۈستىدىن كاپىر دەپ ھۆكۈم چىقىرىشقا قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم، تېخىمۇ چوڭقۇر بىر مەسىلىنى يورۇتۇش بىزنىڭ نىشانىمىز.

بىز ھازىر مۇسۇلمانلىق نامى بىلەن ياشاۋاتقان ئادەملەر ئۈستىدىن كاپىر ياكى مۇسۇلمان دەپ ھۆكۈم چىقارساق، ئۇلار بۇنىڭلىق بىلەنلا جەننەتكە ياكى دوزاخقا كىرىپ كەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشىنى ۋە پۈتۈن كائىناتنىڭ ئىشنى الله بىر تەرەپ قىلىدۇ: ﴿يُدْخِلُ مَنْ يَشَاءُ فِي رَحْمَتِهِ وَالظَّالِمِينَ أَعَدَّ لَهُمْ عَذَابًا أَلِيمًا﴾ ﴿الله خالىغان ئادەمنى رەھمىتىنىڭ دائىرىسىگە (جەننىتىگە)

كىرگۈزىدۇ. اللە زالىملارغا قاتتىق ئازابنى تەييارلىدى﴾[1].

مۇرتەدلەرگە مۇرتەدلىكنىڭ جازاسىنى يۈرگۈزەيلى دېسەك، بىزنىڭ ھازىر دۆلىتىمىز يوق، بىز پەقەت دەۋەت قىلغۇچىلارمىز، ئۈستىمىزگە يۈكلەنگەن دىنى ئامانەتنى ئادا قىلغۇچىلارمىز. بىز ئورۇندىماقچى بولغان مۇھىم ۋەزىپە كىشىلەرگە دىنىنى چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت. بىز ئىسلام ئىككىنچى قېتىم غېرىبلاشقان[2] بۇ ئەھۋالدا چامىمىزنىڭ يېتىشىچە دىنى ھەقىقەتلەرنى ئەينەن يەتكۈزۈشكە تىرىشىمىز.

بىز مۇسۇلمانلار ياشاۋاتقان جەمئىيەتلەرنى جاھىلىيەت جەمئىيەتلىرى دەپ ئاتىساق، بەزىلەر بىزنى شۇ يەردىكى خەلقنى مۇسۇلمان ئەمەس دېگەن ئوخشايدۇ، دەپ گۇمان قىلىۋاتىدۇ. بىز ئۇلارغا يەنە بىر قېتىم دەيمىزكى، جەمئىيەتنى ئىسلامي جەمئىيەت ياكى جاھىلىيەت جەمئىيىتى دەپ ئايرىش مەسىلىسى دارۇلئىسلام ياكى دارۇلكۇپرى دەپ ئايرىش مەسىلىسىگە ئوخشايدۇ. بارلىق پەقىھلار شۇنداق قارايدۇكى، دار (يۇرت)نىڭ دارۇلئىسلام ياكى دارۇلكۇپرى ئىكەنلىكىنى ئايرىشتا، خەلقنىڭ ئېتىقادىغا ئەمەس، ھاكىمىيەتكە قارايمىز. ھاكىمىيەت ئىسلام بولسا، دار دارۇلئىسلام بولىدۇ. ھاكىمىيەت كاپىر ھۆكۈمىتى بولسا، دار دارۇلكۇپرى بولىدۇ. مەسىلەن، مۇسۇلمانلار مىسىرنى پەتھى قىلغاندا گەرچە مىسىرنىڭ كۆپ سانلىق خەلقى مۇسۇلمان بولمىسىمۇ، مىسىر دارۇلئىسلام بولدى. مۇسۇلمانلار ھىندىستاننى پەتھى قىلغاندا، گەرچە ھىندىستاننىڭ كۆپ سانلىق خەلقى مۇسۇلمان بولمىسىمۇ، ھىندىستان دارۇلئىسلام بولدى. مانا بۇنىڭدا خەلقنىڭ ئېتىقادى نەزەردە تۇتۇلماي، ھاكىمىيەتنىڭ ئىسلام

---

[1] سۈرە ئىنسان، 31 – ئايەت.

[2] پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بدأ الإسلام غريبا وسيعود غريبا كما بدأ ، فطوبى للغرباء» «ئىسلام غېرىبانە باشلاندى، كەلگۈسىدە يەنە غېرىبانە ھالىتىگە قايتىدۇ، غېرىبلارغا مۇبارەك بولسۇن!». مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

شەرىئىتى بولغانلىقى نەزەردە تۇتۇلدى. خرىستىئانلار شامدا قۇرغان بەزى دۆلەتلەرنىڭ خەلقى مۇسۇلمان بولسىمۇ، ھاكىمىيەت ئىسلام شەرىئىتى بويىچە يۈرگۈزۈلمىگەچكە بۇ دۆلەتلەر دارۇلكۇپرى بولدى.

دېمەك، اللهنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتتە ئىسلامغا رىئايە قىلغان جەمئىيەت ئىسلامىي جەمئىيەتتۇر. اللهنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزمىگەن، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتتە ئىسلامنى ئاساس قىلمىغان جەمئىيەت خەلقىنىڭ ئەقىدىسىدىن ۋە ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتە دوزاخقا ياكى جەننەتكە كىرىشىدىن قەتئىينەزەر جاھىلىيەت جەمئىيىتىدۇر.

زامانىمىزدا مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنىدا ياشاۋاتقانلار بەكمۇ ئارىلاش. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر تاياقتا ھەيدىگىلى بولمايدۇ. بەزى ئادەملەر زاھىرەن ئەھۋالغا قارىغاندا شەكسىز مۇسۇلمان. چۈنكى ئۇلار اللهتىن باشقا مەئبۇدى بەرھەق يوق دەپ شاھادەت ئېيتىدۇ، ئىبادەت قىلىدۇ، جاھىلىيەتنىڭ ھۆكمىنى ئىنكار قىلىدۇ، اللهنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە قىزىقىدۇ، ئۆز ئىشلىرىنى ئىمكانىقەدەر شەرىئەت بويىچە بىر تەرەپ قىلىدۇ. بەزى ئادەملەر زاھىرەن ئەھۋالغا قارىغاندا، شەكسىز كاپىر. چۈنكى ئۇلار گەرچە ئېغىزىدا كەلىمە شاھادەتنى دەپ يۈرسىمۇ، اللهنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنىڭ پەرزلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ، بۇ ھەقتە ئېغىزىغا كەلگەنچە جۆيلۈيدۇ، بىردەم: «دىن بىلەن سىياسەتنىڭ مۇناسىۋىتى يوق» دېسە، بىردەم: «14 ئەسىر بۇرۇن نازىل بولغان شەرىئەت بۈگۈن كۈندىكىدەك تەرەققىي قىلغان زامانغا قانۇن بولالامدۇ؟ تەرەققىي قىلغان ھاياتقا تەرەققىي قىلغان تۈزۈم بولۇش كېرەك، ئىسلامنى دېموكراتىيىگە ياكى سوتسىيالىزمغا ئالماشتۇرايلى» دەيدۇ. بۇ ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى: «دىنىنىڭ رولى ئاخىرلىشىپ بولغان، بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭغا ئورۇن يوق» دەيدۇ. بەزىلىرى: «دىن دېگەن ئەكسىيەتچىلىك ۋە قالاقلىق، ئۇنى تاشلاپ، تەرەققىيپەرۋەر بولۇشىمىز كېرەك» دەيدۇ. بەزىلىرى

www.uyghurkitap.com

بولسا: «دىن دېگەن بەندە بىلەن خۇدا ئوتتۇرىسىدىكى شەخسىي مۇناسىۋەت، ئۇنىڭ ئورنى قەلبتە، ئۇنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇش بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق» دەيدۇ.

زامانىمىزدا يەنە تاشقى قىياپىتىگە قاراپ ئۇنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى ياكى كاپىرلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان نۇرغۇن ئادەملەر بار. قارىسىڭىز ئۇلار ئىمانىنىڭ تەقەززالىرىدىن ئاساسەن يىراقتا. بۇلارنى بەزىلەر كاپىر دەيدۇ، بەزىلەر مۇسۇلمان دەيدۇ. بىز بۇلار ئۈستىدىن ھېچقانداق ھۆكۈم چىقارمايمىز. بىز پەقەت ھەقىقىي ئىماننى ھەممە كىشىگە بايان قىلىمىز. چۈنكى بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، مۇشۇنداق بايان قىلىش ئارقىلىق اللهنىڭ ئۈستىمىزدىكى ئامانىتىنى ئادا قىلىمىز. ھەم بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنى ئۆز ئەھۋالىنى ياخشىلاشقا قايىل قىلغىلى بولىدۇ. بىز ئۆز ئەھۋالىمىزنى ياخشىلىساق، اللهنىڭ دىنى ئۈستىدە راۋۇس تۇرساق، الله مۆئمىن بەندىلىرىگە بەرگەن ۋەدىسى بويىچە بىزنى خار - زەبۇنلۇقتىن قۇتقۇزىدۇ، ئىززەت ۋە ھۆرمىتىمىزنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ: ﴿وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنْكُمْ وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُمْ فِي الْأَرْضِ كَمَا اسْتَخْلَفَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ الَّذِي ارْتَضَى لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُمْ مِنْ بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْنًا يَعْبُدُونَنِي لَا يُشْرِكُونَ بِي شَيْئًا﴾ ﴿الله ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ﴾[1].

مانا بۇ بىزنىڭ ھازىرقى شەخسلەر ئۈستىدىكى قارىشىمىز. ئەمما

---

[1] سۈرە نۇر، 55 – ئايەت.

جەمئىيەتنىڭ ئىشى شەخسنىڭ ئىشىغا ئوخشمايدۇ. جەمئىيەتكە قانداق باھا بېرىشتە شۇ جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى، مۇئامىلىلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىرىنى كونترول قىلىدىغان تۈزۈمگە قاراش كېرەك.

مۇشۇ قائىدە بويىچە ئېيتقاندا بۈگۈنكى كۈندە مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان جەمئىيەتلەرنى ئىسلامىي جەمئىيەت دېيەلەيمىزمۇ؟! جەمئىيەتنى ئىسلام شەرىئىتى، ئىسلام يولىيورۇقلىرى ۋە ئىسلام تۈزۈمى كونترول قىلىۋاتامدۇ؟! كىشىلەرنىڭ مۇئامىلىلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىرىنى ئىسلامىي تۈزۈم بەلگىلەۋاتامدۇ؟! كىشىلەرنىڭ ئېتىقادىي تونۇشلىرى، ئوقۇتۇش پروگراممىلىرى، تەشۋىقات پروگراممىلىرى، ئەمەلىي ھەرىكەتلىرى ئىسلام بويىچە بولۇۋاتامدۇ؟!

بىر كاتتا ساھابىنىڭ ئاچچىقى تۇتۇپ كېتىپ، يەنە بىر ساھابىنى: «ھەي قارا خوتۇننىڭ ئوغلى» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: **«عيرته بأمه ؟! أنت امرؤ فيك جاهلية»** «ئۇنىڭ ئانىسىنى چىشلەپ تارتىۋاتامسەن؟ سەندە تېخى جاھىلىيەت (نىڭ تەسىرى) بار ئىكەن»[1] دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېغىزدىن چىققان بىر ئېغىز سۆز ئۈچۈنلا ئۇ ساھابىگە: «سەندە تېخى جاھىلىيەت بار ئىكەن» دېدى. بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزنى كۆرگەن بولسا نېمە دەر ئىدى؟!

ھازىر بەزى كىشىلەر ئېھتىيات قىلىپ، ئېغىزدا شاھادەت ئېيتقانلارنىڭ ھەممىسىنى ئىماننىڭ تەقەززالىرىغا زىت ئىشلارنى قىلىۋاتسىمۇ مۇسۇلمان دەۋاتىدۇ. ھازىرقى جەمئىيەتلەرنى ئىسلامىي جەمئىيەت دەۋاتىدۇ. بۇلار ھەرقانچە تەقۋا كىشىلەر بولسىمۇ، بىلىپ _ بىلمەي ئىسلامىي دەۋەتكە ئېغىر زىيان سېلىۋاتىدۇ.

ئېغىزدا شاھادەت ئېيتىپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە بۇنىڭغا زىت ئىش

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

قىلىۋاتقان ئادەملەرنى مۇسۇلمان دەپ ئاتىغانىنىڭ نېمە پايدىسى بار؟! بۇنداق قىلىش كىشىلەرنى ئىسلامنى قوبۇل قىلىشقا ياكى ئىسلامنى ساقلاشقا ئۈندىيەلەمدۇ؟!

شۇنداق، مۇسۇلمانلارنىڭ هازىرقى ئەھۋالى كىشىلەرنىڭ ئىسلامغا يۈزلىنىشىگە ناھايىتى ئېغىر توسقۇن بولۇۋاتىدۇ. بىز شۇنداق ئادەملەرنى مۇسۇلمان دەپ بەرسەك، ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن كەلىمە شاھادەتنىڭ چىققىنىغا قاراپلا، ئەمەلىيەتتىكى ئەسكىلىكلىرىنى كۆرمەسكە سالساق، ئۇنداقتا كوممۇنىستلارنىمۇ، سوتسىيالىستلارنىمۇ، دېموكراتلارنىمۇ، لىبېرالىستلارنىمۇ، نېگىلىزىمچىلارنىمۇ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىسلامنى يوق قىلىدىغان ئاللىقانداق ئېقىمدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى مۇسۇلمان دەۋەرسەك بولغۇدەكقۇ؟!

بىز تەۋۋالىق قىلىمىز دەپ شۇنچىلا ئازغان ئادەملەرنىمۇ مۇسۇلمان دەپ يۈرگىنىمىزدە، ئىسلام دېگەن ئاشۇنداق ناچار، يارىماس ئوخشايدۇ دەپ دىنىدىن بىزىپ كېتىۋاتقان ياشلارنىڭ دىنىغا كىرىشىگە توسقۇن بولۇۋاتقانلىقىمىزنىمۇ ئويلاپ قويايلى، ﷲتىن قورقايلى!

جەمئىيەتكە باھا بېرىشتە شەخسكە قاراپ ئەمەس، تۈزۈمگە قاراپ باھا بېرىش كېرەكلىكىنى، بىزنىڭ ۋەزىپىمىزنىڭ كىشىلەر ئۈستىدىن كاپىر ياكى مۇسۇلمان دەپ ھۆكۈم چىقىرىش ئەمەس، بەلكى ئىسلام ئىككىنچى قېتىم غېرىبلاشقان بۈ كۈنلەردە ھەقىقى ئىماننى ۋە ئۇنىڭ تەقەززالىرىنى ئېنىق بايان قىلىپ، كىشىلەرنىڭ خاتا تونۇشىنى تۈزىتىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالدۇق. ئەمدى بىز ئىماننىڭ تەقەززالىرى ھەققىدىكى سۆزىمىزگە قايتىپ كېلەيلى.

بىز يۇقىرىدا تۈنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئانغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىماتلىرىغا ئاساسلىنىپ ئىماننى قانداق چۈشەنگەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. كونا ۋە يېڭى مۇرجىئەلەرنىڭ: «تەستىق ۋە ئىقرار بىلەنلا ئىماننىڭ تەقەززالىرىغا ئەمەل قىلماي تۇرۇپمۇ،

شەرىئەت بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە قايىل بولماي تۇرۇپمۇ مۇسۇلمان بولغىلى بولىدۇ» دېگەن قارىشىنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىسكە، دىننى ھەقىقى چۈشەنگەن ساھابىلەرنىڭ ئەھۋالىغا تۇغرا كەلمەيدىغان ئاساسسىز خاتا قاراش ئىكەنلىكىنى، مۇسۇلمان دېگەن نامغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ھېچبولمىغاندا شەرىئەت بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە قايىل بولۇش كېرەكلىكىنى، شەرىئەتكە قايىل بولماسلىقنىڭ ئىماننى بۇزۇپ، دىندىن چىقىرىۋېتىدىغانلىقىنى... بايان قىلىپ ئۆتتۇق. ئەمدى زامانىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ئۈستىدە توختالماقچىمىز. بىز بۇ مەسىلىدە ئىككى نۇقتا بويىچە تەھلىل يۈرگۈزىمىز:

بىرىنچى نۇقتا، ھازىرقىدەك اللهنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈلمىگەن دەۋردە دىننى ساقلاشنىڭ ئەڭ توۋەن ئۆلچىمى نېمە؟

ئىككىنچى نۇقتا، ئىسلام تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇ يامان ۋەزىيەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى نېمە؟

بىز مۇنۇ ھەقىقەتنى قايتا ئەسلىتىمىز، ئۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز:

ئىسلامىي جەمئىيەت يەنى اللهنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان جەمئىيەت بار زامانلاردا كىشىلەر ئىسلامغا كىرىپ، بۇ دۇنيادا مۇسۇلمانلارنىڭ قاتارىغا ئۆتۈش ئۈچۈن، كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزىدىن چىقارسىلا بولاتتى. لېكىن بۇ، كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزىدىن چىقارسىلا، ئۇنىڭ تەقەززاسىغا ئەمەل قىلمىسىمۇ مۇسۇلمان بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس ئىدى. بەلكى كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزىدىن چىقارغان كىشى ئۇنىڭ تەقەززاسىنى بىلەتتى. بىرلا اللهنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، ھەممە ئىشتا شەرىئەتنى ئاساس قىلىشنىڭ ئىماننىڭ ئايرىلماس بىر تەركىبى قىسمى ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەتتى. ﴿وَمَا اخْتَلَفْتُمْ فِيهِ مِنْ شَيْءٍ فَحُكْمُهُ إِلَى اللَّهِ﴾ «سىلەر (دىن ئۈستىدە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا) ھەر قانداق نەرسە

ئۈستىدە ئىختىلاپ قىلىشساڭلار، ئۇنىڭغا اللە ھۆكۈم چىقىرىدۇ﴾[1].

﴿فَإِنْ تَنَازَعْتُمْ فِي شَيْءٍ فَرُدُّوهُ إِلَى اللَّهِ وَالرَّسُولِ إِنْ كُنْتُمْ تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ﴾

﴿ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا اللەقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر اللەقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە (ھەقىقىي) ئىشىنىدىغان بولساڭلار﴾[2].

ئىمانىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلىنىۋاتقان بۇ تەقەززاسىدىن يېنىۋالغانلار گەرچە ئېغىزىدا كەلىمە شاھادەت ئېيتىپ تۇرسىمۇ، مۇرتەد ھېسابلىنىپ، ئۇنىڭغا مۇرتەدلىكنىڭ جازاسى بېرىلىدى. بۇ، ئىمانىنىڭ تەقەززاسىغا ئەمەل قىلماي تۇرۇپ، كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزىدىن چىقىرىش بىلەنلا مۇسۇلمان بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ھازىر ئەمەلىيەتتە اللەنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈلمەيۋاتىدۇ. لىبىرالىستىك دېموكراتىزم، كوممۇنىزم، سوتسىيالىزم، يەنە ئاللىقانداقتۇر اللە نازىل قىلمىغان ناملار بىلەن ئاتالغان جاھىلىيەت قانۇنلىرى بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈلۈۋاتىدۇ. بۇنداق شارائىتتا دىننى ساقلاشنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئۆلچىمى نېمە؟

بىز بۇ يەردە مۇسۇلمانلىق قىياپىتىنى قانداق ساقلىغىلى بولىدۇ، دېمەكچى ئەمەسمىز، چۈنكى دەۋەتچىنىڭ ۋەزىپىسى مۇسۇلمان ئەمەس ئادەملەرگە يالغاندىن مۇسۇلمان دەپ گۇۋاھلىق بېرىش ئەمەس. اللەقا يارىمايدىغان ساختا مۇسۇلمانلىق قىياپىتىنى قانداق ساقلاشنى ئۆگىتىشمۇ دەۋەتچىنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەس. بەلكى ئاخىرەتتە ﴿**يَوْمَ لا يَنْفَعُ مَالٌ وَلا بَنُونَ إِلَّا مَنْ أَتَى اللَّهَ بِقَلْبٍ سَلِيمٍ**﴾ (ھېچ كىشىگە) مال ۋە ئوغۇللار پايدا

---

[1] سۈرە شۇرا، 10-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە نىسا، 59- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



www.uyghurkitap.com

يەتكۈزەلمەيدىغان، پەقەت (ﷲنىڭ دەرگاھى)غا پاك قەلب بىلەن كەلگەن ئادەمگىلا پايدا يەتكۈزۈلىدىغان كۈندە﴾[1] قوبۇل بولىدىغان ھەقىقى ئىمانىنى چۈشەندۈرۈش دەۋەتچىنىڭ ۋەزىپىسى. ھەتتا بۇ دۇنيادا مۇسۇلمانلىق قىياپەتنى ساقلاشنىڭمۇ كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزىدىن چىقىرىشتىن باشقا شەرتلىرى بار. بۇ ھەقتە كېيىن توختىلىمىز.

ﷲنىڭ شەرئىتى بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈلمىگەن دەۋردە مۇسۇلمانلىق نامىغا ئىگە بولۇشنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئۆلچىمىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسى ناھايىتى ئېنىق بايان قىلىپ بېرىدۇ: «**ما من نبي بعثه الله في امة قبلي إلا كان له من أمته حواريون وأصحاب ، يأخذون بسنته ويقتدون بأمره . ثم إنها تخلف من بعدهم خلوف ، يقولون ما لا يفعلون ، ويفعلون ما يؤمرون . فمن جاهدهم بيده فهو مؤمن ، ومن جاهدهم بلسانه فهو مؤمن ، ومن جاهدهم بقلبه فهو مؤمن . وليس وراء ذلك من الإيمان حبة خردل**» «ﷲ مەندىن بۇرۇن ئەۋەتكەن ھەرقانداق بىر پەيغەمبەرنىڭ ئۆز ئۈممىتى ئىچىدىن چىققان ھەقىقى ئەگەشكۈچىلىرى بار ئىدى. ئۇلار ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشەتتى، بۇيرۇقىغا بويسۇناتتى. ئاندىن كېيىن ئېغىزىدىكى سۆزى بىلەن ئەمەلىي ھەرىكىتى ئوخشىمايدىغان، بۇيرۇلمىغان ئىشلارنى ئىبادەت دەپ قىلىدىغان يامان ئىزباسارلار پەيدا بولدى. كىمكى شۇ يامان ئىزباسارلارغا قارشى قولى بىلەن جىھاد قىلسا، ئۇ مۆئمىندۇر؛ كىمكى تىلى بىلەن جىھاد قىلسا، ئۇ مۆئمىندۇر؛ كىمكى قەلبى بىلەن جىھاد قىلسا، ئۇ مۆئمىندۇر. بۇنىمۇ قىلمىغان ئادەمدە تېرىقنىڭ دانىسىچىلىكمۇ ئىمان بولمايدۇ»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: «**إنه يستعمل عليكم أمراء**

[1] سۈرە شۇئەرا، 88- ۋە 89- ئايەتلەر.

[2] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

فتعرفون وتنكرون . **فمن كره فقد برىء ، ومن أنكر فقد سلم** ، ولكن من رضي وتابع»
«شۇبھىسىزكى، سىلەرگە ياخشىلارمۇ، يامانلارمۇ ئەمىر بولىدۇ. كىمكى يامان ئەمىرنى يامان كۆرسە، ئۇنىڭ ئىمانى پاك ساقلىنىدۇ. كىمكى يامان ئەمىرنى ئىنكار قىلسا، ئۇنىڭ ئىمانى ساق قالىدۇ، لېكىن يامان ئەمىرگە ئەگەشكەن ۋە ئۇنىڭ يامان ئىشلىرىغا رازى بولغان كىشىدە ئىمان بولمايدۇ»[1].

بىرىنچى ھەدىستە، قولى بىلەن ياكى تىلى بىلەن ياكى قەلبى بىلەن جاھىلىيەتنىڭ ھۆكمىگە قارشى جىھاد قىلغانلاردا ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى ئىماننىڭ بولىدىغانلىقى، قەلبى بىلەنمۇ نارازى بولمىغان ئادەمدە قىلچە ئىماننىڭ بولمايدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلىدى. ئىككىنچى ھەدىستە، جاھىلىيەتنىڭ ھۆكمىگە رازى بولغان ۋە ئەگەشكەن كىشىلەردە ئىمان بولمايدىغانلىقى ئىسپاتلاندى.

اللهنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى تەپەككۇر قىلغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە مەلۇمكى، ئايەت ياكى ھەدىستە «ئىمان»، «ئىسلام» دېگەن سۆز تەڭ سۆزلەنسە، «ئىمان» قەلبنىڭ ئەمەلىنى، «ئىسلام» تاشقى ئەزالارنىڭ ئەمەلىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما بۇ ئىككى لەۋزىنىڭ بىرى سۆزلىنىپ، يەنە بىرى سۆزلەنمىگەن يەردە، «ئىمان» سۆزلەنسە «ئىسلام»نى، «ئىسلام» سۆزلەنسە «ئىمان»نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا يۇقىرىقى ھەدىسلەردە ئىمانى يوق دېيىلگەن ئادەملەرنىڭ ئىسلامىمۇ (مۇسۇلمانلىقىمۇ) يوق بولغان بولىدۇ. بەزى يوقىلاڭ باھانە كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ «ھەدىستە ئىمانى يوق دېيىلدى، ئىسلامى يوق دېيىلمىدى» دېگەن گېپى ئۆلىمالارنىڭ ئىجمائىغا زىت كېلىدۇ.

بۇ دۇنيادا مۇسۇلمانلىق قىياپىتىنى ساقلاشنىڭ كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزدىن چىقىرىشتىن باشقا شەرتى بار. بۇ شەرت تاغۇتنىڭ ھۆكمىگە ئۆز

[1] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.uyghurkitap.com
كىتاب تور بېكىتى

رازىلىقى بىلەن ئەگەشمەسلىكتۇر، چۈنكى تاغۇتنىڭ ھۆكمىگە ئەگىشىش ئېغىزدىن چىققان كەلىمە شاھادەتنى بۇزىۋېتىدۇ-دە، زاھىرەن مۇسۇلمان بولغىلىمۇ بولمايدۇ.

بىز بۇ يەردە ھېچكىمنىڭ ئۈستىدىن كاپىر دەپ ھۆكۈم چىقارغىنىمىز يوق. بۇنداق قىلىش بىزنىڭ ئىشىمىز ئەمەس. كىشىلەر تاغۇتقا ئۆز رازىلىقى بىلەن ئەگەشتىمۇ ياكى اللهنىڭ شەرىئىتىگە ئەگىشىشكە ئىنتىلىپ تۇرسىمۇ، ئامالسىز قېلىپ، يامان كۆرۈپ تۇرۇپ ئەگەشتىمۇ، بىزبۇنى بىلمەيمىز، بىز كىشىلەرنىڭ قەلبىنى يارالمايمىز. ئەمما تاغۇتنىڭ ھۆكمىنى سۆزى بىلەن ياكى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئېتىراپ قىلىپ، اللهنىڭ شەرىئىتىدىن باشقا قانۇنغا ئەگىشىشكە چاقىرغانلارنى ياكى اللهنىڭ شەرىئىتى بىلەن باشقا قانۇنلارنى ئوخشاش كۆرگەنلەرنى كاپىر دېيەلەيمىز.

بىز پەقەت كىشىلەرگە اللهنىڭ مىزانىنى تونۇتۇپ قويماقچىمىز: ﴿**لَقَدْ أَرْسَلْنَا رُسُلَنَا بِالْبَيِّنَاتِ وَأَنْزَلْنَا مَعَهُمُ الْكِتَابَ وَالْمِيزَانَ لِيَقُومَ النَّاسُ بِالْقِسْطِ**﴾ ﴿بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە، ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ، كىتابنى، مىزاننى چۈشۈردۇق﴾[1].

اللهنىڭ مىزانىدا بۇ جاھاندا اللهنىڭ ھۆكمى ياكى جاھىلىيەتنىڭ ھۆكمىدىن ئىبارەت ئىككى خىل ھۆكۈمنىڭلا بارلىقى، ئۇچىنچى بىر خىل ھۆكۈمنىڭ يوقلۇقى ئوتتۇرىغا قويۇلىدى: ﴿**أَفَحُكْمَ الْجَاهِلِيَّةِ يَبْغُونَ وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ اللَّهِ حُكْمًا لِقَوْمٍ يُوقِنُونَ**﴾ ﴿ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ (اللهقا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە اللهتىنمۇ ئادىل كىم بار؟!﴾[2]

[1] سۈرە ھەدىد، 25 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە مائىدە، 50 - ئايەت.

www.uyghurkitap.com



الله نازىل قىلمىغان قانۇنلارنىڭ ھەممىسى جاھىلىيەتنىڭ ھۆكمىدۇر. جەمئىيەتتە جاھىلىيەت ھۆكۈم سۈرگەندە كىشىلەر اللهنىڭ مىزانىدا ئىككى خىل بولىدۇ: بىرىنچى خىلى جاھىلىيەتنىڭ ھۆكمىگە رازى بولۇپ كاپىر بولغانلار. ئىككىنچى خىلى جاھىلىيەتنى ئىنكار قىلىپ، يامان كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قارشى جىھاد قىلغانلار. بۇلارنىڭ ئىمانى اللهنىڭ دەرگاھىدا ئىنكار قىلىش ۋە جىھاد قىلىش دەرىجىسىگە قاراپ قوبۇل بولىدۇ. مانا بۇ ئىلاھىي مىزان، ئۇنى ھېچكىم ئۆز خاھىشى بىلەن ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ﴿وَمَا كَانَ لِمُؤْمِنٍ وَلَا مُؤْمِنَةٍ إِذَا قَضَى اللَّهُ وَرَسُولُهُ أَمْرًا أَنْ يَكُونَ لَهُمُ الْخِيَرَةُ مِنْ أَمْرِهِمْ﴾ ﴿الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر – ئايال مۇئمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى الله ۋە اللهنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن، ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ)﴾[1].

جاھىلىيەتكە قارشى قەلب بىلەن جىھاد قىلىش اللهنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈلمىگەن زامانلاردا مۇسۇلمان بولۇشنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئۆلچىمىدۇر. اللهنىڭ بۇ ئۆلچىمىنى توغرا تونۇش ئۈچۈن قەلب بىلەن جىھاد قىلىشنىڭ مەنىسىنى بىلىشىمىز كېرەك. كۆپلىگەن كىشىلەر مۇرجىئىلىكنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، «قەلب بىلەن جىھاد قىلىش ياكى قەلب بىلەن ئىنكار قىلىش» مەسىلىسىدە، ئىغىزىمىزدا «بۇ توغرا ئەمەس» دەپ قويساق ياكى كۆڭلىمىزدە «بۇ يامان ئىش» دەپ تونۇپ قويساق، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىزدە يامانلاردىن ھېچ پەرقىمىز بولمىسىمۇ بولىۋېرىدىغان ئوخشايدۇ دەپ قىلىۋاتىدۇ.

مۇرجىئىلىك «ئىمان تەستىق ۋە ئىقراردىنلا ئىبارەت» دەپ، ئەمەلنى ئىماننىڭ بىر تەركىۋى قىسمى بولۇشتىن ئايرىۋەتكەندەك، يەنە قەلب بىلەن ئىنكار قىلىشنىمۇ «كۆڭلىدىلا بىلىپ تېشىغا تىنماسلىق» دەپ

[1] سۈرە ئەھزاب، 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

چۈشەندۈردى.

ئىمام غەزالى گەرچە سوپى بولسىمۇ، قەلب بىلەن ئىنكار قىلىشنى تـوغرا چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ئىكرەمە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلـىدۇكى، پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام مۇنـداق دېـگەن: «سـەن ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ قېشىدا تۇرمىغىن. چۈنكى ئادەم ئۆلتۈرگەن سـورۇندا بـار تـۇرۇپ، ئـۇنى توسـۇپ قالمىغـان كىشـىگە ئاللاھنىـڭ لەنىتـى چۈشىدۇ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالام يەنە مۇنـداق دېـگەن: «مۇسـۇلمان ھەرقانـداق يەرگە بارسـا، ھەق گەپ قىلىشـى كېـرەك، ھەق گەپ قىلىـش ئۆمۈرنى قىسقارتالمايدۇ، رىزىقتىن مەھرۇم قىلالمايدۇ».

بۇ ھەدىسنىڭ ھۆكمىگە ئاساسەن زالىملارنىـڭ ئـۆيلىرىگە، ئۇنىڭـدىن باشقا يامان ئىشنى توسقىلى بولمايدىغان ئورۇنلارغا بېـرىش جـايىز ئەمەس. ئۆزى توسالمىغان مۇنكەرنى توسالمىغانلىقنى باھانە قىلىپ كۆرگىلى بېرىش جايىز ئەمەس. چۈنكى يامـان ئىـش قىلىنغـان ئورۇنغـا بارغانلارغـا ئاللاھنىـڭ لەنىتى چۈشىدۇ.

يامان ئىشقا ئىمكانىيەت يـار بەرگەن دائىرىـدە ئەنە شـۇنداق ئەمەلـىي ھەرىكەتـى بىـلەن نـارازى بولغانــدىلا قەلـب بىـلەن جىھـاد قىلغـانلىق ھېسابلىنىپ، ئىمانىنىڭ تۆۋەن دەرىجىسىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ، ئاللاھنىـڭ غەزىپىدىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ. ئەمما مۇرجىئىلەرچە نارازى بولـۇش خـۇددى مۇرجىئىلەرچە ئىمان ئېيتقانغا ئوخشاشلا جانغا ئەسقاتمايدىغان ئېتىبارسـىز نەرسىدۇر!

ئىككىنچـى نۇقتـا، ئىسـلام تارىخىـدا كۆرۈلـۈپ باقمىغـان بـۇ يامـان ۋەزىيەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى نېمە؟

بىر كىشىلەرگە: «قۇتۇلۇشنىڭ يولى خاتا چۈشىنىلگەن دىنى ئۇقـۇملارنى، بولۇپمۇ ئىماني ئۇقۇمنى توغرا چۈشىنىشتۇر» دېسەك، كـۆپلىگەن كىشـىلەر ھەيران بولۇپ، ئاغزىنى ئېچىپلا قالىدۇ، يەنە بىر مۇنچىلىرى ئىنكار قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، كەمبەغەللىككە، نادانلىققا، كېسەللىككە قارشى تۇرۇپ، ئىقتىسادنى تەرەققى قىلدۇرغاندىلا، ھەمـمە ئادەمنىـڭ قىلىـدىغان خىزمىتى، يەيدىغان نېنى بولغاندىلا، ھەممە ئادەم ئوقۇيالىغانـدىلا، ئانـدىن ھازىرقى كرىزىستىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ.

بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، پەن - تېخنىكىنى تەرەققى قىلدۇرۇپ، ماددىي ۋە مەدەنىي قـالاقلىقنى تۈگەتكەنـدىلا؛ بەزىلەرنـىڭ قارىشـىچە، پـارىخورلۇق، يالغـانچىلىق، قـارىچىلىق، بىكارتەلەپلىـك، قورقۇنچـاقلىق، ۋىجدانسـىزلىق، پەرۋاسىزلىق، خىيانەتچىلىك... قاتـارلىق يامـان ئەخلاقلارنـى تۈزىگەنـدىلا؛ يەنە بەزىلەرنـىڭ قارىشـىچە، ئۆزئـارا ئـۆچمەنلىكنى تۈگىتـىپ، ئومۇمنىـڭ مەنپەئىتىنى ئالدىنقى قاتارغا قويۇپ ئىتتىپاقلىشىپ، بىر ياقىدىن باش، بىـر يەڭدىن قول چىقارغاندىلا؛ يەنە بەزىلەرنىڭ قارىشچە... يەنە بەزىلەرنـىڭ قارىشچە... يەنە بەزىلەرنىڭ قارىشچە...

بىرنىڭچە، مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىنى قىلغاندىلا كرىزىسـتىن قۇتـۇلغىلى بولىدۇ. قۇتۇلۇش ئۈچۈن مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىنى قىلىش كېـرەك! لـېكىن قانداق قىلىش كېرەك؟

بىز بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ھەر خىل ئىسـلاھات يوللىرىـدا مېڭىپ باقتۇق. مەكتەپلەرنى، ئىنىستىتۇتلارنى، ئۇنىۋېرسـىتېتلارنى ئېچىـپ باقتۇق، يول ياساپ، يوللارنى ماشـىنىلارغا تولـدۇردۇق، زاۋۇتلارنـى قـۇرۇپ، ئۆيلەرنى توكلاتقـۇلار، ئىنسـستىقۇلار ۋە تېلېـۋىزورلار... بـىلەن توشـقۇزۇپمۇ باقتۇق. نۇرغۇن ئىشلانى قىلىپ باقتۇق. ئاندىن كېيىنچۇ؟!

مۇشكۇلاتىمىز تېخىمـۇ كۆپەيـدى. كرىزىسـلىرىمىز تېخىمـۇ ئېغىرلاشـتى. باشقىلار ئالدىدا تېخىمـۇ خورلانـدۇق. بـىزگە باشـقىلار بىـر لوقمـا تائامغـا ئۇلاشقاندەك ئۇلىشىپ قالماستىن، بەلكى الله پىشانىسىگە خـار-زەبۇنلـۇقنى پۈتكەن، جاھاندا تىرە - پىرەن بولۇپ كەتكەن ساياقلارمۇ يوپۇرۇلۇپ كەلدى. ماللىرىمىزغا، ئابرويلىرىمىزغا، قانلىرىمىزغا چاڭ سالدى...

بىز دەيمىزكى، خاتا چۈشەنىلگەن ئىسلامىي چۈشەنچىلەرنى ئىماننى چۈشەنچىسىدىن باشلاپ تۈزىتىش بۇ كرىزىستىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى. ھەيران بولۇپ ئېغىزنى ئېچىپ قالغانلار قېلىۋەرسۇن، ئىنكار قىلغانلار قىلىۋەرسۇن...

ئىمان دېگەن ئېغىزدىلا دېيىلىدىغان قۇرۇق سۆز دەپ ئويلايدىغانلار بۇگېپىمىزدىن ھەيران بولۇپ ۋە ئىنكار قىلىپ، ئېغىزنى ئېچىپ قالىدۇ. چۈنكى ئۇلار كەلىمە شاھادەت ھەر كۈنى نەچچە يۈز مىليون قېتىملاپ دېيىلسىمۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ يەنىلا كرىزىس ئىچىدە قېلىۋەرگەنلىكىنى، بەلكى كرىزىسىنىڭ كۈنسېرى كېڭىيىۋاتقان ۋە ئېغىرلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىدۇ.

كەلىمە شاھادەتنى تەستىق قىلىش ۋە ئىقرار قىلىش بىلەنلا مۇسۇلمان بولغىلى بولىدۇ دەپ ئويلايدىغانلارمۇ بۇگېپىمىزدىن ھەيران بولۇپ ۋە ئىنكار قىلىپ، ئېغىزنى ئېچىپ قالىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ قارىشىچە تەستىق ۋە ئىقرار بار. شۇنداق تۇرۇپ بىر مۇشكىلىمىزمۇ ھەل بولمايۋاتىدۇ، بىر كرىزىسمۇ ئاخىرلاشمايۋاتىدۇ.

ئەقىدىمىز بار، «ئەقىدە، ئەقىدە دەۋەرمەي باشقا ئىشلارنى قىلىش كېرەك» دەيدىغانلارمۇ بۇ گېپىمىزدىن ھەيران بولۇپ ۋە ئىنكار قىلىپ، ئېغىزنى ئېچىپ قالىدۇ. چۈنكى بۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىمان - ئىسلام بار. ئىمان ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيۋاتىدۇ. بۇندىن كېيىنمۇ بىرەر ئىش قىلىپ بېرەلەيدىغاندەك ئەمەس.

يۇقىرىقى ئۈچ خىل قاراشتىكىلەرنىڭ ھەممىسى كەلىمە شاھادەتنى ھەقىقى مەزمۇنىدىن ئايرىپ، ئۇنى ئېغىزدىلا دېيىلىدىغان، مەزمۇنىغا ئەمەل قىلىنمايدىغان، ئەمەلىيەتتە ھېچ ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان قۇرۇق سۆزگە ئايلاندۇرغۇچى مۇرجىئىلىكنىڭ قۇربانلىرىدۇر.

بىز پەقەت نەزەرىيە جەھەتتە قۇرۇق مۇنازىرە قىلىش يۈزىسىدىنلا

www.uyghurkitap.com

مۇرجىئىلىك ئىدىيىسىنى تۈزىتىشنى تەشەببۇس قىلىۋاتقىنىمىز يوق. بىز مۇسۇلمانلاردا مۇرجىئىلىكنىڭ زەھەرلىك تەسىرى بارلىقىنى، مۇرجىئىلىكنىڭ ئىسلام روھىدىن تولىمۇ يىراقلىقىنى تونۇپ يەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتىمىز.

بىز ھەقىقەتنى تېپىش ئۈچۈن ئۆزىمىزگە سوئال قويۇپ باقايلى: بۈگۈن كۈندە مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەر ئىلمىي، ھەزارىي، ئىدىيىۋى، ئەخلاقىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە ماددىي... قالاقلىقلار ئىسلام دىنىدىن كەلدىمۇ؟! يەنى مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقتىن، ئىسلام دىنىغا ئەمەل قىلغانلىقتىن، ئىسلام دىنىنى قوغدىغانلىقتىن شۇنداق خارلىقتا قالدىمۇ؟!

بىز بۇ سوئالغا، خاھىشىمىزغا بېرىلمەي، تەرەپبازلىق قىلماي، ئىلمىي، ئەمەلىي جاۋاب تېپىش ئۈچۈن مۇنداق سوئال قويۇپ باقايلى: «ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى قوغدىغان ۋە ئەمەلىي ئىجرا قىلغان تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار ھازىرقى مۇسۇلمانلاردەك خاپىلىقتا قالغانمۇ؟! ياكى ئەكسىچە قۇدرەت تاپقانمۇ؟!»

نەتىجە چىقىرىش ئۈچۈن يەنە مۇنداق سوئال قويۇپ باقايلى: «ئىماننىڭ تەقەززالىرىنى تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار تولۇق ئىشقا ئاشۇرغانمۇ ياكى ئىماننى قۇرۇق سۆزگە ئايلاندۇرۇپ قويغان ھازىرقى مۇسۇلمانلار تولۇق ئىشقا ئاشۇرغانمۇ؟!»

بىز مۇشۇ سوئاللارنىڭ جاۋابىنى بىلسەكلا، ئىسلام دۇنياسىغا ھازىر كېلىۋاتقان كۈلپەتلەرنىڭ يىلتىزىنى بىلەلەيمىز.

دەرۋەقە كېيىنكى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنىڭ تونۇشىدا پەقەت ئىمان چۈشەنچىسىلا بۇزۇلغىنى يوق. بەلكى ئىسلامىي چۈشەنچىلەرنىڭ ھەممىسى بۇزۇلدى. ھازىرقى كىرىزىس دەل شۇ بۇزۇلۇشنىڭ مەھسۇلى، بۇ بىر پاكىت. كىتابىمىزنىڭ كېيىنكى بەتلىرىدىكى «ئىبادەت چۈشەنچىسى»،

«قازا ۋە قەدەر چۈشەنچىسى»، «دۇنيا ۋە ئاخىرەت چۈشەنچىسى»، «هازارەت چۈشەنچىسى» ھەققىدىكى بايانلارنى ئوقۇغاندىن كېيىن بۇ مەسىلە تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ.

لېكىن يۇقىرىدا قەيت قىلغىنىمىزدەك، ئىسلامنىڭ ئەڭ چوڭ، ئەڭ بىرىنچى رۇكنى ئىمان. شۇڭلاشقا ئىماننى توغرا چۈشەنگەندىمۇ، خاتا چۈشەنگەندىمۇ ئوخشاشلا ئۇنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مەسىلىگە مەككىدىكى ئون ئۈچ يىل جەرياندىمۇ، كېيىنكى مەدىنە دەۋرىدىمۇ ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىلگەن.

بىز تۆنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ تەلىماتى بويىچە چۈشەنگەن ئىمانىي تەقەززالارنى قايتا ئېسىمىزگە ئېلىشىمىز كېرەك.

ئىماننىڭ بىرىنچى تەقەززاسى: اللهنى پەرۋەردىگارلىقتا، ئىلاھلىقتا، ئەسما ۋە سۈپەتتە يەككە - يېگانە دەپ ئەقىدە قىلىش (تەۋھىدى ئۇلۇھىيەت).

ئىماننىڭ ئىككىنچى تەقەززاسى: بارلىق ئىبادەتنى بىرلا اللهقا قارىتىش (تەۋھىدى ئۇبۇدىيەت).

ئىماننىڭ ئۈچىنچى تەقەززاسى: اللهنىڭ شەرئىتى بويىچىلا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، باشقا قانۇنلارغا بويسۇنماسلىق (تەۋھىدى ھاكىمىيەت).

ئىماننىڭ تۆتىنچى تەقەززاسى: الله مۆئمىنلەرگە پەرز قىلغان باشقا تەكلىپلەرنى ئىجرا قىلىش. جۈملىدىن ئىلىم تەلەپ قىلىش، يەرشارىنى ئىلاھىي يولنىڭ تەقەززاسى بويىچە گۈللەندۈرۈش، اللهنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى جىھاد قىلىشقا تەييارلىق قىلىش، دىنغا دەۋەت قىلىش، اللهنىڭ يولىدا جىھاد قىلىش.

ئىماننىڭ بەشىنچى تەقەززاسى: قۇرئان ۋە ھەدىستە تەپسىلى بايان

www.uyghurkitap.com

قىلىنغان ئىمانىي ئەخلاقلار بىلەن قوراللىنىش.

بۇ، ئىماننىڭ تەقەززالىرىنى دەلىللىسىزلا قارىسىغا چۈشەندۈرگەنلىكمۇ؟!

دەۋەتكە ئەجىر سىڭدۈرىۋاتقانلارنىڭ بىرى ماڭا مۇنداق سوئال قويىدى: ئىسلام بەش نەرسە ئۈستىگە، يەنى اللهتىن باشقا مەئبۇدى بەرھەق يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللهنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىش ئۈستىگە، ناماز ئوقۇش ئۈستىگە، زاكات بېرىش ئۈستىگە، روزا تۇتۇش ئۈستىگە، قادىر بولالىسا ھەج قىلىش ئۈستىگە قۇرۇلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنە شۇنداق دېگەن ئىدى، ئەمدى سىز مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن اللهنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە قايىل بولۇش شەرت دەۋاتىسىز، سىز نېمىگە ئاساسلىنىپ، بۇنى ئىماننىڭ تەقەززاسى دەيسىز؟

مەن ئۇنىڭغا شۇ ھامان مۇنداق جاۋاب بەردىم: مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن اللهنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە قايىل بولۇشنىڭ شەرت ئىكەنلىكى اللهنىڭ كىتابىدا ئوچۇق دېيىلگەن: ﴿**فَلَا وَرَبِّكَ لَا يُؤْمِنُونَ حَتَّى يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لَا يَجِدُوا فِي أَنْفُسِهِمْ حَرَجًا مِمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُوا تَسْلِيمًا**﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغىچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولىسمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ﴾[1].

اللهنىڭ شەرىئىتىگە قايىل بولۇشنىڭ ئىماننىڭ بىر تەقەززاسى ئىكەنلىكى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ئوچۇق پاكىت. بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىگە ئاساسەن شەرىئەتنىڭ ھۆكمىگە قايىل بولماي تۇرۇپ، مۆئمىن - مۇسۇلمان بولغىلى

[1] سۈرە نىسا، 65 - ئايەت

بولمايدۇ. شەرىئەتنىڭ ھۆكمىگە قايىل بولۇش ئىسلامنىڭ قايسى رۇكنىغا تەۋە؟ نامازغا تەۋەمۇ، زاكاتقا تەۋەمۇ، روزىغا تەۋەمۇ، ھەجگە تەۋەمۇ؟ بۇ تۆت رۇكنىنىڭ ھېچقايسىسىغا تەۋە ئەمەس. ئۇنداقتا چوقۇم بىرىنچى رۇكنىغا يەنى كەلىمە شاھادەتكە تەۋە بولۇشى كېرەك! شەرىئەتكە قايىل بولۇش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا اللهپەرز قىلغان تەكلىپلەرنىڭ ھەممىسى كەلىمە شاھادەتنىڭ تەھتىگە داخىل.

دەرۋەقە ئىسلامدىكى ھەممە ئىش كەلىمە شاھادەتنىڭ تەقەززاسىدۇر. چۈنكى الله بىر دەپ ئىقرار قىلغانلىق، اللهنىڭ ئىگە بولۇشتا، يارىتىشتا، تەدبىر بەلگىلەشتە، نازارەت قىلىشتا، رىزىق بېرىشتە، قادىر بولۇشتا، شېرىكى يوق دېگەنلىك، الله نېمىگە بۇيرىسا شۇنى قىلىمەن يەنى اللهقا ئىبادەت قىلىمەن دېگەنلىكتۇر. ئىسلامدىكى ھەممە ئىشلار شۇ ئىقرار، شۇ ئىبادەتنىڭ ئەمەلىي ئىجراسىدۇر.

الله مۇئەييەن بىرقانچە ئىبادەتنى بىرىنچى رۇكنىدىن كۆكلەپ چىقىپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل رۇكنى بولۇش دەرىجىسىگە كۆتۈردى. الله بۇيرۇغان باشقا تەكلىپلەر ئىسلامنىڭ بارلىق مەزمۇنىنى ئۆزئىچىگە ئالىدىغان بىرىنچى رۇكنى ئىچىدە قېلىپ قالدى.

كونا ۋە يېڭى مۇرجىئىلەر بىزنىڭ بۇ تەھلىلىمىزگە قايىل بولمىسا، دەپ باقسۇنچۇ قېنى، ئاشۇ پەرز تەكلىپلەر ئىسلامنىڭ بىرىنچى رۇكنى ئىچىگە كىرمىسە، قايسى رۇكنى ئىچىگە كىرىدۇ؟! ھېچقانداق رۇكنى ئىچىگە كىرمىسە، ئۇنداقتا پەرز قىلىنغان تەكلىپلەر ئىسلامدىن باشقا نەرسىمۇ؟! ئىسلامغا يات نەرسىمۇ؟!

شۈبھىسىزكى، كەلىمە شاھادەتنى ئىقرار قىلغانلىق اللهنىڭ دەرگاھىدىن كەلگەن ئەمرى، نەھيىلەرگە بوي سۇنىمەن دېگەنلىكتۇر. شۇ جەھەتتىن ئىلاھىي تەكلىپلەرنىڭ ھەممىسى كەلىمە شاھادەتنىڭ تەھتىگە داخىلدۇر.

بىز بۇ يەردە ئىنسانلار ئىمانىنىڭ تەقەززالىرىنى توغرا ئىجرا قىلسا، ئۇنىڭ

نەتىجىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، ئىمانىنى ئۆزىنىڭ مەزمۇنىدىن قۇرۇقدىۋېتىپ، ھېچقانداق ئەمەلىيىتى يوق قۇرۇق سۆزگە ئايلاندۇرۇپ قويسا، بۇنىڭ نەتىجىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمىز. شۇڭا ئىمانىنىڭ تەقەززالىرىنىڭ قايسىسىنى ئىجرا قىلماسلىق گۇناھى سەغىرە (كىچىك گۇناھ) ، قايسىسىنى ئىجرا قىلماسلىق گۇناھى كەبىرە (چوڭ گۇناھ)، قايسىسىنى ئىجرا قىلماسلىق دىنىدىن چىقىرىۋېتىدۇ دېگەن مەسىلىلەر ھەققىدە تەپسىلى توختالمايمىز. لېكىن ﷲنى يەككە - يېگانە دەپ تونۇشتىكى شېرىك ئېتىقادلارنى، بارلىق ئىبادەتنى بىرلا ﷲقا قىلىشتىكى شېرىك ئېتىقادلارنى، بىرلا ﷲنىڭ شەرىئىتىنى ھۆكۈمدار قىلىشتىكى شېرىك ئېتىقادلارنى قىسقىچە كۆرسىتىپ ئۆتىمىز. بۇ ئۈچ مەسىلە ئىسلام ئېتىقادىنىڭ يىلتىزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ ئۈچىنىڭ قايسى بىرىدە شېرىك پەيدا بولۇپ قالسا، كىشىنى دىنىدىن چىقىرىۋېتىدۇ. ﴿**وَقَالَ الَّذِينَ أَشْرَكُوا لَوْ شَاءَ اللَّهُ مَا عَبَدْنَا مِنْ دُونِهِ مِنْ شَيْءٍ نَحْنُ وَلَا آبَاؤُنَا وَلَا حَرَّمْنَا مِنْ دُونِهِ مِنْ شَيْءٍ**﴾ ﴿مۇشرىكلار: "مۇبادا ﷲ خالىغان بولسا، بىز ۋە بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز ﷲنى قويۇپ ھېچ نەرسىگە ئىبادەت قىلمىغان بولاتتۇق، ﷲ ھارام قىلمىغان (يەنى ﷲنىڭ ھۆكمىسىز) ھېچ نەرسىنى ھارام قىلمىغان بولاتتۇق" دېدى﴾[1].

مانا بۇ ئايەتتە ئىبادەتتىكى شېرىك بىلەن ھاكىمىيەتتىكى شېرىك تەڭ دەرىجىدە قامچىلاندى.

﴿**اتَّخَذُوا أَحْبَارَهُمْ وَرُهْبَانَهُمْ أَرْبَابًا مِنْ دُونِ اللَّهِ وَالْمَسِيحَ ابْنَ مَرْيَمَ وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا إِلَٰهًا وَاحِدًا لَا إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ سُبْحَانَهُ عَمَّا يُشْرِكُونَ**﴾ ﴿ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھىبرىلىرىنى، راھىبلىرىنى (يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭ دىنىي باشلىقلىرىنى،ئۆلىمالىرىنى) ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى مەبۇد قىلىۋالدى.

[1] سۈرە نەھل، 35-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(ھـالبۇكى) ئـۇلار (پەيغەمـبەرلەر ئـارقىلىق) پەقەت بىـر ئىلاھقـا ئىبـادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا (يەنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگـارى اللهتــن باشــقا) ھــېچ مەبــۇد (بەرھەق) يوقتــۇر، الله ئۇلارنىــڭ شــېرىك كەلتۈرگەنلىرىدىن پاكتۇر﴾[1] .

تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار ئىماننى ئۆزىنىـڭ ھەقىقـى مەزمـۇنى بـويىچە توغرا چۈشىنىپ، ئەمەلىي تۇرمۇشىدا ئىجرا قىلغانـدا «ئىنسـانلار ئىچىـدىن چىققان ياخشى ئۇممەت» بولغان ئىدى. قۇدرەت تاپقان ئـىدى. ئىلىملىـك، ھازارەتلىك، ئەخلاقلىق، قىمـمەت قاراشـقا ئـىگە ئـۇممەت بولغـان ئـىدى. ئۇلارنىــڭ قــولى بىــلەن ھەرقايســى ســاھەلەردە تىلــلاردا داســتان بولغــان مۆجىزىلەر روياپقا چىققان ئىدى.

كېيىنكى مۇسۇلمانلار ئىماننىڭ ئۇقۇمنى ۋە باشقا ئىسلامىي ئۇقـۇملارنى تارايتىپ، ئىسلامنى ئەمەلـىي ھەرىكىتــدە ئىجـرا قىلمىغۇېـدى، پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالام تۆۋەندىكى ھەدىستە ئاگاھلاندۇرغان ئېغىر ئەھۋالغا قالـدى: «**يوشك أن تداعى عليكم الأمم كما تداعى الأكلى إلى قصعتها . قالوا : أمن قلة نحن يومئـذ يـا رسـول الله ؟ قـال : إنكـم يومئـذ كثيـر ، ولكـنكم غثـاء كغثـاء السـيل...**» «ســلەرگە بــارلىق مىللەتــلەر بىــر لوقمــا تائامغــا ئولاشــقاندەك ئولىشــىپ كېلىدۇ». ساھابىلەر: «شۇ كۈنلەردە، ســانىمىزنىڭ ئــازلاپ كەتكەنلىكىــدىن شۇنداق بولامدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بەلكـى شۇ كۈنلەردە سىلەرنىڭ سانىڭلار كـۆپ بولىــدۇ، بىــراق ســەلدىكى كۆپــۈككە ئوخشاپ قالىسىلەر، الله دۈشمەنلىرىڭلارنى سىلەردىن قورقماس قىلىۋېتىدۇ، سىلەرنىڭ دىلىڭلارغا بوشاڭلىقنى تاشلايدۇ» دېدى. ساھابىلەر: «بوشاڭلىق دېگەن نېمە؟» دەپ سورىۋىدى، پەيغەمــبەر ئەلەيھىســالام: «بوشــاڭلىق

---

[1] سۈرە تەۋبە، 31-ئايەت.

دېگەن، دۇنياپەرەسلىك ۋە ئۆلۈمنى يامان كۆرۈش» دېدى[1].

هازىر مۇسۇلمانلار دۈشمەننىڭ قولىدىكى ئويۇنچۇققا ئايلىنىپ قالدى. دۈشمەنلەر ئۇلارنى ھەرباب بىلەن ھالاكەتكە سۆرىمەكتە، دىنىدىن ئازدۇرماقتا، ﴿وَالْفِتْنَةُ أَكْبَرُ مِنَ الْقَتْلِ﴾ «دىنىدىن ئازدۇرۇش ئۆلتۈرگەندىن يامانىدۇر»[2]. مۇسۇلمانلار دۈشمەنگە قانچە ئەگەشكەنسېرى شۇنچە ئازماقتا!

مۇسۇلمانلار بۇ كىرىزىستىن قۇتۇلۇشقا يول ئىزدىمەكتە...

قۇتۇلۇش يولى ئىسلامىي ئۇقۇملارنى توغرا چۈشىنىشتىن باشلىنىدۇ. بۇنداق دېسەك، بەزى كىشىلەر ھەقىقەتەن ساددىلىق بىلەن ياكى ساختا ساددىلىق بىلەن: «قۇتۇلۇش يولى قورساقنى توقلاشتىن، مائاشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن، زاۋۇت قۇرۇشتىن، قورال ئىشلەشتىن باشلىنىشى كېرەك ئىدى، سىلەر ئۇنىڭ ئورنىغا خاتا چۈشىنىلگەن ئۇقۇملارنى تۈزىتىشنى دەسسىتىۋاتقان ئوخشايسىلەر» دەيدۇ.

بىز ھېچقاچان ئۇنداق قىلمىدۇق.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە كىشىلەرنىڭ ئېتىقادىنى تۈزىتىپ، مۆئمىنلەرگە ئىماننىڭ ھەقىقى ئۇقۇمىنى چۈشەندۈرۈۋاتقاندا، ئېتىقادىڭلار تۈزەلگىچە تاماق يېمەي تۇرۇڭلار، سودا - سېتىق قىلماي تۇرۇڭلار، رىزىق ئىزدىمەي تۇرۇڭلار دېگەن ئەمەس. ئەقلى بار كىشى ھەرگىز ئۇنداق دېمەيدۇ! ساھابىلەر تەربىيىلىنىۋاتقاندىمۇ يەيتتى، ئىچەتتى، سودا - سېتىق قىلاتتى، رىزىق ئىزدەپ ھەرتەرەپكە چاپاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى اللهنىڭ دەرگاھىدىن نازىل بولغان ئىمانى تەقەززالار بىلەن تەربىيىلەپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشى شۇنداق تۈزۈلۈپ، ئاخىرى

[1] ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

[2] سۈرە بەقەرە، 217 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

«ئىنسانلار ئىچىدىن چىققان ياخشى ئۆممەت» بولغان ئىدى.

بىز ئىسلامىي ئۇقۇملارنى تۆزىتىش كېرەك دېگىنىمىزدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۈنجى قېتىم قىلغاندەك ئىش قىلىشىمىز كېرەك دېمەكچى بولىمىز. ھەرگىزمۇ نان ئىزدىمەك، قوراللانماق، زاۋۇت قۇرۇماق، مەكتەپ ئاچماق، ئىمانىڭىزنى تۈزەپ بولغۇچە بۇ ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىنى قىلماي تۇرۇڭ دېمەكچى ئەمەسمىز!

ئىسلاھاتنىڭ گېپى چىقسىلا كىشىلىرىمىزدە مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى يوق دەپ قاقشايمىز، ھېچكىم ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئويلاپ قويماي‌ۋاتىدۇ، ھەر قانداق ئادەم شەخسىي مەنپەئەتكە كەلگەندە، ھارام - ھالالنى ئىلغىماي‌ۋاتىدۇ. چوڭ ئەمەلدارلارغۇ ھارام مال بىلەن تىقىلىپ كېتىۋاتىدۇ. ئادەتتىكى بىر خىزمەتچىمۇ پارا ئالماي ئىش بېجىرمەيدۇ... بۇ ئىشلارنى تۈزەشنىڭ ئامالى نەدە؟

باشباشتاقلىقتىن، چېچىلاڭغۇلۇقتىن قاقشاۋاتىمىز. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئىقتىسادلىرىمىز، قىممەتلىك ۋاقتىلىرىمىز، كەم ئۇچرايدىغان پۇرسەتلىرىمىز زايا بولۇۋاتىدۇ. قانۇنى ھوقۇقلىرىمىز دەپسەندە قىلىنىۋاتىدۇ، بۇ ئىشلارنى تۈزەشنىڭ ئامالى نەدە؟

ئىككى يۈزلىمچىلىكتىن، يالغانچىلىقتىن، قارا قويۇشتىن، ئالدامچىلىقتىن، خىيانەتچىلىكتىن... قاقشاۋاتىمىز، بۇ ئىشلارنى تۈزەشنىڭ ئامالى نەدە؟

مۇشكۈلىمىزنى ئىلمىي، ئوبيېكتىپ تەتقىق قىلىش روھىنىڭ يوقلىقىدىن، تەشكىلسىزلىكتىن، پىلانسىزلىقتىن... قاقشاۋاتىمىز، بۇ ئىشلارنى تۈزەشنىڭ ئامالى نەدە؟

كوللېكتىۋىزىملىق روھىنىڭ يوقالغانلىقىدىن، شەخسىيەتچىلىكنىڭ ئەدەپ كەتكەنلىكىدىن... قاقشاۋاتىمىز، بۇنى تۈزەشنىڭ ئامالى نەدە؟

www.uyghurkitap.com

داھىيلىرىمىزنىڭ خائىنلىق قىلىپ، دۈشمەننىڭ كەتمىنىنى چېپىۋاتقانلىقىدىن، ھوقۇق ئۈچۈن ۋەتەننىڭ مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىۋاتقانلىقىدىن... قاقشاۋاتىمىز، بۇنى تۈزەشنىڭ ئامالى نەدە؟

يەنە ئاللىقانداق ئىشلاردىن قاقشاۋاتىمىز، قاقشاشلىرىمىز بارغانچە كۆپىيىۋاتىدۇ. ئۆزىمىزنى ئالداپ ياكى ئالدىنىپ، «ئىسلاھات ئېلىپ بېرىۋاتىمىز، قۇتۇلۇش يولى ئىزدەۋاتىمىز» دەۋاتىمىز، ئاخىرىدا ئېرىشكەن نەتىجىلىرىمىز ھەرگىزمۇ كىشىنى خۇشال قىلمايدۇ.

ئېتىقادنى ئاساس قىلماي، مەكتەپ ئېچىشنى، زاۋۇت قۇرۇشنى، قورال ئىلىشنى، ئىقتىساد تېپىشنى ئويلىشىۋاتقانلار ئۆزىنى ئەمەلىيەتچىل، ئىلمىي، توغرا ۋاستە قوللانغۇچى، خىيالنىڭ كەينىگە كىرمەيدىغان، غايىۋانىلىكنى قوغلاشمايدىغان، ھەقىقىي قۇتۇلۇش يولى تاپقۇچى ھېسابلاۋاتىدۇ.

بىر ھېچكىمگە: «مەكتەپ ئاچماڭلار، زاۋۇت قۇرۇماڭلار، پۇل تاپماڭلار، ھەربىي كۈچۈڭلارنى ئاشۇرماڭلار...» دېمەيمىز. لېكىن ئۇلارغا بار ئاۋازىمىز بىلەن مۇنداق دەيمىز: «بۇ ئىشلارنى كىشىلىرىڭلارنىڭ ئېتىقادىنى تۈزەتمەي تۇرۇپ قىلساڭلار، سىلەرنىڭ ئىسلاھاتىڭلارنىڭ نەتىجىسىمۇ بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى ئىسلاھاتنىڭ نەتىجىسىگە ئوخشاش بولۇپ چىقىدۇ!».

مەكتەپ ئېچىۋاتىمىز... بۇ مەكتەپلەردە پەرزەنتلىرىمىزگە نېمىنى ئۆگىتىۋاتىمىز؟!

زامانىۋى ئاخبارات ۋاستىلىرىنى ئىشقا سېلىۋاتىمىز، بۇ ئاخباراتلاردا خەلقىمىزگە نېمىلەرنى تارقىتىۋاتىمىز؟!

زاۋۇتلارنى قۇرۇۋاتىمىز، زاۋۇت باشلىقلىرى، خىزمەتچىلىرى، ئىشچىلىرى قانداق ئىشلەۋاتىدۇ؟! زاۋۇتنىڭ پايدىسى نەگە كېتىۋاتىدۇ؟!

قورالسىزلاندۇرۇلغان ئىدۇق. قوماندانلىرىمىز قانداقمۇ قىلالايتتى؟!

غەززىدىكى يەھۇدىيلاردىن بىر قاچاقچى ئۆيى قىلدى. ئىسرائىلىيە جاسۇس ئىدارىسى ھازىرقى بىر ئۆيىدە قىسقا تۇرۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ماشىنىسىنى ئىزدەشتىن ئىلگىرى كىچىككىنە سالقىن يەرلىك ئىسرائىلىيە جاسۇسلىرى بىلەن يەھۇدىي جامائەسى ئالدىدا ئۆز ئورنىنى ئالغان يېتەكچىلىرى، يەھۇدىيلارنىڭ كۆپىنچىسى سوراق قىلىنغاندىن كېيىن سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دېدى: يەھۇدىيلارنىڭ ماڭا قويغان بىرىنچى سوئالى مۇنداق بولدى:

— مىسىر قوشۇنلىرى ئىچىدە «ئىخۋانۇل مۇسلىمىن»نىڭ ئادەملىرى ھېلىمۇ بارمۇ؟

— بىرىمۇ يوق، بۇنى سوراپ قالدىڭلارغۇ؟!

— بىز 1956 - يىلى بولغان بىر ئىشنى ئۇنتۇيالمايمىز. «ئىخۋانۇل مۇسلىمىن»نىڭ ئىككى ئوفىتسېرى مىتلادىكى ئۆتۈش ئېغىزىدا تۇرۇۋېلىپ، يەھۇدىيلارنىڭ ھەربىي يۈرۈشىنى ئالتە سائەت كەينىگە سۈرىۋەتتى. ئۇ ئىككىسى قولىدىكى زەمبىرەك ئۈستىدە ئۆلمىگىچە بىز ئۆتەلمىدۇق».

شۇنداق، يەھۇدىيلار زەمبىرەكتىن قورقمايدۇ، ئۇلاردا زەمبىرەكتىن يامانراق قوراللار بار. لېكىن ئۇلار زەمبىرەك تۇتقان ئادەمنىڭ ئەقىدىسىدىن قورقىدۇ... ئىماندىن قورقىدۇ. چۈنكى ئىمان ھەرقانداق قورالدىنمۇ يامان قورالدۇر.

رۇسلار ئافغانىستاندا قورالدىن قورققان ئەمەس. ئۇلارنىڭ بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرى، تانكىلىرى، راكېتالىرى، زەھەرلىك گازلىرى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ۋەھشىيلەرچە قىرغىن قىلىش ۋاستىلىرى ئالدىدا ئافغانىستان مۇجاھىدلىرىنىڭ قولىدىكى قوراللارنىڭ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ئىدى. لېكىن رۇسلار ئافغانلارنىڭ ئىمانىدىن قورقاتتى. چۈنكى ئىمان ئافغانىستان مۇجاھىدلىرىنى رۇسلارنىڭ يەتتە يىللىق ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بەرگۈزگەن

ئىدى.

تەكرار ئېيتىمىزكى، بىز ئىمانلىقلار بولسۇن، قورالىقلار بولمىسۇن دېمەكچى ئەمەس. ھەقىقەتەن ساددا ياكى ساختا ساددا بولۇۋالغانلار شۇنداق چۈشىنىپ قاپتۇ. بەلكى بىز مۇنداق دېمەكچى: «قورالىلا بولغان بىلەن جەڭچىنىڭ ئېتىقادى بولمىسا، جەڭدە ئۇتقىلى بولمايدۇ... شۇنداق، پۇلغا سېتىۋالغان قورالنى ئىمانى بار ئادەملەرگە تۇتقۇزايلى! شۇندىلا بۆرىلەر ھازىرقىدەك مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتىنىگە بىخىرامان چاڭ سالالمايدۇ. شۇنداق بولغاچقا دۈشمەنلەر ۋە ئۇلارنىڭ شايكىلىرى ھەقىقى ئىمانى بار كىشىلەرنى ئەسكەرلىككە ئالمايدۇ. چۈنكى ئۇلار دىنىمىزنىڭ ماھىيىتىنى ئوبدان بىلىدۇ. قەلبلەرگە اللهنىڭ دەرگاھىدىن نازىل بولغان ھەقىقى ئىمان قايتىپ كەلگەندە، نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنىمۇ ئۇلار ئوبدان بىلىدۇ».

﴿الَّذِينَ آتَيْنَاهُمُ الْكِتَابَ يَعْرِفُونَهُ كَمَا يَعْرِفُونَ أَبْنَاءَهُمْ﴾ ﴿بىز كىتاب بەرگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالار) ئۇنى (يەنى پەيغەمبەرنى) ئۆز ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيدۇ﴾[1].

«ئەمەلىيەتچىللەر»، «ئىلمىيلەر» مۇنداق دەيدۇ: «ئېتىقادنىڭ گېپىنى قىلىشۋەرمەي، ئەمەلىيەتكە قاراڭلار، نەچچە مىليون ئادەمنىڭ قورسىقى ئاچ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئاھالىسى كۆپ، قالاق، بايلىق مەنبەلىرى ئاز، ئىقتىسادى قىيىن ئەھۋالدا تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ قىيىنچىلىقلارغا ئەمەلىي ھەل قىلىش چارىسى تاپايلى!»

بىز دەيمىز: «ئىززەتلىكلار، بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ئىزدەۋاتىسىلەر... قانداق نەتىجىگە ئېرىشتىڭلار؟ بىزنى خىيالپەرەس، ئىدېئالىست، غايىۋىيلىكنى قوغلاشقۇچى دەيسىلەر. مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنىدا نېفىت، كان بايلىقلىرى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، سۇ مەنبەلىرى

[1] سۈرە بەقەرە، 146 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ناھايىتى مول، تېررىتورىيىسى ناھايىتى كەڭ، لېكىن بۇ زېمىنىنىڭ خەلقى ئەڭ كەمبەغەل، مۇشكۈلچىلىكلىرى ئەڭ كۆپ... بۇ نېمە ئۈچۈن؟!»

مۇسۇلمانلار ھەقىقى مۇسۇلمان بولغان، ئىمانىنىڭ تەقەززالىرىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئىشقا ئاشۇرغان، جۈملىدىن زېمىنىنى ئىلاھىي يولنىڭ تەقەززاسى بويىچە گۈللەندۈرگەن، ئىلىم ئۆگەنگەن، دۈشمەنگە قارشى كۈچ تەييارلىغان زامانلاردا كەمبەغەلمىدى؟! پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئەڭ باي، ئەڭ تەرەققى قىلغان، ئەڭ قۇدرەت تاپقان ئەمەسمىدى؟!

مۇسۇلمانلار ئاۋۋال ئەقىدىدە، ئاندىن ئىلمىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي، سىياسىي، پىكرىي ۋە ئەخلاقىي... جەھەتلەردە قالاقلىشىۋىدى، خرىستىئان ياۋروپاسى ئۇلارنى يېڭىۋالدى، ئۇلارنىڭ زېمىنىنى بېسىۋالدى. بارلىق ياخشى نەرسىلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى، ئۇلارنى قۇل قىلدى، خورلىدى، قان - تەرىنى شورىدى. شۇنداق قىلىپ ياۋروپا بارغانچە سەمرىدى، مۇسۇلمانلار بارغانچە ئورۇقلىدى. ئاخىرى بېرىپ ھازىرقىدەك قۇرۇق ئىسكىلىتقا ئايلاندى.

مۇسۇلمانلار بۇ خاپىلىقلاردىن قۇتۇلىمىز دەپ، ئىلاھىي يولغا قايتىشنى تاشلاپ، بىردەم سوتسىيالىزمنى، بىردەم سانائەتلىشىشنى، بىردەم چوڭ دۆلەتلەردىن قەرز ئېلىشنى ئىزدىدى... ھەرقېتىملىق ئىزدىنىشتە مۇشكۈلچىلىكلەر تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتى. مىللىي دارامەت تۆۋەنلىدى، قەرز ئېغىرلىدى. ئىشلەپچىقىرىش چېكىندى. ئاچارچىلىق ئېغىرلاشتى. ئەخلاق تېخىمۇ بۇزۇلدى.

بىز كىشىلەرگە ھەرگىزمۇ: «كېلىڭلار، زېمىنىڭلارنى، بايلىق مەنبەلىرىڭلارنى قايتۇرۇۋېلىڭلار، سىلەرنى قۇل قىلغان، بۇلاپ - تالىغان، قان - تەرىڭلارنى شورىغان قاراقچىلارنى قوغلىۋېتىڭلار، شۇ ئارقىلىقلا قايتا قۇدرەت تاپالايسىلەر» دېمەيمىز. بۇنداق قىلىشقۇ خاتا ئەمەس. چۈنكى مۇسۇلمانلار ئۆز زېمىنىنى، بايلىق مەنبەلىرىنى قايتۇرۇۋالماي تۇرۇپ،

دۆشمەنلەرنىڭ ئىقتىسادىي نوپۇزىنى چەكلىمەي تۇرۇپ، ھەرگىزمۇ قايتا قۇدرەت تاپالمايدۇ. لېكىن بۇنداق قىلىش ئۈچۈن نەچچە ئەۋلاد كۈچ ئۇلاپ، ئۇزۇن مەزگىل جىھاد قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئاچ قورساق بىلەن نەچچە ئەۋلاد ئەمەس بىر كۈنمۇ جەڭ قىلغىلى بولمايدۇ!

بىز «ئەمەلىيەتچىلە»گە، «رېئالىزمچىلار»غا: «سانائەتلىشىشتىن توختاڭلار، ئېغىر قەرىزلەرنى تۆلەش ئۈچۈن بايلىق مەنبەلىرىنى ئىزدەشتىن توختاڭلار» دېمەيمىز. لېكىن ئۇلارغا مۇنداق دەيمىز: «كىشىلەرنىڭ ئېتىقادىدىكى خاتا چۈشەنچىلەرنى تۈزەتمەي تۇرۇپ، ئۇلارنى توغرا چۈشەنچە بويىچە تەربىيىلىمەي تۇرۇپ، سانائەتلىشىمەن دېيىش سېۋەتكە سۇ ئۇسقاندەك بىر ئىش. سېۋەتنىڭ ئۈستىدىن سۇ قۇيۇۋەرگەن بىلەن ئاستىدىن چىقىپ كېتىۋېرىدۇ».

سانائەتلىشىش نوقۇل ماشىنىلىشىشلا ئەمەس، بەلكى ھەزارەتلىشىشكە تىرىشىشتۇر. بۇنىڭغا ئۇلارمۇ قايىل.

زېمىننى ئىلاھىي يولنىڭ تەقەززاسى بويىچە گۈللەندۈرۈش ئىماننىڭ كۆپ خىل تەقەززالىرىنىڭ بىرى. ئىلاھىي يول بويىچە سانائەتلىشىش ئېلىپ بارغاندا ئىشچىلار سوتسىيالىزمدىكىدەك باشلىقلارغا خۇشامەت قىلىش، چېقىمچىلىق قىلىش، پايلاقچىلىق قىلىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ۋاقتىنى ئوغرىلايدىغان ئىشنى قىلمايدۇ. زاۋۇت باشلىقلىرى ھارام پايدىغا ئېرىشىش ئۈچۈن زاۋۇت مەھسۇلاتلىرىنى قاراڭغۇ بازاردا ئوغرىلىقچە ساتمايدۇ. ئەمەلدارلار ئوغرىلار بىلەن بىرلىشىۋالمايدۇ. پەقەت شۇنداق بولغاندىلا سانائەتلىشىش ئۆزىنىڭ يوقسۇللۇقنى تۈگىتىش، كىرىمنى ئاشۇرۇش، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، قۇدرەت تېپىش ۋاستىلىرىنى بېيىتىشتىكى رولىنى تولۇق جارىي قىلدۇرالايدۇ. جازانخورلۇق، تۈگگەندىلا شۇملۇق تۈگەپ، بەرىكەت ياغىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىسلاھاتچىلار باشباشتاقلىقتىن،

چېچىلاڭغۇلـۇقتىن، ئەمەلىيەتچىـل بولمىغـانلىقتىن، ئىلمىيســزلىكتىن قاقشاۋاتىدۇ.

نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟

بۇ ئىسلاھاتچىلار بىر ئەسىردىن بۇيان بۇ ئەيىبلەرنى تۈزەشـكە ئۇرۇنـۇپ باقمىدىمۇ؟!

ئۇلار نېمىشقا مەغلۇب بولدى؟!

بىز «مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھـۋالى» نـاملىق كىتابتـا بايـان قىلـىپ ئـۆتكىنىمىزدەك، اللهنىـڭ تەقـدىرى بىـلەن ئىسـلام تارقالغـان رايونلارنىـڭ كۆپىنچىسى ئىنسىسىق بەلۋاغ ۋە مۆتىدىل ئىنسىـق بەلۋاغقـا جايلاشـقان. بۇنداق مۇھىتتا چـوڭ بولغـان ئـادەملەر خـاراكتېر جەھەتـتىن باشباشـتاق، تــۇزۇمنى ياقتۇرمايــدىغان، بۇرنىنــىڭ ئــۇچىنىلا كۆرىــدىغان، پىلانســىز، ئىستىخىيىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە كېلىدۇ. ئىسلام ئۇلارنى ئەنە شـۇنداق مۇھىتتىن سۇزۇۋېلىپ، ئۇلاردىن «ئىنسانلار ئىچىدىن ئوتتۇرىغـا چىقىرىلغـان ئەڭ ياخشى ئۇممەت» قىلىپ قۇرۇپ چىقتى.

ئۇ كىتابتا دېگەنلىرىمنى بۇ يەردە تەكرارلىغۇم يوق.

مۇســۇلمانلار دىنىــدىن قېلىپلىشىشــىنى، ئىنتىزامچــانلىقنى، ئىرادىلىــك بولۇشــنى، ئەمەلىيەتچىللىكنــى، ئوبيېكتــۇزملىقنى ئۆگىنــىپ، مۇھىتنىــڭ تەسىرىنى تازىلىغان ئىدى، بـۇ ئىمانىنـىڭ كـۆپ خـىل تەقەززالىرىغـا ئەمەل قىلغانلىقنىڭ نەتىجىسـى ئىـدى. بىـر ۋاقىتلارغـا كېلىـپ، ئىمـان ئۆزىنىـڭ مەزمۇنىدىن قۇرۇقـدىلىپ، تەسـتىق ۋە ئىقـرار بىلەنـلا مۇسـۇلمان بـولغىلى بولىدۇ دېگەن گەپ پەيـدا بولـۇپ، ئىسـلامنىڭ تەسـىرى سۇسلىشـۋېدى، مۇھىتنىــڭ تەسـىرى ئەسـلىگە يېنىــپ، كىشــلەر يەنە باشباشتاقلاشــتى، چېچىلدى، ئىرادىسىزلەشتى، ئىستىخىيلەشتى...

ئىسلاھاتچىلار بۇنىڭـدىن قاقشـاۋاتىدۇ. ئۇلارنىـڭ قاقشـىغىنىمۇ تـوغرا.

لېكىن مۆھتىنىڭ تەسىرىنى تازىلايدىغان ھەقىقى ئىمان بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا مۆھتىنىڭ تەسىرىنى قانداق ئىسلاھ قىلغىلى بولىدۇ؟! بۇنىڭغا اللهنىڭ دەرگاھىدىن نازىل قىلىنىپ، تۈنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنى مۆھتىنىڭ تەسىرىدىن قۇتقۇزغان ھەقىقى ئىمانغا قايتىشتىن باشقا چارىمۇ بارمۇ؟!

بىز كىشىلەرگە قۇتۇلۇش يولى ئىسلامىي چۈشەنچىلەرنى تۈزىتىشتىن باشلىنىدۇ. دېگىنىمىزدە بىز ئۆزىمىزنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىمىزنى ئېنىق بىلىمىز.

بىز كۆپلىگەن ئىسلاھاتچىلارنى ئۈمىتسىزلەندۈرگەندەك سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، ئىدىيۋى، ئەخلاقىي مۈشكۈلچىلىكلىرىمىزنىڭ بارلىقىنى ئوبدان بىلىمىز. لېكىن بىز كىشىلەرنى ھەقىقى ئىسلامغا قايتۇرۇشنى نەزەردىن ساقىت قىلغان ھەرقانداق ئىسلاھاتچىلىقنىڭ تۈنجى قەدەمدىلا مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلىمىز. بىر ئەسىرلىك تەجرىبە ئىسپات بولۇشقا يېتەرلىك.

بەزىلەر غەرب كاپىتالىزمى بويىچە ياكى كوممونىزمى بويىچە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش تەمەسىدە بولۇۋاتىدۇ. ئۇلار مۇنداق ئويلايدۇ: «كاپىتالىزمنىڭ قولىدىمۇ، سوتسىيالىزمنىڭ قولىدىمۇ كۈچ بار، بىز شۇلار ماڭغان يولغا ماڭساق، ئۇلار ئېرىشكەن كۈچ - قۇۋۋەتكە ئېرىشەلەيمىز». بۇ تەمەخورلار اللهنىڭ نۇرىنى كۆرمەيدىغان دىلى كور ئادەملەر بولغاچقا، ئىنسانلار ھاياتىدا جارى بولۇۋاتقان ئىلاھىي قانۇنىيەتلەرنى ئۇقمايدۇ.

دىنىسىز ياۋروپادا بولۇۋاتقان ئىشلار اللهنىڭ تۆۋەندىكى ئىككى خىل قانۇنىيىتىنىڭ ئىشقا ئاشقانلىقىدۇر:

﴿فَلَمَّا نَسُوا مَا ذُكِّرُوا بِهِ فَتَحْنَا عَلَيْهِمْ أَبْوَابَ كُلِّ شَيْءٍ﴾ «ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنى ئۇنتۇغان چاغدا، ئۇلارغا (سىناش ئۈچۈن) پاراۋانلىقنىڭ

ھەممە ئىشكىلىرىنى ئېچىۋەتتۇق...﴾[1].

﴿مَنْ كَانَ يُرِيدُ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا وَزِينَتَهَا نُوَفِّ إِلَيْهِمْ أَعْمَالَهُمْ فِيهَا وَهُمْ فِيهَا لَا يُبْخَسُونَ﴾ ﴿(قىلغان ياخشى ئەمەللىرى بىلەن پەقەت) ھاياتىي دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ زىبۇ – زىننىتىنى (دۇنيانىڭ نېمەتلىرىنى) كۆزلەيدىغان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئەجرىنى بۇ دۇنيادىلا تولۇق بېرىمىز، دۇنيادا ئۇلارنىڭ ئەجرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ﴾[2].

ياۋروپا اللهنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئۇنتۇپ، كاپىر بولۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ھاياتى دۇنيانىڭ نېئمەتلىرىنى قوغلاشتى. الله ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى ئىككى قانۇنىيىتى بويىچە ئۇلارنى ئىزدىگىنىگە ئېرىشتۈردى.

كاللىسىغا ياۋروپالىقلارنىڭ مېڭىسىنى كۆچۈرۈۋالغان «ئىسلاھاتچىلار» اللهنىڭ تۆۋەندىكى ئىككى خىل قانۇنىيىتىنى بىلمەيدۇ:

بىرىنچى خىل قانۇنىيەت شۇكى، الله مۇسۇلمانلارنى كاپىرلارنى قۇدرەت تاپقۇزغان يول بىلەن قۇدرەت تاپقۇزمايدۇ. مۇسۇلمانلار پەقەت اللهنىڭ يولىدا راۋرۇس ماڭغاندىلا قۇدرەت تاپالايدۇ. اللهنىڭ يولىدىن يېراقلاپ كەتكەن بولسا، تاكى شۇ يولغا قايتىپ كەلمىگىچە قۇدرەت تاپالمايدۇ: ﴿وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنْكُمْ وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُمْ فِي الْأَرْضِ كَمَا اسْتَخْلَفَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ الَّذِي ارْتَضَى لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُمْ مِنْ بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْنًا يَعْبُدُونَنِي لَا يُشْرِكُونَ بِي شَيْئًا﴾ ﴿الله ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ

[1] سۈرە ئەنئام، 44-ئايەتنىڭ بىر قىسمى .

[2] سۈرە ھۇد، 15-ئايەت.

www.uyghurkitap.com

بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ﴾[1].

ئىككىنچى خىل قانۇنىيەت شۇكى، كاپىرلارنىڭ قۇدرەت تېپىشى ۋاقىتلىق ئىش. الله ئۇلارغا بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىت تۈگىگەن ھامان اللهنىڭ كاپىرلارنى ۋەيران قىلىش قانۇنىيىتى يۈرگۈزۈلىدۇ: ﴿**فَلَمَّا نَسُوا مَا ذُكِّرُوا بِهِ فَتَحْنَا عَلَيْهِمْ أَبْوَابَ كُلِّ شَيْءٍ حَتَّى إِذَا فَرِحُوا بِمَا أُوتُوا أَخَذْنَاهُمْ بَغْتَةً فَإِذَا هُمْ مُبْلِسُونَ فَقُطِعَ دَابِرُ الْقَوْمِ الَّذِينَ ظَلَمُوا وَالْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ**﴾ ﴿ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنى ئۇنتۇغان چاغدا، ئۇلارغا (سىناش ئۈچۈن) پاراۋانلىقنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتۇق، ئۇلار تاكى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن نېمەتلەردىن خۇشال ـ خۇرام تۇرغاندا (ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت جازالىدۇق)، ئۇلار ھەسرەتتە قالدى. زۇلۇم قىلغان قەۋمنىڭ يىلتىزى قۇرۇتۇلدى (يەنى ئۇلار پۈتۈنلەي ھالاك قىلىندى). جىمى ھەمدۇ - سانا (پەيغەمبەرلىرىگە ياردەم بېرىپ كۇففارلارنى ھالاك قىلغانلىقى ئۈچۈن) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللهقا خاستۇر!﴾[2]

غەربلىكلەر ئۆز ھەزارىتىنىڭ يىمىرىلىشكە باشلىغانلىقىنى بايقاۋاتىدۇ.

﴿**فَهَلْ يَنْظُرُونَ إِلَّا سُنَّتَ الْأَوَّلِينَ فَلَنْ تَجِدَ لِسُنَّتِ اللَّهِ تَبْدِيلًا وَلَنْ تَجِدَ لِسُنَّتِ اللَّهِ تَحْوِيلًا**﴾ ﴿ئۇلار پەقەت ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە قوللىنىلغان (اللهنىڭ ئۇلارنى ھالاك قىلىش ۋە جازالاشتىن ئىبارەت) يولىنىلا كۈتىدۇ، اللهنىڭ (مەخلۇقاتلار ئۈستىدە قوللانغان) يولىدا ھەرگىزمۇ ھېچقانداق ئۆزگىرىشنى كۆرمەيسەن، الله يولىدا ھەرگىز يۆتكىلىشنىمۇ (يەنى ئازابنىڭ ئازابقا تېگىشلىك بولغانلار ئۈستىدىن باشقىلارنىڭ ئۈستىگە يۆتكىلىشىنى) كۆرمەيسەن﴾[3].

[1] سۈرە نۇر، 55-ئايەت.

[2] سۈرە ئەنئام، 44- ۋە 45 - ئايەتلەر.

[3] سۈرە فاتىر، 43 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ياۋروپــا كـــاپىرلىرى كـــاپىر بولغاچقــا تۆۋەنـــدىكى چـــوڭ ھەقىقەتنـــى چۈشىنەلمەيدۇ، ئەمما مەن مۇسـۇلمان دېـگەن ئـادەم چۈشىنشـى كېـرەك. چۈشەنمىسە مۇسۇلمان بولالمايدۇ:

ياۋروپالىقلارنىڭ مەنپەئەتلىنىــۋاتقىنى دۇنيانــىڭ چەكلىــك، بەرىكەتسـىز ھوزۇر - ھالاۋىتىدۇر. ئۇلارغا ئاخىرەتتە دوزاختىن باشقا ھېچنىمە يوق: ﴿مَنْ كَانَ يُرِيدُ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا وَزِينَتَهَا نُوَفِّ إِلَيْهِمْ أَعْمَالَهُمْ فِيهَا وَهُمْ فِيهَا لَا يُبْخَسُونَ أُولَئِكَ الَّذِينَ لَيْسَ لَهُمْ فِي الْآخِرَةِ إِلَّا النَّارُ وَحَبِطَ مَا صَنَعُوا فِيهَا وَبَاطِلٌ مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾ ﴿(قىلغان ياخشى ئەمەللىرى بىلەن پەقەت) ھاياتىي دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ زىبـۇ - زىنىنىتىنى (يەنى دۇنيانىڭ نېمەتلىرىنى) كۆزلەيدىغان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىــڭ ئەجرىنــى بـۇ دۇنيــادىلا تولـۇق بېرىمىــز، دۇنيــادا ئۇلارنىــڭ ئەجرىــدىن ھــېچ نەرســە كېمەيتىلمەيــدۇ. بۇنــداق كىشــىلەرگە ئــاخىرەتتە دوزاختىن باشقا نەرسە يوقتۇر، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى يوققا چىقىرىلىــدۇ، قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرى ھېسابقا ئېلىنمايدۇ﴾[1].

﴿وَالَّذِينَ كَفَرُوا يَتَمَتَّعُونَ وَيَأْكُلُونَ كَمَا تَأْكُلُ الْأَنْعَامُ وَالنَّارُ مَثْوًى لَهُمْ﴾ ﴿كـــاپىرلار (ھاياتى دۇنيادا ئۇنىڭ لەززەتلىرىدىن) بەھرىمەن بولىدۇ ۋە چاھارپــايلاردەك يەپ - ئىچىدۇ، (ئاخىرەتتە) ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ﴾[2].

ئەمما مۇسۇلمانلار كاپىرلاردەك ھاياتىي دۇنيانىڭ ھوزۇر -ھــالاۋەتلىرىنىلا كۆزلىمەيدۇ. الله مۇسۇلمانلارغا قۇدرەت تاپقۇزۇشــنى، خــاتىرجەم قىلىشــنى، خەلىپە قىلىشنى، ھاياتنى كاپىرلارغا بەرمىــگەن بەرىكەتنــى بېرىشــنى ۋەدە قىلــدى. الله يەنە مــۇئمىنلەرگە پەقەت اللهنـــى يـــاد ئېتىشــتىنلا ھاســىل بولىدىغان، كاپىرلار ئېرىشەلمەيدىغان كۆڭۈل ئارامى بېرىشنى ۋەدە قىلدى... ئۇنىڭ ئۈستىگە الله ئۇلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەنـنەت

[1] سۈرە ھۇد، 15- ۋە 16 - ئايەتلەر .

[2] سۈرە مۇھەممەد، 12- ئايەت.

www.uyghurkitap.com

بېرىشنى ۋەدە قىلدى: ﴿وَلَوْ أَنَّ أَهْلَ الْقُرَى آمَنُوا وَاتَّقَوْا لَفَتَحْنَا عَلَيْهِمْ بَرَكَاتٍ مِنَ السَّمَاءِ وَالْأَرْضِ﴾ ﴿شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى ئىمان ئېيتقان ۋە (كۇفرىدىن، گۇناھلاردىن) ساقلانغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلارنى ئاسمان - زېمىننىڭ بەرىكەتلىرىگە مۇيەسسەر قىلاتتۇق﴾[1].

﴿الَّذِينَ آمَنُوا وَتَطْمَئِنُّ قُلُوبُهُمْ بِذِكْرِ اللَّهِ أَلَا بِذِكْرِ اللَّهِ تَطْمَئِنُّ الْقُلُوبُ﴾ ﴿ئىمان ئېيتقانلارنىڭ دىللىرى اللەنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ، بىلىڭلاركى، دىللار اللەنى يادئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ﴾[2].

﴿وَعَدَ اللَّهُ الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَمَسَاكِنَ طَيِّبَةً فِي جَنَّاتِ عَدْنٍ وَرِضْوَانٌ مِنَ اللَّهِ أَكْبَرُ ذَلِكَ هُوَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ﴾ ﴿اللە مۇئمىن ئەرلەر ۋە مۇئمىن ئاياللارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى ۋەدە قىلدى. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، ھەمىشە تۇرىدىغان جەننەتلەردە گۈزەل جايلارنى ۋەدە قىلدى. (ئۇلار ئېرىشىدىغان) اللەنىڭ رازىلىقى (جەننەت نېمەتلىرىنىڭ ھەممىسىدىن) كاتتىدۇر، بۇ چوڭ بەختتۇر﴾[3].

بىزدە جەننەتنى دوزاختا تېگىشىپ تۇرۇپمۇ ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ دەۋا قىلىدىغانلار بار.

ئىسلامىي چۈشەنچىلەرنى ئىمانىي چۈشەنچىدىن باشلاپ تۈزەتكەندىلا ھازىرقى خاپىلىقتىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ. بىز بۇ يەردە خاتا چۈشىنىلگەن ئىسلامىي چۈشەنچىلەرنى تۈزەتكەن ھامان ھەممە

مۇشكۇلچىلىكلىرىمىز سېھرىي ئۇسۇلدا كۆزنى ئېچىپ - يۇمغۇچە ھەل

---

[1] سۈرە ئەئراف، 96- ئايەت.
[2] سۈرە رەئد، 28 – ئايەت.
[3] سۈرە تەۋبە، 72- ئايەت.

بولۇپ كېتىدۇ، دېمەكچى ئەمەسمىز. بىز خۇددى ئافغانىستان مۇسۇلمانلىرى ئۇچرىغاندەك پۈتۈن دۇنيا كاپىرلىرىنىڭ غالجىرلارچە ھۇجۇمىغا ئۇچرايمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشكۇلچىلىكلىرىمىزنى ھەل قىلىش ئۈچۈن اللەنىڭ شەرىئىتى ۋە يولىدىن چارە ئىزدەپ، ئوبيېكتىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئىقتىسادىي، ئىلمىي، ھەزارىي، ھەربىي، پىكرىي، سىياسىي ۋە تېخنىكا... قالاقلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن تالاي جاپالارنى تارتىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

بەزىلەر دېيىشى مۇمكىن: «ھەرھالدا ئۆزىمىزنىڭ كۈچىگە تايانمىساق بولمىغاندىكىن، ئىسلامنىڭ يولىدىن ھەل قىلىش چارىسى تاپمەن دەپ جېنىمىزنى ئۇپراتقىچە، پۈتۈن دۇنيانى ئۆزىمىزگە دۈشمەن قىلىۋېلىپ ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرىمەن دەپ قىينالغىچە، ياۋروپاغا ئەگىشىپلا ماڭساق بولمامدۇ؟!»

بۇ سوئالغا ياۋروپاغا ئەگىشىپ ماڭغان بىر ئەسىرلىك تەجرىبىمىز ناھايىتى ياخشى جاۋاب. بۇ بىر ئەسىردە بىزنىڭ ئاساسى مۇشكۇلچىلىكىمىز ھەل بولمىغانىنىڭ ئۈستىگە تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتى ۋە ئۆتكۈرلەشتى. خار ـ زەبۇنلىقلىرىمىز، گاڭگىراشلىرىمىز، يۈتتۈرگەنلىرىمىز... تېخىمۇ كۆپەيدى. بىز يەنە ئۈستى - ئۈستىلەپ زەھەر ئىچىۋەرسەك، ھەر قېتىم زەھەر ئىچكىنىمىزدە كېسىلىم ساقىيىشقا ئاز قالدى دېسەك، ھاماقەتلىك قىلغان بولمايمىزمۇ!

توغرا، ئىسلامنىڭ يولى بەكمۇ مۇشەققەتلىك، قىيىن، خەتىرى تولا يول. لېكىن ئۇ، ھۆر تەبىئەتلىكلەرنىڭ ماڭىدىغان يولى. بۇ يول روھى قۇللارنىڭ يولىغا ئوخشىمايدۇ.

بىز تەشەببۇس قىلىۋاتقان ئىمان كونا ۋە يېڭى مۇرجىئىلەر تەشەببۇس قىلغان ئىمانغا ئوخشىمايدۇ.

كونا ۋە يېڭى مۇرجىئىلەر تەشەببۇس قىلىۋاتقان ئىمان «تەستىق ۋە ئىقرار»دىنلا ئىبارەت. بۇ ئىمان كىشىلەرنىڭ ناچار ئەھۋالىنى قىلچە

ئۆزگەرتمەيلا قالماستىن، بەلكى يەنە زىيالىي ياشلارنى ئىسلامدىن توسىدۇ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىنى تەك ئىشقا ئاشۇرىدىغان بىردىنبىر يولدىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىدۇ. چۈنكى بىز غەربكە مەپتۇن بولغان شۇ ياشلارغا: «ھازىر مەۋجۇد بولۇۋاتقان جەمئىيەتلەر ئىسلامىي جەمئىيەت، ئاشۇ كۆپۈكلەر مۇسۇلمان» دېسەك، ئۇلارنىڭ مۇشكۇلچىلىكىنى ھەل قىلىشتا ئىسلامغا يۈزلىنىشىنى قانداق كۈتكىلى بولىدۇ؟ ئۆزىنىڭ يولىنى تېپىپ، غەربكە ئېغىشنى تۈگىتىشنى قانداق تەمە قىلغىلى بولىدۇ؟!

بىز تەشەببۇس قىلىۋاتقان ئىمان اللە ئۆزىنىڭ كىتابىدا نازىل قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە ئۆگەتكەن، سەلەپ ـ سالىھلار ئەمەلىي ئىجرا قىلغان ئىماندۇر. شەك يوقكى، بۇ ئىمان ئۇلۇھىيەتتە ، ئىبادەتتە، ھاكىمىيەتتە اللەنى يەككە-يېگانە دەپ تونۇشنى، ئىمانىي ئەخلاقلار بىلەن ئەخلاقلىنىشنى، ئىلىم تەلەپ قىلىش، زېمىننى ئىلاھىي يولنىڭ تەقەززاسى بويىچە گۈللەندۈرۈش، دۈشمەنگە قارشى جىھاد قىلىشقا تەييارلىق قىلىش، اللە يولىدا جىھاد قىلىش قاتارلىق ئىلاھىي تەكلىپلەرنى ئورۇنلاشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىمان مۇرجىئىلىك پىكرىنىڭ ئاسارىتىدىن، بولۇپمۇ ئىماننى ھەممە تەقەززالىرىدىن قۇرۇقدىۋەتكەن ھازىرقى مۇرجىئىلەرنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلغاندا، ئىمانىم بار دېگەنلەر بىرلا اللەقا ئىبادەت قىلىپ، ئۆز ھاياتىنى اللەنىڭ شەرىئىتى ۋە يولى بويىچە بەرپا قىلىپ، اللە يولىدا ھەقىقىي جىھاد قىلىپ، ئىماننىڭ تەقەززالىرىنى ئىجرا قىلغاندىلا ئۇلارنىڭ ھاياتىدا ئۆزگىرىش بولىدۇ. خار ـ زەبۇنلۇقتىن، گاڭگىراشتىن، كەمبەغەللىكتىن، كېسەللىكتىن، نادانلىقتىن قۇتۇلىدۇ. اللە ئۇلارنى ئۆز ۋەدىسى بويىچە يەنە بىر قېتىم قۇدرەت تاپقۇزىدۇ. سېھرىي ئۇسۇل بىلەن ئەمەس، بەلكى تىرىشچانلىق بىلەن، قان-تەر بىلەن، كۆز ياشلار بىلەن، بەدەل تۆلەش بىلەن. لېكىن بۇ بەدەل گاڭگىراشتا تۆلەنگەن بەدەلدەك ئېغىر ئەمەس، خار ـ زەبۇنلۇق ئىچىدە ئاققان تەردەك ئاچچىق ئەمەس، خورلۇق ئىچىدە تۆكۈلگەن قانلاردەك كۆپ

ئەمەس، يوقتىش ئىچىدە ھەسرەت بىلەن تۆكۈلگەن ياشلاردەك دەرتلىك ئەمەس! بۇ بەدەللەر الله يولىدا تۆلىنىدۇ، شۇڭا الله ئۇنىڭغا بۇ دۇنيادىمۇ بەرىكەت بېرىدۇ، ئاخىرەتتە جەننەت بىلەن، ئۆز رازىلىقى بىلەن مۇكاپات بېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## ئىبادەت چۈشەنچىسى

كېيىنكى دەۋردىكى مۇسۇلمانلار خاتا چۈشىنىۋالغان يەنە بىر چۈشەنچە ئىبادەت چۈشەنچىسىدۇر.

تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار ئىبادەتنى ناھايىتى كەڭ مەنىدە چۈشىنەتتى. كېيىنكى دەۋردىكى مۇسۇلمانلار ئىبادەتنى ناھايىتى تار دائىرىدە چۈشەندى. ئىبادەت چۈشەنچىسىدىكى بۇ پەرق ئىسلامىي ئۇممەتنى يۇقىرى چوققىدىن تۆۋەنلىتىپ، ھازىرقى قارا پاتقاققا پاتۇرۇپ قويدى، ئىسلامىي ئۇممەتنى ئىنسانلارغا يېتەكچى ۋە يول باشچى بولۇشتىن، چىلبۆرىلەرگە يەم بولىدىغان كۆپۈكچە ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويدى. بۇنى چۈشەنگەندىلا ئاندىن مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقىدەك كىرىزىسقا پېتىپ قېلىشىنىڭ سىرىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ، ھەم كۆپۈكچە بولۇش ھالىتىدىن قۇتۇلۇپ، قايتىدىن ئىنسانلار ئىچىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۇممەت بولۇشقا بەل باغلىغان، ئويغانغان مۇسۇلمانلارنىڭ قانداق يولدا مېڭىش كېرەكلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنْسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾ ﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم﴾[1].

تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار بۇ ئايەتتىن ئىنساننىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىدىكى غايىنىڭ ئىبادەت قىلىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. بۇ ئايەتتىكى «ئىبادەت»نى ئۇلار ناھايىتى چوڭقۇر، ئىنسانىي ھاياتنىڭ ھەممە

[1] سۈرە زارىيات، 56 – ئايەت.

تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغۇچى كەڭ مەنىدە دەپ چۈشەندى. قۇرئان ئۇلارنىڭ تىلىدا نازىل بولغاچقا، ئۇلار قۇرئان تىلىنىڭ يوشۇرۇن مەنىلىرىنى چۈشىنەتتى، بالاغەت سىرلىرىنىڭ تېگىگە يېتەتتى. ئۇلار بۇ ئايەتتىن: «ئىنسانىنىڭ مەۋجۇد بولۇش غايىسى پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ، اللهقا ئىبادەت قىلىش. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە ئىنساني مەۋجۇدلۇقنىڭ غايىسى ئەمەس» دېگەن مەنىنى چۈشەندى.

ساھابىلەر اللهنىڭ ئەزىمىتىنى ھەقىقي ھېس قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار بەندىنىڭ الله ئالدىدا كامالى ئىخلاس بىلەن تۇرۇپ بارلىق ئىبادەتنى بىرلا اللهقا قارىتىشى كېرەكلىكىنىمۇ بىلەتتى.

شۇڭا ئۇلارنىڭ تونۇشىدا ئىبادەت پەقەت ھازىر بىز خاتا ھالدا ئىبادەت دەپ تونۇۋاتقان بىرقانچە پائالىيەت بىلەنلا چەكلەنمەيتتى.

بىز ھازىر ئىبادەت دەپ تونۇۋاتقان بىرقانچە پائالىيەت الله ئىنساندىن تەلەپ قىلغان ئىبادەتنىڭ ھەممىسى ئەمەس. يۇقىرىقى ئايەتتە دېيىلگەندەك، ئىنساني مەۋجۇدلۇقنىڭ غايىسى ئىبادەتتىن باشقا نەرسە بولمىغانىكەن، ئۇنداقتا بىرقانچە پائالىيەت بىلەنلا الله تەلەپ قىلغان ئىبادەتنى تولۇق ئورۇندىغىلى بولمايدۇ. بۇ بىرقانچە پائالىيەت بىر سوتكىنىڭ قانچىلىك ۋاقتىنى ئىگەللىيەلەيدۇ؟! ئىنساننىڭ قانچىلىك ئۆمرىنى ئىگەللىيەلەيدۇ؟! قالغان ئۆمۈر، قالغان كۈچ، قالغان ۋاقىت نەگە كېتىدۇ، نەگە چىقىم بولىدۇ؟! ئىبادەتكە چىقىم بولامدۇ ياكى ئىبادەتنىڭ غەيرىگە چىقىم بولامدۇ؟ ئىبادەتنىڭ غەيرىگە چىقىم بولىدۇ دېيىلگەندە، مەزكۇر ئايەتتە كۆرسىتىلگەن ئىنساني مەۋجۇدلۇقنىڭ غايىسى قانداق ئەمەلگە ئاشىدۇ؟ ئىنسان ئۆزىنىڭ پۈتۈن مەۋجۇدلۇقىغا ياكى قىسمەن مەۋجۇدلۇقىغا الله رۇخسەت بەرمىگەن بىر غايىنى بەلگىلىۋالسا قانداقمۇ توغرا بولىدۇ؟

شۈبھىسىزكى، ناماز، روزا، زاكات، ھەج قاتارلىق بىرقانچە پائالىيەت بىلەنلا الله پەرز قىلغان ئىبادەتنى تولۇق ئورۇندىغىلى بولمايدۇ.

ئىنسان پەرىشتە ئەمەس، پەرىشتىمۇ بولالمايدۇ. بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، پەقەت سۈزۈك نۇردىن يارىتىلغان پەرىشتىلەرلا ئاللاھقا كېچە - كۈندۈز تەسبىھ ئېيتىدۇ، بوشىشىپ قالمايدۇ، ھېچقانداق ئىشتا ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلمايدۇ:

﴿وَلَهُ مَنْ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَمَنْ عِنْدَهُ لَا يَسْتَكْبِرُونَ عَنْ عِبَادَتِهِ وَلَا يَسْتَحْسِرُونَ﴾ ﴿ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكىلەر (يەنى پەرىشتىلەر) ئاللاھنىڭ ئىبادىتىدىن تەكەببۇرلۇق قىلىپ باش تارتمايدۇ ۋە ھېرىپمۇ قالمايدۇ﴾[1].

﴿لَا يَعْصُونَ اللَّهَ مَا أَمَرَهُمْ وَيَفْعَلُونَ مَا يُؤْمَرُونَ﴾ ﴿پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ﴾[2].

ئەمما ئىنسان - تۇپراق بىلەن ئىلاھىي روھنىڭ ئارىلاشمىسىدىن يارىتىلغان، سۈزۈك روھى دۇغ جەسەتكە قاچىلانغان، نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىدىغان، يەيدىغان، ئىچىدىغان، ئۇخلايدىغان، ماددىي ۋە مەنىۋى تەلەپلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن باش قاتۇرىدىغان، كۆڭلى ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈپ تۇرىدىغان بۇ مەخلۇق ھەرگىزمۇ پەرىشتىلەردەك كېچە - كۈندۈز ھارماي - تالماي ئىبادەت قىلالمايدۇ.

مۇبادا ئاللاھ ئىنساننى پەرىشتىچە ئىبادەتكە تەكلىپ قىلىشنى خالىغان بولسا ئىدى، ئۇنىڭغا پەرىشتىلەرگە بەرگەندەك، ھارماي - تالماي دائىم ئىبادەت قىلىش ئىقتىدارى بەرگەن بولاتتى، باشتىلا ئۇنى ھارمايدىغان، زېرىكمەيدىغان قۇرۇلمىغا ئىگە قىلاتتى. چۈنكى ئاللاھ شەپقەتلىك بولغاچقا ھېچكىمنى كۈچى يەتمىگەن ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ. ھەرقانداق مەۋجۇدىيەتكە ئۆز خاراكتېرى ۋە ئىقتىدارىغا ماس كېلىدىغان ئىبادەتنى پەرز قىلىدۇ.

---

[1] سۈرە ئەنبىيا، 19-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە تەھرىم، 6-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پۈتــۈن كائىنــات ئــۆز پەرۋەردىگارىغــا ئىبــادەت قىلىــدۇ. ھەمــمە مەۋجۇدىيەتنىڭ الله بەلگىلەپ بەرگەن ئۆزگە خاس ئىبادەت قىلىش ئۇسۇلى بــار: ﴿تُسَبِّحُ لَهُ السَّمَاوَاتُ السَّبْعُ وَالْأَرْضُ وَمَنْ فِيهِنَّ وَإِنْ مِنْ شَيْءٍ إِلَّا يُسَبِّحُ بِحَمْدِهِ وَلَكِنْ لَا تَفْقَهُونَ تَسْبِيحَهُمْ إِنَّهُ كَانَ حَلِيمًا غَفُورًا﴾ ﴿(كائىنــاتتىكى) قانــداقلىكى نەرســە بولمىســۇن، اللهنــى پــاك دەپ مەدھىيلەيــدۇ (اللهنــىڭ ئۇلــۇغلىقىنى سۆزلەيدۇ)، لېكىن سىلەر (تىلىڭلار ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ مەدھىيىســىنى سەزمەيســىلەر، الله ھەقىــقەتەن (بەنــدىلىرىگە) ھەلىمــدۇر (يەنــى ئاســىيلىق قىلغــانلارنى جازالاشــقا ئالــدىراپ كەتمەيــدۇ)، (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر﴾[1].

﴿أَلَمْ تَرَ أَنَّ اللَّهَ يَسْجُدُ لَهُ مَنْ فِي السَّمَاوَاتِ وَمَنْ فِي الْأَرْضِ وَالشَّمْسُ وَالْقَمَرُ وَالنُّجُومُ وَالْجِبَالُ وَالشَّجَرُ وَالدَّوَابُّ وَكَثِيرٌ مِنَ النَّاسِ﴾ ﴿بىلمەمســــــەنكى، ئاسماندىكىلەر، زېمىنــدىكىلەر، كــۈن، ئــاي، يۇلتــۇزلار، تــاغلار، دەرەخــلەر، ھايۋاناتلار ۋە نۇرغۇن كىشىلەراللهقا سەجدە قىلىدۇ﴾[2].

﴿ثُمَّ اسْتَوَى إِلَى السَّمَاءِ وَهِيَ دُخَانٌ فَقَالَ لَهَا وَلِلْأَرْضِ ائْتِيَا طَوْعًا أَوْ كَرْهًا قَالَتَا أَتَيْنَا طَائِعِينَ﴾ ﴿ئاندىن ئۇ، ئاسماننى (يارىتىشقا) يۈزلەندى، ھــالبۇكى، ئــۇ تۇمــان ھالىتىدە ئىدى، ئاسمان بىلەن زېمىنغــا: "ئىختىيــارىي يــاكى ئىختىيارسىــز ھالدا كېلىڭلار (يەنــى ئەمرىمنــى قوبــۇل قىلىڭــلار)" دېــدى. ئىككىلىســى "ئىختىيارىي كەلدۇق" دېدى﴾[3].

الله ئۆز خاھىشى بىلەن ئىنساننى ھېچقانداق مەخلۇقتا ئوخشــمايدىغان رەۋىشتە ياراتتى: ﴿الَّذِي أَحْسَنَ كُلَّ شَيْءٍ خَلَقَهُ وَبَدَأَ خَلْقَ الْإِنْسَانِ مِنْ طِينٍ ثُمَّ جَعَلَ نَسْلَهُ مِنْ سُلَالَةٍ مِنْ مَاءٍ مَهِينٍ ثُمَّ سَوَّاهُ وَنَفَخَ فِيهِ مِنْ رُوحِهِ وَجَعَلَ لَكُمُ السَّمْعَ وَالْأَبْصَارَ

---

[1] سۈرە ئىسرا، 44 – ئايەت.

[2] سۈرە ھەج، 18 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە فۇسسىلەت، 11- ئايەت.

﴿وَالْأَفْئِدَةَ قَلِيلًا مَا تَشْكُرُونَ﴾ «ئۇ ھەممە نەرسىنى چىرايلىق (يەنى ھېكمەتكە مۇۋاپىق، جايىدا) ياراتتى. دەسلەپتە ئىنساننى (يەنى ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) لايدىن ياراتتى. ئاندىن ئۇنىڭ نەسلىنى ئەرزىمەس سۇنىڭ جەۋھىرى (يەنى مەنى) دىن ياراتتى. ئاندىن ئۇنى راۋۇرۇس يارىتىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىگە مەنسۇپ روھنى كىرگۈزدى (يەنى جاننى كىرگۈزدى). يەنە سىلەر ئۈچۈن قۇلاقلارنى، كۆزلەرنى ۋە يۈرەكلەرنى ياراتتى، سىلەر ئاز شۈكۈر قىلىسىلەر»[1].

الله ئىنسانغا تۆرلۈك تالانتلارنى ئاتا قىلدى، ئۇنىڭغا يارىتىلىشتىكى غايىسىگە ماس كېلىدىغان ئىلىملەرنى بىلدۈردى، ھەم ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشتا ياردىمى تېگىدىغان ۋاستىلەرنى بويسۇندۇرۇپ بەردى:

﴿وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلَائِكَةِ إِنِّي جَاعِلٌ فِي الْأَرْضِ خَلِيفَةً﴾ «ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: "مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن" دېدى»[2].

﴿وَعَلَّمَ آدَمَ الْأَسْمَاءَ كُلَّهَا﴾ «الله پۈتۈن شەيئىلەرنىڭناملىرىنى ئادەمگە ئۆگەتتى»[3].

﴿هُوَ الَّذِي خَلَقَ لَكُمْ مَا فِي الْأَرْضِ جَمِيعًا﴾ «الله يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سىلەر (نىڭ پايدىلىنىشىڭلار) ئۈچۈن ياراتتى»[4].

بۇ ئارقىلىق ئىنسان ئاسمان - زېمىن ئۈستىگە ئېلىشتىن قورققان ئامانەتنى ئۈستىگە ئېلىش لاياقىتىگە ئىگە بولدى، ھەم شۇ ئامانەتنى ئادا

[1] سۈرە سەجدە، 7 – ئايەتتىن 9- ئايەتكىچە.
[2] سۈرە بەقەرە، 30- ئايەت.
[3] سۈرە بەقەرە، 31- ئايەت.
[4] سۈرە بەقەرە، 29- ئايەت.



كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قىلىش يولىدا داۋاملىق جاپا تارتىدىغان بولىدى: ﴿**إِنَّا عَرَضْنَا الْأَمَانَةَ عَلَى السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَالْجِبَالِ فَأَبَيْنَ أَنْ يَحْمِلْنَهَا وَأَشْفَقْنَ مِنْهَا وَحَمَلَهَا الْإِنْسَانُ إِنَّهُ كَانَ ظَلُومًا جَهُولًا**﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، بىز ئامانەتنى (يەنى پەرزلەرنى ۋە شەرئىەت تەكلىپلىرىنى) ئاسمانلارغا، زېمىنغا ۋە تاغلارغا تەڭلىدۇق، ئۇلار ئۇنى ئۈستىگە ئالمىدى، ئۇنىڭ (ئېغىرلىقى)دىن قورقتى، ئۇنى ئىنسان ئۈستىگە ئالدى، ئىنسان ھەقىقەتەن (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، ھەقىقەتەن ناداندۇر﴾[1].

﴿**لَقَدْ خَلَقْنَا الْإِنْسَانَ فِي كَبَدٍ**﴾ ﴿بىز ئىنساننى ھەقىقەتەن جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە قىلىپ ياراتتۇق﴾[2].

﴿**يَا أَيُّهَا الْإِنْسَانُ إِنَّكَ كَادِحٌ إِلَى رَبِّكَ كَدْحًا فَمُلَاقِيهِ**﴾ ﴿ئى ئىنسان! سەن ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭغا مۇلاقات بولغىنىڭغا قەدەر جاپا تارتىپ ئۆتىسەن﴾[3].

ئاندىن كېيىن الله ئىنسانغا ئۇنىڭ تەركىۋى قۇرۇلمىسىغا، ئىقتىدارىغا ماس كېلىدىغان، مۇھىم ۋەزىپىسىگە ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن تارتىدىغان جاپاغا مۇناسىپ كېلىدىغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىنسانغا خاس تالانتلارغا، كەڭ پائالىيەت ساھەلىرىگە، ئىنسان ئۈستىگە ئالغان ئامانەتكە ماس كېلىدىغان ئىبادەتنى پەرز قىلدى. بۇ ئىبادەت ئىنساننى چارچىتىپ قويمايدۇ، كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارنى قىلىشقا زورلىمايدۇ. بۇ ئىبادەتنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئۇ ئىنساننىڭ ھەرقانداق ئەزاسىدىن سادىر بولغان قىلىقلارنى ۋە بالىغ بولغاندىن باشلاپ تاكى ۋاپات بولغىچە ئارىلىقتىكى ھەممە ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىنسان ھېچقانداق بىر

[1] سۈرە ئەھزاب، 72- ئايەت.
[2] سۈرە بەلەد، 4- ئايەت.
[3] سۈرە ئىنشىقاق، 6- ئايەت.

لەھزىدە، ھېچقانداق بىر ئىشدا ئىبادەتنىڭ سىرتىدا قالمايدۇ: ﴿قُلْ إِنَّ صَلَاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە ئۈچۈندۇر»[1].

اللە ئىنساننى تەكلىپ قىلغان ئىبادەت نامازنى، ھەجنى (بىز ئىبادەت دەپ تونۇۋاتقان پائالىيەتلەرنى) ھەم شۇنداقلا ھاياتلىقتىكى ھەممە ئىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار ئىبادەتنى شۇنداق كەڭ مەنىدە چۈشەنگەن ئىدى. ئۇلار ئىبادەتنى پەقەت بىز ئىبادەت دەپ تونۇۋاتقان بىرقانچە پائالىيەتكىلا چەكلەپ قويمىغاچقا، مەلۇم پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقاندا ئىبادەت قىلىۋاتىمەن دەپ، ئۇنى قىلىپ بولغاندا ئىبادەت قىلمايۋاتىمەن دەپ ئويلىمايتتى.

ئۇلار ھاياتلىقتىكى ھەممە ئىشنى ئىبادەت دەپ تونۇيتتى. مەلۇم پائالىيەتلەرنى باشقا ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشقا ياردىمى تېگىدىغان ئوزۇق بەرگۈچى مۇھىم ئىبادەت دەپ قارايتتى. ئۇلار بۇنداق ئىبادەتلەرگە خۇددى مۇساپىر سەپەر تەييارلىقىغا ئەستايىدىل ئېتىبار بەرگەندەك ئېتىبار بېرەتتى. ئۇلار ھەممە ئەھۋالدا اللە قۇرئاندا تونۇشتۇرغاندەك ئىدى: ﴿الَّذِينَ يَذْكُرُونَ اللَّهَ قِيَامًا وَقُعُودًا وَعَلَى جُنُوبِهِمْ﴾ «ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ اللەنى ئەسلەپ تۇرىدۇ»[2].

كۆپ قېتىم ئېيتقىنىمىزدەك، ئۇلارنىڭ اللەنى ياد ئېتىشى پەقەت دىل بىلەنلا، تىل بىلەنلا ئەمەس ئىدى. بەلكى بۇنىڭغا قوشۇپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ياد ئېتەتتى.

---

[1] سۈرە ئەنئام، 162-ئايەت.
[2] سۈرە ئال ئىمران، 191- ئايەت.

ساھابىلەرنىڭ اللهنى تەسۋىي سىرىپ ياد ئەتكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات يوق.

ساھابىلەرنىڭ اللهنى رېئالىي دۇنيادىن ئايرىلىپ، دۇنيانى تاشلاپ، ھېچ ئىش قىلماي خىلۋەتتە ئولتۇرۇپ ياد ئەتكەنلىكى ھەققىدىمۇ مەلۇمات يوق. «بۇخارى» ۋە «مۇسلىم»نىڭ رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلماقچى بولغان بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنى ئۇنداق قىلىشتىن توسقان:

**«ذهب ثلاثة رهط إلى بيت من بيوت رسول الله – صلى الله عليه وسلم – فسألوا عن عبادته – صلى الله عليه وسلم – فلما أخبروا كأنهم تقالّوها . فقالوا : أين نحن من رسول الله – صلى الله عليه وسلم – وقد غفر له ما تقدم من ذنبه وما تأخر ؟ قال أحدهم : أما أنا فأصوم الدهر ولا أفطر ، وقال الآخر : أما أنا فأقوم الليل ولا أنام . وقال الثالث : أما أنا فلا أتزوج النساء . فلما سمع رسول الله – صلى الله عليه وسلم – قال : أنتم الذين قلتم كذا وكذا ؟ أما والله إني لأخشاكم لله وأعبدكم له ولكني أصوم وأفطر ، وأقوم وأنام ، وأتزوج النساء ، فمن رغب عن سنتي فليس مني»** «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە ئۈچ كىشى بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قانداق ئىبادەت قىلىدىغانلىقىنى سوراشتۇردى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قانداق ئىبادەت قىلىدىغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئاز ھېس قىلدى. ئۇلار مۇنداق دېدى: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنغان." ئۇ ئۈچ كىشىنىڭ بىرى: "مەن ھەمىشە روزا تۇتىمەن، ئېغىز ئاچمايمەن" دېدى. يەنە بىرى: "مەن پۈتۈن كېچە قىيام قىلىمەن، ئۇخلىمايمەن" دېدى. ئۈچىنچىسى: "مەن نىكاھلانمايمەن" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ مۇنداق دېدى: «سىلەر شۇنداق دېدىڭلارمۇ؟ الله بىلەن قەسەمكى، مەن اللهتىن سىلەر قورققاندىنمۇ بەكرەك قورقىمەن، اللهقا سىلەردىن بەكرەك ئىبادەت قىلىمەن، لېكىن مەن روزا تۇتىمەن ۋە ئېغىز ئاچىمەن، قىيام قىلىمەن ۋە ئۇخلايمەن،

www.uyghurkitap.com

نىكاھلىنىمەن. كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇ مېنىڭ ئۈممىتىم ئەمەس»[①].

ساھابىلار ھەرقانداق بىر ئىشنى ئىبادەت دەپ قىلاتتى. ئۇلار ھاياتلىقنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى ئەمەلىي پائالىيەتلىرىنى چوڭ ئىبادەت ھېسابلايتتى. ئۇلار ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلغاندا ئۆزىگە مۇنداق سوئال قوياتتى: «مەن الله رازى بولىدىغان ئىشنى قىلىۋاتىمەنمۇ ياكى الله نارازى بولىدىغان ئىشنى قىلىۋاتىمەنمۇ؟» الله رازى بولىدىغان ئىشنى قىلغان بولسا، اللهقا ھەمدە ئېيتاتتى. الله نارازى بولىدىغان ئىشنى قىلىپ سالغان بولسا، مەغپىرەت تەلەپ قىلاتتى ۋە تەۋبە قىلاتتى:

﴿وَالَّذِينَ إِذَا فَعَلُوا فَاحِشَةً أَوْ ظَلَمُوا أَنْفُسَهُمْ ذَكَرُوا اللَّهَ فَاسْتَغْفَرُوا لِذُنُوبِهِمْ وَمَنْ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلَّا اللَّهُ وَلَمْ يُصِرُّوا عَلَى مَا فَعَلُوا وَهُمْ يَعْلَمُونَ﴾ ﴿تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا اللهنى ياد ئېتىدۇ. گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، گۇناھنى كەچۈرىدىغان اللهتىن باشقا كىم بار؟ ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ﴾[②].

ئۇلار اللهنى ياد ئېتىپ، ئۆزىگە مۇنداق سوئال قوياتتى: «الله مېنى ھازىرنىڭ ئۆزىدە نېمە قىلىشقا بۇيرۇيدۇ؟» الله ئۇنى "دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتكە تېگىشىدىغانلار الله يولىدا جىھاد قىلسۇن" دەپ بۇيرۇغان بولسا، ئۇ مۇشۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىش ئارقىلىق اللهنى ياد ئېتەتتى.

الله ئۇنىڭغا: ﴿وَعَاشِرُوهُنَّ بِالْمَعْرُوفِ﴾ ﴿ئاياللىرىڭلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار﴾[③] دەپ بۇيرۇغان بولسا، ئۇ مۇشۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىش ئارقىلىق اللهنى ياد ئېتەتتى.

---

① بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

② سۈرە ئال ئىمران، 135- ئايەت.

③ سۈرە بەقەرە، 223- ئايەت.

الله ئۇنىڭغا: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا قُوا أَنْفُسَكُمْ وَأَهْلِيكُمْ نَارًا﴾ ﴿ئـۆزەڭلارنى ۋە بـالا-چاقـاڭلارنى... دوزاخـتـىن سـاقلاڭلار﴾[1] دەپ بۇيرۇغـان بولسـا، ئـۇ بـالىۋاقىلىرىنى ئىلاھىـي يـول بـويىچە تەربىـيىلەپ، ئۇلارنىـڭ مەسـلىكىنى ئىلاھىي يول بويىچە قېلىپلاشتۇرۇپ، ھېس - تۇيغۇلىرىنى، تەپەككـۇرلىرىنى الله رازى بولىدىغان تەرەپكە يۈزلەندۈرۈش ئارقىلىق اللهنى ياد ئېتەتتى.

الله ئۇنىڭغـا: ﴿فَامْشُوا فِي مَنَاكِبِهَا وَكُلُوا مِنْ رِزْقِهِ﴾ ﴿زېمىنىنىـڭ ئەتراپىـدا مېڭىڭلار، اللهنىڭ (بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار﴾[2] دەپ بۇيرۇغان بولسـا، ئـۇ، الله ھالال قىلغان دائىرىدە ھالال ئەمگەك بىـلەن رىزىـق ئىـزدەش ئـارقىلىق اللهنى ياد ئېتەتتى.

الله ئـۇنى «طلب العلم فريضة» «ئىلىـم تەلەپ قىلىـش پەرز»[3] دەپ بۇيرۇغان بولسا، ئۇ ئىلىم ئۆگىنىش ئارقىلىق اللهنـى يـاد ئېتەتتـى. بـۇ يەردە دېيىلگەن ئىلىم ئىنسانغا ھالال - ھارامنى بىلدۈرىدىغان دىنىي ئىلىم بىلەن ماددىي بايلىقلاردىن پايدىلىنىشتا لازىمى بولىدىغان پەننى ئىلىمنى تەڭ ئۆز ئىچىـگە ئالىـدۇ.﴿وَسَخَّرَ لَكُمْ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ جَمِيعاً مِنْهُ﴾ ﴿الله ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى (كامالى) پەزلىدىن سىـلەرگە بويسـۇندۇرۇپ بەردى﴾[4].چـۈنكى ھەمـمە ئىلىمنـى تەڭ ئۆگەنگەنـدىلا ماددىنىـڭ خۇسۇسـيەتلىرىنى تولـۇق ئىگەلـلەپ، خـام ئەشيالارنى پىششىقلاپ ئىشـلەپ، زېمىننـى ئىلاھـي يولنىـڭ تەقەززاسـى بويىچە گۈللەنـدۈرۈپ، موھتـاجلىقتىن قۇتـۇلغىلى، الله بۇيرۇغـان خەلىپىلىـك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغىلى بولىدۇ.

---

[1] سۈرە تەھرىم، 6- ئايەت.

[2] سۈرە مۇلك، 15- ئايەت.

[3] ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

[4] سۈرە جاسىيە، 13- ئايەت.

بىز يۇقىرىقى بۆلۈمدە الله ساھابىلەرنى سۈپەتلىگەن مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇپ ئۆتكەن ئىدۇق:

﴿إِنَّ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَاخْتِلَافِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ لَآيَاتٍ لِأُولِي الْأَلْبَابِ الَّذِينَ يَذْكُرُونَ اللَّهَ قِيَامًا وَقُعُودًا وَعَلَى جُنُوبِهِمْ وَيَتَفَكَّرُونَ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ رَبَّنَا مَا خَلَقْتَ هَذَا بَاطِلًا سُبْحَانَكَ فَقِنَا عَذَابَ النَّارِ رَبَّنَا إِنَّكَ مَنْ تُدْخِلِ النَّارَ فَقَدْ أَخْزَيْتَهُ وَمَا لِلظَّالِمِينَ مِنْ أَنْصَارٍ رَبَّنَا إِنَّنَا سَمِعْنَا مُنَادِيًا يُنَادِي لِلْإِيمَانِ أَنْ آمِنُوا بِرَبِّكُمْ فَآمَنَّا رَبَّنَا فَاغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَكَفِّرْ عَنَّا سَيِّئَاتِنَا وَتَوَفَّنَا مَعَ الْأَبْرَارِ رَبَّنَا وَآتِنَا مَا وَعَدْتَنَا عَلَى رُسُلِكَ وَلَا تُخْزِنَا يَوْمَ الْقِيَامَةِ إِنَّكَ لَا تُخْلِفُ الْمِيعَادَفَاسْتَجَابَ لَهُمْ رَبُّهُمْ أَنِّي لَا أُضِيعُ عَمَلَ عَامِلٍ مِنْكُمْ مِنْ ذَكَرٍ أَوْ أُنْثَى بَعْضُكُمْ مِنْ بَعْضٍ فَالَّذِينَ هَاجَرُوا وَأُخْرِجُوا مِنْ دِيَارِهِمْ وَأُوذُوا فِي سَبِيلِي وَقَاتَلُوا وَقُتِلُوا لَأُكَفِّرَنَّ عَنْهُمْ سَيِّئَاتِهِمْ وَلَأُدْخِلَنَّهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ ثَوَابًا مِنْ عِنْدِ اللَّهِ وَاللَّهُ عِنْدَهُ حُسْنُ الثَّوَابِ﴾ شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار. ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ اللهنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) «پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ. سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! سەن كىمنىكى دوزاخقا كىرگۈزىدىكەنسەن، ئۇنى ئەلۋەتتە خار قىلغان بولىسەن. زالىملارغا ھېچقانداق ياردەمچى بولمايدۇ. پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن بىر چاقىرغۇچىنىڭ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) «رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىڭلار» دەپ ئىمانغا چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدۇق، ئىمان ئېيتتۇق، پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، يامانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقارغىن، بىزنى ياخشىلارنىڭ قاتارىدا قەبزى روھ قىلغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە پەيغەمبەرلىرىڭ ئارقىلىق ۋەدە قىلغان نەرسىنى (يەنى ئىتائەت قىلغانلارغا خاس بولغان جەننەتنى) بەرگىن، قىيامەت كۈنى بىزنى رەسۋا قىلمىغىن.

سەن ھەقىقەتەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن. ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى پەرۋەردىگارى ئىجابەت قىلدى: «مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەرقانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەملىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن، سىلەر بىر- بىرىڭلاردىن تۆرەلگەن. ھىجرەت قىلغانلار، يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغانلار، مېنىڭ يولۇمدا (يەنى اللهنىڭ دىنى ئۈچۈن) ئەزىيەت تارتقانلار، ئۇرۇشقا قاتناشقانلار (يەنى مېنىڭ يولۇمدا ئۇرۇشقانلار) ۋە مېنىڭ يولۇمدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ گۇناھلىرىنى (مەغپىرىتىم ۋە رەھمىتىم بىلەن) ئەلۋەتتە يوققا چىقىرىمەن. ئەلۋەتتە، ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمەن». بۇ (ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن) الله تەرىپىدىن بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر. اللهنىڭ دەرگاھىدا ياخشى مۇكاپات (يەنى جەننەت) بار﴾[1].

مانا بۇ ئايەتتە اللهنىڭ ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلانغان تەپەككۇر قىلىشنى ۋە دۇئانى ئىجابەت قىلغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار ۋە ئۇلاردىن كېيىنكىلەر قۇرئان ۋە ھەدىستىكى يۇقىرىقىغا ئوخشاش يوليورۇقلاردىن الله تەلەپ قىلغان ئىبادەتنىڭ پەقەت بىر نەچچە پائالىيەت بىلەنلا چەكلەنمەيدىغانلىقىنى چۈشەنگەن. ئۇلار ناماز ۋە ھەجنىلا ئىبادەت دەپ چۈشەنمەيتتى. بەلكى ناماز بىلەن ھەجنى ئىنساننىڭ ھاياتلىقتىكى ھەممە پائالىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىبادەتنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى دەپ تونۇيتتى.

يۇقىرىقى ئايەتتە «ھاياتىم، ماماتىم الله ئۈچۈن» دېيىلدى. مامات (ئۆلۈم) ھەرقاچان ئىبادەت بولۇۋەرمەيدۇ. چۈنكى ئۆلۈم ئىنساننىڭ ئىختىيارىغا باقمايدۇ. ئۆلۈمنى ئىبادەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن الله يولىدا شېھىد بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇندىلا ئۆلۈم ئارقىلىق اللهقا ئىبادەت قىلغىلى بولىدۇ.

[1] سۈرە ئال ئىمران، 190- ئايەتتىن 195-ئايەتكىچە.

www.uyghurkitap.com

پەقەت مۇشۇ بىر يول بىلەن، يەنى ھاياتلىقتىكى ھەممە پائالىيەتنى ئىبادەتكە ئايلاندۇرۇش بىلەن الله تەلەپ قىلغان ئىبادەتنى بەجا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. شۇندىلا ئىنساني مەۋجۇدلۇقنىڭ غايىسى ئىشقا ئاشىدۇ.

بىز مەلۇم بىرقانچە پائالىيەتنىلا الله مۇسۇلماندىن تەلەپ قىلغان ئىبادەتنىڭ ھەممىسى شۇ، شۇنى قىلغان مۇسۇلمان ئىبادەت قىلىش ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلغان بولىدۇ دەپ تونۇپ قالغان بولغاچقا، ساھابىلەرنىڭ ئىبادەت ھەققىدىكى بۇ توغرا چۈشەنچىسى بىزگە يات تۇيۇلىدۇ.

بىز ئىسلامىي چۈشەنچىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا، قۇرئانغا، ھەدىسكە ۋە قۇرئان، ھەدىسنى توغرا چۈشەنگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «**خيركم قرني ، ثم الذي يليه**» «سىلەرنىڭ ياخشىڭلار مېنىڭ دەۋرىمدىكىلەردۇر»[1] دېگەن باھاسىغا ئېرىشكەن ساھابىلەرنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىگە مۇراجىئەت قىلىشىمىز كېرەككى، ھەرگىزمۇ ئۇزاق تارىخىي جەرياندا مۇسۇلمانلاردا پەيدا بولۇپ قالغان ئازغۇنلۇقلارنى ئاساس قىلماسلىقىمىز كېرەك.

ئۇزۇن تارىخىي جەرياندا ئىنسانلارنىڭ ئېزىشى ھەيران قالارلىق ئەمەس: ﴿**وَلَقَدْ عَهِدْنَا إِلَى آدَمَ مِنْ قَبْلُ فَنَسِيَ وَلَمْ نَجِدْ لَهُ عَزْمًا**﴾ ﴿بىز ئىلگىرى ئادەمگە (دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېمەسلىكنى) تەۋسىيە قىلدۇق، ئۇ (بۇ تەۋسىيىنى) يادىدىن چىقاردى، ئۇنىڭدا ھېچقانداق چىڭ ئىرادە كۆرمىدۇق﴾[2].

لېكىن ئىسلام غېرىبلاشقان بۇ كۈنلەردە توغرىنىڭ خاتاغا ئايلىنىپ قېلىشى، خاتانىڭ توغرىغا ئايلىنىپ قېلىشى ھەيران قالارلىق... ئەمدى بىر كىم قۇرئاندىكى، ھەدىستىكى ۋە سەلەپ - سالىھلارنىڭ ھەرىكىتىدىكى توغرا چۈشەنچىنى ئوتتۇرىغا قويسا، بىز ئۇنى ئاشۇرۇۋەتتى دەپ قارىلاپ، خاتا

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] سۈرە تاھا، 115- ئايەت.

چۈشەنچىمىزنى تۈزىتىشتىن باش تارتىۋاتىمىز.

﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنْسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾ «جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم»[1].

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، مانا بۇ ئايەتتە ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت پەقەت بىرلا مەقسەت بىلەن يارىتىلغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

الله ئىنسانلارغا تۆرلۈك تەكلىپلەرنى پەرز قىلدى: ﴿وَاعْبُدُوا اللَّهَ وَلَا تُشْرِكُوا بِهِ شَيْئًا وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا وَبِذِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينِ وَالْجَارِ ذِي الْقُرْبَى وَالْجَارِ الْجُنُبِ وَالصَّاحِبِ بِالْجَنْبِ وَابْنِ السَّبِيلِ وَمَا مَلَكَتْ أَيْمَانُكُمْ إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ مَنْ كَانَ مُخْتَالًا فَخُورًا﴾ «اللهقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا - ئاناڭلارغا، خىش - ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن قوشنىغا، يىراق قوشنىغا، يانىدىكى ھەمراھقا (يەنى سەپەرداشقا، ساۋاقداشقا) مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل - چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، الله مۆتەكەببىر ماختانچاقنى ياقتۇرمايدۇ»[2].

﴿إِنَّ اللَّهَ يَأْمُرُكُمْ أَنْ تُؤَدُّوا الْأَمَانَاتِ إِلَى أَهْلِهَا وَإِذَا حَكَمْتُمْ بَيْنَ النَّاسِ أَنْ تَحْكُمُوا بِالْعَدْلِ إِنَّ اللَّهَ نِعِمَّا يَعِظُكُمْ بِهِ إِنَّ اللَّهَ كَانَ سَمِيعًا بَصِيرًا يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَطِيعُوا اللَّهَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ وَأُولِي الْأَمْرِ مِنْكُمْ فَإِنْ تَنَازَعْتُمْ فِي شَيْءٍ فَرُدُّوهُ إِلَى اللَّهِ وَالرَّسُولِ إِنْ كُنْتُمْ تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ ذَلِكَ خَيْرٌ وَأَحْسَنُ تَأْوِيلًا﴾ «شۈبھىسىزكى، الله سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، الله سىلەرگە نەسىھەت قىلغان ئىشلار نېمىدېگەن

[1] سۈرە زارىيات، 56- ئايەت.

[2] سۈرە نىسا، 36- ئايەت.

www.uyghurkitap.com

ياخشى، اﷲ ھەقىقەتەن (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشىڭلارنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. ئى مۆئمىنلەر! اﷲقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا اﷲقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر اﷲقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە (ھەقىقىي) ئىشەنگەن بولساڭلار، بۇ (يەنى اﷲنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر﴾[1].

﴿فَلْيُقَاتِلْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ الَّذِينَ يَشْرُونَ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا بِالْآخِرَةِ وَمَنْ يُقَاتِلْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَيُقْتَلْ أَوْ يَغْلِبْ فَسَوْفَ نُؤْتِيهِ أَجْرًا عَظِيمًا﴾ ﴿دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتكە تېگىشىدىغانلار اﷲ يولىدا (جېنىنى، پۇل - مېلىنى پىدا قىلىپ) جىھاد قىلسۇن، كىمكى اﷲ يولىدا جىھاد قىلىپ ئۆلتۈرۈلسە ياكى غەلىبە قىلسا، بىز ئۇنىڭغا كاتتا ئەجر ئاتا قىلىمىز﴾[2].

﴿وَعَاشِرُوهُنَّ بِالْمَعْرُوفِ فَإِنْ كَرِهْتُمُوهُنَّ فَعَسَى أَنْ تَكْرَهُوا شَيْئًا وَيَجْعَلَ اللَّهُ فِيهِ خَيْرًا كَثِيرًا﴾ ﴿ئاياللىرىڭلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلارنى ياقتۇرمىساڭلار (سەۋر قىلىڭلار)، چۈنكى سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشتا، اﷲ كۆپ خەيرىيەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن﴾[3].

﴿وَأَعِدُّوا لَهُمْ مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوَّةٍ وَمِنْ رِبَاطِ الْخَيْلِ تُرْهِبُونَ بِهِ عَدُوَّ اللَّهِ وَعَدُوَّكُمْ وَآخَرِينَ مِنْ دُونِهِمْ لَا تَعْلَمُونَهُمُ اللَّهُ يَعْلَمُهُمْ وَمَا تُنْفِقُوا مِنْ شَيْءٍ فِي سَبِيلِ اللَّهِ يُوَفَّ إِلَيْكُمْ وَأَنْتُمْ لَا تُظْلَمُونَ﴾ ﴿دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار، بۇنىڭ بىلەن

---

[1] سۈرە نىسا، 58- ۋە 59- ئايەتلەر.

[2] سۈرە نىسا، 74- ئايەت.

[3] سۈرە نىسا، 19- ئايەت.

اللهنىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزەڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقىتىسىلەر، ئۇلارنى سىلەر تونۇمايسىلەر، الله تونۇيدۇ، سىلەرنىڭ الله يولىدا سەرپ قىلغىنىڭلار مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى بۇ ساۋابتىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ)﴾[1].

﴿وَأَقِيمُوا الْوَزْنَ بِالْقِسْطِ وَلَا تُخْسِرُوا الْمِيزَانَ﴾ ﴿ئۆلچەمدە ئادىل بولۇڭلار، تارازىدا كەم بەرمەڭلار﴾[2].

﴿هُوَ الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ الْأَرْضَ ذَلُولًا فَامْشُوا فِي مَنَاكِبِهَا وَكُلُوا مِنْ رِزْقِهِ وَإِلَيْهِ النُّشُورُ﴾ ﴿الله سىلەرگە زېمىننى مېڭىشقا ئاسان قىلدى، زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار. اللهنىڭ (بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار، سىلەر تىرىلگەندىن كېيىن اللهنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر﴾[3].

بۇلاردىن باشقا يەنە نەچچە ئون سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، پىكرىي، روھىي، ئېتىقادىي ۋە ئەخلاقىي... تەكلىپلەر بار.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىستە يەنە بىرقانچە تەكلىپنى پەرز قىلدى:

«**طلب العلم فريضة**» «ئىلىم تەلەپ قىلىش پەرز»[4].

«**إن الله كتب الإحسان على كل شيء . فإذا قتلتم فأحسنوا القتلة ، وإذا ذبحتم فأحسنوا الذبحة ، وليحد أحدكم شفرته ، وليرح ذبيحته**» «الله ھەرقانداق ئىشنى چىرايلىق قىلىشنى پەرز قىلدى. ئۆلتۈرسەڭلەرمۇ، چىرايلىق ئۆلتۈرۈڭلار،

---

[1] سۈرە ئەنفال، 60- ئايەت.

[2] سۈرە ئەررەھمان، 9- ئايەت.

[3] سۈرە مۇلك، 15- ئايەت.

[4] ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

مال بوغۇزلىساڭلارمۇ چىرايلىق بوغۇزلاڭلار، پىچىقىڭلارنى ئىتتىك قىلىڭلار، بوغۇزلانغۇچى مالنى قىينىماڭلار!»[①].

«اجتنبوا السبع الموبقات . قيل : يا رسول الله وما هن ؟ قال : الشرك بالله ، والسحر ، وقتل النفس التي حرم الله إلا بالحق ، وأكل الربا ، وأكل مال اليتيم ، والتولي يوم الزحف ، وقذف المحصنات الغافلات المؤمنات» «ھالاك قىلغۇچى يەتتە گۇناھتىن يىراق بولۇڭلار. "ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى، ئۇ يەتتە گۇناھ قايسى؟" دەپ سورىلىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: "اللهقا شېرىك كەلتۈرۈش، سېھىر - جادۇ قىلىش، الله ئۆلتۈرۈشنى ھارام قىلغان جاننى ناھەق ئۆلتۈرۈش، جازانىخورلۇق قىلىش، يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋېلىش، غازات كۈنى قېچىش، پاك، مۇئمىن ئاياللارغا قارا چاپلاش»[②].

«إذا أكل أحدكم فليأكل بيمينه ، وإذا شرب فليشرب بيمينه ، فإن الشيطان يأكل بشماله ويشرب بشماله» «تاماق يېسەڭلار ئوڭ قولۇڭلار بىلەن يەڭلار، ئىچسەڭلەر ئوڭ قولۇڭلار بىلەن ئىچىڭلار، شەيتان سول قولى بىلەن يەپ - ئىچىدۇ»[③].

«يا غلام : سَمِّ الله ، وكل بيمينك ، وكل مما يليك» «ھەي بالا، بىسمىللاھ دېگىن، ئوڭ قولۇڭ بىلەن يېگىن، ئالدىڭدىن يېگىن!»[④].

«أمرنا رسول الله بسبع ونهانا عن سبع . أمرنا بعيادة المريض ، واتباع الجنائز ، وتشميت العاطس ، وإبرار القسم أو المقسم ، ونصر المظلوم ، وإجابة الداعي ، وإفشاء السلام ، ونهانا عن خواتيم أو تختم بالذهب ، وعن شرب بالفضة وعن المياثر ، وعن

① مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسائى ۋە ئىبنى ماجەھ رىۋايەت قىلغان.

② مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

③ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

④ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

**القسي ، وعن لبس الحرير والإستبرق والديباج»** «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى يەتتە ئىشقا بۇيرۇدى، يەتتە ئىشتىن توستى. بىزنى كېسەل كۆرۈشكە، جىنازىغا ئەگىشىشكە، چۈشكۈرگۈچىگە: يەرھەمۇ كەللاھ (الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن) دېيىشكە، قەسەمنى راستقا چىقىرىشقا، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىغا ياردەم بېرىشكە، چاقىرغان يەرگە بېرىشقا، سالامنى ئومۇملاشتۇرۇشقا بۇيرىدى. ئالتۇن ئۈزۈك سېلىشتىن، كۈمۈش قاچىدا يەپ - ئىچىشتىن، تەخترااۋاندا ئولتۇرۇشتىن، ناساراچە كىيىم كىيىشتىن، قىلىن، يۇپقا، ئوتتۇرا ھال يىپەكلەرنى كىيىشتىن توستى»[1].

**«ما من نبي بعثه الله في أمة قبلي إلا كان له من أمته حواريون وأصحاب ، يأخذون بسنته ويقتدون بأمره ، ثم إنها تخلف من بعدهم خلوف يقولون ما لا يفعلون ، ويفعلون ما لا يؤمرون . فمن جاهدهم بيده فهو مؤمن . ومن جاهدهم بلسانه فهو مؤمن . ومن جاهدهم بقلبه فهو مؤمن . وليس وراء ذلك من الإيمان حبة خردل»** «الله مەندىن بۇرۇن ئەۋەتكەن ھەرقانداق بىر پەيغەمبەرنىڭ ئۆز ئۈممىتى ئىچىدىن چىققان ھەقىقىي ئەگەشكۈچىلىرى بار ئىدى. ئۇلار ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشەتتى، بۇيرۇقىغا بويسۇناتتى. ئاندىن كېيىن ئېغىزىدىكى سۆزى بىلەن ئەمەلىي ھەرىكىتى ئوخشىمايدىغان، بۇيرۇلمىغان ئىشلارنى ئىبادەت دەپ قىلىدىغان يامان ئىزباسارلار پەيدا بولدى. كىمكى شۇ يامان ئىز باسارلارغا قارشى قولى بىلەن جىھاد قىلسا، ئۇ مۇئمىندۇر؛ كىمكى تىلى بىلەن جىھاد قىلسا، ئۇ مۇئمىندۇر؛ كىمكى قەلبى بىلەن جىھاد قىلسا، ئۇ مۇئمىندۇر. بۇنىمۇ قىلمىغان ئادەمدە تېرىقنىڭ دانىسىچىلىك ئىمان بولمايدۇ»[2].

بۇلاردىن باشقا يەنە نەچچە ئون سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي،

---

[1] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

پىكرىي، روھىي، ئېتىقادىي ۋە ئەخلاقىي... تەكلىپلەر بار.

مانا بۇ تەكلىپلەر اللّٰه ئىنسانلار ۋە جىنلارنىڭ يارىتىلىشىدىكى غايە دەپ بايان قىلغان ئىبادەتنىڭ ئىچىدە بارمۇ ياكى يوقمۇ؟ ئەگەر يوق دېسەك، ھەممە تەكلىپلەر ئىبادەتنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ، دېگەن ئايەتكە زىت كېلىدۇ.

شۇنداق ئىكەن، ئىبادەت كېيىنكى دەۋردىكى مۇسۇلمانلار ئىبادەت دەپ تونۇغان بىرقانچە پائالىيەتلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى تۆۋەندىكى ئايەتتە دېيىلگەن ناھايىتى كەڭ مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

﴿قُلْ إِنَّ صَلَاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ لَا شَرِيكَ لَهُ وَبِذَلِكَ أُمِرْتُ وَأَنَا أَوَّلُ الْمُسْلِمِينَ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللّٰه ئۈچۈندۇر. اللّٰهنىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنىڭغا (يەنى يالغۇز اللّٰهغىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن﴾[1].

بۇ ئايەتتە گەرچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىنىسمۇ، ئەمما ئايەتنىڭ ھۆكمى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىلا خاس ئەمەس، بەلكى اللّٰهتىن باشقا مەبۇد بەرھەق يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللّٰهنىڭ پەيغەمبىرى دەپ شاھادەت ئېيتقان ھەربىر مۇسۇلمانغا تەۋەدۇر.

ساھابىلەر ئىبادەتنى اللّٰه پەرز قىلغان بويىچە ئەنە شۇنداق كەڭ مەنىدە چۈشىنەتتى. ئۇلار ناماز ئوقۇش پەرز بولغاندەك، اللّٰه يولىدا جىھاد قىلىشمۇ پەرز، بۇ ئىككى پەرز بىر - بىرىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ، دەپ تونۇيتتى. ئۇلار يەنە زىنادىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنىڭ نوپۇسىنى كۆپەيتىپ، شېرىكنى تازىلاپ، تەۋھىد تارقىتىش ئۈچۈن نىكاھلىنىشنى ئىبادەت دەپ تونۇيتتى. ئۇلارنىڭ تونۇشىدا اللّٰه ھالال قىلغان دائىرىدىكى جىسمانىي ھوزۇر

[1] سۈرە ئەنئام، 162- ۋە 163- ئايەتلەر.

- ھالاۋەت ئىبادەتكە زىت كەلمەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «**وفي بضع أحدكم صدقة " دهشوا بادئ الأمر ، وقالوا : يا رسول الله إن أحدنا ليأتي زوجه شهوة منه ثم يكون له عليها أجر ؟! فبين لهم الرسول المعلم – صلى الله عليه وسلم – : قال : " أرأيت لو وضعها في حرام أكان عليه فيها وزر ؟ فإذ وضعها في حلال فله عليها أجر**» «ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلىشىڭلارمۇ سەدىقە قىلىش بىلەن ئوخشاش ساۋاب» دېگەندە، ئۇلار دەماللىقا ھەيران قىلىپ: «ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى بىز ئۆزىمىزنىڭ شەھۋانىي نەپسىنى قاندۇرساقمۇ ساۋاب تاپىمىزمۇ؟» دەيدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «شەھۋانىي نەپسىنى ھارامدىن قاندۇرسا، گۇناھ بولىدىغۇ؟! شۇنداق ئىكەن، ھالالدىن قاندۇرسا، ئەلۋەتتە ساۋاب تاپىدۇ»[1]. بۇ چۈشەندۈرۈشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەيرانلىقى بېسىلىپ، ئىسلامدا اللەنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ، اللەنىڭ ئەمرى بويىچە قىلىنغان جىسمانىي پائالىيەتلەرنىڭ ئىبادەت بولىدىغانلىقىنى بىلدى.

ئۇلار يەنە رىزىق ئىزدەش، ئىلىم تەلەپ قىلىش، زېمىننى ئاۋات قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق جىسمانىي، ئەقلىي ۋە روھىي پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىبادەت دەپ تونۇيتتى. ئىبادەت دەپ تونۇغان ئىكەن، ھەرقانداق ئىشنى نامازنى ئادا قىلغاندەك ئىخلاس بىلەن قىلاتتى.

شۇڭلاشقا، ئۇلار ھەرقايسى جەھەتلەردە مۆجىزە خاراتېرلىك ئاجايىپ نەتىجىلەرنى ياراتتى. ناۋادا ئۇلار ھەممە ئىشنى ئىبادەت دەپ تونۇپ، ھەر ئىشنى نامازنى ئادا قىلغان چوڭقۇر ئىخلاس بىلەن قىلمىغان بولسا ئىدى، شېرىك قورغانلىرىنى ئۇنچە ئاسان، ئۇنچە تېز ۋەيران قىلالمايتتى؛ رېئالىي دۇنيادا ئۇنداق ئالىي ئىدېئاللارنى نامايەن قىلىپ، ئىلاھىي ئادالەت بەرپا قىلالمايتتى؛ ۋاپادار، باتۇر، قورقۇمسىز، مۇئامىلىدە پاكىز بولالمايتتى؛ شۇنچە

[1] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چوڭ، شۇنچە زور ئىلمىي ھەرىكەتلەرنى ۋە يۇقىرى سەۋىيىلىك ھازارەت ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارالمايتتى.

مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ يارىتىلىشىدىكى غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن اللهقا قايسى شەكىل بىلەن ئىبادەت قىلىشى كېرەك؟

ھەممىدىن ئاۋۋال اللهنى پەرۋەردىگارلىقتا، ئىلاھلىقتا، گۈزەل ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىدە، ئىشلىرىدا يەككە - يېگانە دەپ ئېتىراپ قىلىشى كېرەك:

﴿وَاعْبُدُوا اللَّهَ وَلَا تُشْرِكُوا بِهِ شَيْئًا﴾ ﴿اللهقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار﴾[1].

﴿فَاعْلَمْ أَنَّهُ لَا إِلَٰهَ إِلَّا اللَّهُ﴾ ﴿بىلگىنكى، اللهتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر﴾[2].

يۇقىرىقى بۆلۈمدە ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ بىرىنچى ئىبادەت مۆرجىئىلەر قۇرئان ۋە ھەدىستىن ھېچقانداق دەلىل ئالمايلا دەۋا قىلغاندەك، ئېغىزدا كەلىمە شاھادەتنى ئېيتىپ قويۇش بىلەنلا ئاخىرلاشمايدۇ. بۇ ئىبادەتنىڭ تەقەززالىرىنى ئادا قىلغاندىلا، ئاندىن بۇ ئىبادەت ئادا تاپىدۇ. بۇ ئىبادەتنىڭ بەزى تەقەززالىرى ئىماننىڭ يىلتىزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن: اللهنى يەككە - يېگانە دەپ ئەقىدە قىلىش، بارلىق ئىبادەت پائالىيەتلىرىنى بىرلا اللهقا قارىتىش، بىرلا اللهنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە ئوخشاش. بۇ ئۈچ تەقەززانىڭ بىرىنى كەم قويغان كىشى مۆئمىن بولالمايدۇ. بۇ ئىبادەتنىڭ يەنە بەزى تەقەززالىرى ئىماننى مۇكەممەللەشتۈرۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، ئىمانىي ئەخلاقلار ۋە الله پەرز قىلغان باشقا تەكلىپلەرگە ئوخشاش. بۇ تەكلىپلەرنى ئورۇندىمىغان كىشىنىڭ ئىمانى كامىل بولمايدۇ.

[1] سۈرە نىسا، 36- ئايەت.

[2] سۈرە مۇھەممەد، 19- ئايەت.

كەلىمە شاھادەتنى ئىقرار قىلىپ بولغاندىن كېيىن، يەنى اللەنىڭ دەرگاھىدىن كەلگەن ھەرقانداق ئەمر ۋە نەھيىلەرنى قوبۇل قىلىمەن دەپ ئىقرار قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بىز ھازىر ئىبادەت دەپ تونۇۋاتقان مەلۇم پائالىيەتلەرنىڭ نۆۋىتى كېلىدۇ. بۇ پائالىيەتلەر ئىنسانىنىڭ باشقا ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشىغا ئوزۇق بولىدىغان، ئىنسان قەلبىنى دائىم اللەقا باغلاپ تۇرىدىغان ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغاچقا، ئىسلام بۇ ئىبادەتلەرگە ناھايىتى ئېتىبار بەرگەن. شۇڭا مۇسۇلمانلارمۇ بۇ ئىبادەتلەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىپ، بىر يەرگە يىغىلىپ ئادا قىلىدۇ. لېكىن كېيىنكى مۇسۇلمانلار بۇ ئىبادەت پائالىيەتلىرىگە مۇشۇنداق چوڭقۇر ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكىگە قاراپ، ئىدىيە ۋە مەسىلەكتە بىرقانچە خاتالىقلارنى ئۆتكۈزدى.

ئەڭ بىرىنچى، ئەڭ ئەجەللىك خاتالىق، اللە بەندىلىرىدىن تەلەپ قىلغان ئىبادەتنى پەقەت مەلۇم بىرقانچە پائالىيەتكىلا چەكلەپ قويۇشتىن ئىبارەت بولدى. بۇ ئىدىيە خاتالىقى ئىمانىي تەقەززالارنىڭ ھەممىسىنى ئىبادەت دائىرىسىدىن چىقىرىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەر ئىبادەت ئىمان ئېيتىشتىن باشلانماي، ناماز ئوقۇشتىن باشلىنىدۇ، دەپ تونۇيدىغان بولۇپ قالدى.

ئەڭ دەسلەپتە ئىبادەتنىڭ تۈرلىرى «ئىمان»، «ئىبادەت»، «مۇئامىلە» دېگەندەك ئايرىم - ئايرىم ناملار بىلەن ئاتىلىپ، پەقەت ئاتالغۇ جەھەتتىلا پەرق ئېتىلدى. بۇنداق ئايرىشنىڭ خەتىرى دەسلەپتە ئانچە چوڭ بولمىدى. چۈنكى ئۇ چاغلاردا ئىمان اللە نازىل قىلغان بويىچە، سەلەپ - سالىھلار چۈشەنگەن بويىچە توغرا چۈشىنىلىپ، ئىماننىڭ ھەر خىل تەقەززالىرى ئىجرا قىلىنىۋاتاتتى. كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە مۇرجىئىلەر ئىمان ئۇقۇمىنى تارايتىپ، كەلىمە شاھادەتنىڭ جانلىق مەزمۇنىنى يوق قىلىپ، ئىماننى پەقەت ئېغىزدىكى قۇرۇق سۆزگە ئايلاندۇرۇپ قويغىلى تۇرۇۋېدى، اللە بەندىلىرىگە پەرز قىلغان ئىبادەتنىڭ زور بىر قىسمى يوق بولدى.

ئىبادەتنىڭ ئادا قىلىنغان قىسمىلىرى، اﷲ بەندىلەردىن تەلەپ قىلغان ئىبادەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا كۇپايە قىلمىدى. مۇسۇلمانلار دەسلەپتە ئىبادەتنىڭ تۈرلىرىنى نام جەھەتتە ئايرىم - ئايرىم ناملار بىلەن ئاتىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھەممە ئىبادەتكە لايىقىدا ئەھمىيەت بەرگەچكە، بۇ ئايرىشنىڭ خەتىرى ئانچە چوڭ بولمىغان ئىدى. لېكىن ھازىرقى زاماندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى تولىمۇ خەتەرلىك.

كېيىنكى مۇسۇلمانلارمۇ ئىبادەت ئۇقۇمىنى توغرا چۈشىنىپ، ئىبادەت قىلىش ناماز ئوقۇشتىن، روزا تۇتۇشتىن، زاكات بېرىشتىن، ھەج قىلىشتىن ئاۋۋال اﷲنىڭ يەككە - يېگانىلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتىن باشلىنىدۇ، دەپ تونۇغان بولسا ئىدى، ھازىرقىدەك مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىغا چىقمىغان بولاتتى. يەنى بىرقانچە خىل ئىبادەتنىلا قىلساق، اﷲنىڭ شەرىئىتىنى ھۆكۈمدار قىلمىساقمۇ، دىنىنى ھاكىمىيەتتىن ئايرىۋەتسەكمۇ كامىل مۇئمىن بولۇۋېرىمىز، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «**إذا رأيتم الرجل يعتاد المساجد فاشهدوا له بالإيمان**» «مەسجىدكە بېرىشكە ئادەتلەنگەن ئادەمنى كۆرسەڭلار، ئۇنىڭ مۇئمىنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىڭلار»[1] دېگەن، دەپ يۈرىدىغان ناباپ مۇسۇلمانلار پەيدا بولمىغان بولاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەرھەق شۇنداق دېگەن، لېكىن ئىماننىڭ ماھىيىتىنى ۋە ئىماننى بۇزىدىغان قىلىقلارنى ئېنىق چۈشەندۈرىدىغان ھەدىسلەرنى تىلغا ئالماي، پەقەت ئىمان توغرىسىدىكى بىرلا ھەدىسنى ئۈزۈپ ئەكىلىپلا دەلىل قىلىۋېلىش ھەرگىزمۇ توغرا ئەمەس. شۇنداق ئەمەسمۇ! شېرىك ئېتىقادى بار بىر ئادەمنىڭ مەسجىدكە بارغىنىغا قاراپلا، ئۇنىڭ ئىماننى بۇزىدىغان مۇشرىكلىقىنى كۆرمەسكە سېلىپ، ئۇنى مۇئمىن

[1] ترمىزى، ئىبنى ماجە، ئەھمەد ۋە دارىمى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى مۇنداق دېگەن: بۇ ھەدىسنىڭ ئىسنادىدا ئاجىزلىق بار، رىۋايەت قىلىنىش جەريانى ھەممىسى شۇنداق. ئەلبانىنىڭ: كىچىك ئاجىز ھەدىسلەر توپلىمى دېگەن كىتابىغا قاراڭ: 1\184



www.uyghurkitap.com

دېگىلى بولامدۇ؟! مۆئمىن بولۇش ئۈچۈن مەسجىدكە بېرىپ ناماز ئوقۇشتىن بۇرۇن، اللهنى بىر دەپ ئىقرار قىلىش شەرت ئەمەسمۇ؟! گەرچە بۇ شەرت مەزكۇر ھەدىستە دېيىلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما باشقا ئايەت ۋە ھەدىسلەردە دېيىلدى ئەمەسمۇ؟!

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلۇم جازاسى بەرگەن مۇرتەدلەرمۇ ناماز ئوقۇيتتى، مەسجىدكە باراتتى. ئۇلار اللهنىڭ بىرلا ھۆكمىنى ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىمىغانلىقى ئۈچۈنلا ھېچكىم ئۇلارنى مۆئمىن دېمىدى، بەلكى ئۇلارغا قارشى جەڭ ئېچىلدى، ئۇلار ئۆلتۈرۈلدى. ئەمدى اللهنىڭ ھەممە ھۆكۈملىرىدىن يۈز ئۆرۈپ، اللهنىڭ ھۆكمىدىن باشقا ھۆكۈملەرگە ئۆز رازىلىقى بىلەن ئالدىنى قىلغانلارنى نېمە دېگۈلۈك؟!

زامانىمىزدا بەزى كىشلەر ئۆز رازىلىقى بىلەن شەرىئەتتىن باشقا قانۇنغا ئەگىششىنىڭ ئىماننى بۇزۇپ، كىشىنى مۇرتەد قىلىپ قويىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. بىز بۇ خىلدىكى ئادەملەرگە باھا بېرىشنى خالىمايمىز. ئۇلارنىڭ بىلمەسلىكى اللهنىڭ ئالدىدا ئۆزرە بولامدۇ - يوق، دېگەن مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلمايمىز. چۈنكى بۇلارغا باھا بەرگەننىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. بىز پەقەت ئىبادەتنىڭ توغرا ئۇقۇمىنىلا چۈشەندۈرىمىز.

ئىماننى ۋە ئىماننىڭ تەقەززالىرىنى ئىبادەت دائىرىسىدىن چىقىرىۋېتىپ، ئىبادەت پەقەت مەلۇم پائالىيەتلەر بىلەنلا چەكلىنىدۇ، شۇ پائالىيەتلەر بىلەنلا ئىبادەت تۈگەيدۇ، دەپ گۇمان قىلىش زامانىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا ئىسلامغا ھېچ توغرا كەلمەيدىغان ناھايىتى چوڭ خاتالىقلارنى پەيدا قىلدى. بۇ خاتالىقلار كىشىلىرىمىزنى زەئىپلەشتۈرۈپ، سەلدىكى كۆپۈكچىلەرگە ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارنى تۈۋى يوق ھاڭغا ئىتتىرىۋەتتى. ئۇلارنى بۇ ھاڭدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن چوقۇم ئىبادەت ھەققىدىكى بۇ خاتا چۈشەنچىلەرنى تۈزىتىش كېرەك.

خەلقنىڭ ھۆكۈمدارنى نازارەت قىلىشى، ھۆكۈمدارغا نەسىھەت قىلىپ،

ئۇنى ياخشىغا بۇيرۇپ، ياماندىن توسۇپ، اللەنىڭ شەرىئىتىنى ئىجرا قىلغۇزۇپ، ئىلاھىي ئادالەت بەرپا قىلىش قاتارلىق سىياسىي پائالىيەتلەر ئەسلىدە الله بۇيرۇغان ئىبادەتنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى. كېيىنچە بۇ ئىبادەت «ئىبادەت» ئۇقۇمى ئىچىدىن چىقىرىۋېتىلدى. بۇ ئىبادەت ئىجرا قىلىنىغان بولسا، پۈتۈن جەمئىيەت اللەنىڭ ئۆز بەندىلىرىگە ئىنئام قىلغان نېمىتىدىن بەھرىمەن بولغان بولاتتى: ﴿الْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ الْإِسْلَامَ دِينًا﴾ «بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم»[1].

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَطِيعُوا اللَّهَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ وَأُولِي الْأَمْرِ مِنْكُمْ فَإِنْ تَنَازَعْتُمْ فِي شَيْءٍ فَرُدُّوهُ إِلَى اللَّهِ وَالرَّسُولِ إِنْ كُنْتُمْ تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ ذَلِكَ خَيْرٌ وَأَحْسَنُ تَأْوِيلًا﴾ «ئى مۇئمىنلەر! اللەقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا اللەقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر اللەقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە (ھەقىقىي) ئىشىنىدىغان بولساڭلار، بۇ (يەنى اللەنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «**ما من نبي بعثه الله في أمة قبلي إلا كان له من أمته حواريون وأصحاب ، يأخذون بسنته ويقتدون بأمره . ثم إنها تخلف من بعدهم خلوف يقولون ما لا يفعلون ، ويفعلون ما لا يؤمرون . فمن جاهدهم بيده فهو مؤمن ، ومن جاهدهم بلسانه فهو مؤمن ، ومن جاهدهم بقلبه فهو مؤمن . وليس وراء ذلك من الإيمان حبة خردل**» «الله مەندىن بۇرۇن ئەۋەتكەن ھەرقانداق بىر

---

[1] سۈرە مائىدە، 3- ئايەت.

[2] سۈرە نىسا، 59- ئايەت.

پەيغەمبەرنىڭ ئۆز ئۈممىتى ئىچىدىن چىققان ھەقىقىي ئەگەشكۈچىلىرى بار ئىدى. ئۇلار ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشەتتى، بۇيرۇقىغا بويسۇناتتى. ئاندىن كېيىن ئىيغىزىدىكى سۆزى بىلەن ئەمەلىي ھەرىكىتى ئوخشىمايدىغان، بۇيرۇلمىغان ئىشلارنى ئىبادەت دەپ قىلىدىغان يامان ئىزباسارلار پەيدا بولدى. كىمكى شۇ يامان ئىزباسارلارغا قارشى قولى بىلەن جىھاد قىلسا، ئۇ مۇئمىندۇر؛ كىمكى تىلى بىلەن جىھاد قىلسا، ئۇ مۇئمىندۇر؛ كىمكى قەلبى بىلەن جىھاد قىلسا، ئۇ مۇئمىندۇر. بۇنىمۇ قىلمىغان ئادەمدە تېرىقنىڭ دانىسىچىلىك ئىمان بولمايدۇ»[1].

يۇقىرىقى ئايەتتە ئىسلامىي جەمئىيەتتە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ھوقۇقىنىڭ الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىدە ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. قۇرئان ۋە ھەدىستە دېيىلگەن ھەرقانداق ئەمر ۋە نەھيىلەرنى شەرتسىز ئىجرا قىلىپ، اللهقا ۋە پەيغەمبەرگە بويسۇنۇشقا بۇيرۇلدى، ئاندىن اللهنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ ھۆكمى بويىچە يول تۇتۇپ ماڭغان ئىش ئىگىلىرىگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇلدى. ھۆكۈمدار اللهنىڭ ھۆكمىگە قارشى ئىشقا بۇيرىسا، ئۇنىڭغا بويسۇنماسلىق تەلەپ قىلىندى. چۈنكى اللهقا ئاسىي بولىدىغان يەردە مەخلۇققا ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ. «**إنما الطاعة في المعروف**» «ھۆكۈمدارغا ئىتائەت قىلىش پەقەت ياخشى ئىشتىلا بولىدۇ»[2].

ئاندىن كېيىن بۇ ئايەت كەرىمىدە مۇسۇلمانلارنىڭ دەتالاشنى بىرتەرەپ قىلىشتا پەقەت اللهنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىگىلا مۇراجىئەت قىلىش كېرەكلىكى تەكىتلىنىپ، بۇنداق قىلىش بىۋاستە ئىمانغا باغلاندى. دېمەك، بۇ ئايەتتە ھوقۇق مەنبىيىنى بېكىتىشتىن ئىبارەت بىر چوڭ سىياسىي مەسىلە ئېتىقادقا باغلىنىدىغان چوڭ ئىبادەت دەپ چۈشەندۈرۈلدى.

---

[1] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

يۇقىرىقى ھەدىستە، اللەنىڭ ھۆكمىگە زىت ئىشلار يۈز بەرگەندە مۇسۇلمانلارنىڭ نېمە قىلىشى كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. اللەنىڭ ھۆكمىگە زىت قىلمىشلار يۈز بەرگەندە، قول بىلەن ياكى تىل بىلەن ياكى قەلب بىلەن جىھاد قىلىپ، اللەنىڭ ھۆكمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەلەپ قىلىندى. بۇ ئىش بىۋاسىتە ئىمانغا باغلاندى. اللەنىڭ ھۆكمىگە زىت قىلمىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا يۇقىرىقى ئۈچ خىل ئۇسۇلنىڭ ھېچقايسىسى بىلەن قارشى تۇرمىغان كىشىدە ئىمان بولمايدىغانلىقى ئەسكەرتىلدى. «بۇنىمۇ قىلمىغان ئادەمدە قىچىنىڭ دانىسىچىلىك ئىمان بولمايدۇ».

دېمەك، سىياسىي پائالىيەت ئىماننىڭ بىر تەركىۋى قىسمى، ئىبادەتنىڭ بىر تەركىۋى قىسمىدۇر. بۇنى ساھابىلەر شۇنداق چۈشەنگەن. مەسىلەن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە ئاۋام مۇسۇلمانلار ئۆمەرنىڭ دۆلەت باشقۇرۇش ئىشلىرىغا بىۋاسىتە ئارىلىشاتتى. ئۇلار بۇ ئارىلىشىشنى ئىبادەت دەپ تونۇيتتى.

لېكىن ئۇمەۋىيلەر دەۋرىدىن باشلانغان سىياسىي مۇستەبىتلىك ئىلاھىي تەكلىپلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا، سوپىلىققا ۋە مۇرجىئىلىككە قوشۇلۇپ، بۇ تۆت ئازغۇنلۇق بىرلىشىپ، ئىبادەتنى پەقەت مەلۇم پائالىيەتلەر بىلەنلا چەكلەپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەر مۇسۇلمانلىقنى شەخسىي ئىش دەپ قارايدىغان، سىياسىي پائالىيەتلەرنى ئىبادەت دەپ قارىمايدىغان بولۇۋالدى. ۋەھالەنكى، ساھابىلەر سىياسىي پائالىيەتلەرنى ئەڭ ئۇلۇغ ئىبادەت ھېسابلايتتى. ئۇلار بۇ ئىبادەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇندىغاچقا، اللەنىڭ ياخشى ئۇممەت دەپ تەرىپلىشىگە سازاۋەر بولغان ئىدى: ﴿كُنْتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ﴾ (ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان اللەقا ئىمان

ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۇممەتسىلەر﴾[1].

سىياسىي پائالىيەتلەر ئىبادەت دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىۋېدى، ئىسلامنىڭ بىر تۈتقىسى – ھاكىمىيەت تۈتقىسى بۇزۇلدى. ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەر اللهنىڭ شەرىئىتىدىن باشقا قانۇننى ئېتىراپ قىلمىغان بولغاچقا، بۇ تۈتقا تامامەن بۇزۇلمىغان بولسىمۇ، ئەمما اللهنىڭ ئادىل شەرىئىتىگە ھۆكۈمدارلارنىڭ ناھەق زۇلۇمى قوشۇلۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن شەرىئەت ھۆكمى الله پەرز قىلغاندەك، سەلەپلەر ئىجرا قىلغاندەك تولۇق ئىجرا بولمىدى. بىرقانچە ئەسىر شۇنداق ئۆتتى. ئەڭ ئاخىرى زامانىمىزغا كەلگەندە ئىسلام شەرىئىتى تەلتۆكۈس چەتكە قېقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنسان تۈزگەن قانۇنلار ئالماشتۇرۇلدى. شۇنداق قىلىپ، ئىسلامنىڭ بىرىنچى تۈتقىسى راست ئېيتقۇچى، سۆزى ئەمەلىيەتتە راستقا چىققۇچى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆۋەندىكى ھەدىستە بىشارەت بەرگەندەك تامامەن بۇزۇلدى: «**لتنقضن عرى هذا الدين عروة عروة ، فأولها نقضا الحكم ، وآخرها نقضا الصلاة**» «بۇ دىنىنىڭ تۈتقىلىرى بىر - بىرلەپ ئاجرايدۇ، ئەڭ ئاۋۋال ھاكىمىيەت تۈتقىسى ئاجرايدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا ناماز تۈتقىسى ئاجرايدۇ»[2].

ئىبادەت ئۇقۇمىنى خاتا چۈشىنىش پەقەت سىياسىي پائالىيەتلەرنى ئىبادەت دائىرىسىدىن چىقىرىۋېتىش بىلەنلا تۈگىگىنى يوق. بارا - بارا باشقا ئىبادەتلەرمۇ ئىمان ۋە ئىبادەت دائىرىسىدىن چىقىرىۋېتىلدى. بۇ دېگەنلىك ئىنسانلار ھېچقانداق ئىش قىلمايدىغان بولۇپ قالدى دېگەنلىك ئەمەس. ئىنسان بۇ دۇنيادا بىر ئىش قىلماي تۇرالمايدۇ. چۈنكى الله ئۇنى داۋاملىق جاپا تارتىشقا ياراتقان:

[1] سۈرە ئال ئىمران، 110- ئايەت.

[2] ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

﴿يَا أَيُّهَا الْإِنْسَانُ إِنَّكَ كَادِحٌ إِلَى رَبِّكَ كَدْحًا فَمُلَاقِيهِ﴾ ﴿ئى ئىنسان! سەن ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭغا مۇلاقات بولغىنىڭغا قەدەر جاپا تارتىپ ئۆتىسەن﴾[1].

شۇنداق، ئىنسان نېمە ئىش قىلسا ئاقىۋىتىگە ئۆزى ئىگە بولىدۇ. بۇ دۇنيالىقتا دائىر ئىشلار ئىبادەت دائىرىسىدىن چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن، كىشىلەر ئەمدى دىققىتىنى ئىبادەتتىن باشقا ياققا بۇرىدى. ئەمدى كىشىلەر ئولتۇرسا – قوپسا ئىبادەت قىلىشنى ئەمەس، پۇل تېپىشنى، باي بولۇشنى ياكى ھوقۇق تۇتۇشنى ياكى ھوزۇر - ھالاۋەت سۈرۈشنى... كۆزلەيدىغان بولدى. ئىنساننىڭ نەپسى بالالىرى ئىمان ۋە ئىبادەت قېلىپىدىن چىقىپ كەتتى. كىشىلەر ئەمدى ئىبادەت قىلغاندا دۇنيالىق ئىشتىن ۋاز كېچىدىغان، دۇنيالىق ئىش قىلغاندا ئىبادەتتىن ۋاز كېچىدىغان، ئىبادەت بىلەن دۇنيالىق ئىش بىر - بىرىگە زادى باغلانمايدىغان بولدى. ئارام ئېلىش ۋە كۆڭۈل ئېچىشمۇ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر ئىش بولۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا بىر - بىرىگە ئورۇن بوشىتىدىغان ئۈچ نەۋەتچى – ئىبادەت، دۇنيالىق ئىش، ئارام ئېلىش پەيدا بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز قولىدا تەربىيىلىگەن تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار ئىبادەتنى ھازىرقىلار چۈشەنگەندەك مۇنداق خاتا چۈشەنمەيتتى. بەلكى بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇلار ھاياتلىقتىكى ھەممە ئىشنى ئىبادەت دەپ چۈشىنەتتى. نامازنىمۇ ئىبادەت، دۇنيالىق ئىشنىمۇ ئىبادەت، ئارام ئېلىشنىمۇ ئىبادەت دەپ چۈشىنەتتى. ئىنسان ھاياتىدىكى ھېچقانداق بىر ئىش ئىنساننىڭ يارىتىلىشىدىكى بىردىنبىر غايە بولغان ئىبادەتنىڭ سىرتىدا قالمايتتى. ئۇلارنىڭ ھەممە پائالىيەتلىرى ئىبادەتنىڭ ئوخشىمىغان تۈرلىرى ئىدى.

[1] سۈرە ئىنشىقاق، 6- ئايەت.

نامازمۇ، ھەج پائالىيەتلىرىمۇ ئىبادەت ئىدى. سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، ئىدىيۋى، ئىلمىي... جەھەتلەردە سەئيى ئىجتىھاد قىلىپ، جاپا چېكىشمۇ ئوخشاشلا ئىبادەت ئىدى.

ئىبادەتتە مالال بولماسلىق، چارچىماسلىق ئۈچۈن ئارام ئېلىشمۇ ئىبادەت ئىدى.

ناماز بىلەن ھەجنىڭ ئىبادەت ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان، بۇ ھەقتە توختىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەمما سەئيى ئىجتىھاد قىلىشنىڭ ئىبادەتلىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز قولى بىلەن تەربىيىلىگەن ساھابىلەرگە تامامەن چۈشىنىشلىك ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ اللهنى ياد ئېتىپ، بۇ ئىشلارنى ئىبادەتكە ئايلاندۇرۇدىغانلىقىنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق.

بۇ دۇنيالىق ئىشلارنى قىلمەن دەپ جاپا تارتىش دائىملىق ئىبادەتتۇر. مۇسۇلمان كىشى بۇ ئىبادەتنى قىلىدۇ. بۇ ئىبادەتنى قىلمەن دەپ بىز ھازىر ئىبادەت دەپ تونۇۋاتقان ئىبادەت پائالىيەتلىرىدىن روھىي ئوزۇق ئالىدۇ. بۇ پائالىيەتلەر اللهقا ئىخلاس قىلىش، الله ئۈچۈن بارلىقىدىن ۋاز كېچىش، اللهتىن قورقۇش، ئەيمىنىش، سۆر بېسىش ئىچىدە ھەقىقىي رەۋىشتە ئادا قىلىنسا، باشقا ئىبادەتلەرگە ئوزۇق بولىدۇ.

دۇنيالىق ئىشنىڭ ئىبادەت ئىكەنلىكى ئۇنىڭدا اللهنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەش، الله نازىل قىلغان شەرىئەتكە رىئايە قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. دۇنيالىق ئىش بۇ ئىككى خىل خۇسۇسىيەتنى ئىپادە قىلالىسا، شۇ ھامان ئىبادەتكە ئايلىنىپ، بەندىنى اللهقا يېقىنلاشتۇرىدۇ، اللهنىڭ ساۋابىغا ئېرىشتۈرىدۇ.

ئارام ئېلىشنىڭمۇ ئىبادەت ئىكەنلىكى مەسىلىسىگە كەلسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەھلى ئاياللىرى بىلەن ئوينىشىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خۇرسەن قىلاتتى، ساھابىلەر بىلەن كەڭ - كۇشادە پاراڭلىشاتتى. باغلاردا

www.uyghurkitap.com



ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولاتتى، مەدىنە سىرتىغا چىقىپ، چىنىقىش ۋە چەۋەنىدازلىق مۇسابىقىلىرىگە ھازىر بولاتتى... ساھابىلەرنى گۇناھقا تارتمايدىغان، مەجبۇرىيەتلەرنى ئۇنتۇلدۇرمايدىغان كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈشكە چاقىراتتى. ئۇلار بۇ خىلدىكى پائالىيەتلەرنىڭ ھاردۇقنى ئېلىپ، ئىبادەتكە جانلاندۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئارام ئېلىش ئىبادەتكە ئايلىناتتى.

ساھابىلەر پۈتۈن ھاياتىنى ئەنە شۇنداق ئىبادەت ئىچىدە ئۆتكۈزەتتى. روھىي پائالىيەتلەر، ئەقلىي پائالىيەتلەر، جىسمانىي پائالىيەتلەردە اللهنىڭ رازىلىقى مەقسەت قىلىنسا، اللهنىڭ شەرىئىتىگە رىئايە قىلىنسا، ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. ئىنسان ئۆزىنىڭ تەبىئىي ئىستەكلىرى بىلەن زورۇقماي قىلغان پائالىيەتلىرىنى اللهنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەش ۋە شەرىئەتكە رىئايە قىلىش ئارقىلىق ئىبادەتكە ئايلاندۇرالايدۇ.

ئىبادەتنىڭ الله نازىل قىلغان توغرا ئۇقۇمى ئەنە شۇنداق كەڭ، چوڭقۇر ۋە ھەممىباپ: ﴿قُلْ إِنَّ صَلَاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله ئۈچۈندۇر﴾[1].

تۈنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار اللهنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىماتىغا ئاساسلىنىپ، ئىبادەتنى ئەنە شۇنداق كەڭ مەنىدە چۈشەنگەندە، بىر ئىشنى تاشلاپ يەنە بىر ئىشقا يۈتكىلىدىغان «كۆچۈش» مەۋجۇد بولمايتتى. ئىبادەت قىلغاندا باشقا ئىش قىلمايدىغان، باشقا ئىش قىلغاندا ئىبادەت قىلمايدىغان ئەھۋال مەۋجۇد بولمايتتى. بەلكى ھەرقانداق ئىش ئىبادەتنىڭ بىر تەركىۋى قىسمى ھېسابلىنىپ، ئۇلار

[1] سۈرە ئەنئام، 162- ئايەت.

ھەرقاچان ئىبادەت قىلىۋاتقان ھالىتىنى داۋاملاشتۇراتتى:

﴿الَّذِينَ يَذْكُرُونَ اللَّهَ قِيَامًا وَقُعُودًا وَعَلَى جُنُوبِهِمْ﴾ ﴿ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ اللهنى ياد ئېتىدۇ...﴾[1].

ئەنە شۇنداق دائىم ئىبادەت قىلىش ھالىتىنى ساقلاش ساھابىلەرگىلا خاس خۇسۇسىيەت ئەمەس، بەلكى ئۇ مۇسۇلمان بولغان ھەرقاچان كىشىدىن تەلەپ قىلىنىدۇ. ساھابىلەر باشقا مۇسۇلمانلاردىن ئىبادەت ئۇقۇمىنى توغراچۈشىنىش ۋە ئىبادەت قىلىش جەھەتتە ئەمەس، بەلكى ئىبادەتنى كۆپ قىلىش، ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىش جەھەتتە ئارتۇقتۇر.

ئۇلار بىز ھازىر ئىبادەت دەپ تونۇۋاتقان ئىشلارغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن اللهتىن ئەيمەنگەن ھالدا ئادا قىلاتتى. لېكىن ئۇلار ئىبادەتنىڭ ھەممىسى مۇشۇ دەپ تۇرۇۋالمايتتى. بۇ ئىبادەتلەرنى ئۇزۇق قىلىپ تۇرۇپ، باشقا پەرز ئىبادەتلەرنى ئورۇنلاشقا يۈرۈش قىلاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشى خۇددى ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلانغان كىشى ھەر ئۆتەڭگە كەلگەندە، كېيىنكى ئۆتەڭگە بارغۇچە يەتكۈدەك ئۇزۇق ئېلىۋېلىپ، يولنى داۋاملاشتۇرغانغا ئوخشايتتى.

ناماز بىر كېچە - كۈندۈزدە بەش قېتىم تەكرارلىنىدىغان كۈندىلىك ئۇزۇق ئىدى. روزا تولۇق بىر ئاي سۈمۈرىلىدىغان يىللىق ئۇزۇق ئىدى، زاكات كىشىنى بېخىللىقتىن پاكلايدىغان، پەسىللىك ئۇزۇق ئىدى، ھەج كىشىگە ھوزۇر - ھالاۋەتتىن ۋاز كېچىپ، اللهقا يۈزلىنىشنى ئۆگىتىدىغان ئۆمۈرلۈك ئۇزۇق ئىدى. ھەممىسى ھاياتلىق سەپىرىدىكى ئۇزۇق ئىدى... پۈتۈن ھاياتلىق سەپىرى ئىبادەت ئىدى.

ساھابىلەرنىڭ ھەربىر ئەمەلىي ھەرىكىتى، ھېس - تۇيغۇسى، خىياللىرى، ئۆمۈرنىڭ ھەربىر لەھزىسى ئىبادەتكە تەۋە ئىدى. بىز بۇ ھەقىقەتنى تېخىمۇ

[1] سۈرە ئال ئىمران، 191- ئايەت.

چوڭقۇر چۈشىنىش ئۈچۈن ساھابىلەرنىڭ ئەمەلىي ھەرىكەتلىرىدىن ئېلىنغان بىرقانچە نەمۇنىلەرنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئەئرابىيغا بىر ئۇلۇش غەنىيمەت تەقسىم قىلىپ بەردى. ئۇ:

_ «ما على هذا اتبعتك ! ولكني اتبعتك على أن أرمى إلى ها هنا – وأشار إلى حلقه – بسهم فأموت فأدخل الجنة فقال : إن تصدق الله يصدقك» «مەن غەنىيمەت ئالارمەن دەپ ساڭا ئەگەشكەن ئەمەسمەن، بۇ يېرىمگە ئوق يەپ، – دېدى بوينىنى ئىشارەت قىلىپ، _ جان بېرىپ، جەننەتكە كىرەرمەن دەپ ئەگەشكەنمەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

_ راست ئېيتقان بولساڭ، اللە سېنى مۇرادىڭغا يەتكۈزىدۇ»[1] _ دېدى.

ئۇ ئەئرابىي بىز ئىبادەت دەپ تونۇغان بىرەر پائالىيەتنى قىلمايۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇ ھەر بىر ئىبادەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقتى ئەمەسمۇ؟! ئۇ شۇ ۋاقىت، شۇ شارائىتقا مۇناسىپ كېلىدىغان بىر ئىبادەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇندىدى ئەمەسمۇ؟!

پات - پات ھوشسىزلىنىپ، ئېچىلىپ قالىدىغان بىر ئايال بار ئىدى. بۇ ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېسىلىگە اللەتىن شىپالىق تىلەپ دۇئا قىلىپ قويۇشىنى ئۆتۈندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

_ خالىساڭ سەۋر قىل، جەننەت سېنىڭ بولىدۇ، خالىساڭ اللەتىن شىپالىق تىلەپ دۇئا قىلىپ قوياي _ دېدى. ئۇ ئايال:

_ ئۇنداقتا، سەۋر قىلاي، ئەمما ھوشسىزلانسام ئېچىلىپ قالىمەن، ئېچىلىپ قالماسلىقىمغا دۇئا قىلىپ قويغىن _ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ قويدى.

---

[1] نەسائى رىۋايەت قىلغان.

ئۇ ئايال بىز ئىبادەت دەپ تونۇغان بىرەر پائالىيەتنى قىلمايۋاتقان بولۇپ، بۇ ئۆزىدە ئىبادەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقتى ئەمەسمۇ؟! ئۇ شۇ ۋاقىت، شۇ شارائىتقا مۇناسىپ كېلىدىغان بىر ئىبادەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇندىدى ئەمەسمۇ؟!

بىر كۈنى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنبەردە تۇرۇپ:

_ ئى ئىنسانلار، سۆزۈمنى ئاڭلاڭلار، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار! _ دېدى. سەلمان پارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا:

_ بىز بۈگۈن ساڭا ئىتائەت قىلمايمىز، سۆزۈڭنى ئاڭلىمايمىز، _ دېدى. ئۆمەر ئاچچىقلانماي تۇرۇپ:

_ نېمىشقا؟ _ دېدى. سەلمان:

_ ئۇچاڭدىكى توننىڭ نەدىن كەلگەنلىكى بىزگە ئايان بولغىچە بويسۇنمايمىز! _ دېدى. ئۆمەر ئاچچىقلانماي، ئوغلى ئابدۇللاھنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا:

_ خۇدا ھەققى راست ئېيتقىن، مېنىڭ ئۇچامدىكىسى سېنىڭ تونۇڭ ئەمەسمۇ؟ - دېدى. ئابدۇللاھ:

_ شۇنداق، مېنىڭ تونۇم، - دېدى. سەلمان: _ ئەمدى بۇيرىغىن، ئاڭلايمىز ۋە ئىتائەت قىلىمىز _ دېدى.

مانا بۇ ئىككى ساھابە بىز ئىبادەت دەپ تونۇۋاتقان ھېچبىر ئىشنى قىلمىغان بولەن، ئەمما ھەر ئىككىلىسى ئىبادەت قىلىۋاتاتتى. سەلمان ئىلاھىي ئادالەتنىڭ توغرا بەرپا قىلىنىشى ئۈچۈن ھۆكۈمدارنى نازارەت قىلىۋاتاتتى، ئۆمەرمۇ ئىبادەت قىلىش روھىي بىلەن بىر يۇقىرانىڭ ئالدىدا بىر مېتىر رەختنىڭ ھېسابىنى بېرىۋاتاتتى.

بىر كەمبەغەل ساھابە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇر كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كەمبەغەللىكتىن شىكايەت قىلىپ، بايلىققا ئېرىشمەكچى بولدى. ئايالى ئۇنىڭغا:

_ ئاللاھتىن داتلاپ، پەيغەمبەرنىڭ قېشىغا بارامسەن؟ _ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ ساھابە سەۋر قىلىپ توختاپ قالدى.

بۇ ئىككىسىنىڭ قىلغىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى ئىبادەت ئەمەسمۇ؟!

بىر ساھابە جەڭگە چىقتى، ئۇنىڭ قولىدا بىرقانچە تال خورما بار ئىدى، جەننەتنىڭ پۇرىقى ئۇنى ئالدىراتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ، خورمىنى يەپ بولغىچە ساقلاپ تۇرماي، قولىدىكى خورمىنى تاشلاپ جەڭگە ئاتلاندى ۋە مۇنداق دېدى: «بۇ خورمىنى يەپ بولغۇچە ياشىسام، ئۇزۇن ياشىغان بولىدىكەنمەن!»

بۇ ساھابىنىڭ قىلغىنىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى ئىبادەت دېمىسەك، نېمە دەيمىز؟!

ساھابىلەر ئاللاھقا ئەنە شۇنداق ئىبادەت قىلاتتى...

ناماز ئوقۇپ، ھەج قىلىپ... ئىبادەت قىلاتتى.

دۇنيالىققا ئىشلەپمۇ ئىبادەت قىلاتتى.

كۆڭۈلنى روشەنلەشتۈرىدىغان پاكىز ھالدا ئارام ئېلىش بىلەنمۇ ئىبادەت قىلاتتى.

پەقەت مەلۇم بىرقانچە پائالىيەتنىلا ئىبادەتنىڭ ھەممىسى مۇشۇ دەۋېلىپ، دۇنيالىق ئىشلار ۋە ئارام ئېلىشلارنى ئىبادەت دائىرىسىدىن چىقىرىۋېتىش بىلەن ھەممە ئىشنى ئىبادەت دەپ تونۇشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بار. روھىي پاكلىق جەھەتتە، مەسلەك پاكلىقى جەھەتتە پەرق بار. قولغا كېلىدىغان نەتىجە جەھەتتە پەرق بار.

پاكلىق جەھەتتە پەرق بار دېيىشىمىز شۇنىڭ ئۈچۈنكى، دۇنيالىق ئىشنى

ئىبادەت دەپ تونۇغاندا، ئۇنىڭغا قارىچىلىق، خىيانەتچىلىك، يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، كىشى ھەققىنى يەۋېلىش، زومىگەرلىك، ھارام يېيىش ئارىلاشمايدۇ. ئارام ئېلىشنى ئىبادەت دەپ تونۇغاندا، ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىدەك پەس ئويۇن - تاماشالار چىرايلىق كۆرسىتىلمەيدۇ. پەسكەشلىك قىلىنمايدۇ، رەزىللىك قىلىنمايدۇ، ئادىمىيلىك دەپسەندە قىلىنمايدۇ.

نەتىجە جەھەتتە پەرق بار دېيىشىمىز شۇنىڭ ئۈچۈنكى، زامانىمىزدا بەزى كىشىلەر ياۋروپانىڭ ھازىر قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ نەتىجە دەپ ئويلايدۇ. ۋەھالەنكى، ياۋروپالىقلارنىڭ قىلغانلىرى دىنغا تامامەن يات، ئىبادەتتىن تولىمۇ يىراق ئىشلاردۇر.

بۇ يەردە بىر بۆلۈك ھەقىقەتلەرنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىگە سېلىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ:

ھازىرقى زاماندىكى ماددىي ھازارەت ھاياتلىقنىڭ بەزى تەرەپلىرىدە ناھايىتى چوڭ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئەڭ گەۋدىلىك نەتىجە ئىلىم - پەننىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىدە، تېخنولوگىيە تەرەققىياتىنىڭ ئىلىم - پەندىن پايدىلىنىپ، ئىنسانلار تۇرمۇشىغا نۇرغۇن قولايلىقلارنى ئېلىپ كەلگەنلىكىدە، تەشكىلىي تۈزۈملەرنىڭ مۇكەممەللىشىپ، ۋاقىتنىڭ تېجەلگەنلىكىدە، ئىنسانلارنىڭ بەزىبىر ھوقۇق ۋە كاپالەتلىرىنىڭ ئىشقا ئاشقانلىقىدا بولۇۋاتىدۇ.

لېكىن بۇ ماددىي ھازارەتنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى ئىنسانلارغا يورۇقلۇق ئېلىپ كېلىشتىن ياكى ئىنسانىي ئۇلۇغلۇق بېغىشلاشتىن تولىمۇ يىراقتا تۇرماقتا. چۈنكى بۇ ھازارەتتە سىياسىي زۇلۇم، ئىقتىسادىي زۇلۇم، ئىجتىمائىي زۇلۇم، جاھانگىرلىك، ئىززەت - ھۆرمەتنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى، ماددىي ۋە مەنىۋى بۇلغىنىش، ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈك، روھىي چېكىنىش بار بولۇپ، ئىنسانلار الله ئىنسانغا ئاتا قىلغان ئىنسانىي

مەرتىۋىدىن ۋە ئىنساني ھۆرمەتتىن مەھرۇم بولماقتا، اللهتىن باشقا ھەممە نەرسىگە خار - زەبۇنلارچە قۇل بولماقتا!

مانا بۇ ھازىرقى زاماندىكى ياۋروپا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجە بىلەن ئىسلام توغرا ئىجرا قىلىنغاندا مۇسۇلمانلار قولغا كەلتۈرگەن نەتىجە ئوتتۇرىسىدىكى پەرق.

ياۋروپانىڭ ھازىرقى ھەزارىتى بۈرۈنقى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەزارىتىگە ئوخشىمايدۇ، يېقىنمۇ كەلمەيدۇ. گەرچە بەزى كىشىلەر بۇ ئىككى ھازارەتنى بەزى جەھەتتە ئايرىيالماي قېلىۋاتقان بولسىمۇ.

بۈرۈنقى مۇسۇلمانلارنىڭ قىلغانلىرى پەقەت كېڭەيمىچىلىك، ئىشغالىيەت، بېسىۋېلىش، ئىگەللىۋېلىشلا ئەمەس ئىدى، نوقۇل ئىلمىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش ياكى ھازارەت بەرپا قىلىش ياكى ماددىي گۈللىنىشلا ئەمەس ئىدى... الله بۇ ئىشلارنى كاپىرلارغىمۇ، مۇئمىنلەرگىمۇ نېسىپ قىلدۇ:

﴿كُلًّا نُمِدُّ هَؤُلَاءِ وَهَؤُلَاءِ مِنْ عَطَاءِ رَبِّكَ وَمَا كَانَ عَطَاءُ رَبِّكَ مَحْظُورًا﴾ ﴿بۇلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىگە پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاتا قىلغىنىدىن بېرىمىز. پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاتا قىلغىنى (ھېچ ئادەمدىن) مەنئى قىلىنمايدۇ﴾[1].

تارىختىكى جاھىلىيەتلەرنىڭمۇ مەزكۇر ئۇتۇقلاردىن ئۆزىگە يارىشا نېسىۋىسى بولغان ئىدى:

﴿أَوَلَمْ يَسِيرُوا فِي الْأَرْضِ فَيَنْظُرُوا كَيْفَ كَانَ عَاقِبَةُ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ كَانُوا أَشَدَّ مِنْهُمْ قُوَّةً وَأَثَارُوا الْأَرْضَ وَعَمَرُوهَا أَكْثَرَ مِمَّا عَمَرُوهَا وَجَاءَتْهُمْ رُسُلُهُمْ بِالْبَيِّنَاتِ فَمَا كَانَ اللَّهُ لِيَظْلِمَهُمْ وَلَكِنْ كَانُوا أَنْفُسَهُمْ يَظْلِمُونَ ثُمَّ كَانَ عَاقِبَةَ الَّذِينَ أَسَاءُوا السُّوأَى أَنْ كَذَّبُوا بِآيَاتِ اللَّهِ وَكَانُوا بِهَا يَسْتَهْزِئُونَ﴾ ﴿ئۇلار يەر يۈزىدە كېزىپ ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى

[1] سۈرە ئىسرا، 20- ئايەت.

ئۆتكەنلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟ ئۇلار (يەنى ئۆتكەنلەر) قۇۋۋەتتە بۇلاردىن كۈچلۈك ئىدى. ئۇلار زىرائەت تېرىشتا، ئىمارەت سېلىشتا بۇلار (يەنى قۇرەيشلەر)دىن ئۈستۈن ئىدى. ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلار مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلدى. اللە ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدى (يەنى اللەئۇلارنى گۇناھسىز ھالاك قىلغىنى يوق)، (لېكىن ئۇلار ئۆزلىرى) كۇفرى ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلدى. (شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھالاك بولۇشقا تېگىشلىك بولدى). ئاندىن يامان ئىش قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتى ئەڭ يامان بولدۇ، چۈنكى ئۇلار اللەنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە مەسخىرە قىلغان كىشىلەردۇر﴾[1].

﴿فَلَمَّا جَاءَتْهُمْ رُسُلُهُمْ بِالْبَيِّنَاتِ فَرِحُوا بِمَا عِنْدَهُمْ مِنَ الْعِلْمِ وَحَاقَ بِهِمْ مَا كَانُوا بِهِ يَسْتَهْزِئُونَ﴾ ﴿ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن كەلگەندە، ئۆزلىرىدە بار ئىلىم بىلەن پەخىرلىنىپ (پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى ۋە مەسخىرە قىلدى)، ئۇلارغا ئۆزلىرى مەسخىرە قىلغان (ۋە كەلسە دەپ ئالدىرىغان) ئازاب نازىل بولدى﴾[2].

ئىسلامىي ئۈممەت زېمىننى ئاۋات قىلىپ، ھازارەت بەرپا قىلدى. تارىختا ھېچقانداق بىر مىللەتتە ئىشقا ئاشمىغان قىممەت قاراش ۋە ئىدىيئاللىقلارنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قۇدرەت تاپتى.

خالىسىڭىز ئىسلامنىڭ پەتھى قىلىش ھەرىكىتى بىلەن جاھانگىرلىكنى، مۇسۇلمانلار ئىجرا قىلغان ئىلاھىي ئادالەت بىلەن ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىنىڭ جەنۇبى ئافرىقا ۋە ئامېرىكىدىكى ئاق تەنلىكلەر بىلەن قارا تەنلىكلەر ئوتتۇرىسىدا، پەلەستىن، ھەبەشىستان، ئېرترىيە، چاد، فىلىپپىن،

[1] سۈرە رۇم، 9- ۋە 10-ئايەتلەر.

[2] سۈرە غافىر، 83- ئايەت.

www.uyghurkitap.com

كوممونزم دۇنياسى ياكى مۇسۇلمانلار غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان باشقا رايونلاردا مۇسۇلمانلار بىلەن خرىستىئان ۋە يەھۇدىي قىساسچىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىجرا قىلىۋاتقان ئاتالمىش ئىبادالىتىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھدى - ۋەدىلىرىگە ۋاپا قىلغانلىقى بىلەن ھازىرقى دۆلەتلەرنىڭ پۇرسەت تاپسىلا ئەھدىنامىلىرىنى بۇزغانلىقىنى؛ ئىسلامىي ھەرىكەتنىڭ ساپ ياخشىلىق ئۈچۈنلا ئېلىپ بېرىلغانلىقى بىلەن ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىدىكى ئىلىم - پەننىڭ كىشىلەرنى اللهقا ئەقىدە قىلىشتىن ئازدۇرۇشقا ئىشلىتىلىۋاتقانلىقى، ياۋۇزلارچە ۋەيران قىلىشقا ئىشلىتىلىۋاتقانلىقى، ئەخلاقنى بۇزۇشقا ئىشلىتىلىۋاتقانلىقىنى؛ ئىسلامىي ھازارەتنىڭ ئىنسانغا ماددىي ۋە مەنىۋى ھەممە تەرەپتىن ئەھمىيەت بەرگەنلىكى بىلەن ھازىرقى ھازارەتنىڭ ماددىي تەرەپكە زىيادە ئەھمىيەت بېرىپ مەنىۋى تەرەپكە سەل قارىغانلىقىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ.

مانا بۇ، ھاياتلىق پائالىيەتلىرىنى اللهقا ئىبادەت قىلىش تۇيغۇسى ئىچىدە ئېلىپ بېرىش بىلەن، ئاشكارا ياكى ئاشكارىسىز ھالدا ھەر خىل شەكىلدە شەيتانغا ئىبادەت قىلىش تۇيغۇسى ئىچىدە ئېلىپ بېرىش ئوتتۇرىسىدىكى پەرقتۇر.

ئىسلامىي ئۇممەت ھەرقانداق ئىشنى ئىبادەت تۇيغۇسى بىلەن قىلغان زامانلاردا يۇقىرى پەللىگە يەتكەن ئىدى. ئىشلار ئىبادەت ئۇقۇمىدىن تەدرىجىي چىقىپ كېتىۋىدى، ئىسلامىي ئۇممەت يۇقىرى پەللىدىن ئۈزلۈكسىز تۆۋەنلىدى.

ئىبادەت ئۇقۇمى بىز ھازىر ئىبادەت دەپ تونۇۋاتقان بىرقانچە پائالىيەتكىلا چەكلەنگەندە، دۇنيالىق ئىشلار ئىبادەت دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىپلا توختىمىدى. ئەڭ يامان بولغىنى ئەخلاقنىڭ ئىبادەت دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىشى بولدى.

دىنىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ بىر ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭ ئەخلاقىي قائىدىلىرىنىڭ كەڭ دائىرىلىك بولغانلىقىدا، ئىنسان پائالىيىتىنىڭ ھەممە تەرىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىدا.

ئىنسانىي ھاياتتا ئىنسانلارنىڭ ھېچقانداق بىر ئىشى، نە ئۇنىڭ مەسىلىكى، تەپەككۇرى، ھېس - تۇيغۇلىرى، سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ياكى سەنئەت... پائالىيەتلىرى ئەخلاق دائىرىسىنىڭ سىرتىدا قالمايدۇ. بەلكى ئىنساننىڭ ھەممە پائالىيىتى ئەخلاققا باغلىنىدۇ، الله ئۆز بەندىلىرىدىن اللهقا ئىبادەت قىلىش تۇغرىسىدا روزى - مىساقتا ئالغان ئەھدىسىدىن كېيىن چىققان ئەخلاقىي قائىدىلەر ئۈستىگە تۇرىدۇ:

﴿أَفَمَنْ يَعْلَمُ أَنَّمَا أُنْزِلَ إِلَيْكَ مِنْ رَبِّكَ الْحَقُّ كَمَنْ هُوَ أَعْمَى إِنَّمَا يَتَذَكَّرُ أُولُو الْأَلْبَابِ الَّذِينَ يُوفُونَ بِعَهْدِ اللَّهِ وَلَا يَنْقُضُونَ الْمِيثَاقَ وَالَّذِينَ يَصِلُونَ مَا أَمَرَ اللَّهُ بِهِ أَنْ يُوصَلَ وَيَخْشَوْنَ رَبَّهُمْ وَيَخَافُونَ سُوءَ الْحِسَابِ وَالَّذِينَ صَبَرُوا ابْتِغَاءَ وَجْهِ رَبِّهِمْ وَأَقَامُوا الصَّلَاةَ وَأَنْفَقُوا مِمَّا رَزَقْنَاهُمْ سِرًّا وَعَلَانِيَةً وَيَدْرَءُونَ بِالْحَسَنَةِ السَّيِّئَةَ أُولَئِكَ لَهُمْ عُقْبَى الدَّارِ﴾

﴿(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان نەرسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەم (ھەقنى كۆرمەيدىغان دىلى) كور ئادەم بىلەن ئوخشاش بولامدۇ؟ (اللهنىڭ ئايەتلىرىدىن) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا پەند - نەسىھەت ئالىدۇ. ئۇلار اللهنىڭ ئەھدىگە (يەنى الله تاپشۇرغان ئىشلارغا) ۋاپا قىلىدۇ، بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزمايدۇ. ئۇلار اللهنىڭ (خىش - ئەقرىبالارغا) سىلە - رەھىم قىلىشتىن ئىبارەت ئەمرىنى بەجا كەلتۈرىدۇ، اللهتىن قورقىدۇ، قاتتىق ھېساب ئېلىنىشىدىن قورقىدۇ. پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ (يەتكەن كۈلپەتلەرگە) سەۋر قىلغانلار، (پەرز) نامازنى ئادا قىلغانلار، بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن مال - مۈلكتىن (الله يولىدا) يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا سەرپ قىلغانلار ۋە ياخشىلىقى ئارقىلىق يامانلىقنى دەپئى قىلىدىغانلار (يەنى بىلمەستىن يامان ئىش قىلىپ قالسا، ئارقىدىن ياخشى ئىش قىلىدىغانلار، يامانلىق قىلغۇچىلارغا كەڭ قورساق

بولۇپ، ياخشى مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلار) ـ ئەنە شۇلارنىڭ ئاخىرەتلىكى ياخشى بولىدۇ﴾[1].

بۇ ئايەتتە دېيىلگەن ئەھدە، الله ئىنسان نەسلىدىن روزى ـ مىساقتا ئالغان ئەھدە بولۇشى ياكى ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتىدىن بىرلا اللهقا ئىبادەت قىلىش توغرىسىدا ئۆز پەيغەمبىرى ئارقىلىق ئايرىم ـ ئايرىم ئالغان ئەھدە بولۇشى مۇمكىن.

﴿وَإِذْ أَخَذَ رَبُّكَ مِنْ بَنِي آدَمَ مِنْ ظُهُورِهِمْ ذُرِّيَّتَهُمْ وَأَشْهَدَهُمْ عَلَى أَنْفُسِهِمْ أَلَسْتُ بِرَبِّكُمْ قَالُوا بَلَى شَهِدْنَا﴾ ﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ ئادەم باللىرىنى (يەنى نەسلىنى) ئۇلارنىڭ (ئاتىلىرىنىڭ) پۇشتىدىن چىقاردى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ: "مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟" دېدى (يەنى الله ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىگە ۋە بىرلىكىگە ئادەم باللىرىنى ئىقرار قىلدۇردى، ئۇلار ئىقرار قىلىپ بۇنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى). ئۇلار: "ھەئە، سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇرسەن، گۇۋاھلىق بەردۇق" دېدى﴾[2].

﴿وَلَقَدْ بَعَثْنَا فِي كُلِّ أُمَّةٍ رَسُولًا أَنِ اعْبُدُوا اللَّهَ وَاجْتَنِبُوا الطَّاغُوتَ﴾ ﴿بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۈممەتكە: اللهقا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەر قانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار، دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق﴾[3].

لېكىن بىزگە مۇھىم بولۇۋاتقىنى يۇقىرىقى ئايەتتە ئەھدىنىڭ بەزى تەپسىلاتىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىدۇر. بۇ ئەھدە ئاساسلىقى ئەخلاقىي ئىشلاردىن ئىبارەت. گەرچە ئېتىقادى، روھىي ئىشلارمۇ بار بولسىمۇ:

[1] سۈرە رەئد، 19- ئايەتتىن 22- ئايەتكىچە.
[2] سۈرە ئەئراف، 172- ئايەت.
[3] سۈرە نەھل، 36- ئايەت.

﴿وَالَّذِينَ يَصِلُونَ مَا أَمَرَ اللَّهُ بِهِ أَنْ يُوصَلَ وَيَخْشَوْنَ رَبَّهُمْ وَيَخَافُونَ سُوءَ الْحِسَابِ وَالَّذِينَ صَبَرُوا ابْتِغَاءَ وَجْهِ رَبِّهِمْ وَأَقَامُوا الصَّلَاةَ وَأَنْفَقُوا مِمَّا رَزَقْنَاهُمْ سِرًّا وَعَلَانِيَةً وَيَدْرَءُونَ بِالْحَسَنَةِ السَّيِّئَةَ﴾ ﴿ئۇلار اللەنىڭ (خىش - ئەقربالارغا) سىلە - رەھىم قىلىشتىن ئىبارەت ئەمرىنى بەجا كەلتۈرىدۇ، اللەتىن قورقىدۇ، قاتتىق ھېساب ئېلىنىشىدىن قورقىدۇ. پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ (يەتكەن كۈلپەتلەرگە) سەۋر قىلغانلار، (پەرز) نامازنى ئادا قىلغانلار، بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن مال - مۈلكتىن (الله يولىدا) يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا سەرپ قىلغانلار ۋە ياخشىلىقى ئارقىلىق يامانلىقنى دەپئى قىلىدىغانلار (يەنى بىلمەستىن يامان ئىش قىلىپ قالسا، ئارقىدىن ياخشى ئىش قىلىدىغانلار، يامانلىق قىلغۇچىلارغا كەڭ قورساق بولۇپ، ياخشى مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلار)...﴾[1].

بىز بۇنىڭدىن ئىسلامدىكى ئەخلاقنىڭ اللەقا ئىبادەت قىلىش ئىكەنلىكىنى، يەنى كەلىمە شاھادەتنىڭ تەقەززاسى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

بىز يەنە بۇ ئايەتلەردىن ۋە باشقا ئايەتلەردىن ئىسلامدىكى ئەخلاقىي قائىدىلەرنىڭ ئىنسانىنىڭ اللەقا بەرگەن ئەھدىسىدىن پەيدا بولغانلىقىنى، ئەخلاق دائىرىسىنىڭ ئىنسانىي پائالىيەتنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان دائىرىدە كەڭ ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز:

﴿وَعِبَادُ الرَّحْمَنِ الَّذِينَ يَمْشُونَ عَلَى الْأَرْضِ هَوْنًا وَإِذَا خَاطَبَهُمُ الْجَاهِلُونَ قَالُوا سَلَامًا وَالَّذِينَ يَبِيتُونَ لِرَبِّهِمْ سُجَّدًا وَقِيَامًا وَالَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا اصْرِفْ عَنَّا عَذَابَ جَهَنَّمَ إِنَّ عَذَابَهَا كَانَ غَرَامًا إِنَّهَا سَاءَتْ مُسْتَقَرًّا وَمُقَامًا وَالَّذِينَ إِذَا أَنْفَقُوا لَمْ يُسْرِفُوا وَلَمْ يَقْتُرُوا وَكَانَ بَيْنَ ذَلِكَ قَوَامًاوَالَّذِينَ لَا يَدْعُونَ مَعَ اللَّهِ إِلَهًا آخَرَ وَلَا يَقْتُلُونَ النَّفْسَ الَّتِي حَرَّمَ اللَّهُ إِلَّا بِالْحَقِّ وَلَا يَزْنُونَ وَمَنْ يَفْعَلْ ذَلِكَ يَلْقَ أَثَامًا يُضَاعَفْ لَهُ الْعَذَابُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَيَخْلُدْ فِيهِ مُهَانًا إِلَّا

[1] سۈرە رەئد، 21- ۋە 22- ئايەتلەر.

www.uyghurkitap.com

مَنْ تَابَ وَآمَنَ وَعَمِلَ عَمَلًا صَالِحًا فَأُولَئِكَ يُبَدِّلُ اللَّهُ سَيِّئَاتِهِمْ حَسَنَاتٍ وَكَانَ اللَّهُ غَفُورًا رَحِيمًا وَمَنْ تَابَ وَعَمِلَ صَالِحًا فَإِنَّهُ يَتُوبُ إِلَى اللَّهِ وَالَّذِينَ لَا يَشْهَدُونَ الزُّورَ وَإِذَا مَرُّوا بِاللَّغْوِ مَرُّوا كِرَامًا وَالَّذِينَ إِذَا ذُكِّرُوا بِآيَاتِ رَبِّهِمْ لَمْ يَخِرُّوا عَلَيْهَا صُمًّا وَعُمْيَانًا وَالَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا هَبْ لَنَا مِنْ أَزْوَاجِنَا وَذُرِّيَّاتِنَا قُرَّةَ أَعْيُنٍ وَاجْعَلْنَا لِلْمُتَّقِينَ إِمَامًا أُولَئِكَ يُجْزَوْنَ الْغُرْفَةَ بِمَا صَبَرُوا وَيُلَقَّوْنَ فِيهَا تَحِيَّةً وَسَلَامًا خَالِدِينَ فِيهَا حَسُنَتْ مُسْتَقَرًّا وَمُقَامًا﴾

﴿(مەرھەمەتلىك اللەنىڭ ياخشى كۆرىدىغان) بەندىلىرى زېمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ، نادانلار ئۇلارغا (ياقتۇرمايدىغان) سۆز قىلسا، ئۇلار: «سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز» دەيدۇ (يەنى گۇناھ بولمايدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ). ئۇلار كېچىلەرنى پەرۋەردىگارىغا سەجدە قىلىش ۋە قىيامدا تۇرۇش بىلەن (يەنى ناماز ئوقۇش بىلەن) ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلار (يەنى الله ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) ئېيتىدۇ: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن جەھەننەم ئازابىنى دەپئى قىلغىن، جەھەننەمنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن (سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭدىن) ئايرىلمايدۇ. جەھەننەم ھەقىقەتەن يامان قارارگاھتۇر، يامان جايدۇر». ئۇلار (يەنى الله ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇراھال خىراجەت قىلىدۇ. ئۇلار اللهقا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، الله ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ، (كىمكى بۇ گۇناھلارنى قىلىدىكەن، ئاخىرەتتە) ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ئازاب قىلىنىدۇ، ئۇ مەڭگۈ ئازاب ئىچىدە خارلانغان ھالدا قالىدۇ. پەقەت (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن) بۇ (دۇنيادىكى چېغىدا) تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارلا بۇ ھالدا قالمايدۇ، الله ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرىدۇ، الله تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر. كىمكى گۇناھلىرىغا) تەۋبە قىلىدىكەن ۋە ئەمەلىنى تۈزەيدىكەن، ئۇ اللهقا يۈزلەنگەن بولىدۇ (يەنى الله ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭدىن رازى بولىدۇ). ئۇلار (يەنى الله ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) يالغان گۇۋاھلىق

بەرمەيدۇ، يامان سۆزنى ئاڭلاپ قالغان چاغدا ئالىيجانابلىق بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇلارغا پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرى بىلەن ۋەز - نەسىھەت قىلىنسا، گاس، كور بولۇۋالمايدۇ (يەنى ئۇنى بېرىلىپ ئىخلاس بىلەن ئاڭلايدۇ). ئۇلار: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلاتلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىشىڭنى (يەنى بىزگە ساڭا ئىتائەتمەن پەرزەنت ئاتا قىلىشىڭنى) تىلەيمىز، بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشىۋاسى (يەنى تەقۋادارلارنىڭ نەمۇنىسى، ياخشىلىقتا دەۋەت قىلغۇچى) قىلغىن» دەيدۇ. ئەنە شۇلار سەۋرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن جەننەت بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ، ئۇلار جەننەتتە (پەرىشتىلەر تەرىپىدىن قىلىنغان) دۇئا ۋە سالام بىلەن قارشى ئېلىنىدۇ. ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ، جەننەت نېمىدېگەن گۈزەل قارارگاھ! نېمىدېگەن گۈزەل جاي!﴾[1]

﴿قَدْ أَفْلَحَ الْمُؤْمِنُونَ الَّذِينَ هُمْ فِي صَلَاتِهِمْ خَاشِعُونَ وَالَّذِينَ هُمْ عَنِ اللَّغْوِ مُعْرِضُونَ وَالَّذِينَ هُمْ لِلزَّكَاةِ فَاعِلُونَ وَالَّذِينَ هُمْ لِفُرُوجِهِمْ حَافِظُونَ إِلَّا عَلَى أَزْوَاجِهِمْ أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُهُمْ فَإِنَّهُمْ غَيْرُ مَلُومِينَ فَمَنِ ابْتَغَى وَرَاءَ ذَلِكَ فَأُولَئِكَ هُمُ الْعَادُونَ وَالَّذِينَ هُمْ لِأَمَانَاتِهِمْ وَعَهْدِهِمْ رَاعُونَ وَالَّذِينَ هُمْ عَلَى صَلَوَاتِهِمْ يُحَافِظُونَ أُولَئِكَ هُمُ الْوَارِثُونَ الَّذِينَ يَرِثُونَ الْفِرْدَوْسَ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ﴾ ﴿مۆئمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى. (شۇنداق مۆئمىنلەركى) ئۇلار نامازلىرىدا (ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن سۈر بېسىپ كەتكەنلىكتىن) ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر. ئۇلار بىھۇدە سۆز، بىھۇدە ئىشتىن يىراق بولغۇچىلاردۇر. ئۇلار زاكات بەرگۈچىلەردۇر. ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى (ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر. (يەنى ئەۋرەتلىرىنى) پەقەت خوتۇنلىرىدىن، چۆرىلىرىدىن باشقىلاردىن ساقلىغۇچىلاردۇر. (بۇلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغۇچىلار مالامەت قىلىنمايدۇ). بۇنىڭ سىرتىدىن (جىنسىي تەلەپنى قاندۇرۇشنى) تەلەپ قىلغۇچىلار ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر. ئۇلار (يەنى مۆئمىنلەر) ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىگە رىئايە

[1] سۈرە فۇرقان، 63- ئايەتتىن 76- ئايەتكىچە.

قىلغۇچىلاردۇر. ئۇلار نامازلىرىنى (ۋاقتىدا تەئدىل ئەركانى بىلەن) ئادا قىلغۇچىلاردۇر. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە مۇئمىنلەر نازۇنېمەتلىك جەننەتنىڭ) ۋارىسلىرىدۇر. ئۇلار (يۇقىرى دەرىجىلىك جەننەت) فىردەۋسكە ۋارىسلىق قىلىدۇ، فىردەۋستە مەڭگۈ قالىدۇ﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىمۇ ئەخلاق ئىمانغا ناھايىتى چىڭ باغلانغان:

**«من كان يؤمن بالله واليوم الآخر فليحسن إلى جاره، ومن كان يؤمن بالله واليوم الآخر فليكرم ضيفه ، ومن كان يؤمن بالله واليوم الآخر فليقل خيرا أو ليسكت»** «كىمكى اللهقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن بولسا، قوشنىسىغا ياخشىلىق قىلسۇن؛ كىمكى اللهقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن بولسا، مېھمانىنى ھۆرمەت قىلسۇن؛ كىمكى اللهقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن بولسا، ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى سۈكۈت قىلسۇن!»[2]

**«ما آمن بي من بات شبعان وجاره جوعان وهو يعلم»** «قوشنىسىنىڭ ئاچ قالغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قورسىقىنى توقلاپ بىخارامان ئۇخلىغان ئادەم ماڭا ئىمان كەلتۈرگەن ئادەم ئەمەس»[3].

**«والذي نفسي بيده ، لا يؤمن أحدكم حتى يحب لأخيه ما يحب لنفسه»** «جېنىم ئىلكىدە بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزىگە ياخشى كۆرگەن نەرسىنى قېرىندىشىغا ياخشى كۆرمىگىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ»[4].

**«الإيمان بضع وسبعون ( أو بضع وستون ) شعبة فأفضلها قول لا إله إلا الله ، وأدناها**

---

[1] سۈرە مۇئمىنۇن، 1- ئايەتتىن 11- ئايەتكىچە.

[2] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[3] تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.

[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**إماطة الأذى عن الطريق . والحياء شعبة من الإيمان»** «ئىمـان يەتمــش نەچـچە شاختۇر، ئۇنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى اللهتىن باشقا مەئبۇد بەرھەق يـوق دېمەكتـۇر، ئەڭ تۆۋىنى يولدىكى پۇتلىشىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىشتۇر، ھايا ئىمانىنىڭ چوڭ بىر شېخىدۇر»[1].

**«أربع من كن فيه كان منافقا خالصا ، ومن كان فيه خلة منهن كان فيه خلة من النفاق حتى يدعها : إذا حدّث كذب ، وإذا عاهد غدر ، وإذا وعد أخلف ، وإذا خاصم فجر»** «بىركىمدە تۆۋەندىكى تۆت ئىللەت بولسا، ساپ مۇناپىق بولىدۇ. بىركىمدە بۇ تۆت ئىللەتنىڭ بىـرى بولسـا، ئۇنىڭـدا مۇناپىقلىقنىــڭ بىـر ئىللىتـى بولغـان بولىدۇ. ئۇ سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ، ئەھـدە قىلسـا ئالدايـدۇ، ۋەدە قىلسـا خىلاپلىق قىلىدۇ، ئۇرۇشۇپ قالسا سەت گەپ قىلىدۇ»[2].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ ئەخلاقـى توغرىسىدا سورالغاندا، ئۇ: **«كان خلقه القرآن»**

_ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى قۇرئاننىڭ ئۆز ئەينى ئىـدى»[3] - دەپ جاۋاب بەرگەن.

سۇفيان ئىبنى ئابدۇللاھ سەقەفىي مۇنداق دەيدۇ:

**قلت يا رسول الله قل لي في الإسلام قولا لا أسأل عنه أحدا بعدك ؟ ( أو قال غيرك ) قال : «قل آمنت بالله ثم استقم»**_ ئـى اللهنىــڭ پەيغەمبــرى، ماڭـا ئىســلام توغرىسىدا سەندىن كېيىن باشقا ھېچ ئادەمدىن سوراشقا ھاجەت قالمىغدەك بىر سۆز ئېيتىپ بەرگىن، - دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

_ اللهقا ئىمان ئېيتتىم، دېگىن، ئاندىن شۇ سۆزۈڭدە راۋۇرۇس تۇرغىن! —

---

[1] بۇخار ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] بۇخار ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[3] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.uyghurkitap.com

دېدى»[1].

بۇ ھەدىسلەردىن شۇ ئايدىڭلىشىدۇكى، ئەخلاق دىنىمىزنىڭ بىر تەركىۋى قىسمى، ئىماننىڭ بىۋاستە تەقەززاسى بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئەخلاققا رىئايە قىلىشنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلغانلىق دەپ تونۇيتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا ۋە تونۇشىدا ئەخلاق قوشۇمچە ئىش ئەمەس ئىدى، ئاللاھقا قىلىنىدىغان ئىبادەتنىڭ سىرتىدىكى نەرسىمۇ ئەمەس ئىدى.

لېكىن ئىبادەت ئۇقۇمى تارىيىپ، ھازىر بىز ئىبادەت دەپ تونۇۋاتقان بىرقانچە پائالىيەتكىلا چەكلىنىپ قېلىۋىدى، ئەخلاق تەدرىجى ئىبادەت قاتارىدىن چىقىرىۋېتىلدى. بۇنىڭ نەتىجىسى قانداق بولدى؟

بۇنىڭ نەتىجىسى شۇنداق بولدىكى، ئىسلام دۇنياسىدا مەسجىدتە ناماز ئوقۇپ تۇرۇپ، (مەسجىدكە بېرىشقا ئادەتلەنگەن تۇرۇپ) يالغان ئېيتىدىغان ئادەملەر كۆپلەپ پەيدا بولدى. ۋەھالەنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:«**أيكون المؤمن جبانا قال : نعم . ثم سئل : أيكون المؤمن كذابا قال : لا**» «مۇئمىن قورقۇنچاق بولامدۇ؟ دەپ سورالغاندا، ئۇ: ھەئە، دەپ جاۋاب بەرگەن. ئاندىن كېيىن: مۇئمىن يالغانچى بولامدۇ؟ دەپ سورالغاندا، ئۇ: ياق! دەپ جاۋاب بەرگەن»[2].

مەسجىدتە ناماز ئوقۇپ تۇرۇپ مۇسۇلمانلارنى قارا قويىدىغان ئادەملەر كۆپلەپ پەيدا بولدى. ۋەھالەنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «**من غشنا فليس منا**» «بىزنى قارا قويغان كىشى بىزنىڭ جۈملىمىزدىن ئەمەس»[3] دېگەن.

---

[1] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] مالىك «مۇۋەتتە»دە رىۋايەت قىلغان.

[3] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

نامازدىن چىقىپلا ئامانەتكە خىيانەت قىلىدىغان ياكى ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىدىغان ئادەملەر كۆپلەپ پەيدا بولىدى. ۋەھالەنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتى دېگەن ئىدى.

ئەخلاق الله ھىدايەت قىلغان كىشىلەردىن باشقىلارغا ئېغىر كېلىدىغان بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ ئىبادەت قىلىپىدىن چىقىپ كېتىشى ھەيران قالارلىق ئەمەس. ھەيران قالارلىقى شۇكى، مۇشۇ چىقىپ كېتىش كىشىلەرنىڭ تونۇشىدا ئىبادەتكە باغلىنالمىدى. ئىبادەت دېگەن مەلۇم بىرقانچە پائالىيەت، شۇنى قىلغان ئادەم الله تەلەپ قىلغان ئىبادەتنى تولۇق قىلغان بولىدۇ... توغرا، ئەخلاقسىزلىق بىر ئەيىب، نەسىھەت قىلغۇچىلار خۇتبىلىرىدە ئەخلاق توغرىسىدا سۆزلەۋاتىدۇ، لېكىن ئۇلار ئەخلاقنى ئىبادەت دائىرىسىگە كىرگۈزمەيۋاتىدۇ. دېمەك، ئىبادەت مەلۇم پائالىيەتلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىۋاتىدۇ.

ھازىرقى زامان جاھىلىيىتى سىياسىي ئىشلاردا كاززاپلىق قىلىشنى، مۇئامىلىدە ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىۋاتىدۇ، ئامانەتنى ئادا قىلىۋاتىدۇ، قارا قويماۋاتىدۇ، خىيانەت قىلمايۋاتىدۇ... ۋەھالەنكى ئىسلامىي ئۇممەت يالغانچىلىقىقا، قارىچىلىققا، خىيانەتچىلىككە، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىشقا... بېشىچە چۆكۈپ كېتىۋاتىدۇ. الله رەھمەت قىلغانلار بۇنىڭ سىرتىدا. بۇنداق قىلىش مۇسۇلمانلارغا نومۇس ئەمەسمۇ؟!

بىزنىڭچە، ياۋروپالىقلار ھەقىقىي ئەخلاقلىق مىللەت ئەمەس. ئۇلارنىڭ كۈندىلىك مۇئامىلىلىرىدىكى ئەخلاقلار مەنپەئەتپەرەسلىكتىن پەيدا بولغان ئەخلاق بولۇپ، دۇنيالىق مەنپەئەت كۆرۈنسىلا نىشان قىلىدۇ. ياۋروپالىقلار كېيىنكى ئىككى ئەسىردە، بولۇپمۇ ئاخىرقى ئەسىردە ياۋروپانىڭ كۈچىنى كونترول قىلىۋالغان چېچەن يەھۇدىي سودىگەرلىرىدىن خېرىدارغا دوستانە، راستچىل مۇئامىلە قىلىش، خېرىدارنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ قارىچىلىق، يالغانچىلىق، ۋەدىسىگە تۇرماسلىققا قارىغاندا كۆپ پايدا ئېلىپ

كېلىدىغانلىقىنى بىلىۋالىدى... شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزىنى ئاشۇ مەنپەئەتپەرەسلىك ئەخلاقى بويىچە چېنىقتۇردى. ئەۋلادلىرىنىمۇ شۇ بويىچە قاتتىق تەربىيىلىدى، بۇ ھەقتە مۇنتىزىم دەرس ئۆتتۈپ، كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئەمەلىيەتتە كىشىلەرگە ياققىدەك تاشقى قىياپەت پەيدا قىلدى.

ئۇلار بۇ مەنپەئەتپەرەسلىك ئەخلاقىنى «مەدەنىي قىممەت قاراش» دەپ قارايدۇ.

بىز بۇنىڭدىن تولىمۇ شەكلىنىمىز. چۈنكى غەربنى كونترول قىلىۋاتقان كاپىتالىزم ئىمكانقەدەر كۆپرەك پايدىغا ئېرىشىش ئۈچۈن كۆپ خىل قارىچىلىق، ئالدامچىلىق ۋە يالغانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. ۋاستە تالالماي پايدا ئېلىش كاپىتالىزمنىڭ بىرىنچى نىشانى، راستچىللىق، ئىشەنچ ۋە باشقا پەزىلەتلەر ئۇلارنىڭ نىشانى ئەمەس. كاپىتالىزمنىڭ تۈۋرۈكى بولغان چېچەن يەھۇدىي سودىگەرلىرى بۇ پەزىلەتلەرنى ئىمكانقەدەر كۆپرەك پايدىغا ئېرىشىش ئۈچۈن قوللىنىدۇ. بۇ پەزىلەتلەر پايدا بېرەلمىگىدەك بولسا، ياۋروپالىقلار ناھايىتى ئاسانلا ئەخلاقتىن ۋاز كېچەلەيدۇ. مەسىلەن، ئۇلار سىياسىي ئىشلاردا، مۇستەملىكىچىلىكتە، خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە، ئاق تەنلىكلەر بىلەن قارا تەنلىكلەرنىڭ مۇئامىلىلىرىدە... دائىم شۇنداق قىلىدۇ.

ئەمما ئەخلاقىي قىممەت قاراش، ھەقىقىي رەۋىشتىكى مۇسۇلماندارچىلىقنىڭ تۈپ نېگىزىدۇر. چۈنكى ئىسلامىي ئەخلاقنىڭ نىشانى ماددىي جەھەتتە پايدا ئېلىش ئەمەس، ئىسلامىي ئەخلاق ماددىي پايدىنى ئاساس قىلىپ ۋۇجۇدقا كەلگەن ئەمەس. ئىسلامىي ئەخلاقنىڭ نىشانى اللهقا بەرگەن، اللهقا ئىبادەت قىلىش ئۈستىگە قۇرۇلغان ئەھدىگە ۋاپا قىلىشتۇر. ئىسلامدىكى ئەخلاق يىلتىزلىق مەدەنىي قىممەت قاراشتۇر. چۈنكى ئىسلامىي ئەخلاق ئىنسانپەرۋەرلىك تۈسىگە ئىگە بولۇپ، ئىرق ۋە ئىقلىم چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. ئىسلامىي ئەخلاق مۇئمىن ئىنساندىن

www.uyghurkitap.com

سادىر بولۇپ، يەنە بىر ئىنسانغا قارىتىلىدۇ.

ئىسلامىي ئۈممەت ھەقىقىي ئىمان كەلتۈرگەن، ھەقىقىي ئىبادەت قىلغان، ئەخلاقىي مۇسۇلمانلارغا پەرز قىلىنغان ئىبادەت دەپ تونۇغان زاماندا، تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن نۇرغۇن مۆجىزىلەر روياپقا چىقتى.

يېرىم ئەسىرگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە شەرقىي ھىندىستاندىن باشلانغان ئىسلام فۇتۇھاتلىرى غەربىي ئوكيانغىچە كېڭەيدى. بۇ، تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ھەيران قالارلىق تېز سۈرئەتتۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ قولغا كەلتۈرگىنى پەقەت زېمىن فەتھى قىلىشلا ئەمەس. مۇسۇلمانلار يېرىم ئارالدىن كېڭەيمىچىلىك قىلىش مەقستى بىلەن چىققان ئەمەس. ئۇلارنىڭ نىشانى رەبىئە ئىبنى ئامىر پارىسلارنىڭ ھەربىي قوماندانىغا دېگەندەك ئىدى: «الله بىزنى ئۆزى خالىغان كىشىلەرنى بەندىلەرگە قۇل بولۇشتىن بىرلا اللهقا ئىبادەت قىلىشقا، دۇنيانىڭ زۇلۇملىرىدىن ۋە تارچىلىقلىرىدىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ كەڭرىلىكىگە چىقىرىشقا ئەۋەتتى».

بۇ قېتىملىق فەتھىدە مۇسۇلمانلار قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ چوڭ نەتىجە شۇكى، ناھايىتى كۆپ كىشىلەر اللهنىڭ نۇرى بىلەن ھىدايەت تېپىپ، اللهنىڭ دىنىغا كىردى. بۇ، فەتھى قىلغۇچىلارنىڭ ھەيۋىسىدىن قورققانلىقتىن ياكى فەتھى قىلغۇچىلارنىڭ زورلىشىدىن بولمىدى. فەتھى قىلغۇچىلار كىشىلەرنىڭ جېنى ۋە ئېتىقادىغا چېقىلمىدى. كىشىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرمىگەنلەرگە بەرگەن ئامانلىقنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. فەتھى قىلغۇچىلارنىڭ ئەخلاقى، كىشىلەرنىڭ بۇ دىننى قوبۇل قىلىشىدىكى ئەڭ چوڭ سەۋەبلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇرۇنمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى كۆپ كىشىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا سەۋەب بولغان ئىدى. الله رەسۇلۇللاھنىڭ ئەخلاقىغا گۇۋاھلىق بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنَّكَ لَعَلَى خُلُقٍ

**عَظِيمٍ﴾** ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاقتا ئىگىسەن﴾[1].

**﴿فَبِمَا رَحْمَةٍ مِنَ اللَّهِ لِنْتَ لَهُمْ وَلَوْ كُنْتَ فَظًّا غَلِيظَ الْقَلْبِ لَانْفَضُّوا مِنْ حَوْلِكَ﴾**

﴿اللهنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ؛ ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى﴾[2].

فەتىھ ھەيران قالارلىق تېز سۈرئەتتە ئېلىپ بېرىلدى، نەچچە ئون مىليون ئادەم فەتىھ قىلغۇچىلارنىڭ دىنىغا ئۆز ئىختىيارلىق ۋە رازىلىقى بىلەن كىردى ۋە ئۆزى يېڭى قوبۇل قىلغان دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن جىھادقا ئاتلاندى... مۆجىزە بۇنىڭدىنلا ئىبارەت ئەمەس.

بۇرۇنمۇ ۋە كېيىنمۇ تەكرارلىنىپ باقمىغان يەنە بىر مۆجىزىلىك كۆرۈنۈش ۋۇجۇدقا چىقتى. ئۇ بولسىمۇ، نەچچە ئون مىليون كىشىنىڭ، ھەتتا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلماي ئۆز ئېتىقادىنى ساقلاپ قالغانلارنىڭ ئەرەب تىلىنى قوبۇل قىلغانلىقىدۇر. مىسىر، شام ۋە ئۇنىڭدىن باشقا فەتھى قىلىنغان ئەللەرنىڭ ناسارالىرى ئۆزىنىڭ تىلىنى ئۇنتۇپ، ئۆز دىنىنىڭ ئىبادەت پائالىيەتلىرىنىمۇ ئەرەب تىلىدا ئادا قىلدى.

ئاسىيا ۋە ئافرىقىنىڭ كەڭ كەتكەن رايونلىرىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر تىجارەت قىلغىلى كەلگەن مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا ئىمان ئېيتتى. بۇ تىجارەتچىلەر مەخسۇس دىن دەۋەت قىلغىلى كەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىسلامىي ئەخلاقى كىشىلەرنى ئۇلارغا ۋە ئۇلارنى ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيىلىگەن دىنغا مۇھەببەت باغلاتقۇزدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار بۇ دىنغا كىردى. بۇنىڭغا ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقسىزلىقى كىشىلەرنى اللهنىڭ يولىغا مېڭىشتىن توسۇۋاتقانلىقى روشەن سېلىشتۇرما.

پۈتۈن ياۋروپا ۋە ھەتتا ئامېرىكا الله تۆۋەندىكى ئايەتتە (اللهنىڭ زىكرىدىن

[1] سۈرە قەلەم، 4- ئايەت.

[2] سۈرە ئال ئىمران، 159- ئايەت.

يۈز ئۆرۈگەنلەرنى) ئاگاھلاندۇرغان خاتىرجەمسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالدى: ﴿وَمَنْ أَعْرَضَ عَنْ ذِكْرِي فَإِنَّ لَهُ مَعِيشَةً ضَنْكًا وَنَحْشُرُهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ أَعْمَى﴾ ﴿كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى تار (يەنى خاتىرجەمسىز) بولىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇنى بىز كور قوپۇرىمىز﴾[1].

ماددىي، ئىلمىي، تېخنىكا، ئىقتىسادىي جەھەتتە راسا گۈللەنگەنلەرمۇ، بەلكى «ھاللىق جەمئىيەت» بولۇشتىن ھالقىپ، «پاراۋان جەمئىيەت» دەرىجىسىگە يەتكەنلەرمۇ خاتىرجەمسىزلىك ئاسارەتلىرىدىن قۇتۇلالمىدى. بۇلاردىكى روھىي خاتىرجەمسىزلىك تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە يەتتى. بىئاراملىق، ساراڭلىق، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش، روھىي كېسەللىك، نېرۋا كېسەللىك، ھاراقكەشلىك، زەھەرلىك چېكىم، تىت - تىتلىق، جىنايەتكە بېرىلىش، يالغۇزلۇق، پىترەتنىڭ بۇزۇلۇشى... مانا بۇلار روھىي بىسەرەمجانلىقنىڭ ئىپادىلىرىدۇر.

ئۇ جايدىكى كىشىلەر قۇتۇلۇش يولى ئىزدىمەكتە، بەزىلىرى بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلماقتا، بەزىلىرى كارشىنا (چۈشىنىكسىز يېزىق بىلەن يېزىلغان قولىيازما) غا چوقۇنماقتا، يەنە بەزىلىرى نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تىمىسقىلاپ يۈرمەكتە.

بىردىنبىر قۇتۇلۇش يولى ئىسلام. اللّٰه ئۇنى كىشىلەرنى قاراڭغۇلۇقتىن نۇرغا چىقىرىش ئۈچۈن نازىل قىلغان.

غەربتە ھەرىيلى نەچچە يۈز كىشى ئىسلام دىنىغا كىرمەكتە.

ناۋادا كۆپلىگەن توسقۇلار، جۈملىدىن خرىستىئانلىق توسىقى، ياۋروپا چېركاۋلىرىنىڭ دىن نامىدا ۋەھشىيلىك قىلغانلىقىدىن پەيدا بولغان دىندىن نەپرەتلىنىش توسىقى، مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى قاتارلىق توسقۇلار ياۋروپالىقلارنى ئىسلامدىن توسمىسا ئىدى، يۈزلەپ مۇسۇلمان

[1] سۈرە تاھا، 124- ئايەت.

بولۇۋاتقانلارنىڭ مىڭلاپ، مىليونلاپ مۇسۇلمان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

ناھايىتى كۆپ غەربلىكلەر مۇسۇلمان دەۋەتچىلەرنىڭ ئىسلام توغرىسىدىكى سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئېغىزى بىلەن ياكى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن مۇنداق دەۋاتىدۇ: «ئىسلام سىلەر ئوتتۇرىغا قويغاندەك مۇشۇنداق گۈزەل سۈرەتتە بولسا، نېمىشقا سىلەر بۇنداق ھالدا قالدىڭلار؟! نېمىشقا سىلەر كاززاپ، قويمىچى، ئالدامچى، ۋەدىسىدە تۇرمىغۇچى، مۇئامىلىدە دۇرۇس ئىش قىلمىغۇچى بولۇپ قالدىڭلار؟! نېمىشقا ئۆزئارا كېلىشەلمەيسىلەر، بىر - بىرىڭلارنى دۈشمەن تۇتۇپ ئۆچ كۆرىسىلەر؟!»

مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ئىسلامىي دەۋەتكە ئەنە شۇنداق توسقۇن بولماقتا. نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان مىليونلىغان كىشىلەرنى قۇتۇلۇش يولىدىن توسماقتا. كۆپلىگەن كىشىلەر بۇ خەتەرلىك ئىشقا دىققەت قىلماي يۈرمەكتە، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپلا مۇرىسىنى قىسىپ ئۆز يولىغا راۋان بولماقتا. شۈبھىسىزكى، بۇنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ تونۇشىدا ئەخلاقنىڭ ئىمان ۋە ئىبادەتنىڭ سىرتىدا قالغانلىقىدا.

ھېلىمۇ ئېسىمدە، دەۋەتكە ناھايىتى كۆپ كۈچ چىقارغان بىر دەۋەتچى (الله ئۇنىڭغا كۆپ مۇكاپات بەرسۇن) بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيە ماقالىسى توغرىسىدا مۇنازىرە قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئەخلاقنىڭ ئىمان بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟! بىزنىڭ ئۆگەنگىنىمىزدە ئىمان - ئېتىقاد ئىلاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئىلاھىي كىتابلارغا ئىشىنىش خالاس. ئۇنىڭدىن باشقا ئەمەس. سەن بۇ ماقالىدە ئىمان بىلەن ئەخلاقنى بىر - بىرىگە باغلاپسەن، بۇنى نەدىن تېپىۋالدىڭ؟!»

ئەخلاق ئىمان ۋە ئىبادەت دائىرىسىدىن چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۇ بىر قوشۇمچە ئىش، بولسا تېخى ياخشى، بولمىسىمۇ كارى چاغلىق. كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزدىن چىقىرىش بىلەن ئىمان بار بولىدى، ئىبادەت مەلۇم

بىرقانچە خىل پائالىيەت بىلەنلا ئادا تاپتى. ئەخلاق دېگەن نەپلە ئەمەل، نەزەردىن ساقىت قىلىنىۋەتسەكمۇ ھېچقىسى يوق دەپ قارالدى. توغرا، بىز ئەخلاقنى چورتلا تاشلىۋەتمىدۇق، ھەپتىلىك، پەسىللىك، يىللىق ۋەز - نەسىھەتلەردە ئەخلاق توغرىسىدا سۆزلەپ تۇرۇۋاتىمىز. بۇ سۆزلىرىمىزنىڭ ھاۋاغا ئۇچۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمىز. شۇنداقتىمۇ كىشىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىنى تەمە قىلىپ دائىم نەسىھەت قىلىپ تۇرۇۋاتىمىز.

ئەخلاق بىتچىت بولغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىستە ئۇچۇق كۆرسەتكەن قانچىلىك ئىمان شاخلىرى سۇندى - ھە!

كېيىنكى ئەۋلاد مۇسۇلمانلاردا ئىبادەت ئۇقۇمى تارىيىپ، مەلۇم بىرقانچە خىل پائالىيەتكىلا چەكلىنىپ قالدى. كۈندىلىك ئەمەلىي پائالىيەتلەر، جۈملىدىن سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر ئىبادەت دائىرىسىدىن چىقىرىۋېتىلدى. ئىمانىي ئەخلاقلارمۇ ئىبادەت دائىرىسىدىن چىقىرىۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن، گۇناھ - مەئسىيەتلەر كۆپەيدى. گۇناھكارلار ئاۋۇدى. جەمئىيەت تۇراقسىزلاشتى. ئازغۇنلۇق ۋە زۇلۇم ــ ستەملەر كۆپەيدى. جەمئىيەت كۆپ قېتىم ئېغىر چېكىنىش ۋە ئىزتىراپلارغا دۇچ كەلدى.

ئىبادەت ئۇقۇمىنى خاتا چۈشىنىش بۇنىڭلىق بىلەنلا ئاخىرلاشقىنى يوق. بەلكى ئىبادەت ئۇقۇمىنى خاتا چۈشىنىش دەرىجىسى ئۆزلۈكسىز چوڭقۇرلىماقتا.

بۇ ۋاقىتقىچە ئىبادەتنىڭ دائىرىسى تارىيىپ، پەقەت بىرقانچە پائالىيەت بىلەنلا چەكلىنىپ كەلگەن بولسا، مانا ئەمدىلىكتە بۇ خاتا چۈشىنىش يەنە بىرقانچە دەرىجە چوڭقۇرلىدى.

بۇنىڭ بىرىنچى ئىپادىسى شۇكى، مەلۇم بىرقانچە خىل ئىبادەت پائالىيەتلىرى پەقەت شۇ ئىشنى قىلىش ئۈچۈنلا، ئۇنى قىلىشتا باشقا مەقسەت يوقتەكلا، شۇنى قىلسا ئىنساندىن تەلەپ قىلىنغان ئىبادەت

پۈتۈنلەي ئادا تاپىدىغاندەكلا، يەنى ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ئىبادەت قىلىدىغان ئەھۋال شەكىللەندى.

شۈبھىسىزكى، قۇرئان ۋە ھەدىسنى بىلگەن تونجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ئىبادەت قىلمايتتى. قۇرئان ۋە ھەدىس ھەربىر خىل ئىبادەت پائالىيىتىگە مەخسۇس روھىي ۋە ئەمەلىي غايىلەرنى بەلگىلىگەن بولۇپ، ئىبادەت ئارقىلىق شۇ غايىگە يېتىش كۆزدە تۇتۇلاتتى. شۇنداق قىلىپ مەلۇم بىرقانچە خىل ئىبادەت پائالىيىتى ئىنساننىڭ ئەمەلىي ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە ئەكس ئېتەتتى.

اللە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَأَقِمِ الصَّلَاةَ إِنَّ الصَّلَاةَ تَنْهَى عَنِ الْفَحْشَاءِ وَالْمُنْكَرِ**﴾ ﴿نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ﴾[1].

﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِنْ قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ**﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى﴾[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «**من لم يدع قول الزور والعمل به فلا حاجة لله بتركه طعامه وشرابه**» «روزا تۇتقۇچى يالغان سۆزلەرنى ۋە گۇناھلىق قىلمىشلارنى تەرك ئەتمىسە، ئۇنىڭ يېمەك - ئىچمەكنى تەرك ئەتكىنىگە اللەنىڭ ئېھتىياجى يوق»[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: «**رب صائم ليس له من**

---

[1] سۈرە ئەنكەبۇت، 45- ئايەت.

[2] سۈرە بەقەرە، 183- ئايەت.

[3] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.



www.uyghurkitap.com

صيامه إلا الجوع والعطش» «بەزى روزا تۇتقۇچىلار تۇتقان روزىسىدىن ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن باشقا نېسىۋىگە ئېرىشەلمەيدۇ»[1].

﴿خُذْ مِنْ أَمْوَالِهِمْ صَدَقَةً تُطَهِّرُهُمْ وَتُزَكِّيهِمْ بِهَا﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن﴾[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «أيها الناس إن الله طيب لا يقبل إلا طيبا ، وإن الله أمر المؤمنين بما أمر به المرسلين ، فقال : ﴿يَا أَيُّهَا الرُّسُلُ كُلُوا مِنَ الطَّيِّبَاتِ وَاعْمَلُوا صَالِحًا إِنِّي بِمَا تَعْمَلُونَ عَلِيمٌ﴾ وقال : ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُلُوا مِنْ طَيِّبَاتِ مَا رَزَقْنَاكُمْ﴾ ثم ذكر الرجل يطيل السفر أشعث أغبر يمد يديه إلى السماء : يا رب ! يا رب ! ومطعمه حرام ، ومشربه حرام ، وملبسه حرام ، وغذي بالحرام . فأنّى يستجاب لذلك ؟!» «ئى ئىنسانلار الله پاكتۇر، ئۇ پەقەت پاك نەرسىلەرنىلا قوبۇل قىلىدۇ، الله مۇئمىنلەرنىمۇ پەيغەمبەرلەرنى بۇيرۇغان ئىشقا بۇيرىدى: ﴿ئى پەيغەمبەرلەر! ھالال نەرسىلەرنى يەڭلار، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى ئوبدان بىلىمەن. ئى مۇئمىنلەر! بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار﴾. بەزى ئادەملەر چاچ - توزانلارغا مىلىنىپ ئۇزۇن سەپەرلەرنى قىلىپ، ئى رەببىم، ئى رەببىم دەپ قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرىدۇ. ئۇنىڭ يېگىنى ھارام، ئىچكىنى ھارام، كىيگىنى ھارام تۇرسا، دۇئاسى قاندىقمۇ ئىجابەت بولسۇن؟!»[3].

﴿الْحَجُّ أَشْهُرٌ مَعْلُومَاتٌ فَمَنْ فَرَضَ فِيهِنَّ الْحَجَّ فَلَا رَفَثَ وَلَا فُسُوقَ وَلَا جِدَالَ فِي

---

[1] ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

[2] سۇرە تەۋبە، 103- ئايەت.

[3] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.uyghurkitap.com

**الْحَجِّ وَمَا تَفْعَلُوا مِنْ خَيْرٍ يَعْلَمْهُ اللَّهُ وَتَزَوَّدُوا فَإِنَّ خَيْرَ الزَّادِ التَّقْوَى وَاتَّقُونِ يَا أُولِي الْأَلْبَابِ﴾** ﴿ھەج ۋاقتى مەلۇم بىرقانچە ئايدۇر (يەنى شەۋۋال، زۇلقەئدە ئايلىرى ۋە زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئون كۈنىدۇر). بۇ ئايلاردا ھەج قىلىشنى نىيەت قىلغان (يەنى ئېھرام باغلىغان) ئادەمنىڭ جىنسىي ئالاقە قىلىشى، گۇناھ قىلىشى ۋە جاڭجال قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ، سىلەر قانداقلىكى ياخشى ئەمەلنى قىلساڭلار، اللە ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ (ئاخىرەتلىككىڭلار ئۈچۈن) زاد - راھىلە ئېلىۋېلىڭلار، ئەڭ ياخشى زاد - راھىلە تەقۋادارلىقتۇر. ئى ئەقىل ئىگىلىرى! ماڭا تەقۋادارلىق قىلىڭلار﴾[1].

**﴿لِيَشْهَدُوا مَنَافِعَ لَهُمْ وَيَذْكُرُوا اسْمَ اللَّهِ فِي أَيَّامٍ مَعْلُومَاتٍ عَلَى مَا رَزَقَهُمْ مِنْ بَهِيمَةِ الْأَنْعَامِ فَكُلُوا مِنْهَا وَأَطْعِمُوا الْبَائِسَ الْفَقِيرَ ثُمَّ لْيَقْضُوا تَفَثَهُمْ وَلْيُوفُوا نُذُورَهُمْ وَلْيَطَّوَّفُوا بِالْبَيْتِ الْعَتِيقِ ذَلِكَ وَمَنْ يُعَظِّمْ حُرُمَاتِ اللَّهِ فَهُوَ خَيْرٌ لَهُ عِنْدَ رَبِّهِ وَأُحِلَّتْ لَكُمُ الْأَنْعَامُ إِلَّا مَا يُتْلَى عَلَيْكُمْ فَاجْتَنِبُوا الرِّجْسَ مِنَ الْأَوْثَانِ وَاجْتَنِبُوا قَوْلَ الزُّورِ حُنَفَاءَ لِلَّهِ غَيْرَ مُشْرِكِينَ بِهِ وَمَنْ يُشْرِكْ بِاللَّهِ فَكَأَنَّمَا خَرَّ مِنَ السَّمَاءِ فَتَخْطَفُهُ الطَّيْرُ أَوْ تَهْوِي بِهِ الرِّيحُ فِي مَكَانٍ سَحِيقٍ ذَلِكَ وَمَنْ يُعَظِّمْ شَعَائِرَ اللَّهِ فَإِنَّهَا مِنْ تَقْوَى الْقُلُوبِ لَكُمْ فِيهَا مَنَافِعُ إِلَى أَجَلٍ مُسَمًّى ثُمَّ مَحِلُّهَا إِلَى الْبَيْتِ الْعَتِيقِ وَلِكُلِّ أُمَّةٍ جَعَلْنَا مَنْسَكًا لِيَذْكُرُوا اسْمَ اللَّهِ عَلَى مَا رَزَقَهُمْ مِنْ بَهِيمَةِ الْأَنْعَامِ فَإِلَهُكُمْ إِلَهٌ وَاحِدٌ فَلَهُ أَسْلِمُوا وَبَشِّرِ الْمُخْبِتِينَ الَّذِينَ إِذَا ذُكِرَ اللَّهُ وَجِلَتْ قُلُوبُهُمْ وَالصَّابِرِينَ عَلَى مَا أَصَابَهُمْ وَالْمُقِيمِي الصَّلَاةِ وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنْفِقُونَ وَالْبُدْنَ جَعَلْنَاهَا لَكُمْ مِنْ شَعَائِرِ اللَّهِ لَكُمْ فِيهَا خَيْرٌ فَاذْكُرُوا اسْمَ اللَّهِ عَلَيْهَا صَوَافَّ فَإِذَا وَجَبَتْ جُنُوبُهَا فَكُلُوا مِنْهَا وَأَطْعِمُوا الْقَانِعَ وَالْمُعْتَرَّ كَذَلِكَ سَخَّرْنَاهَا لَكُمْ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ لَنْ يَنَالَ اللَّهَ لُحُومُهَا وَلَا دِمَاؤُهَا وَلَكِنْ يَنَالُهُ التَّقْوَى مِنْكُمْ كَذَلِكَ سَخَّرَهَا لَكُمْ لِتُكَبِّرُوا اللَّهَ عَلَى مَا هَدَاكُمْ وَبَشِّرِ الْمُحْسِنِينَ﴾** ﴿كىشىلەر ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان (دىنىي ۋە دۇنياۋى) مەنپەئەتلەرنى كۆرسۇن، بەلگىلەنگەن كۈنلەردە (يەنى قۇربانلىق كۈنلىرىدە)

---

[1] سۈرە بەقەرە، 197- ئايەت.

الله ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن چارۋا ماللارنى (يەنى تۆگە، قوي، ئۆچكىلەرنى اللهنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن) اللهنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ قۇربانلىق قىلسۇن. سىلەر قۇربانلىقلارنىڭ گۆشىدىن يەڭلار، موھتاجغا، پېقىرغا بېرىڭلار. ئاندىن ئۇلار كىرلىرىنى تازىلىسۇن (يەنى ئېھرامدىن چىققاندىن كېيىن چاچلىرىنى، تىرناقلىرىنى ئالسۇن)، ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىبادەتلىرىنى ئادا قىلسۇن، قەدىمىي بەيت (يەنى بەيتۇللاھ) نى تاۋاپ قىلسۇن. (ھەج ئىبادىتى) ئەنە شۇدۇر، كىمكى اللهنىڭ دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۇلۇغلىسا (يەنى ھەج جەريانىدا اللهنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، مەنئى قىلغان ئىشلىرىدىن چەكلەنسە)، بۇ، پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ (دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكى) ئۈچۈن ياخشىدۇر، سىلەرگە چاھارپايلاردىن قۇرئاندا (ھاراملىقى) بايان قىلىنغانلىرىدىن باشقىلىرى ھالال قىلىندى. سىلەر بۇتلاردىن ئىبارەت نىجىستىن ساقلىنىڭلار، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن ساقلىنىڭلار. اللهقا خالىس ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەڭلار، كىمكى اللهقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ گويا ئاسماندىن تاشلىنىپ، قۇشلار ئۇنى ئېلىپ قاچقاندەك، ياكى بوران ئۇنى ئېلىپ بېرىپ يىراق جايغا تاشلىۋەتكەندەك بولۇپ قالىدۇ. ئىش مانا شۇنداق، كىمكى دىنىي ئىشلارنى (جۈملىدىن ھەجنىڭ ئەمەللىرىنى قۇربانلىقلارنى) ئۇلۇغلايدىكەن، بۇ، دىللارنىڭ تەقۋادارلىقىدىندۇر. مۇئەييەن مۇددەتكىچە (يەنى بوغۇزلايدىغان ۋاقىتقىچە) قۇربانلىق ماللىرىدىن (سېغىپ، نەسىللەندۈرۈپ، مىنىپ) پايدىلىنىسىلەر، ئاندىن ئۇنى بوغۇزلاشقا تېگىشلىك جاي بەيتۇللانىڭ يېنىدۇر (يەنى ھەرەمدۇر). ھەر ئۈممەت الله ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن چارۋىلارنى (شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن قۇربانلىق قىلغانلىرىدا) اللهنىڭ ئىسمىنى ئېيتسۇن دەپ، ئۇلارغا قۇربانلىقنى بەلگىلىدۇق، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، ئۇنىڭغا بويسۇنۇڭلار، ئىتائەتمەنلەرگە خۇش خەۋەر بەرگىن. ئۇلار شۇنداق كىشىلەركى الله ياد ئېتىلسە، ئۇلارنىڭ دىللىرى قورقۇپ (تىترەيدۇ)،

ئۆزلىرىگە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىدۇ، ناماز ئۆتەيدۇ، ئۇلارغا بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) بېرىدۇ. (كەبىگە ئېلىپ بېرىلىدىغان) تۆگىنى اﷲنىڭ (دىنىنىڭ) ئالامەتلىرىدىن (يەنى ھەجنىڭ ئەھكاملىرىدىن) قىلدۇق، ئۇلاردا سىلەرگە نۇرغۇن پايدا بار، ئۇلارنى قاتار قىلىپ تۇرغۇزۇپ (يەنى ئۇلارنىڭ ئالدى سول پۇتىنى باغلاپ، ئۈچ پۇت بىلەن تۇرغۇزۇپ بوغۇزلىغىنىڭلاردا) اﷲنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىڭلار (يەنى بىسمىللاھ دەڭلار)، ئۇلار بوغۇزلىنىپ جېنى چىققاندا، ئۇلارنى يەڭلار، قانائەتچان موھتاجلارغا ۋە سائىللارغا بېرىڭلار، سىلەرنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ ئۇ تۆگىلەرنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردۇق. اﷲقا ئۇلارنىڭ گۆشلىرى ۋە قانلىرى يېتىپ بارمايدۇ، اﷲقا يېتىدىغىنى پەقەت سىلەرنىڭ تەقۋادارلىقىڭلاردۇر، اﷲنىڭ سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئەھكاملىرىغا يېتەكلىگەنلىكىنى ئۇلۇغلىشىڭلار ئۈچۈن، اﷲ ئۇلارنى سىلەرگە ئاشۇنداق بويسۇندۇرۇپ بەردى. ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا (ئاخىرەتتە بەختكە ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «**والحج المبرور ليس له جزاء إلا الجنة**» «قوبۇل قىلىنغان ھەجگە پەقەت جەننەت بىلەنلا مۇكاپات بېرىلىدۇ»[2].

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «**من أتى هذا البيت فلم يرفث ولم يفسق ، رجع كما ولدته أمه**» «كىمدە - كىم بەيتۇللاھقا كېلىپ، ھەجنى ئۆز قائىدىسى بويىچە ئادا قىلسا، ئانىسىدىن تۇغما پاك بولىدۇ»[3].

بۇ ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ خۇلاسە مەزمۇنى شۇكى، ناماز، روزا، زاكات،

---

[1] سۈرە ھەج، 28- ئايەتتىن 37- ئايەتكىچە.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەج قاتارلىق بۇ ىبرقانچە خىل پائالىيەت مەلۇم مەقسەت بىلەن ئادا قىلىنىدۇ، بۇ ئىبادەتلەرنى قىلىش بىلەنلا ھەممە ئىش تۈگىمەيدۇ. بەلكى بۇ ئىبادەتلەرنى تەلەپ - تەقەززالىرى بىلەن قوشۇپ ئادا قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇ ئىبادەتلەر ھەقىقىي مەنىگە ۋە ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە بولىدۇ.

تـوغرا، الله تائالا بۇ ئۇممەتتىن مۇشۇ ئىبادەتلەرنى قىلىشنى تەلەپ قىلدى. الله ئۆزى خالىغانچە ھۆكۈم چىقىرىدۇ، اللهنىڭ ھۆكمىنى ھېچكىم كەينىگە قايتۇرالمايدۇ. الله تائالا خالىغان كىشىلەرگە ئۆزى خالىغان ئىبادەت شەكىللىرىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. ﴿لَا يُسْأَلُ عَمَّا يَفْعَلُ وَهُمْ يُسْأَلُونَ﴾ ﴿اللهنىڭ قىلغانلىرىدىن سوئال - سوراق قىلىنمايدۇ، ئۇلاردىن سوئال - سوراق قىلىنىدۇ﴾[1].

ھېچكىمنىڭ الله پەرز قىلغان ياكى مۇستەھەب قىلغان ئىبادەت شەكىللىرىدىن باشقا ئىبادەت شەكىللىرى بىلەن ئىبادەت قىلىشى توغرا ئەمەس. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، يۇقىرىدىكى تۆت تۈرلۈك ئىبادەت بىۋاسىتە مەقسەتتۇر، ئۇنىڭ ئورنىنى ھېچ نەرسە باسالمايدۇ. بەندە ئۆزى ئويدۇرۇپ چىقارغان ئىبادەت شەكىللىرى بىلەن اللهنىڭ رازىلىقىنى تاپماقچى بولسا، ھەرقانچە تىرىشسىمۇ، ئۇنىڭ قىلغىنى بىكار كېتىدۇ. لېكىن يۇقىرىدىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن شۇنىسى ناھايىتى ئېنىق مەلۇمكى، بۇ ئىبادەتلەر ئۇلۇغۋار غايىلەرگە ئىگە. بۇ غايىلەر ئايەت، ھەدىستە ئوچۇق دېيىلگەن. بۇ ھەقتە ئىجتىھاد قىلىشنىڭ ياكى ھۆكۈم خۇلاسىلەشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، مەزكۇر ئىبادەتلەرنىڭ ئۆزى غايە ئەمەس. بۇ ئىبادەتلەرنى ئادا قىلغان بىلەن ئۇنىڭ تەقەززالىرى ئىشقا ئاشمىسا، بۇ ئىبادەتلەرنىڭ ھېكمىتى ۋە ئۇنىڭ پەرز قىلىنىشىنىڭ ئەھمىيىتى قالمايدۇ.

بەزىلەر: الله مەزكۇر ئىبادەتلەرنى پەقەت اللهقا غايىۋانە ئىتائەت

---

[1] سۈرە ئەنبىيا، 23-ئايەت.

كىتاب ئورىيكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

قىلىدىغانلار بىلەن، ئاسىي بولىدىغانلارنى ئايرىش ئۈچۈن پەرز قىلىغان. ئىبادەتلەرنىڭ ئىنسانلارغا مەلۇم بولغان ھېكمىتىنىڭ بولۇشى زۆرۈر ئەمەس. چۈنكى، ئۇنىڭ ھېكمىتىنى اللە ئۆزى بىلىدۇ... دەيدۇ.

بۇ توغرا ئېيتىلغان سۆز، بىراق بۇ سۆز ئىبادەتنىڭ ھەممە تۈرلىرىگە توغرا كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىبادەتلەرنىڭ ئەھمىيىتىنى تۆۋەنلەشتۈرۈۋېتىدۇ.

اللە تائالا بۇ ئىبادەتلەرنى پەرز قىلىشنىڭ پۈتۈن ھېكمىتىنى ياكى قىسمەن ھېكمىتىنى ئۆزى بايان قىلغان ئىكەن، ئۇنداقتا بىز اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئوچۇق ئېيتقان ھېكمەتنى نەزەردىن ساقىت قىلالمايمىز. ئىبادەتلەر بىۋاستە پەرز، ئۇنىڭدا باشقا غايە، مەقسەت يوق دېيەلمەيمىز.

شۇنداق، ئىبادەتلەر بىۋاستە مەقسەت. لېكىن ئىبادەتلەر ئۆز زاتىنىڭ جەھەتىدىنلا مەقسەت ئەمەس. بەلكى ئۆز زاتىنىڭ جەھەتىدىن ۋە باشقا تەقەززالىرىنىڭ جەھەتىدىن مەقسەتتۇر... ئۇنداقتا بىز ئىبادەتلەرنىلا ئادا قىلىپ، ئۇنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىستە ئوچۇق دېيىلگەن تەلەپ - تەقەززالىرىنى ئىجرا قىلماي يۈرسەك، اللە پەرز قىلغان ئىبادەتنى تولۇق ئادا قىلغان بولىمىزمۇ؟!

ئىبادەت مەلۇم پائالىيەتلەر بىلەنلا چەكلەنگەن، ئاندىن ئىبادەت شەكىلۋازلىققا ئايلانغان زامانلاردا، كېيىنكى مۇسۇلمانلار بۇ مەسىلىنى ئويلاشمىدى.

توغرا، ئىبادەت قىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئىش قىلمايدىغان، بەلكى ئۇنىڭ تەتۈرسى بويىچە ئىش قىلىدىغان؛ ناماز ئوقۇيدىغان، نامىزى ئۇنى يامان ۋە بۇزۇق ئىشلاردىن توسمايدىغان؛ روزا تۇتىدىغان، تۇتقان روزىسى ئۇنى تەقۋالىققا يەتكۈزمەيدىغان؛ زاكات بېرىدىغان، ھارامدىن پۇل تاپىدىغان ياكى ھارامنى ئېلىشتۇرۇپ پۇل تاپىدىغان؛ ھەج قىلىدىغان، ھەج ئۇنى تەقۋالاشتۇرمايدىغان ۋە اللەتىن ئەيمەندۈرمەيدىغان، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن توسمايدىغان قىلمىشلار

پەيدا بولدى. كىشىلەر ئىبادەت دائىرىسىنىڭ تارىيىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان بۇ قىلمىشلارنى ئىنكار قىلدى. چۈنكى، ئىنسان پىترىتى بۇنى ئىنكار قىلاتتى. لېكىن بۇ ئىنكار قىلىش چولتا ئىنكار قىلىش بولۇپ، بۇ ئېغىر گۇناھلىق قىلمىشنى ئۆزگەرتەلمىدى. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ ۋە ھەتتا ئىنكار قىلغانلارنىڭ تونۇشىدا ئاشۇ گۇناھلىق قىلمىشنى قىلىۋاتقانلار نېمىلا دېگەن بىلەن ئىبادەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغانلار ئىدى.

يوقسۇ! ئۇلار ھەرگىزمۇ ئىبادەتنى ئادا قىلمىدى. توغرا، ئىبادەتنىڭ شەكلىنى بەجا كەلتۈردى. شەكلىي ئىبادەتلەر بىلەن ھەقىقىي ئىبادەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بار. چۈنكى، ئىسلامدا ھېچقانداق ئىبادەت شەكىلۋازلىق بىلەنلا ئادا تاپمايدۇ. بەلكى ھەرقانداق ئىبادەت شەكلەن ئادا قىلىشتىن باشلىنىپ، شۇ ئىبادەتنىڭ تەلەپ - تەقەززالىرىنىڭ ئىشقا ئېشىشى بىلەن ئاندىن ئادا تاپىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، شەكلەن ئىبادەت قىلغان كىشى دۇنيادا مۇسۇلمانلار قاتارىغا ئۆتەلەيدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىبادىتى اللهنىڭ نەزىرىدە قوبۇل بولمايدۇ.

ئىمان كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزدىن چىقىرىش بىلەن باشلىنىدۇ، لېكىن كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزدىن چىقىرىش بىلەنلا ئىسلامنىڭ ماھىيىتى بولغان تەۋھىد ئىشقا ئاشمايدۇ. پەقەت ئەمەلىي ئىجرا قىلىشقا تېگىشلىك ئەمەللەرنى ئەمەلىي ئىجرا قىلغاندىلا، يەنى ئېتىقادتا شېرىك كەلتۈرمىگەن، ئىبادەت پائالىيەتلىرىنى بىرلا اللهقا قاراتقان، ھەر ئىشتا اللهنىڭ شەرىئىتىنى ھۆكۈمدار قىلغاندىلا ئاندىن تەۋھىد ئىشقا ئاشىدۇ.

ناماز الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بايان قىلغان شەكىل بىلەن باشلىنىدۇ. بۇ شەكىلنى ئىجرا قىلغان كىشى مۇسۇلمانلار قاتارىغا ئۆتەلەيدۇ، لېكىن نامازنىڭ يامان ۋە بۇزۇق ئىشلاردىن يېنىشتىن ئىبارەت تەقەززاسى ئىشقا ئاشمىغىچە ناماز اللهنىڭ نەزىرىدە قوبۇل بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَوَيْلٌ لِلْمُصَلِّينَ الَّذِينَ هُمْ عَنْ صَلَاتِهِمْ سَاهُونَ الَّذِينَ هُمْ يُرَاءُونَ

**وَيَمْنَعُونَ الْمَاعُونَ** ﴿شۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى، ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ. نامازنى رىيا بىلەن ئوقۇيدۇ. ئۇلار قولقا بەرمەيدۇ﴾[1].

قالغان ئىبادەتلەرمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىبادەت ئۇقۇمى تارىيىپ، پەقەت مەلۇم بىرقانچە ئىشلار بىلەنلا چەكلەندى، ئىبادەتنىڭ شەكلى ئادا قىلىنىپ، تەلەپ - تەقەززالىرى ئىجرا قىلىنمىدى. بۇ ھەقىقەتەن چوڭ بۇزۇلۇش ئىدى، لېكىن ئىش بۇنىڭ بىلەنلا توختىمىدى. كىشىلەر ئىبادەت ئۇقۇمىنىڭ تارىيىپ كەتكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئىبادەت ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشتا خاتا قىلىۋاتقانلىقىنى، توغرا يولدىن ئېزىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالمىغاچقا، ئىبادەت ئۇقۇمىنىڭ تارىيىشى بارغانچە زىيادىلەشتى.

تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار ئىبادەتنى كەڭ مەنىدە چۈشىنىپ، ئۇنى ھاياتلىق سەپىرىدىكى ئوزۇق دەپ تونۇغاچقا، چوڭ ئىبادەتلەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى.

ئۇلارنىڭ تونۇشىدا ناماز ئۆتكەنلىك ئاللاھ ئالدىدا تۇرغانلىق ۋە بۇ تۇرۇشقا ماس كېلىدىغان ئەيمىنىش ئىدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىدا ھازىر ئىدى. بۇ ھازىرلىق پۈتۈن كەيپىياتنى كونترول قىلاتتى. ئاللاھ ئۇلارغا يېقىن ئىدى، ئۇلارنى كۆرۈپ تۇراتتى. ئۇلار نامازغا تەييارلىق قىلىۋاتقاندىمۇ، ئاللاھ ئۇلارنى كۆرۈپ تۇراتتى. ئۇلار ناماز ئۆتەۋاتقاندىمۇ، قۇرئان تىلاۋەت قىلىۋاتقاندىمۇ، رۇكۇ، سەجدە، قىيام قىلىۋاتقاندىمۇ ئاللاھ ئۇلارنى كۆرۈپ تۇراتتى. ئاللاھ ئۇلارغا ھەرقاچان يېقىن ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇراتتى. يۈرەك سوقۇشلىرىنى بىلىپ تۇراتتى. زار - تەزەررۇلىرىنى قوبۇل قىلاتتى، دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلاتتى، ئۇلار بۇنى تۇيۇپ تۇراتتى، بۇ ئۇلارنىڭ روھىغا تەسىر قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ، ناماز ئۇلارنىڭ ھاياتىدا ئۆزىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى ئاللاھقا تېخىمۇ

[1] سۈرە مائۇن، 4- ئايەتتىن 7- ئايەتكىچە.

يېقىنلاشتۇراتتى. ئۇلارنى يامان ۋە بۇزۇق ئىشلاردىن توسۇيتتى. الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىش قىزغىنلىقىنى ئاشۇراتتى. چۈنكى ئۇلار بۇ تائەت - ئىبادەتلەر ئارقىلىق دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە اللهنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشەلەيتتى. نامازنى ئەسلىدە مۇشۇنداق تونۇش كېرەك ئىدى.

روزا ئۇلارنىڭ تونۇشىدا ئىبادەت قىلىش ۋە اللهقا تائەت - ئىبادەت ئارقىلىق يېقىنلىشىشنىڭ مۇسابىقە مەيدانى ئىدىكى، ھەرگىزمۇ كۈندۈزدە ئاچ يۈرۈپ، كېچىدە قورساق تويغۇزۇش ئەمەس ئىدى. مۇقەددەس ھەرەمگە كىرمەكچى بولغان كىشى ھەرەمگە كىرىشىنىڭ ئالدىدا خۇشۇئ - خۇزۇئ بىلەن تەييارلىق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ھەر قەدەمدە يېڭى تەسىراتقا ئىگە بولىدۇ، گويا ۋۇجۇدىغا بىر غايىبانە نۇر تارقىلىپ، روھناتىنىڭ چوڭقۇر قاتلىرىغا سىڭىپ كەتكەندەك بولىدۇ. روزا پەسىللىك ئىبادەت بولۇپ، ئۇلار بۇ ئىبادەتكە روھىي جەھەتتىن خۇددى شۇنداق تەييارلىق قىلاتتى.

روزا كەڭ مەزمۇنغا ئىگە بىر ئىبادەت بولۇپ، ئۇ نورمال تۇرمۇش كەچۈرۈش جەريانىدا روھىيەتنىڭ تېگىدە چۆكۈندە بولۇپ قالغان كىرلەرنى تازىلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، روزا تۇتقۇچىنىڭ تۇرمۇش رېتىمى ئۆزگىرىپ، يېڭىچە رېتىمغا ئىگە بولىدۇ. ئوزۇقلىنىش تەرتىۋىنى ئۆزگەرتىش تەن ھۈجەيرىلىرىنى جانلاندۇرۇپ، ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، روزا تۇتقۇچىدىمۇ روھىي ئۆزگىرىش پەيدا بولۇپ، روھىي ھايات يېڭىلىنىدۇ. روھ تېخىمۇ سۈزۈلۈپ، بۇرۇن بېرىپ باقمىغان ئۇپۇقلارغا جەۋلان قىلىدۇ. روھىي ئېنېرگىيە كۈندىلىك ھېسسىي مەشغۇلىيەتلەرنىڭ بېسىمى ئاستىدا كۆپ خورايدۇ. مۇبارەك رامىزان ئېيى روھىيەتنىڭ خورىغان ئېنېرگىيىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ئىنسان ۋۇجۇدى يېڭىلىنىپ، تەڭپۇڭلۇقى ئەسلىگە كېلىدۇ.

روزا يەنە روھنى شەھۋانىيەتكە قارشى قوراللاندۇرىدۇ ۋە چېنىقتۇرىدۇ، تەقۋالىقنى ئاشۇرىدۇ. شەھۋانىي نەپسى ئۈستىدىن غالىب كېلىش بىلەنلا

تەقۋا بولغىلى بولمايدۇ، بەلكى روھىيەتنى الله بەلگىلىگەن ھۆدۈدلاردا توختاشقا كۆندۈرۈش بىلەن تەقۋا بولغىلى بولىدۇ. كۆنۈش ۋە ئادەتلىنىش ئۈچۈن، شەھۋانىي نەپسنى ئىرادىگە بويسۇندۇرۇش، نەپسنىڭ تىزگىنىنى قولدا تۇتۇپ، خالىغاندا قويۇۋەتكىلى، خالىغاندا توختاتقىلى بولۇش ئۈچۈن چېنىقىشقا توغرا كېلىدۇ. روزا ئەنە شۇنداق چېنىقىشتۇر. روزا ئەڭ كۈچلۈك روھىي ۋە جىسمانىي ئىستەك – يېمەك - ئىچمەك ۋە جىنسىي ئىستەكنى كونترول قىلىشنى ئۆگىتىدۇ. شۇ جەھەتتىن روزا تەقۋالىقتا ياردەم بەرگۈچى مەشىقتۇر: **﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِنْ قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾** ﴿ئى مۆئمىنلەر! تەقۋا بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى﴾[1].

روزىنى ئەسلىدە مۇشۇنداق چۈشىنىش كېرەك ئىدى.

زاكات ئۇلارنىڭ تونۇشىدا روھنى ۋە ئىقتىسادنى پاكلايتتى، ماددىي ۋە مەنىۋي ھاياتنى پاكلايتتى. ئۇ، دۆلەتكە تۆلىنىدىغان باج - سېلىق ئەمەس، بەلكى اللهقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىبادەت ئىدى.

كىشىلەر دۆلەتنىڭ قەھرى - غەزىپىدىن قورقۇپ تۆلەيدىغان باج - سېلىق بىلەن، پاكلىنىش مەقسىتىدە ئادا قىلىنىدىغان ئىقتىسادىي ئىبادەت ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بار. زاكاتنى پاكلىنىش مەقسىتىدە بېرىدىغان كىشى ھەممىدىن ئاۋۋال پاك يول بىلەن پۇل تېپىشنى، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىمۇ ۋە ئۆزگىنىمۇ مەنپەئەتلەندۈرۈپ، اللهنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنى ئويلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ھالال رىزىق ئىزدەپ تەرەپ - تەرەپكە چاپىدۇ: **﴿هُوَ الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ الْأَرْضَ ذَلُولًا فَامْشُوا فِي مَنَاكِبِهَا وَكُلُوا مِنْ رِزْقِهِ وَإِلَيْهِ النُّشُورُ﴾** ﴿الله سىلەرگە زېمىننى مېڭىشقا ئاسان قىلدى، زېمىننىڭ

[1] سۈرە بەقەرە، 183-ئايەت.



www.uyghurkitap.com

ئەتراپىدا مېڭىڭلار. اﷲنىڭ (بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار، سىلەر تىرىلگەندىن كېيىن اﷲنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر﴾[1].

﴿خُذْ مِنْ أَمْوَالِهِمْ صَدَقَةً تُطَهِّرُهُمْ وَتُزَكِّيهِمْ بِهَا﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن﴾[2].

بۇ ئايەتتە دېيىلگەن پاكلاش روھىيەتنى بېخىللىقتىن پاكلاشنىلا كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى سەدىقە قىلىنىدىغان مالغا ھارام ئارىلىشىپ قېلىشتىن پاكلاشنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

ئىسلام يەر يۈزىدە خەلىپىلىك قىلالايدىغان ياراملىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشنى نىشان قىلىدۇ. بۇنداق كىشىلەر چوقۇم ئىقتىسادقا بېرىلىش ئىستىكىنى يېڭىشى كېرەك. ئۆزى بىلەن باشقا مۇئمىنلەر ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلىق رىشتىسىنى ھېس قىلىشى كېرەك. قېرىنداشلىق ئۆزئارا كېپىل بولۇش، ئۆزئارا يار - يۆلەك بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

رىزىق ئىزدەۋاتقاندا، پاك، ھالال رىزىقنى كۆزلىگەن، مۇئمىنلەر ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلىقنى كۈچەيتىشنى مەقسەت قىلغان كىشىنىڭ روھىيىتى يۈكسىلىدۇ، پاكلىنىدۇ: ﴿قَدْ أَفْلَحَ مَنْ زَكَّاهَا﴾ ﴿روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ﴾[3].

ئىنسان روھىيىتىدە مال - دۇنياغا بېرىلىش ئىستىكى بولغانلىقى ئۈچۈن، رىزىق ئىزدەش جەريانىدا خاتالىق ئۆتكۈزۈش ئېھتىماللىقى بەك چوڭ بولىدۇ: ﴿زُيِّنَ لِلنَّاسِ حُبُّ الشَّهَوَاتِ مِنَ النِّسَاءِ وَالْبَنِينَ وَالْقَنَاطِيرِ الْمُقَنْطَرَةِ مِنَ الذَّهَبِ وَالْفِضَّةِ

[1] سۈرە مۇلك، 15- ئايەت.

[2] سۈرە تەۋبە، 103- ئايەت.

[3] سۈرە شەمس، 9- ئايەت.

www.uyghurkitap.com

**وَالْخَيْلِ الْمُسَوَّمَةِ وَالْأَنْعَامِ وَالْحَرْثِ ذَلِكَ مَتَاعُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَاللَّهُ عِنْدَهُ حُسْنُ الْمَآبِ﴾** ﴿ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن - كۈمۈشتىن توپلانغان كۆپ ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان (باقاسى يوق) شەيئىلەردۇر؛ ﷲنىڭ دەرگاھىدا بولسا قايتىدىغان گۈزەل جاي (يەنى جەننەت) باردۇر (شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىغا ئەمەس، جەننەتكە قىزىقىش كېرەك!﴾[1]

ئىنسان روھىيىتى هالال ۋە پاكىز بولۇشنى كۆزلىمىگەندە، روھىيەتنى يۈكسەلدۈرۈپ، باقاسى يوق شەيئىلەرنىڭ مۇھەببىتىنى يېڭەلەيدىغان ئالىي قىممەت قاراشلار بىلەن قوراللانمىغاندا، ئاسانلا مال - دۇنيانىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا ئۇچرايدۇ. **﴿قُلْ أَؤُنَبِّئُكُمْ بِخَيْرٍ مِنْ ذَلِكُمْ لِلَّذِينَ اتَّقَوْا عِنْدَ رَبِّهِمْ جَنَّاتٌ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَأَزْوَاجٌ مُطَهَّرَةٌ وَرِضْوَانٌ مِنَ اللَّهِ وَاللَّهُ بَصِيرٌ بِالْعِبَادِ الَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا إِنَّنَا آمَنَّا فَاغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ الصَّابِرِينَ وَالصَّادِقِينَ وَالْقَانِتِينَ وَالْمُنْفِقِينَ وَالْمُسْتَغْفِرِينَ بِالْأَسْحَارِ﴾** ﴿(ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭگە) ئېيتقىنكى، «سىلەرگە ئۇلاردىنمۇ (يەنى دۇنيانىڭ زىبۇزىننەتلىرى ۋە نېمەتلىرىدىنمۇ) ياخشى بولغان نەرسىلەرنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ تەقۋادارلار ئۈچۈن پەرۋەردىگارى هۇزۇرىدا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بولۇپ، (ئۇلار) جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، (جەننەتلەردە) پاك جۈپتىلەر بار، (تەقۋادارلار ئۈچۈن) يەنە ﷲنىڭ رىزاسى بار». ﷲ بەندىلىرىنى (يەنى ئۇلارنىڭ هەممە ئىشلىرىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇلار (يەنى تەقۋادارلار): «پەرۋەردىگارىمىز! بىز شۈبهىسىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنىڭ گۇناهلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن» دەيدۇ. ئۇلار (يەنى تەقۋادارلار) سەۋر قىلغۇچىلاردۇر، راستچىللاردۇر، (ﷲقا) ئىتائەت

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 14- ئايەت.

قىلغۇچىلاردۇر، (ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل - ماللىرىنى) سەرپ قىلغۇچىلاردۇر ۋە سەھەرلەردە ئىستىغپار ئېيتقۇچىلاردۇر﴾[1].

رىزىق ئىزدەشتە ھالال يول بىلەن ئىزدەش، ھالال ئەمگەكنىڭ مەھسۇلىنى اللهنىڭ يولىغا خەير - ئېھسان قىلىش زاكاتنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنى. بۇنىڭ ئىنسان روھىيىتىنىڭ ئالىي ئۇيۇقتىن شەھۋانىيەت ئازگىلىغا چۈشۈپ كەتمەسلىكىگە ناھايىتى چوڭ ياردىمى تېگىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن زاكات بېرىدىغان مالنىڭ پاك بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ:

«إن الله طيب لا يقبل إلا طيبا» «الله پاكتۇر، ئۇ پەقەت پاك نەرسىنىلا قوبۇل قىلىدۇ»[2].

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَنْفِقُوا مِنْ طَيِّبَاتِ مَا كَسَبْتُمْ وَمِمَّا أَخْرَجْنَا لَكُمْ مِنَ الْأَرْضِ وَلَا تَيَمَّمُوا الْخَبِيثَ مِنْهُ تُنْفِقُونَ وَلَسْتُمْ بِآخِذِيهِ إِلَّا أَنْ تُغْمِضُوا فِيهِ وَاعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ غَنِيٌّ حَمِيدٌ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ۋە بىز سىلەرگە زېمىندىن چىقىرىپ بەرگەن نەرسىلەر (يەنى ئاشلىقلار، مېۋىلەر) نىڭ ھالال - پاكىزىلىرىدىن، ياخشىلىرىدىن سەدىقە قىلىڭلار؛ ئۆزەڭلارمۇ پەقەت كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئالىدىغان ناچارلىرىنى ئىلغاپ سەدىقە قىلماڭلار. بىلىڭلاركى، الله (بۇنداق سەدىقەڭلاردىن) بىھاجەتتۇر، ھەمدىگە لايىقتۇر﴾[3].

شۇنىڭ ئۈچۈن زاكاتنىڭ مۇسۇلمانلار ھاياتىدا ئوينايدىغان رولى ناھايىتى كەڭ: ﴿وَالَّذِينَ يُؤْتُونَ مَا آتَوْا وَقُلُوبُهُمْ وَجِلَةٌ أَنَّهُمْ إِلَى رَبِّهِمْ رَاجِعُونَ أُولَئِكَ يُسَارِعُونَ فِي الْخَيْرَاتِ وَهُمْ لَهَا سَابِقُونَ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا (ھېساب بېرىش ئۈچۈن)، قايتىپ بارىدىغانلىقىدىن دىللىرى قورقۇپ تۇرغان ھالدا سەدىقە

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 15- ئايەتتىن 17- ئايەتكىچە.

[2] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[3] سۈرە بەقەرە 267- ئايەت.

بېرىـــدىغان كىشـــلەر، ئەنە شـــۇلار ياخشـــى ئىشـــلارنى قىلىشـــقا ئالـدىرىغۇچىلاردۇر، ياخشـى ئىشـلارنى (باشـقىلارنىڭ) ئالدىـدا قىلىشـقا تىرىشقۇچىلاردۇر﴾[1].

زاكاتنى ئەسلى مۇشۇنداق چۈشىنىش كېرەك ئىدى.

ھەج، شارائىتى يار بەرگەن كىشىلەرگە پۈتـۈن ئۆمرىـدە بىـر قېـتىم پەرز قىلىنغان، «ساناقلىق بىرقانچە كۈندىلا» تۈگەيدىغان ئىبادەتتۇر. شۇنداقتىمۇ، بۇ ئىبادەت تۈنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش ئىبادەتنى كەڭ ۋە چوڭقۇر چۈشىنىپ ئادا قىلغان مۇسـۇلمانلارنىڭ ھاياتىغـا ناھـايىتى چوڭقـۇر تەسـىر كۆرسـىـتىدۇ. چـۈنكى، بـۇ ئىبادەتنىـڭ مەزمۇنىـدا ھەمـمە ئىبـادەتلەر مۇجەسسەملەنگەن. تەۋھىد ئالاھىدە گەۋدىلەنـدۈرۈلگەن. ھەج پەقەت اللە رازىلىقى ئۈچۈن خالىس ئادا قىلىنـىدۇ. ھـاجى بـالا - چـاقىلىرى، يـۇرت - ماكانى ۋە ھوزۇر - ھالاۋەتلىرىدىن، ھەتتاكى ئادەتتە كىيگەن كىيىملىرىدىنمۇ ۋاز كېچىـدۇ. بـۇ نەرسـىلەردىن پەقەت بىـرلا اللەنىـڭ رازىلىقـى ئۈچـۈن ۋاز كېچىدۇ. بىرلا اللەنىڭ چاقىرىقىغا ئـاۋاز قوشـۇپ، اللەنـى يـاد ئېتىـپ، اللەقا ئىبادەت قىلىپ، مەھشەرگاھنى ئەسلىتىدىغان بىر چوڭ يىغىلىشـقا بارىـدۇ. ئېغىر مۇشەققەتلەرنى تارتىدۇ. لېكىن ھەجدىكى مۇشەققەت ئادەتتىكى جاپا - مۇشەققەتكە ئوخشـىمايدۇ. ئـادەتتىكى جاپـا - مۇشـەققەت ئىنسـان روھىيىتىنى دۇنيالىق ھـوزۇر - ھـالاۋەتلەرگە باغلىسـا، ھەجـدىكى جاپـا - مۇشەققەت ئىنسان روھىيىتىنى دۇنيـالىق ھـوزۇر - ھـالاۋەتتىن سـوۋۇتۇپ، ئاخىرەتكە باغلايدۇ.

«ساناقلىق بىرقانچە كۈنلەر»... لېكىن بـۇ كـۈنلەر روھىيەتـتە ناھـايىتى چوڭ، چوڭقۇر، تەلتۆكۈس ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ. روھىيەتنى پاكلاپ، گويـا ئۇنى يېڭىدىن يارىتىلغـان ھـالەتكە، ئانـدىن تۇغمـا ھـالەتكە قايتۇرىـدۇ.

[1] سۈرە مۇئمىنۇن، 60- ۋە 61- ئايەتلەر.

ئەمدى روھىيەت بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان يېڭىچە قىياپەت بىلەن ھاياتلىق سەپىرىگە ئاتلىنىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەج مۇسۇلمانلار ھاياتىدا ناھايىتى چوڭ رول ئوينايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى كۆرۈلىدۇ: «من أتى هذا البيت فلم يرفث ولم يفسق ، رجع كما ولدته أمه» «كىمدە - كىم بەيتۇللاھقا كەلسە، ھەجنى ئۆز قائىدىسى بويىچە ئادا قىلسا ئانىسىدىن تۇغما پاك بولىدۇ»[①].

ئىبادەت ئۇقۇمىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ھەجنىڭ بۇ ئۇقۇمىمۇ ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتتى.

ئىبادەتنىڭ تەقەززاسى اللهقا ئىخلاس بىلەن يۈزلىنىش، اللهتىن ئەيمىنىشتۇر. اللهنىڭ ھوزۇرىدا تەۋەززۇئ بىلەن تۇرۇشتۇر. كىشىلەر ئىبادەتنىڭ بۇ تەقەززاسىدىن غەپلەتتە قالدى، ئىبادەتنىڭ تەلەپ تەقەززالىرى ۋە نەتىجىلىرى ئىشقا ئاشمىدى، ئىبادەتنىڭ دائىرىسى تارىيىپ، شەكىلۋازلىققا ئايلاندى. ئىبادەت قىلغۇچىلار روھىي يوق ماشىنا ئادەمدەك ئىچكىرى ئىنتىلىش كۈچىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئەمەس، ئەنئەنىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئىبادەت قىلىدىغان ھالەت شەكىللەندى. يىمىرىلىشكە دۇچ كەلگەن ئەۋلادنىڭ ئىبادەت چۈشەنچىسى ئەنە شۇ.

نامازدا بەدەننىڭ ھەرىكىتى بار، ئەمما خۇشۇئ - خۇزۇئ يوق. نامازدا ئوقۇلغان ئايەت ۋە زىكىر - تەسبىھلەرنىڭ مەنا - مەزمۇنلىرىغا دىققەت قىلىش يوق. ناماز نامازخاننىڭ روھىغا ھېچ تەسىر قىلغاندەك ئەمەس. نامازخاننىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىدە ئەكس ئەتكەندەك ئەمەس. نامازخان نامازدا تۇرۇپ، پايدا - زىيانلىرىنى ھېسابلىمىسىلا ياكى كۈندىلىك مەشغۇلىيەتلىرىنىڭ كويىدا بولمىسىلا چوڭ ئىش بولۇپ قالدى.

---

[①] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

روزىدا كۈندۈزى يېمەك - ئىچمەكتىن توختاش بار، ئەمما ئىفتاردىن كېيىن ئاچكۆزلۈك بىلەن يەپ - ئىچىپ ئىسراپ قىلىش بار. گويا رامىزان ئېيى روزا تۇتۇش ئېيى ئەمەس، يەپ - ئىچىش ئېيىغا ئايلانغان. رامىزان كېچىلىرىدە رادىئو ياكى تېلېۋىزور نومۇرلىرىدىن تەسەللى ئىزدەشلەرچۇ تېخى! ئەڭ ھەيران قالارلىقى، ئەڭ يامان بولغىنى شۇكى، تەرەققىي قىلغان ئىسلام ئەللىرىنىڭ نوپۇزلۇق ئاخباراتلىرى مۇنداق ئېلانلارنى بېرىپ تۇرىدۇ: «پالانى ئۇسسۇلچى پوكۇنى كۈلۈبتا رامىزانلىق ئۇسسۇل كېچىلىكى ئۆتكۈزىدۇ». كۈلۈب روزا تۇتقانلار بىلەن توشۇپ كېتىدۇ، بۇ «روزىدارلار» كۆڭۈللىرىدە ھېچبىر سىقىلىش ھېس قىلمايدۇ. گۇناھ قىلغانلىق تۇيغۇسىدا بولمايدۇ. كۈندۈزى تۇتقان روزىسى بىلەن كېچىدىكى ئۇسسۇل - تانسىنىڭ بىر - بىرىگە زىت قىلمىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلمايدۇ. ئۇلار ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىنىڭ «داپ بىلەن ئۇسسۇل، خۇدا بىلەن رەسۇل» مەنتىقىسىگە كۆنۈپ كەتكەن.

زاكات زاكات بەرگۈچىلەرنى جازانىخورلۇقتىن توسمايۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭلى جازانىخورلۇقتىن سىقىلمايۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ تونۇشىدا بىرسى ئىبادەت، بىرسى پۇل تېپىش. بۇ ئىككىسىنىڭ بىر - بىرى بىلەن ھېچبىر ئالاقىسى يوق. زاكات بەرگۈچىلەرنىڭ زاكات دەپ بەرگەن نەرسىلىرىنى تۈرلۈك ھىيلە - مىكىرلەر بىلەن قايتۇرۇۋېلىشلىرىچۇ تېخى!

ھەج ھاجىلىق نامىغا ئېرىشىشنىڭ ئەپلىك پۇرستى. ھاجىلار ھاجىلىق نامىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن تىجارەتتە پايدا تېپىش ئۈچۈن ياكى ئالدىلىقاندىلاق بىر مەقسەتلەر بىلەن يالغان قەسەم ئىچىشتىن يانمايدۇ. ھەج جەريانىدا سادىر بولۇۋاتقان ناباب قىلىقلارچۇ تېخى! ھاجىلار شەيتانغا تاش ئېتىش ياكى تاۋاپنى تېزراق ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىتتىرىشىۋاتقان، بىر - بىرىنى دەسسەپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، پەرۋاسىز كېتىۋاتقان، بەزى قارا قورساقلار ھەجنىڭ رۇكنىلىرىنىمۇ قىلمايۋاتقان، ياكى قان قىلىشقا تېگىشلىك خاتالىقلارنى ئۆتكۈزگەن تۇرۇقلۇقمۇ قان قىلمايۋاتقان، بۇنداق قىلسا ھەجنىڭ

قوبۇل بولمايدىغانلىقىنى بىلمەيۋاتقان...

ئۆلىمالىرىمىز: «قانداق ئادا قىلسا، ئادا قىلىش بىلەن پەرز ساقىت بولىدۇ» دەيدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ۋەزىپە تۈگەيدۇ.

ئۆلىمالىرىمىز يەنە مۇنداق دەيدۇ: «پەرزنى ئادا قىلغان كىشى مۇئمىن، مۇئمىن دوزاختا مەڭگۈ قالمايدۇ» دەيدۇ. مۇرجىئىلەر تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ: «ئىسلامنىڭ ئەمەللىرىدىن بىرنى قىلمىسىمۇ، جەننەتكە كىرىدۇ» دەيدۇ.

ئۆلىمالىرىمىزنىڭ دەلىل كەلتۈرگەن ئايەت ۋە ھەدىسلىرىنىڭ بىزنىڭ ھازىرقى ئەمەلىيىتىمىزگە توغرا كېلىشى ياكى كەلمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر، مۇنازىرە قىلىش يۈزىسىدىن بىز ئۇلارنىڭ سۆزىنى راست دەپ تۇرايلى!

بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ھازىر دوزاخقا پەرۋا قىلىپ كەتمەيدۇ. دوزاختا مەڭگۈ قالمىسىلا ئۇلارغا شۇ يېتەرلىك.

دوزاختا 50 مىڭ يىل كۆيگەندىن كېيىن، ﷲنىڭ رەھمىتى بىلەن دوزاختىن قۇتۇلۇپ چىقىش ھېچ ۋاقىت دوزاختا مەڭگۈ قالغانغا ئوخشمايدۇ. لېكىن دوزاختا مەڭگۈ قالمىغانلىقىغىلا قانائەتلىنىدىغان، ئىمتىھاندىن ئېتىبارغا تايىنىپ ئۆتۈشكە ئادەتلىنىپ قالغان ئوقۇغۇچىغا ئوخشاپ قالغان ئۇممەتنىڭ سەلدىكى كۆپۈكچىلەرگە ئايلىنىپ كېتىشى، بارلىق مىللەتلەر ئۇلارغا بىر لوقما تائامغا ئولاشقاندەك ئولىششى شەكسىز. ئۇنداق ئادەملەرنىڭ ھېچ ۋەزنى ۋە ئېتىبارى بولمايدۇ، ئۇلار قەدىمقى زاماندىكى بىر شائىر ھەجۋىي قىلغان قەبىلە كىشىلىرىگە ئوخشاپ قالىدۇ:

تەمىملىكلەر بولمىسىمۇ ئىشلار بولار ھەل،

ئېلىنماس پىكرى ئۇلارنىڭ بولسىمۇ دەل.

ﷲنىڭ دەرگاھىدىن نازىل بولغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەلىم بەرگەن، تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار ئاڭقىرىپ ئىجرا قىلغان ئىبادەت چۈشەنچىسى بىلەن كېيىنكىلەر چۈشەنگەن، بۇرمىلانغان، يىگىلگەن

يوقىلاڭ ئىبادەت چۈشەنچىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بار.

بىرىنچى خىل چۈشەنچە «ئىنسانلار ئىچىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۈممەت» نى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى.

ئىككىنچى خىل چۈشەنچە «سەلدىكى كۆپۈكچىلەر» نى پەيدا قىلدى.

بۇنداق خاتا چۈشەنچىلەرنى چوقۇم تۈزىتىش كېرەك.

﴿إِنَّ اللَّهَ لَا يُغَيِّرُ مَا بِقَوْمٍ حَتَّى يُغَيِّرُوا مَا بِأَنْفُسِهِمْ﴾ ﴿ھەرقانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە الله ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ﴾[1].

﴿قُلْ لَا يَسْتَوِي الْخَبِيثُ وَالطَّيِّبُ وَلَوْ أَعْجَبَكَ كَثْرَةُ الْخَبِيثِ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، گەرچە ناچارنىڭ كۆپلۈكى (ئى تىڭشىغۇچى) سېنى ئەجەبلەندۈرسىمۇ، ناچار بىلەن ياخشى باراۋەر ئەمەس﴾[2].

بۇ ئىككىنچى دەرىجىدىكى قوشۇمچە مەسىلە ئەمەس. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئادەتتىكىچە ۋەز - نەسىھەت قىلىش ياكى كۆپلەپ ۋەز - نەسىھەت قىلىشلا كۇپايە قىلمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن قايتا قۇرۇپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى بۇرمىلانغان، يېگىلگەن يوقىلاڭ ئىبادەتنى دۇنيادىكى نەچچە مىليون كىشى بەجا كەلتۈرگەن تەقدىردىمۇ، بۇنداق ئىبادەت ئۇلارنى قۇتقۇزالمايدۇ. ئۇلارنى ھەر تەرەپتىن ئىسكەنجىگە ئالغان خار - زەبۇنلۇقتىن ئاجرىتالمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى چۈشىنىشلىك. چۈنكى بۇ الله پەرز قىلغان، قىلغانلارغا ئىززەت ئېلىپ كېلىدىغان، قۇدرەت تاپقۇزىدىغان، خەلىپە قىلىدىغان ئىبادەت ئەمەس: ﴿وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنْكُمْ وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُمْ فِي الْأَرْضِ كَمَا اسْتَخْلَفَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ الَّذِي ارْتَضَى

---

[1] سۈرە رەئد، 11- ئايەت.

[2] سۈرە مائىدە، 100- ئايەت.



www.uyghurkitap.com

**لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُمْ مِنْ بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْنًا يَعْبُدُونَنِي لَا يُشْرِكُونَ بِي شَيْئًا وَمَنْ كَفَرَ بَعْدَ ذَلِكَ فَأُولَئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ** ﴿الله ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ، شۇ ۋەدىدىن كېيىن كاپىر بولغانلار اللهنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر﴾[1].

مانا بۇ ئايەتتە پەقەت الله پەرز قىلغان مەنە بىلەنلا ئىبادەتنىڭ ئىبادەت قىلغۇچىلارغا ئىززەت ۋە كۈچ - قۇۋۋەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ئەمما زامانىمىزدىكى پۈتۈن دۇنيادىكى كۆپۈكلە ئايلانغانلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىبادىتى ئىماننى ئۆز تەقەززالىرىدىن ئايرىپ، قۇرۇق سۆزگە ئايلاندۇرۇپ قويغان، ئىلاھىي تەكلىپلەرنى ئىبادەت دائىرىسىدىن چىقىرىۋەتكەن، مۇھىم ئىبادەتلەرنى جانلىق مەزمۇنىدىن قۇرۇقدۇۋەتكەن ئىبادەتتۇر. بۇنداق ئىبادەت بۇ كۆپۈكلەشكەنلەرگە زىياندىن باشقا ھېچ نەرسە ئېلىپ كەلمەيدۇ. بۇرمىلانغان، يىگىلگەن يوقىلاڭ ئىبادەتنى قىلىۋاتقان كۆپۈكچىلەر ئۆزىنى قۇتقۇزالمىغانىنىڭ ئۈستىگە اللهنىڭ يولىغا توسۇق بولۇۋاتىدۇ. بۇ كۆپۈكچىلەرنى ھىمايە قىلىپ: «ئۇلارمۇ مۇئمىن، ئىسلامنىڭ ئەمەللىرىنى بەجا كەلتۈرمىگەن تەقدىردىمۇ جەننەتكە كىرىدۇ» دەۋاتقانلار ئۇلارنى ھىمايە قىلىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، بۇ ھىمايە قىلىشنىڭ يامان تەسىر پەيدا قىلىدىغانلىقىنى ئويلاشمايۋاتىدۇ.

بۇ ھىمايە قىلىش كۆپۈكچىلەرنىڭ ئۆزىگىمۇ يامان تەسىر پەيدا قىلىدۇ.

---

[1] سۈرە نۇر، 55- ئايەت.

www.uyghurkitap.com

چۈنكى بۇ، كۆپۈكچىلەرنى تېخىمۇ بىخۇدلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆز ئەھۋالىنى ئوڭشاشقا ئىنتىلمەيدىغان قىلىپ قويىدۇ. بۇ ھىمايە قىلىش يەنە ئىسلامغا كىرىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان زىيالىيلاردىمۇ يامان تەسىر پەيدا قىلىدۇ. بىز زىيالىيلارغا: «زامانىمىزدىكى مۇشكۇلچىلىكلەرنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى پەقەت ئىسلام، ئىمان ۋە ساغلام ئىبادەت» دېسەك، ئۇلار مەسخىرە بىلەن مۇرىسىنى قىسىپ مۇنداق دەيدۇ: ئىسلام بار، ئىمانمۇ بار، ئىبادەتمۇ بارغۇ! شۇنداق تۇرۇپ، جاھاندا ھەممىنىڭ كەينىدە قالغىنى مۇسۇلمانلار. سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي قىيىنچىلىقلارغا ئەڭ كۆپ ئۇچراۋاتقانلارمۇ يەنىلا مۇسۇلمانلار. ئەڭ يامان ھالغا چۈشۈپ قالغىنىمۇ يەنىلا مۇسۇلمانلار! شۇنداق ئىكەن، بىز ئىسلامنىڭ سىرتىدىن ھەل قىلىش چارىسى ئىزدەيلى! چۈنكى ئىسلام كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا تەسىر كۆرسىتەلمەيدىكەن، كىشىلەرنىڭ مۇشكۇلىنى ھەل قىلالمايدىكەن!

بىز ئۆزىمىزگىمۇ ۋە باشقىلارغىمۇ ئوچۇق گەپ قىلىشىمىز كېرەك. بىز ئۇلارغا ھازىرقى كىشىلەرگە باھا بېرىشتىن يىراق بولغان ھالدا مۇنداق دېيىشىمىز كېرەك: «ھازىر كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇۋاتقىنى اللە نازىل قىلغان دىن ئەمەس، اللە بۇيرۇغان ئىبادەت ئەمەس. بىز ئاۋۋال خاتا چۈشەنچىلەرنى تۈزىتىشىمىز، ئاندىن توغرا ئىسلامىي چۈشەنچىلەر بويىچە ھەممە ئىشلىرىمىزنى قايتا قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك!»

مۇسۇلمانلارغا كەلگەن ھەزارىي، ئىلمىي، ھەربىي، سىياسىي، ماددىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، پىكرى ۋە روھىي قالاقلىقلارنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى ئەمەس. تارىخى مۇقەررەرلىك ۋە ئىقتىسادىي ئۈستقۇرۇلمىدىمۇ ئەمەس. بەلكى ئۇنىڭ تۈپكى سەۋەبى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاۋۋال مەسلەك جەھەتتە، ئاندىن ئېتىقادىي تونۇش جەھەتتە بۇزۇلۇپ، ئاخىرىغا بارغاندا ئىسلامنى ئۆزىنىڭ مەزمۇنىدىن قۇرۇقدىۋەتكەنلىكىدە.

«دۈشمەنگە قارشى كۈچى يەتكەن مىقداردا تەييارلىق قىلىش» ئىبادەتىنىڭ جۈملىسىدىن بولغان زامانلاردا ھېچكىم مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنىنى ئىگەللىۋېلىشقا، ئۇلارنىڭ بايلىقلىرىنى تالان - تاراج قىلىشقا پېتىنالمىغانىدى.

«ئىلىم تەلەپ قىلىش» پەرز ئىبادەتىنىڭ جۈملىسىدىن بولغان زامانلاردا ئىلمىي قالاقلىق مەۋجۇد ئەمەس ئىدى. بەلكى مۇسۇلمانلار بىلىملىك ئۈممەت بولۇپ، ياۋروپالىقلارغا ئۇستاز بولغان ئىدى.

«زېمىننىڭ ھەر تەرەپلىرىدە مېڭىپ رىزىق ئىزدەش» ئىبادەتىنىڭ جۈملىسىدىن بولغان زامانلاردا ئىسلامىي جەمئىيەت دۇنيادىكى ئەڭ باي جەمئىيەت ئىدى.

مەسئۇلىيەتچانلىق ئىبادەتىنىڭ جۈملىسىدىن بولغان، ئىش ئۈستىدىكىلەر ئۆزىنىڭ پۇقرالارغا مەسئۇل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان زامانلاردا كەمبەغەللەر مەسىلىسى مەۋجۇد ئەمەس ئىدى. چۈنكى، كەمبەغەللىك مۇشكۇلچىلىكىنى ھەل قىلىشنىڭ ئىلاھىي چارىسى ئىسلامىي جەمئىيەتتە اللهقا ئىبادەت قىلىش شەكلى بىلەن يولغا قويۇلاتتى.

ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش ئىبادەتىنىڭ جۈملىسىدىن بولغان زامانلاردا ئاياللار مەسىلىسى مەۋجۇد ئەمەس ئىدى. چۈنكى، الله ئاياللارغا بەرگەن ھوقۇق ۋە كاپالەتلەر اللهقا ئىتائەت قىلىش ۋە ئىبادەت قىلىش يۈزىسىدىن ئاياللارغا تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈلەتتى.

ئاخىر زاماندىكى مۇسۇلمانلارمۇ پەقەت دەسلەپكى مۇسۇلمانلارنىڭ يولىغا ماڭغاندىلا ئاندىن ئۆزىنى ئوڭشىيالايدۇ.

ئاۋۋال خاتا چۈشەنچىلەرنى تۈزىتىشىمىز، ئاندىن توغرا ئىسلامىي چۈشەنچىلەر بويىچە ھەممە ئىشىمىزنى قايتا قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك.

بۇ جايدا ھەرگىزمۇ قالاقلىقنى، زەئىپلىكنى قىسقا ۋاقىتتا يوقىتىپ،

تەرەققىيات ۋە كۈچ - قۇدرەت ئېلىپ كېلەلەيدىغان سېھىرلىك چارە يوق.

بۇ جايدا پەقەت ئىلاھىي قانۇنىيەت بار. ئىنسانلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئىشلىرى شۇ قانۇنىيەت بويىچە بولىدۇ.

بىز شۇ قانۇنىيەتلەرگە ئۇيغۇن ھەرىكەت قىلغىنىمىزدا مۇشكۈلچىلىكلىرىمىز ھەل بولىدۇ.

دىنىمىزنى بۇزۇپ قويۇپ، ئاندىن «خۇدا»، «خۇدا» دېيىش ئىلاھىي قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. الله بىزگە بۇ دۇنيالىق ھايات توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنكُمْ وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُمْ فِي الْأَرْضِ كَمَا اسْتَخْلَفَ الَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ الَّذِي ارْتَضَىٰ لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُم مِّن بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْنًا يَعْبُدُونَنِي لَا يُشْرِكُونَ بِي شَيْئًا وَمَن كَفَرَ بَعْدَ ذَٰلِكَ فَأُولَٰئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ**﴾ ﴿الله ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ، شۇ ۋەدىدىن كېيىن كاپىر بولغانلار اللهنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر﴾[1].

ئاخىرەت توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**لَّيْسَ بِأَمَانِيِّكُمْ وَلَا أَمَانِيِّ أَهْلِ الْكِتَابِ مَن يَعْمَلْ سُوءًا يُجْزَ بِهِ وَلَا يَجِدْ لَهُ مِن دُونِ اللَّهِ وَلِيًّا وَلَا نَصِيرًا وَمَن يَعْمَلْ مِنَ الصَّالِحَاتِ مِن ذَكَرٍ أَوْ أُنثَىٰ وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَأُولَٰئِكَ يَدْخُلُونَ الْجَنَّةَ وَلَا يُظْلَمُونَ نَقِيرًا**﴾ ﴿الله ۋەدە قىلغان ساۋاب) سىلەرنىڭ قۇرۇق ئارزۇيۇڭلار ۋە ئەھلى كىتابنىڭ قۇرۇق ئارزۇسى بىلەن قولغا كەلمەيدۇ، كىمكى بىر يامانلىق قىلىدىكەن، بۇنىڭ ئۈچۈن

---

[1] سۈرە نۇر،55 - ئايەت.

(دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە) جازالىنىدۇ، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن اللەتىن باشقا (اللەنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچقانداق دوست ۋە ھېچقانداق مەدەتكار تاپالمايدۇ. ئەر-ئاياللاردىن مۆئمىن بولۇپ تۇرۇپ ياخشى ئىشلارنى قىلغانلار جەننەتكە داخىل بولىدۇ، ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى قىلچە كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ)﴾[1].

بۇ ئايەتلەردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، دۇنيادا ئۇتتۇق قازىنىش يولى بىلەن ئاخىرەتتە ساۋابقا ئېرىشىشنىڭ يولى ئوخشاشلا بىر يولدۇر. دۇنيادا ئۇتتۇق قازانغانلارمۇ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار، ئاخىرەتتە ساۋاب تاپقانلارمۇ يەنە شۇلار. شۇڭا دىنىمىزنىڭ دۇنيانى ئاخىرەتنىڭ ئېكىنزارلىقى دېيىشى، زېمىندا اللەنىڭ ھاكىمىيىتىنى بەرپا قىلىشنى، ئىلاھىي ئادالەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى، ئىلىم تەلەپ قىلىشنى، رىزىق ئىزدەشنى، بالا - چاقىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى، اللەنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى كۈچ تەييارلاشنى، ئەخلاقلىق بولۇشنى ئىبادەتنىڭ تەركىبىي قىسمى قىلىپ بەلگىلىشى، بۇ ئىبادەتلەرنىمۇ ناماز، زاكات، روزا، ھەجنى ئادا قىلغاندەك ئادا قىلىشنى تەلەپ قىلىشى ھەيران قالارلىق ئەمەس.

ئەمما مۇرجىئىلەرنىڭ ئەمەلنى ئىمان ئۇقۇمىدىن، ئىبادەت ئۇقۇمىدىن ئايرىۋېتىدىغان يولى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان ئېلىپ كېلىدىغان يولدۇر: ﴿كُلٌّ يَعْمَلُ عَلَى شَاكِلَتِهِ﴾ ﴿ھەر ئادەم ئۆز يولى بويىچە ئىش قىلىدۇ﴾[2].

﴿وَلِكُلٍّ دَرَجَاتٌ مِمَّا عَمِلُوا﴾ ﴿ھەرئادەمنىڭ قىلغان ئەمەلىگە يارىشا دەرىجىسى بولىدۇ﴾[3].

[1] سۈرە نىسا، 123- ۋە 124- ئايەتلەر.

[2] سۈرە ئىسرا، 84- ئايەت.

[3] سۈرە ئەنئام، 132- ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# قازا ۋە قەدەر (تەقدىر) چۈشەنچىسى

قازا ۋە قەدەرگە ئىشىنىش ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئاساسلىرىنىڭ بىرى. بۇ ھەقتە ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «**الإيمان أن تؤمن بالله وملائكته وكتبه ورسله واليوم الآخر والقدر خيره وشره**» «ئىمان دېگەن اللهقا، اللهنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، ئاخىرەت كۈنىگە، ياخشىلىق ۋە يامانلىقلىنىڭ تەقدىر بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشتۇر»[1].

قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش تارىختىن بۇيان ئىسلامىي ئۈممەتكە خاس ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى بولۇپ كەلدى. لېكىن قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش تۈنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنىڭ تونۇشىدا ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئۈندىگۈچى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى ئىجابىي كۈچ ئىدى. قازا ۋە قەدەرنىڭ بۇ توغرا ئۇقۇمى كېيىنكى مۇسۇلمانلارنىڭ تونۇشىدا ئۆزگىرىپ، ۋەيران قىلغۇچى، سەلبىي كۈچكە ئايلىنىپ قالدى. قارىماققا بۇرۇنقىلارنىڭ قازا ۋە قەدەر چۈشەنچىسى بىلەن كېيىنكىلەرنىڭ قازا ۋە قەدەر چۈشەنچىسى ئوخشاشتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئوخشىمايدۇ. بۇنداق ئوخشىماسلىق ھەممە ئىشتا ئوخشاش يۈز بەرگەن.

كېيىنكى مۇسۇلمانلارمۇ بۇرۇنقى مۇسۇلمانلارغا ئوخشاشلا كەلىمە شاھادەت ئېيتىدۇ. لېكىن بۇرۇنقىلار ئېيتقان كەلىمە شاھادەت يەنى ئىمان پۈتۈن جاھاننى لەرزىگە سالغان. چۈنكى، ئۇ چاغدا ئىمان ئەمەلىيلەشكەن ئىدى. كېيىنكىلەر ئېيتقان كەلىمە شاھادەت يەنى ئىمان ھېچ ئىش قىلالمىدى. ھەربىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەممىدىن خەتەرلىك

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

بولغان ئىدىيۋى ھۇجۇم ئالدىدا مۇسۇلمانلىقنى ساقلاپ قالالمىدى. چۈنكى، بۇ چاغدا ئىمان ئەمەلىيەتكە ئاشمىغان قۇرۇق سۆزگە ئايلانغان ئىدى.

بۇرۇندىن باشلاپ ھازىرغىچە نامازنىڭ قىيام، تەشەھھۇد، رۇكۇ، سەجدە، قىرائەت، ئايەتلىرىدە ئۆزگىرىش بولمىدى. لېكىن ئەينى ۋاقىتتا ناماز ھەقىقىي مەزمۇنى ۋە تەلەپ - تەقەززالىرى بويىچە ئادا قىلىنغاچقا، ھاياتىي كۈچكە تولغان، كۈچلۈك، ھەيۋەتلىك بىر ئۇممەتنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى جاكارلاپ، بۇ ئۇممەتنىڭ ئىنسانىي مەۋجۇدلۇقىنىڭ غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئۇممەت ئىنسانىي مەۋجۇدلۇقنىڭ غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرمىغان باشقا مىللەتلەر ئۈستىدىن غالىب كەلگەن ئىدى. اللهنىڭ تۆۋەندىكى ئايەتتە بايان قىلغان قانۇنىيىتى ئىشقا ئاشقان ئىدى:

﴿وَلَقَدْ كَتَبْنَا فِي الزَّبُورِ مِنْ بَعْدِ الذِّكْرِ أَنَّ الْأَرْضَ يَرِثُهَا عِبَادِيَ الصَّالِحُونَ﴾ ﴿بىز لەۋھۇلمەھپۇزدا (ئەزەلدە) يازغاندىن كېيىن، (داۋۇدقا نازىل قىلىنغان) زەبۇردا زېمىنغا (يەنى جەننەت زېمىنغا) ھەقىقەتەن مېنىڭ ياخشى بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ دەپ يازدۇق﴾[1].

اللهنىڭ بۇ ئۇممەتكە بەرگەن مۇنۇ ۋەدىسىمۇ ئىشقا ئاشقان ئىدى:

﴿وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنْكُمْ وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُمْ فِي الْأَرْضِ كَمَا اسْتَخْلَفَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ الَّذِي ارْتَضَى لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُمْ مِنْ بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْنًا يَعْبُدُونَنِي لَا يُشْرِكُونَ بِي شَيْئًا وَمَنْ كَفَرَ بَعْدَ ذَلِكَ فَأُولَئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ﴾ ﴿الله ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ

[1] سۈرە ئەنبىيا، 105- ئايەت.

www.uyghurkitap.com

بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ، شۇ ۋەدىدىن كېيىن كاپىر بولغانلار اللّٰهنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر﴾[1].

قازا ۋە قەدەر ئەقىدىسىنىڭ ئىشمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولىدى. پۈتۈن كائىناتتا ۋە ئىنسان ھاياتىدا بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى اللّٰهنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بولىدۇ، بۇ بىپايان كائىناتتا ۋە ئىنسان ھاياتىدا پەقەت اللّٰه خالىغان ئىشلارلا يۈز بېرىدۇ. مانا بۇنىڭغا ئىشىنىش قازا ۋە قەدەرگە ئىشەنگەنلىكتۇر.

﴿**إِنَّا كُلَّ شَيْءٍ خَلَقْنَاهُ بِقَدَرٍ**﴾ ﴿بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق﴾[2].

﴿**مَا أَصَابَ مِنْ مُصِيبَةٍ فِي الْأَرْضِ وَلَا فِي أَنْفُسِكُمْ إِلَّا فِي كِتَابٍ مِنْ قَبْلِ أَنْ نَبْرَأَهَا إِنَّ ذَلِكَ عَلَى اللَّهِ يَسِيرٌ**﴾ ﴿يەر يۈزىدىكى بارلىق ھادىسىلەر ۋە ئۆزەڭلار ئۇچرىغان مۇسىبەتلەر بىز ئۇلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلغان، بۇ (ئىش)، شۈبھىسىزكى، اللّٰهقا ئاساندۇر﴾[3].

﴿**مَا أَصَابَ مِنْ مُصِيبَةٍ إِلَّا بِإِذْنِ اللَّهِ وَمَنْ يُؤْمِنْ بِاللَّهِ يَهْدِ قَلْبَهُ وَاللَّهُ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ**﴾ ﴿كىشىگە يەتكەن ھەر قانداق مۇسىبەت پەقەت اللّٰهنىڭ ئىزنى (يەنى قازاسى) بىلەنلا (يېتىدۇ)، كىمكى اللّٰهقا (يەنى ھەرقانداق مۇسىبەت اللّٰهنىڭ قازاسى بىلەن يېتىدۇ دېگەن سۆزگە) ئىشىنىدىكەن، اللّٰه ئۇنىڭ قەلبىنى (سەۋرگە) يېتەكلەيدۇ، اللّٰه ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر﴾[4].

---

[1] سۈرە نۇر، 55- ئايەت.
[2] سۈرە قەمەر، 49- ئايەت.
[3] سۈرە ھەدىد، 22- ئايەت.
[4] سۈرە تەغابۇن، 11- ئايەت.

﴿قُلْ لَنْ يُصِيبَنَا إِلَّا مَا كَتَبَ اللَّهُ لَنَا هُوَ مَوْلَانَا وَعَلَى اللَّهِ فَلْيَتَوَكَّلِ الْمُؤْمِنُونَ﴾

﴿ئېيتقىنكى، بىزگە پەقەت اللەنىڭ تەقدىر قىلغان نەرسىسى يېتىدۇ، ئۇ بىزنىڭ مەدەتكارىمىزدۇر. مۇئمىنلەر اللەقا تەۋەككۇل قىلسۇن (يەنى مۇئمىنلەر ھەممە ئىشنى اللەقا تاپشۇرسۇن، ئۇندىن باشقا ھېچ ئەھەدىگە يۆلەنمىسۇن)﴾[1].

تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار تەقدىرنى تەۋەككۇل قىلىشقا ئاساس قىلغان بولسا، كېيىنكىلەر يۆلىنىۋېلىشقا ئاساس قىلدى. بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئىمان چۈشەنچىسى ۋە ئىبادەت چۈشەنچىسىدىكى پەرقتىن قېلىشمايدۇ.

بۇرۇنقى مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىدە ۋە پۈتۈن كائىناتتا بولىدىغان ئىشلارنىڭ اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا، الله ئەزەلدە تەقدىر قىلىپ، لەۋھۇلمەھپۇزغا پۈتكەن ئىشلارنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. بۇ ئىشىنىشنىڭ نەتىجىسىدە ئۆز كۆڭلىدە مۇنداق دەيتتى: «جەڭ مەيدانىغا بارسام، شۇ يەرگە بارغانلىق سەۋەبىمدىن ئۆلتۈرۈلەمدىمەن ياكى اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن ئۆلتۈرۈلەمدىمەن؟»
ئەگەر ماڭا شۇ يەردە شېھىد بولۇش تەقدىر قىلىنغان بولسا، اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن ئۆلتۈرۈلىمەن، قايتىپ كېلىش تەقدىر قىلىنغان بولسا، قايتىپ كېلىمەن. مۇبادا الله ماڭا ئۆلۈشنى تەقدىر قىلغان بولسا، جەڭگە چىقماي ئۆيۈمدە ئولتۇرساممۇ ئۆلۈۋېرىمەن. شۇنداق ئىكەن، مەن يەنە نېمىدەپ جەڭگە چىقمىغۇدەكمەن؟! ئۆلۈمدىن قورقۇپمۇ؟ ئۆلۈم ئاللىبۇرۇن تەقدىر قىلىنىپ بولغان تۇرسا! ئازار كۆلپەتتىن قورقۇپمۇ؟ الله تەقدىر قىلغان ئازار - كۆلپەت كەلمەي قالامدىغۇ!؟ ياق! رەببىمىز پەرز قىلغان ئىشنى قىلىشقا بېرىشىمىز كېرەك! بىزگە پەقەت اللەنىڭ تەقدىر قىلغان نەرسىسى يېتىدۇ، ئۇ بىزنىڭ مەدەتكارىمىزدۇر، مۇئمىنلەر اللەقا تەۋەككۇل قىلسۇن. شۇنداق

[1] سۇرە تەۋبە، 51- ئايەت.

قىلىپ، ئۇ قورقۇمسىزلىق بىلەن جەڭ قىلغىلى باردۇ، قەھرىمانلىق كۆرسىتىدۇ، الله ئۇنىڭ بىلەن زېمىندىكى تەقدىرنى ئىجرا قىلىدۇ، دىنغا ياردەم بېرىدۇ ۋە دىنىنى مۇستەھكەملەيدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇنىڭغا الله تەقدىر قىلغان ئىككى ئىشنىڭ بىرى بولىدۇ: يا شېھىد بولىدۇ، يا غەلىبە قىلىدۇ.

﴿**قُلْ هَلْ تَرَبَّصُونَ بِنَا إِلَّا إِحْدَى الْحُسْنَيَيْنِ**﴾ ﴿ئېيتقىنكى، سىلەر پەقەت بىزنىڭ (غەلىبە قىلىش ياكى شېھىت بولۇشتىن ئىبارەت) ئىككى خىل ياخشى ئاقىۋەتنىڭ بىرىگە ئېرىشىشىمىزنى كۈتۈۋاتىسىلەر﴾[1].

ئۇھۇد ئۇرۇشىدىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، مۇناپىقلار ۋە ئىمانى ئاجىزلار تەۋرەپ قالدى. بۇ چاغدا بىرقانچە ئايەت نازىل بولۇپ، بۇ ھەقىقەتنى تەكىتلەپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىدىيىسىنى تۇراقلاشتۇردى: ﴿**ثُمَّ أَنْزَلَ عَلَيْكُمْ مِنْ بَعْدِ الْغَمِّ أَمَنَةً نُعَاسًا يَغْشَى طَائِفَةً مِنْكُمْ وَطَائِفَةٌ قَدْ أَهَمَّتْهُمْ أَنْفُسُهُمْ يَظُنُّونَ بِاللَّهِ غَيْرَ الْحَقِّ ظَنَّ الْجَاهِلِيَّةِ يَقُولُونَ هَلْ لَنَا مِنَ الْأَمْرِ مِنْ شَيْءٍ قُلْ إِنَّ الْأَمْرَ كُلَّهُ لِلَّهِ يُخْفُونَ فِي أَنْفُسِهِمْ مَا لَا يُبْدُونَ لَكَ يَقُولُونَ لَوْ كَانَ لَنَا مِنَ الْأَمْرِ شَيْءٌ مَا قُتِلْنَا هَاهُنَا قُلْ لَوْ كُنْتُمْ فِي بُيُوتِكُمْ لَبَرَزَ الَّذِينَ كُتِبَ عَلَيْهِمُ الْقَتْلُ إِلَى مَضَاجِعِهِمْ وَلِيَبْتَلِيَ اللَّهُ مَا فِي صُدُورِكُمْ وَلِيُمَحِّصَ مَا فِي قُلُوبِكُمْ وَاللَّهُ عَلِيمٌ بِذَاتِ الصُّدُورِ**﴾ ﴿غەمدىن كېيىن الله سىلەرگە ئەمىنلىك چۈشۈرۈپ بەردى، سىلەرنىڭ بىر قىسمىڭلارنى (يەنى ھەقىقىي مۇئمىنلەرنى) مۈگدەك باستى، يەنە بىر قىسمىڭلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆزلىرى بىلەن بولۇپ كەتتى (يەنى كۇففارلار قايتا ھۇجۇم قىلارمۇ، دەپ جان قايغۇسى بىلەن بولۇپ كەتتى. بۇلار، جاھىلىيەت دەۋرى كىشىلىرىگە ئوخشاش، اللەقا قارىتا ناتوغرا گۇمانلاردا بولدى، ئۇلار: «بىزگە الله ۋەدە قىلغان غەلىبىدىن نېسىۋە بارمۇ؟» دەيدۇ. ئېيتقىنكى، «ھەممە ئىش ھەقىقەتەن اللەنىڭ ئىلكىدە». ئۇلار ساڭا ئاشكارا قىلمايدىغان نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىدە يوشۇرۇشىدۇ. ئۇلار: ئەگەر بىزگە غەلىبىدىن ئازراق نېسىۋە بولسا

[1] سۈرە تەۋبە، 52- ئايەت.

ئىدى، بۇ يەردە ئۆلتۈرۈلمەيتتۇق، دەيدۇ. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەر ئۆيلىرىڭلاردا بولغان تەقدىردىمۇ (ئاراڭلاردىكى) ئۆلتۈرۈلۈشى پۈتۈۋېتىلگەن كىشىلەر چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىدىغان جايلىرىغا بېرىشىدۇ (اللەنىڭ قازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ). (اللەنىڭ مۇنداق قىلىشى) كۆڭلۈڭلاردىكىنى سىناش ۋە قەلبىڭلاردىكى نەرسىلەرنى پاكلاش ئۈچۈندۇر. الله كۆڭۈللەردىكىنى (ياخشىلىق بولسۇن، يامانلىق بولسۇن) بىلگۈچىدۇر﴾[1].

﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَكُونُوا كَالَّذِينَ كَفَرُوا وَقَالُوا لِإِخْوَانِهِمْ إِذَا ضَرَبُوا فِي الْأَرْضِ أَوْ كَانُوا غُزًّى لَوْ كَانُوا عِنْدَنَا مَا مَاتُوا وَمَا قُتِلُوا لِيَجْعَلَ اللَّهُ ذَلِكَ حَسْرَةً فِي قُلُوبِهِمْ وَاللَّهُ يُحْيِي وَيُمِيتُ وَاللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ وَلَئِنْ قُتِلْتُمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ أَوْ مُتُّمْ لَمَغْفِرَةٌ مِنَ اللَّهِ وَرَحْمَةٌ خَيْرٌ مِمَّا يَجْمَعُونَوَلَئِنْ مُتُّمْ أَوْ قُتِلْتُمْ لَإِلَى اللَّهِ تُحْشَرُونَ**﴾ ﴿ئى مۆئمىنلەر! سەپەرگە چىققان ياكى غازاتقا چىققان قېرىنداشلىرى ھەققىدە، ئۇلار يېنىمىزدا بولغاندا ئۆلمەيتتى ۋە ئۆلتۈرۈلمەيتتى، دېگەن كاپىرلارغا ئوخشاش بولماڭلار، الله بۇنى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا ھەسرەت قىلسۇن. الله تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ (ئۇلارنىڭ غازاتقا چىقماسلىقى ئۇلارنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ). الله قىلمىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. شۈبھىسىزكى، ئەگەر سىلەر الله يولىدا (يەنى غازاتتا) ئۆلتۈرۈلسەڭلار ياكى (غازاتقا كېتىپ بېرىپ ئۆز ئەجىلىڭلار بىلەن) ئۆلسەڭلار، سىلەرگە الله تەرىپىدىن بولغان مەغپىرەت ۋە رەھمەت، ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ توپلايدىغان دۇنياسىدىن ئارتۇقتۇر. ئەگەر سىلەر (ئۆز ئەجىلىڭلار بىلەن) ئۆلسەڭلار ياكى (جەڭ مەيدانىدا) ئۆلتۈرۈلسەڭلار (ئاخىرەتتە) چوقۇم اللەنىڭ دەرگاھىغا توپلىنىسىلەر(الله سىلەرنى ئەمەلىڭلارغاقاراپ مۇكاپاتلايدۇ﴾[2].

بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار نامەلۇم جايلارنى بايقاپ، دەۋەت ئېلىپ باراتتى،

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 154- ئايەت.

[2] سۈرە ئال ئىمران، 156- ئايەتتىن 158- ئايەتكىچە.

ئىلىم تەلەپ قىلاتتى، رىزىق ئىزدەيتتى، جاھان كېزىپ خەتەرلەرگە، مۈشەققەتلەرگە ئۆزىنى ئۇراتتى. ئۇلارنىڭ تونۇشىدا پەقەت اللهقا تەۋەككۇل قىلىپ ئالغا ئىلگىرىلەشلا بار ئىدى. بۇ ئالغا ئىلگىرىلەش روھىي قانداقلارچە بەل قويۇۋېتىشكە، اللهنىڭ تەقدىرىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشقا ئۆزگىرىپ قالدى؟!

بۈرۈنقى مۇسۇلمانلارنىڭ تونۇشىدا قازا ۋە قەدەرگە ئىشىنىش مەسئۇلىيەتنى يوققا چىقارمايتتى. ئۆتكۈزگەن خاتالىقنىڭ جازاسىنى تارتماي بولمايتتى.

ئۇھۇد ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلارغا بۇ ھەقتە ناھايىتى چوڭ ۋە چوڭقۇر بىر دەرس بېرىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر بۆلۈك ئوقچىلار قىسمىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقا سەپ مۇداپىئەسىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەرقانداق ئەھۋال بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئۆز ئورنىدىن يۆتكىلىپ كەتمەسلىككە بۇيرىدى. ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ يەڭگەنلىكىنى كۆرۈپ، جەڭ ئاخىرلاشقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، غەنىيمەت يىغىش ئۈچۈن ئۆز ئورنىدىن ئايرىلدى. بۇنى كۆرگەن مۇشرىكلارنىڭ ئاتلىق قوشۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىسىدىن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، مۇسۇلمانلارنى مەغلۇبىيەت ۋە تالاپەتكە ئۇچراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ يارىلاندى. كاپىرلار: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈردۇق» دەپ داۋراڭ سېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى بۇزدى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغان مۆئمىنلەرگە كايىپ ۋە ئۇلارغا چۈشەنچە بېرىپ ئايەت نازىل بولدى. شۇ ئايەتلەرنىڭ بىرى تۆۋەندىكى ئايەت:

﴿أَوَلَمَّا أَصَابَتْكُمْ مُصِيبَةٌ قَدْ أَصَبْتُمْ مِثْلَيْهَا قُلْتُمْ أَنَّى هَذَا قُلْ هُوَ مِنْ عِنْدِ أَنْفُسِكُمْ إِنَّ اللَّهَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌوَمَا أَصَابَكُمْ يَوْمَ الْتَقَى الْجَمْعَانِ فَبِإِذْنِ اللَّهِ وَلِيَعْلَمَ الْمُؤْمِنِينَ﴾

﴿سىلەرگە يەتكەن مۇسىبەت سىلەر دۈشمەنگە يەتكۈزگەن مۇسىبەتنىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدىغان تۇرسا (يەنى ئۇھۇد غازىتىدا سىلەردىن 70 كىشى

شېھىت بولغان تۇرسا، بەدرى غازىتىدا بولسا مۇشرىكلاردىن 70 كىشىنى ئۆلتۈرگەن، 70 كىشىنى ئەسىر ئالغان تۇرساڭلار)، سىلەر يەنە: «بۇ مۇسىبەت قەيەردىن كەلدى؟» دېدىڭلار. ئېيتقىنكى، «ئۇ سىلەرنىڭ ئۆزلىرىڭلاردىن (يەنى پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىڭلار ۋە غەنىيمەتكە ھېرىس بولغانلىقىڭلاردىن) بولدى». الله ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر. ئىككى قوشۇن ئۇچراشقان كۈندە (يەنى مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار توقۇنۇشقان ئۇھۇد جېڭىدە) سىلەرگە كەلگەن مۇسىبەت اللهنىڭ ئىرادىسى بىلەن كەلگەندۇر، بۇ ھەقىقىي مۆئمىنلەرنى بىلىش (يەنى ئايرىش) ئۈچۈندۇر﴾[1].

سىلەرگە كەلگەن مۇسىبەت ئۆزلىرىڭلاردىن (يەنى پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىڭلار ۋە غەنىيمەتكە ھېرىس بولغانلىقىڭلاردىن) بولدى... اللهنىڭ ئىرادىسى بىلەن كەلگەندۇر.

دېمەك، قازا ۋە قەدەرگە ئىشىنىش بىلەن ئۆتكۈزگەن خاتالىققا مەسئۇل بولۇش تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، بۇ ئىككىسى بىر - بىرىگە زىت ئەمەس. تەقدىر بىلەن مەسئۇلىيەتنى ئۆزئارا سېلىشتۇرماسلىق ئىسلامىي ئۇممەتنىڭ ئۆزىگە خاس كاتتا ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇلار چوڭ - كىچىك ھەرقانداق ئىشتا اللهنىڭ تەقدىرىگە ئىشىنەتتى ھەم ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىگە ھېزى بولۇپ، خاتا ــ توغرىسىنى ئايرىپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار تەقدىرگە ئىشىنىش بىلەن مەسئۇلىيەتچانلىقنىڭ مۇۋازىنىتىنى ساقلاپ قالاتتى. بۇ خىل ئاجايىپ مۇۋازىنەت قانداقلارچە قازا ۋە قەدەرگە ئىشىنىشنى دەستەك قىلىپ، مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئايلىنىپ قالدى؟!

تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 165- ۋە 166- ئايەتلەر.

سەۋەب قىلىشنى ئۆزئارا زىت دەپ قارىمايتتى. ئۇلار شۇنى ناھايىتى ئوبدان چۈشىنەتتىكى، اللە بۇ كائىناتتا ۋە ئىنسان ھاياتىدا ئۆزگەرمەيدىغان قانۇنىيەتلەرنى بېكىتكەن ئىدى. اللەنىڭ خاھىشى مۇتلەق ئەركىن بولغاچقا، قانۇنىيەتلەرنى بۇزۇۋېتىپ، ھەرقانداق ئىشنى قىلسا قىلىۋېرەتتى، لېكىن اللە بۇ دۇنيانى قانۇنىيەتكە بەنتلىگەن ئىدى. بۇ قانۇنىيەتلەرنىڭ جارى بولۇشى ۋە بولماسلىقى اللەنىڭ خاھىشىغا باغلىق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دۇنيادا مۇئەييەن نەتىجىگە ئېرىشمەكچى بولغاندا قانۇنىيەت بويىچە ئىش قىلىش كېرەك ئىدى. يەنى نەتىجىگە يەتكۈزگۈچى سەۋەبلەرنى قىلىش كېرەك ئىدى. اللە بۇ ھەقتە قۇرئاندا ئوچۇق چۈشەنچە بەرگەن ئىدى.

اللە ئۆز دىنىغا غەلىبە ئاتا قىلىشنى، دىننى زېمىندا مۇستەھكەملەشنى، كۇپپارلارنىڭ سۈيىقەستلىرىنى بىكار قىلىشنى تەقدىر قىلغان ئىدى.

﴿هُوَ الَّذِي أَرْسَلَ رَسُولَهُ بِالْهُدَى وَدِينِ الْحَقِّ لِيُظْهِرَهُ عَلَى الدِّينِ كُلِّهِ وَلَوْ كَرِهَ الْمُشْرِكُونَ﴾ ﴿مۇشرىكلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، اللە ھەق دىننى بارلىق دىنلار ئۈستىدىن غالىب قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبىرىنى ھىدايەت بىلەن ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى﴾[1].

﴿وَلَا يَحْسَبَنَّ الَّذِينَ كَفَرُوا سَبَقُوا إِنَّهُمْ لَا يُعْجِزُونَ﴾ ﴿كاپىرلار قۇتۇلدۇق دەپ ئويلىمىسۇن، ئۇلار (پەرۋەردىگارىنىڭ جازاسىدىن) ھەقىقەتەن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ﴾[2].

اللە ئۆز دىنىغا غەلىبە قىلىشنى تەقدىر قىلدى. كاپىرلار اللەنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. اللەنىڭ تەقدىرى ھامان ئىشقا ئاشىدۇ. اللەنىڭ ئىرادىسى ئىجرا بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ اللە مۇسۇلمانلارغا: «دىنىنىڭ غەلىبە قىلىشىنى مەن تەقدىر قىلىۋەتكەنىدىكەن، سىلەر مېنىڭ تەقدىرىمنى كۈتۈپ

[1] سۈرە سەف، 9- ئايەت.
[2] سۈرە ئەنفال، 59- ئايەت.

ئولتۇرۇۋالار، مېنىڭ تەقدىرىم ھامان ئىشقا ئاشىدۇ» دېيدىمۇ؟! ياق!!! الله ئۇلارغا دىنىنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىق تەقدىرىنى بىلدۈرگەن شۇ مىنۇتنىڭ ئۆزىدە ئۇلارنى جىھاد قىلىشقا ۋە تەييارلىق قىلىشقا بۇيرۇدى: ﴿وَلَا يَحْسَبَنَّ الَّذِينَ كَفَرُوا سَبَقُوا إِنَّهُمْ لَا يُعْجِزُونَ وَأَعِدُّوا لَهُمْ مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوَّةٍ وَمِنْ رِبَاطِ الْخَيْلِ تُرْهِبُونَ بِهِ عَدُوَّ اللَّهِ وَعَدُوَّكُمْ وَآخَرِينَ مِنْ دُونِهِمْ لَا تَعْلَمُونَهُمُ اللَّهُ يَعْلَمُهُمْ وَمَا تُنْفِقُوا مِنْ شَيْءٍ فِي سَبِيلِ اللَّهِ يُوَفَّ إِلَيْكُمْ وَأَنْتُمْ لَا تُظْلَمُونَ﴾ ﴿كاپىرلار قۇتۇلدۇق دەپ ئويلىمىسۇن، ئۇلار (پەرۋەردىگارىنىڭ جازاسىدىن) ھەقىقەتەن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار، بۇنىڭ بىلەن اللهنىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزەڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقىتىسىلەر، ئۇلارنى سىلەر تونۇمايسىلەر، الله تونۇيدۇ، سىلەرنىڭ الله يولىدا سەرپ قىلغىنىڭلار مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى بۇ ساۋابتىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ)﴾[1].

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِنْ تَنْصُرُوا اللَّهَ يَنْصُرْكُمْ وَيُثَبِّتْ أَقْدَامَكُمْ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! سىلەر اللهقا (يەنى اللهنىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار، الله سىلەرگە (دۈشمىنىڭلارغا قارشى ياردەم بېرىدۇ، قەدىمىڭلارنى (ئۇرۇش مەيدانلىرىدا) بەرقارار قىلىدۇ﴾[2].

دېمەك، غەلىبە اللهنىڭ دەرگاھىدا تەقدىر قىلىنغان بولسىمۇ، يەنىلا سەۋەب قىلىش كېرەك.

مۇسۇلمانلارنىڭ قازا ۋە قەدەرگە كەلتۈرگەن ئىمانى بىلەن، سەۋەب نەتىجە قانۇنىيىتىگە ئىشىنىشى ئۆزئارا سىڭىشىپ كەتكەن. ئەمما

[1] سۈرە ئەنفال، 59-ۋە 60- ئايەتلەر.

[2] سۈرە مۇھەممەد، 7- ئايەت.

مۇسۇلمانلار ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىدەك سەۋەبكە چوقۇنۇپ، سەۋەب اللهنىڭ تەقدىرىدىن ئايرىلغان ھالدا مۇستەقىل نەتىجە بېرىدۇ، دەپ قارىمايدۇ. ھۇنەين ئۇرۇشىدا بۇ ھەقتە مۇسۇلمانلارغا چوڭقۇر دەرس بېرىلدى: ﴿لَقَدْ نَصَرَكُمُ اللَّهُ فِي مَوَاطِنَ كَثِيرَةٍ وَيَوْمَ حُنَيْنٍ إِذْ أَعْجَبَتْكُمْ كَثْرَتُكُمْ فَلَمْ تُغْنِ عَنْكُمْ شَيْئًا وَضَاقَتْ عَلَيْكُمُ الْأَرْضُ بِمَا رَحُبَتْ ثُمَّ وَلَّيْتُمْ مُدْبِرِينَ ثُمَّ أَنْزَلَ اللَّهُ سَكِينَتَهُ عَلَى رَسُولِهِ وَعَلَى الْمُؤْمِنِينَ وَأَنْزَلَ جُنُودًا لَمْ تَرَوْهَا وَعَذَّبَ الَّذِينَ كَفَرُوا وَذَلِكَ جَزَاءُ الْكَافِرِينَ﴾ ﴿الله سىلەرگە نۇرغۇن جەڭ مەيدانلىرىدا ۋە ھۇنەين كۈنىدە (يەنى جېڭىدە) ھەقىقەتەن ياردەم بەردى. ئەينى ۋاقىتتا سانىڭلارنىڭ كۆپلىكىدىن خۇشاللىنىپ كەتتىڭلار (يەنى بۈگۈن بىزنىڭ سانىمىز كۆپ، مەغلۇب بولمايمىز دېدىڭلار، بۇ چاغدا سىلەرنىڭ سانىڭلار 12 مىڭ، دۈشمىنىڭلارنىڭ سانى4000 ئىدى)، سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكى سىلەرگە قىلچە ئەسقاتمىدى. (قاتتىق قورققىنىڭلاردىن) كەڭ زېمىن سىلەرگە تار تۇيۇلدى. ئاندىن(مەغلۇب بولۇپ، رەسۇلۇللانى ئازغىنە مۇئمىنلەر بىلەن تاشلاپ) ئارقاڭلارغا قاراپ قاچتىڭلار. ئاندىن الله پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە (مەرھەمەت قىلىپ) خاتىرجەملىك بېغىشلىدى، سىلەرگە قوشۇنلارنى (يەنى سىلەرگە ياردەمگە پەرىشتىلەرنى) چۈشۈردى، ئۇلارنى سىلەر كۆرمىدىڭلار (شۇنىڭ بىلەن سىلەر غەلىبە قىلدىڭلار)، الله كاپىرلارنى (ئۆلتۈرۈلۈش ۋە ئەسىر ئېلىنىش بىلەن) ئازابلىدى، كاپىرلارنىڭ جازاسى ئەنە شۇ﴾[1].

سەۋەب قىلماي، تەقدىرگە يۆلىنىپ تۇرۇۋېلىش بىلەن سەۋەبكە چوقۇنۇشنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، بۇ ئىككىسىنىڭ مۇۋازىنىتىنى ساقلاش ئىسلامىي ئۇممەتنىڭ ئىسلامدىن ئۆگەنگەن يەنە بىر مۇھىم تەلىماتى. بۇ خىل مۇۋازىنەت قانداقلارچە اللهقا تەۋەككۇل قىلىش باھانىسى بىلەن سەۋەب قىلماي قاراپ ئولتۇرىدىغان پاسسىپلىققا ئايلىنىپ قالدى؟!

[1] سۈرە تەۋبە، 25- ۋە 26 – ئايەتلەر.

تۈنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار اللهنىڭ تەقدىرىگە تەسلىم بولۇش بىلەن ناچار ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تىرىششنى ئۆزئارا زىت دەپ قارىمايتتى.

بۇ ۋۇجۇد ئالەمدىكى ۋە ئىنسانلار ھاياتىدىكى ھەرقانداق ئىش اللهنىڭ قازا ۋە تەقدىرى بىلەن بولىدۇ. مۇسۇلمانلار بۇنىڭدا قىلچە شۈبھىلەنمەيدۇ.

ئىنسانلار ھاياتىدا اللهنىڭ قازا ۋە تەقدىرى بىلەن تۈرلۈك ناچار ھالەتلەر پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ، بۇنىڭغا گاھى ئىنسانلار ئۆزى سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، ئۇھۇد ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىشى مەغلۇبىيەتكە سەۋەب بولغاندەك، گاھى يامان ھالەتنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبىگە ئىنسانلار مەسئۇل بولمايدۇ. مەسىلەن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە بولغان زاماندا ئەمۋاستا يۈز بەرگەن ۋابا كېسەللىكىدەك (ئۇ چاغدا تۋابا كېسەللىكىنىڭ سەۋەبلىرى ۋە ئۇنى داۋالاش چارىسى ئىنسانلارغا مەلۇم ئەمەس ئىدى. شۇڭا بۇنىڭ مەسئۇلىيىتى ھېچقانداق ئادەمنىڭ ئۈستىگە چۈشمەيدۇ). گاھى يامان ھالەت، الله سىناش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ سەپلىرىنى تازىلىغانلىقى سەۋەبىدىن يۈز بېرىدۇ:

﴿**أَحَسِبَ النَّاسُ أَنْ يُتْرَكُوا أَنْ يَقُولُوا آمَنَّا وَهُمْ لَا يُفْتَنُونَ وَلَقَدْ فَتَنَّا الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ فَلَيَعْلَمَنَّ اللَّهُ الَّذِينَ صَدَقُوا وَلَيَعْلَمَنَّ الْكَاذِبِينَ**﴾ ﴿ئىنسانلار «ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي تەرك ئېتىلىمىز، دەپ ئويلامدۇ؟ ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى بىز ھەقىقەتەن سىنىدۇق، الله (ئىماندا) راستچىللارنى چوقۇم بىلىدۇ، (ئىماندا) يالغانچىلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ﴾[1].

مانا بۇنداق مۇسىبەتلەرنىڭ ھەممىسى اللهنىڭ قازا ۋە تەقدىرى بىلەن يۈز بېرىدۇ. الله يۈز بېرىپ بولغان مۇسىبەتلەرگە «تەقدىر» دەپ رازى بولۇشقا بۇيرۇغان. لېكىن ئۇنى ئۆزگەرتىشكە ھەرىكەت قىلماسلىققا بۇيرىمىغان. قازا ۋە قەدەرگە رازى بولۇش باشقا ئىش، ئۇنى ئۆزگەرتىشكە ھەرىكەت

[1] سۈرە ئەنكەبۇت، 2- ۋە 3- ئايەتلەر.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرىسى

قىلماسلىق يەنە باشقا بىر ئىش. الله ئاۋۋالقىسىغا بۇيرۇغان، كېيىنكىسىگە بۇيرۇمىغان. بۇنىڭغا مۇنداق ئۈچ ۋەقەنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىمىز:

ئۇھۇد ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلارنىڭ سەۋەبىدىن اللهنىڭ ئىرادىسى بىلەن مەغلۇبىيەت يۈز بەردى: ﴿قُلْ هُوَ مِنْ عِنْدِ أَنْفُسِكُمْ إِنَّ اللَّهَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ وَمَا أَصَابَكُمْ يَوْمَ الْتَقَى الْجَمْعَانِ فَبِإِذْنِ اللَّهِ﴾ ﴿ئۇ سىلەرنىڭ ئۆزلىرىڭلاردىن (يەنى پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىڭلار ۋە غەنىيمەتكە ھېرىس بولغانلىقىڭلاردىن) بولدى». الله ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر. ئىككى قوشۇن ئۇچراشقان كۈندە (يەنى مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار توقۇنۇشقان ئۇھۇد جېڭىدە) سىلەرگە كەلگەن مۇسىبەت اللهنىڭ ئىرادىسى بىلەن كەلگەندۇر﴾[1].

بۇ چاغدا الله مۇسۇلمانلاردىن بۇ تەقدىرگە رازى بولۇشنى تەلەپ قىلدى: ﴿فَأَثَابَكُمْ غَمًّا بِغَمٍّ لِكَيْلَا تَحْزَنُوا عَلَى مَا فَاتَكُمْ وَلَا مَا أَصَابَكُمْ وَاللَّهُ خَبِيرٌ بِمَا تَعْمَلُونَ ثُمَّ أَنْزَلَ عَلَيْكُمْ مِنْ بَعْدِ الْغَمِّ أَمَنَةً نُعَاسًا يَغْشَى طَائِفَةً مِنْكُمْ﴾ ﴿قولۇڭلاردىن كەتكەن نەرسىگە (يەنى غەنىيمەتكە)، بېشىڭلارغا كەلگەن مۇسىبەتكە (يەنى مەغلۇبىيەتكە) قايغۇرماسلىقىڭلار ئۈچۈن، الله سىلەرگە غەم ئۈستىگە غەم بەردى (يەنى سىلەرنى غەنىيمەتتىن مەھرۇم قىلغانلىقنىڭ ئۈستىگە مەغلۇبىيەت بىلەن جازالىدى). الله قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر. غەمدىن كېيىن الله سىلەرگە ئەمىنلىك چۈشۈرۈپ بەردى، سىلەرنىڭ بىر قىسمىڭلارنى (يەنى ھەقىقىي مۇئمىنلەرنى) مۈگدەك باستى﴾[2].

لېكىن ئۇلاردىن مەغلۇبىيەتكە تەن بېرىپ ھەرىكەت قىلماي ئولتۇرۇشنى، تەقدىرنى باھانە قىلىپ يامان ھالەتنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنماسلىقنى تەلەپ قىلدىمۇ؟!

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 165- ۋە 166- ئايەتلەر.

[2] سۈرە ئال ئىمران، 153- ۋە 154- ئايەتلەر.

يوقسۇ! قوماندان، تەربىيىچى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشنى بۇ گۇمانغا تامامەن ئوخشىمايدىغان رەۋىشتە بىر تەرەپ قىلدى. مۇسۇلمانلارنى يىغىپ، دۈشمەن بىلەن قايتا ئۇچرىششقا سەپەرۋەر قىلدى. الله پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقان مۆئمىنلەرنى ماختاپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿الَّذِينَ اسْتَجَابُوا لِلَّهِ وَالرَّسُولِ مِنْ بَعْدِ مَا أَصَابَهُمُ الْقَرْحُ لِلَّذِينَ أَحْسَنُوا مِنْهُمْ وَاتَّقَوْا أَجْرٌ عَظِيمٌ الَّذِينَ قَالَ لَهُمُ النَّاسُ إِنَّ النَّاسَ قَدْ جَمَعُوا لَكُمْ فَاخْشَوْهُمْ فَزَادَهُمْ إِيمَانًا وَقَالُوا حَسْبُنَا اللَّهُ وَنِعْمَ الْوَكِيلُفَانْقَلَبُوا بِنِعْمَةٍ مِنَ اللَّهِ وَفَضْلٍ لَمْ يَمْسَسْهُمْ سُوءٌ وَاتَّبَعُوا رِضْوَانَ اللَّهِ وَاللَّهُ ذُو فَضْلٍ عَظِيمٍ﴾ ﴿(ئۇھۇد غازىتىدا) يارىلانغاندىن كېيىن اللهنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقانلار، ئۇلار(يەنى مۆئمىنلەر) دىن ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلار چوڭ ساۋابقا ئېرىشىدۇ. مۇشرىكلار تەرەپدارى بولغان) ئادەملەر ئۇلارغا:« شەك - شۈبھىسىزكى،كىشىلەر(يەنى قۇرەيشلەر سىلەرگە قارشى قوشۇن توپلىدى، ئۇلاردىن قورقۇڭلار دېدى. بۇ سۆز ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى. ئۇلار: «بىزگە الله كۇپايە، الله نېمىدېگەن ياخشى هامىي!» دېدى. ئۇلار اللهنىڭ نېمىتى ۋە پەزلى بىلەن قايتىپ كەلدى، ھېچقانداق زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىمىدى، ئۇلار اللهنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىدى. الله ئۇلۇغ پەزل ئىگىسىدۇر﴾[1].

ساھابىلەر بۇ ئۇرۇشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى سەۋەبىدىن اللهنىڭ تەقدىرى بىلەن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىرىدا: «بىزگە الله كۇپايە، الله نېمىدېگەن ياخشى ھامىي!» دەيدۇ. دېمەك، ئۇلار يامان ھالەتتىن ياخشى ھالەتكە يۆتكىلىش ئۈچۈن اللهقا تەۋەككۇل قىلىۋاتىدۇ. اللهنىڭ كونا تەقدىرى ئۇلارنى يېڭى تەقدىرگە ئىنتىلىشتىن توسمايۋاتىدۇ. ئۇلار خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىك سەۋەبىدىن اللهنىڭ بىرىنچى تەقدىرگە دۇچار بولغان بولسا، ئەمدى يېڭى بىر ئىش بىلەن،

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 172- ئايەتتىن 174- ئايەتكىچە.

يەنى اللە ۋە پەيغەمبەرنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇش بىلەن بىرگە تەقدىرگە ئىنتىلىۋاتىدۇ، ئۇلار خاتالىقنى تۈزىتىۋاتىدۇ. سەۋەب قىلىش بىلەن اللەقا تەۋەككۈل قىلىشنى بىرلەشتۈرۈۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ قازا ۋە قەدەرگە رازى بولۇشى يامان ھالەتنى ئۆزگەرتىشكە زىت كەلمەيۋاتىدۇ.

ئەمۋاستا تائۇن ۋاباسى تارقالغانلىق خەۋىرى خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مەلۇم بولغاندا، ئۇ، قوشۇننى قايتىپ كېلىشكە بۇيرۇيدۇ. ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ ئۇنىڭغا: «اللەنىڭ تەقدىرىدىن قاچامسەن؟» دەيدۇ. ئۆمەر ئۇنىڭغا: «اللەنىڭ بىر تەقدىرىدىن يەنە بىر تەقدىرىگە قاچىمەن» دەيدۇ. مانا بۇ پاساھەتلىك سۆز ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قازا ۋە قەدەر مەسىلىسىنى قانچىلىك چوڭقۇر چۈشەنگەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. بەزى كىشىلەرگە تائۇن ۋاباسى كېلىپ بولدى. لېكىن ئۆمەر ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىغا تېخى كەلمىدى. شۇڭا ئۇنىڭدىن ساقلىنىش پەرز ئىدى. تائۇن كەلسە، اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن كېلەتتى، كەلمىسىمۇ اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن كەلمەيتتى. اللەنىڭ تائۇننى كەلتۈرۈش تەقدىرى كەلتۈرمەسلىك تەقدىرىگە زىت ئەمەس ئىدى. ئۆمەر تائۇننى كەلتۈرمەسلىك تەقدىرىگە سەۋەب قىلدى. اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن تائۇن كەلمىدى.

دەۋەتنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان مۇسۇلمانلارنى سىناش اللەنىڭ بىر قانۇنىيىتىدۇر. اللە شۇ قانۇنىيەت بويىچە مۇسۇلمانلارنى قۇرەيشلەرنىڭ قولى بىلەن سىنىدى. بۇ سىناق اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن ۋە اللە بىلىدىغان ۋە ئىرادە قىلغان بىر ھېكمەتنىڭ سەۋەبى بىلەن بولدى. بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە مۇئمىنلەرنى يامان ھالەتنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇشتىن توستىمۇ؟! ئۇلار گاھى ئۆزلىرىنى مۇشرىكلاردىن ھىمايە قىلىشنى تەلەپ قىلسا، گاھى ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلدى. ئاخىرى مەدىنىگە ھىجرەت قىلدىغۇ؟!

يوقسۇ! اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن ۋە اللەنىڭ جارى بولىدىغان مۇقەررەر

قانۇنىيىتى بىلەن بىرەر سىناقنىڭ كېلىشى سىناقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ياكى سىناقتىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىشتىن توسمايدۇ. تىرىشچانلىق كارغا كەلسىمۇ، اللهنىڭ تەقدىرى بىلەن كارغا كېلىدۇ، كارغا كەلمىسىمۇ، اللهنىڭ تەقدىرى بىلەن كارغا كەلمەيدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇرۇنقى مۇسۇلمانلار قازاغا رازى بولۇش بىلەن ئۇنى ئۆزگەرتىشكە تىرىششىنى بىر - بىرىگە زىت دەپ تونۇمايتتى. ئۇلار ئىسلامدىن ئالغان تەربىيىسى ئارقىلىق ئىرادىنى ئابۇت قىلىدىغان تەسلىمچىلىك بىلەن تىزگىنسىز ھاۋايى - ھەۋەسنى تەڭپۇڭلاشتۇرغان ئىدى. بۇ خىل مۇۋازىنەت قانداقلارچە اللهنىڭ تەقدىرىگە تەسلىم بولۇش باھانىسى بىلەن يامان تەقدىرنى ئۆزگەرتىشكە سەۋەب قىلماسلىققا ئايلىنىپ قالدى؟

شۈبھىسىزكى، توغرا ئۇقۇمى بىلەنكى قازا ۋە قەدەر ئەقىدىسى ھاياتلىق يولىدا ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ماڭىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ تونۇشىدا ناھايىتى زور ۋە ئاجايىپ مۇۋازىنەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

قازا ۋە قەدەر ئەقىدىسى اللهنىڭ ئىسىملىرى، سۈپەتلىرى ۋە پېئىللىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ئىماننىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، اللهنىڭ ئالىمدە الله تەقدىر قىلمىغان بىر ئىش يۈز بەردى، دەپ تونۇش، شەكسىزكى، اللهقا شېرىك كەلتۈرگەنلىكتۇر.

قازا ۋە قەدەر ئەقىدىسى يەنە ئىمانلىق كىشىنىڭ ھاياتىدا ناھايىتى زور ئىشلارنى روياپقا چىقىرىشنى تەلەپ قىلىدىغان بىر ئەقىدىدۇر.

تەسەۋۋۇرلار، پىكىرلەر، مەسلەكلەر ئىلاھىي يول بىلەن قېلىپلاشمىسا، كىشى تۈرلۈك يۈزلىنىشلەر ئوتتۇرىسىدا قايمۇقۇپ قالىدۇ. قازا ۋە قەدەر ئەقىدىسى ئەنە شۇنداق يۈزلىنىشلەرنى تەڭپۇڭلاشتۇرىدۇ.

اللهنىڭ ئەزىمىتى چەكسىزدۇر. الله ھەر ئىشنى ئازارەت قىلىپ

تۇرغۇچىدۇر، ھەممە ئىش اللەنىڭ خاھىشى بىلەن يۈز بەرگۈچىدۇر. بۇنى ھېس قىلىش كىشىنى ھېچ ئىش قىلغۇزمايدىغان پاسسىپلىققا ئۈندەيدۇ.

ئىنسان ئۆزلۈك مەۋجۇدىيەتكە ئىگە بولۇپ، خىلى - خىلى ئىشلارنى قىلالايدۇ، بۇنى ھېس قىلىش كىشىنى ئۆزىنى ئىلاھ دەپ چاغلاشقا، ئۆزىنى چوڭ چاغلاشقا، مەنمەنچىلىككە ئېلىپ بارىدۇ.

يەنە بىر جەھەتتىن ئىنساننىڭ اللەنىڭ ئەزىمىتىنى، نازارىتىنى، ئىشلارنىڭ اللەنىڭ خاھىشى بويىچە بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشى، ئۇنى سەۋەبلەرنى تامامەن ئۇنتۇشقا، الله كائىنات قۇرۇلمىسىغا ۋە ئىنسان ھاياتىغا ئامانەت قويغان ئىلاھىي قانۇنىيەتلەرنى ئۇنتۇشقا، چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ئەركىن خاھىشقا كۆز تىكىشكە ئېلىپ بارىدۇ.

ئىنساننىڭ كائىناتتا ۋە ئىنسانلار ھاياتىدا جارى بولۇۋاتقان مۇنتىزىم قانۇنىيەتلەرنى ھېس قىلىشى ئۇنى اللەنىڭ تەقدىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇشقا ياكى بىلمەسلىككە، سەۋەبلەرگە ئۆز ئالدىغا نەتىجە بېرىدىغان مۇقەررەر قانۇنىيەت سۈپىتىدە ئېسىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

ئۈچىنچى بىر تەرەپتىن، بىر ئىنساننىڭ ئەمەل قىلىشى ياكى قىلماسلىقى، خالىشى ياكى خالىماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، جاھاندىكى ئىشلارنىڭ اللەنىڭ خاھىشى بويىچە بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشى ئۇنى ئەمەلنى پۈتۈنلەي تەرك ئېتىشكە، ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشىدە ئىنسانىڭ تەسىر كۆرسىتىشتىن ئۈمىدسىزلىنىشكە ئېلىپ بارىدۇ.

بىر ئىنساننىڭ ئۆز ئەمىلىنىڭ ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشىدە ئىنسانىڭ تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى ۋە ئەمەلگە قاراپ نەتىجە چىقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشى ئۇنى ئەمەلگە مەپتۇن بولۇشقا، «ئەمەل ئارقىلىق ئۆز تەقدىرىمنى خالىغانچە بەلگىلىيەلەيدىكەنمەن» دېگەن تونۇشقا كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

هندى دىنى ۋە ناسارا راھبلقى پاسسىپلق، سەۋەبلەرنى ئۇنتۇش، ئەمەل قلش ۋە نەتىجە يارتىشقا قىزىقماسلق ئازغۇنلۇقىنىڭ تىپك نەمۇنىسى. ھازىرقى زامان جاھلىيىتى ئۆزىنى چوڭ چاغلاش، سەۋەبلەرگە مەپتۇن بولۇش، ئەمەلگە مەپتۇن بولۇش، ئۆز تەقدىرىمنى ئۆزۈم بەلگىلىيەلەيمەن دەپ گۇمان قىلشمۇ ئازغۇنلۇقىنىڭ تىپك نەمۇنىسى.

ياۋروپانىڭ گۈللىنشى چېركاۋ ۋە دىن بىلەن قارشىلىششتىن باشلاندى. يەنى ياۋروپا ئەمەلىيەتتە ئازغۇن خرستىئان چېركاۋ جاھلىيىتىدىن ھازىرقى زامان جاھلىيىتىگە كۆچتى.

زۇلمەتلىك ئوتتۇرا ئەسىر جاھلىيىتىدە ئىنسانلار تۈرلۈك - تۇمەن بېسىملار ئاستىدا يەنجىلگەن ئىدى. چېركاۋنىڭ روھىي، پىكرى، ئىقتىسادىي، سياسىي بېسىملرى؛ فېئودالىزمىنىڭ سياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي بېسىملرى؛ ساۋاتسىزلقىنىڭ، ئېتىقادسىزلقىنىڭ، يىراقنى كۆرەلمەسلىك ۋە ئىرادىسىزلىكنىڭ بېسىملرى... يەنە ئالللقانداق بېسىملار بار ئىدى.

كېيىنچە، ياۋروپا مۇسۇلمانلارنىڭ بىلىملرىدىن خەۋەر تاپتى. ئەھلىسەلىب ئۇرۇشلرىدا مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇچراشتى. شۇنىڭ بىلەن ئەھۋال ئۆزگەردى، ياۋروپالىقلار ئىنسانىي مەۋجۇدلۇقنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. لېكىن ئۇلار ئىسلامىي دۇرۇسلۇق ۋە ئىسلامىي قېلىپلارنى قوبۇل قىلمىدى، ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ بىلىمى ۋە ماددىي ھازارەت ئاساسلرىنى قوبۇل قىلدى - يۇ، ئىسلامنى قوبۇل قىلمىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بىر قۇتۇپتىن يەنە بىر قارشى قۇتۇپقا سەكرىدى. مۇۋازىنەت نۇقتىسىدا توختىيالمىدى. ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ جاھلىيىتىدە ئىنسانىي مەۋجۇدلۇق يوققا چىقىرىلغان، سەۋەبلەرگە سەل قارالغان، ئەمەل ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىي ھاياتتىكى تەسىرى يوققا چىقىرىلغان بولسا، ھازىرقى زامان جاھلىيىتىدە ئىنساننىڭ ئۆزلۈك مەۋجۇدىيىتى كۆپتۈرۈۋېتىلدى، سەۋەبلەرگە چوقۇنۇش پەيدا بولدى،

ئەمگەككە چوقۇنۇش پەيدا بولدى.

ياۋروپالىقلار مۇسۇلمانلاردىن ئۆگەنگەن ئىلمىي ۋە ماددىي ئاساسلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ گۈللەندى. بۇ گۈللىنىش ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىدە كۆپتۈرۈلۈپ، كىشىلەردە ئىلىم - پەن ئىلاھ، ئىلىم - پەن تەقدىر، ئىلىم - پەن ھەممىگە قادىر دەيدىغان خىيال پەيدا قىلدى.

ھازىرقى زامان ياۋروپا جاھىلىيىتى دىنىنى پۈتۈنلەي تاشلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ھاياتتا ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈزۈلدى. ئۇلار ئەمدى «ئىنسان ئۆز ھاياتىنى خالىغانچە قۇرۇپ چىقىدۇ، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەيدۇ، تارىخنى ئىنسان يارىتىدۇ» دەپ تونۇيدىغان بولدى. ئۇلار ئىنسانغا شۇ دەرىجىدە چوقۇنۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، زاھىرى سەۋەبلەرگە چوقۇندى. ئىلاھىي قانۇنىيەتلەرنى تەبىئەت قانۇنىيىتى دەپ ئاتىدى. ئۇلارنىڭ چېركاۋ بىلەن زىددىيىتى بولغاچقا، قانۇنىيەتلەرنى ئاللاھقا باغلاشنى رەت قىلدى. چېركاۋى يوق، تەكلىپى يوق بىر ئويدۇرما ئىلاھنى تېپىپ، ئۇنى «تەبىئەت» دەپ ئاتاپ، جاھاننىڭ يارىلىشىنى شۇ ئىلاھقا باغلىدى.

ئۇلار قانۇنىيەتنى مۇقەررەر دەپ تونۇغاچقا، تەقدىرگە ئورۇن يوق دەپ قارايدۇ. «تەقدىر قانۇنىيەتلەرنى ئۆزگەرتەلمىسە، نېمە ئىش قىلالايدۇ؟» دەيدۇ ئۇلار. ئۇلار غاپىل بولغانلىقىدىن، ئاللاھ ئاسمان - زېمىننى ياراتقان كۈنى كائىناتتىكى قانۇنىيەتلەرنى تۇراقلاشتۇرغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئاللاھ خالىغان چاغدا بۇ تۇرغۇن قانۇنىيەتلەرنى ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقىنىمۇ ئىنكار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۆجىزە ۋە دەرىجىدىن تاشقىرى ئادەتلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئاللاھ خالىغان چاغدا كائىنات تۈزۈلمىسىنىڭ ئۆزگىرىش مۇمكىنچىلىكىنىمۇ يوققا چىقىرىدۇ.

كېيىنچە، ياۋروپالىقلارنىڭ بىلىمى كېڭىيىپ، غاپىللىقى ئېغىرلاشقانسېرى ئىنساني ھاياتنى، بەلكى ئىنساني روھنىمۇ ماددىي كائىناتنىڭ قانۇنىيىتىگە ئوخشاش مۇقەررەر قانۇنىيەت كونترول قىلىدىغاندەك بىلىندى.

شۇنىڭ بىلەن تارىخىي ماتېرىيالىزم، روھنى ماددىيلاشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈش، ئىنسان پائالىيىتىنى جىنسىيەتكە باغلاپ چۈشەندۈرۈش يامرىدى. كۆپلىگەن ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي نەزىرىيەلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىنسان شۇ مۇقەررەرلىكلەرنىڭ مەنبەسى دەپ قارالدى.

ياۋروپالىقلار جاھىلانە بويۇنتاۋلىق ئىچىدە ئىنسانىي ھاياتنىڭ اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەن ھىدايەتلىك مەزگىللىرىنى بىلمەي قالدى. بۇ مەزگىللەرنى، ھاياتلىقنى ۋە تارىخنى اللەنىڭ تەقدىرىدىن ئايرىپ چۈشەندۈرىدىغان جاھىلانە چۈشەندۈرۈشلەرنىڭ «مۇقەررەرلىك»ى ئۆزگە سىغدۇرالمايتتى. ئۇلار يەنە مەقسەتلىك ھالدا ھىدايەتلىك مەزگىللەرنىڭ، بولۇپمۇ بۈيۈك ئىسلامىي ھىدايەت مەزگىلىنىڭ ئىنسان ھاياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى يوققا چىقاردى.

يۇقىرىدا ئىشارەت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، تارىختا پاسسىپلىق، چۈشكۈنلۈك، ئالغا ئىنتىلمەسلىك، شەخس ۋە كوللېكتىپنىڭ تەقدىرىنى ئىلاھلارنىڭ بەلگىلەپ بېرىشىنى ساقلاپ تۇرۇش ئازغۇنلۇقلىرى ۋە بۇ ئازغۇنلۇققا ۋەكىللىك قىلىدىغان نۇرغۇن جاھىلىيەتلەر ئۆتكەن. بۇددا دىنىدا، ھىندى دىنىدا ۋە خرىستىئان دىنىدا ئاشۇنداق پاسسىپلىق، يارىماسلىق، ئۆزگە ئىشەنمەسلىكلەر مەۋجۇت. ئۇلار ئىنساننىڭ پانىي بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. بەزىلىرى ئىنسان ئىلاھقا ۋەكىللىك قىلىدىغان «كاتتا مەۋجۇدىيەت» كە سىڭىشىپ كېتىشىنى كۈتىدۇ. بەزىلىرى روھلار ئۆزئارا كۆچۈش نەتىجىسىدە ئەڭ ئاخىرى ئاشۇ كاتتا مەۋجۇدىيەتكە سىڭىپ كېتىشىنى كۈتىدۇ. بەزىلىرى ماددىيەتنى بوغۇپ، روھنى بەدەن قەپىسىدىن ئەركىنلەشتۈرۈش پانىيلىقنى تەرغىب قىلىدۇ. بۇلاردىن باشقا پانىيلىقنىڭ تۈرلىرى بەك جىق. (سوپىلارنىڭ ئىلاھنىڭ زاتىغا پانىي بولۇش (فەنا فى الله) قا سەئيي قىلىشلىرى ئاشۇ خىل سەلبىي پانىيلىقلارنىڭ بىرىدۇر).

بۇ خىل ئازغۇنلۇقتا غەم ـ قايغۇ، ئىچىگە تىنىش خاراكتېرى كۈچلۈك. يەنە بىر

ئازغۇنلۇقتا كۆرەڭلەش، ھېسسىي راھەت ئىزدەش، روھىيەتنى ئىسلاھ قىلماسلىق، ھېسسىي لەززەتلەرگە ئۆزىنى ئۇرۇش خاراكتېرى كۈچلۈك.

ئىسلامدىكى قازا ۋە قەدەر ئەقىدىسى توغرا چۈشىنىلگەندە بىر-بىرىگە زىت بولغان مۇشۇ ئىككى خىل ئازغۇنلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئەقىدە كائىناتتا ۋە ئىنسان ھاياتىدا بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى اللەنىڭ تولۇق نازارەت قىلىدىغانلىقىنى قارارلاشتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىنساننىڭ ئاكتىپلىقىنى چەتكە قاقمايدۇ. ئەمەلنى چەتكە قاقمايدۇ، سەۋەب قىلىشنى چەتكە قاقمايدۇ.

مۇسۇلمانلار مۇشۇنداق مۇكەممەل مۇۋازىنەت ئىچىدە شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، كائىناتتا ۋە ئىنسان ھاياتىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە يۈز بېرىشتىن بۇرۇن اللەنىڭ دەرگاھىدا تەقدىر قىلىنىپ بولغان: ﴿مَا أَصَابَ مِنْ مُصِيبَةٍ فِي الْأَرْضِ وَلَا فِي أَنْفُسِكُمْ إِلَّا فِي كِتَابٍ مِنْ قَبْلِ أَنْ نَبْرَأَهَا إِنَّ ذَلِكَ عَلَى اللَّهِ يَسِيرٌ﴾ ﴿يەر يۈزىدىكى بارلىق ھادىسىلەر ۋە ئۆزەڭلار ئۇچرىغان مۇسىبەتلەر بىز ئۇلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلغان، بۇ (ئىش)، شۈبھىسىزكى، اللەقا ئاساندۇر﴾[1].

مۇسۇلمان يەنە دەل شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، ئۇ ھەرىكەت قىلىشى ۋە سەۋەب قىلىشى كېرەك. زېمىندا يۈز بەرگەن تەقدىرلەر سەۋەبكە، سەۋەبنىڭ تۈرىگە باغلىق:

﴿ظَهَرَ الْفَسَادُ فِي الْبَرِّ وَالْبَحْرِ بِمَا كَسَبَتْ أَيْدِي النَّاسِ لِيُذِيقَهُمْ بَعْضَ الَّذِي عَمِلُوا لَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ﴾ ﴿ئىنسانلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ئاپەت يۈز بەردى، اللە ئۇلارنى تەۋبە قىلسۇن دەپ (قىلمىشلىرىنىڭ

[1] سۈرە ھەدىد، 22- ئايەت.

بىر قىسمىنىڭ جازاسىنى) ئۇلارغا تېتىتتى﴾[1].

﴿وَلَوْ أَنَّ أَهْلَ الْقُرَى آمَنُوا وَاتَّقَوْا لَفَتَحْنَا عَلَيْهِمْ بَرَكَاتٍ مِنَ السَّمَاءِ وَالْأَرْضِ وَلَكِنْ كَذَّبُوا فَأَخَذْنَاهُمْ بِمَا كَانُوا يَكْسِبُونَ﴾ ﴿(پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقتىن ھالاك قىلىنغان) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى ئىمان ئېيتقان ۋە (كۇفرىدىن، گۇناھلاردىن) ساقلانغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلارنى ئاسمان - زېمىننىڭ پاراۋانلىقلىرىغا مۇيەسسەر قىلاتتۇق، لېكىن ئۇلار (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلدى، شۇڭا ئۇلارنى ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلدۇق﴾[2].

﴿وَإِذَا أَرَدْنَا أَنْ نُهْلِكَ قَرْيَةً أَمَرْنَا مُتْرَفِيهَا فَفَسَقُوا فِيهَا فَحَقَّ عَلَيْهَا الْقَوْلُ فَدَمَّرْنَاهَا تَدْمِيرًا﴾ ﴿بىرەر شەھەر (ئاھالىسى)نى ھالاك قىلماقچى بولساق، ئۇنىڭدىكى دۆلەتمەن ئادەملەرنى (بىزگە ئىتائەت قىلىشقا) بۇيرۇيمىز، ئۇلار ئىتائەت قىلماي، پىتنە - پاسات تېرىيدۇ - دە، ئۇلارغا ئازابىمىز تېگىشلىك بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى قورقۇنچلۇق رەۋىشتە ھالاك قىلىمىز﴾[3].

شۇ جەھەتتىن، مۇسۇلمان ئۆزلۈك مەۋجۇدىيەتنى ھېس قىلىدۇ، ئەمەل قىلىدۇ ۋە سەۋەب قىلىدۇ. ئۆزىگە، ئەمەلگە ۋە سەۋەبكە چوقۇنمايدۇ. جاھاندىكى ئىشلارنىڭ اللهنىڭ تەقدىرى بىلەن يۈز بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىش ئىمانلىق كىشىلەرنى ئىجابىيلىقتىن، ئەمەل قىلىشتىن ۋە سەۋەب قىلىشتىن توسمايدۇ.

بۇ بەزى كىشىلەرگە بىر - بىرىگە زىت ئىككى ئىشتەك كۆرۈنىسىمۇ، ئەمما ئىمانلىق كىشىلەردە ئاجايىپ يارىشىملىق بىر تەڭپۇڭلۇقنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ تەڭپۇڭلۇق مۇسۇلماننىڭ يەر يۈزىدە توغرا خەلىپىلىك قىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. قەلبىدە اللهقا ئىنتىلىپ، ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىشقا تۈرتكە

---

[1] سۈرە رۇم، 41- ئايەت.

[2] سۈرە ئەئراف، 96- ئايەت.

[3] سۈرە ئىسرا، 16- ئايەت.

www.uyghurkitap.com

بولىدۇ.

مۇسۇلمان ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىش يۈزىسىدىن سەۋەب قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ ئېرىشكەن نەتىجىسىنى ئاللاھنىڭ تەقدىرىدىن كەلدى، سەۋەبلەر ئۆز ئالدىغا نەتىجە بېرەلمەيدۇ، ئاللاھ سەۋەبلەرنى نەتىجە بەرگۈزمىسە، سەۋەبلەر نەتىجە بېرەلمەيدۇ، ئىشقا ئېشىۋاتقىنى سەۋەبلەرنىڭ مۇقەررەرلىكى ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى دەپ تونۇيدۇ. مانا بۇ، مۇسۇلمان بىلەن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىككى خىل جاھىلىيەتچىلەرنىڭ تۈپكى پەرقى. بىر خىل جاھىلىيەت ئۆزىنىڭ ئىنسانىي مەۋجۇدلۇقىنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلمايدۇ ۋە سەۋەب قىلمايدۇ. يەنە بىر خىلى سەۋەبلەرگە چوقۇنىدۇ.

ھەقىقىي مۇسۇلمان قازا ۋە قەدەرگە چوقۇم ئىشىنىدۇ، بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ زېمىندىكى رولىنىڭ چوڭلۇقىنىمۇ ئۇنتۇمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھنىڭ تەقدىرى ئىنساننى يەر يۈزىنىڭ خەلىپىسى قىلدى، ئاسمان - زېمىندىكى ھەممە نەرسىنى ئىنسانغا باش ئەگدۈرۈپ بەردى، ئىنساننى كۆپ مەخلۇقلاردىن پەزىلەتلىك ۋە ھۆرمەتلىك قىلدى ھەم ئۇنى ئاللاھنىڭ زېمىندىكى تەقدىرىگە پەردە قىلدى.

مۇسۇلمان يەنە سەۋەب قىلىشتا، سەۋەب ۋە نەتىجە قانۇنىيىتىنى بايقاشتا بوش كەلمەيدۇ. لېكىن ئۇ، سەۋەبنى ئاللاھنىڭ تەقدىرىسىز ئىشقا ئاشىدىغان مۇقەررەرلىك دەپ تونۇمايدۇ.

ھازىرقى زامان ياۋروپا جاھىلىيىتى ئىسلام ئەقلىيچىلىكىگە يۈزەكىي قارىغاچقا، ئىسلام ئەقلىيچىلىكى غايىۋانىلىككە ئىشىنىدۇ، سەۋەبىيەت قانۇنىيىتىگە ئىشەنمەيدۇ، دەيدۇ. بۇ سۆز ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى نادانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. توغرا، ئىسلام ئەقلىيچىلىكى غەيبكە ئىشىنىدۇ، ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە ئىشىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسلام ئەقلىيچىلىكى سەۋەب بىلەن نەتىجىنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇلاھىزە قىلىدۇ ۋە

تەجرىبە قىلىپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزىدۇ. تەجرىبىچىلىكنى مۇسۇلمانلارنىڭ تاپقانلىقى ۋە ئۇنى ياۋروپاغا سوۋغا قىلغانلىقى بۇنىڭ ياخشى پاكتى. لېكىن مۇسۇلمانلار اللهنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە سەۋەب قىلىۋاتقاندا، اللهنىڭ ئەركىن خاھىشىنىڭ ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. دېمەك، ئىسلام ئەقلىيچىلىكى ھەم غەيبى ھەم ئىلمىي ئەقلىيچىلىكتۇر. بۇ ئەقلىيچىلىكنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى شۇكى، زاھىرى سەۋەبلەر چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان نەتىجىلەرگە يولۇققاندا، بۇ ئەقلىيچىلىك، تاسادىپىيلىق دەپ تونۇۋالمايدۇ. چۈنكى ئۇ، بۇنىڭ اللهنىڭ تەقدىرى بىلەن بولغانلىقىنى بىلىدۇ. گېتلىرغا ئوخشاش قولىدىن كېلىدىغان سەۋەبلەرنىڭ ھەممىنى قىلىپ باقسىمۇ، ئۇتتۇق قازىنالمىغاندا، اللهنىڭ تەقدىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالمايدۇ.

مانا بۇ قازا ۋە قەدەر ئەقىدىسى ئىسلامىي ئۇممەتنىڭ دەسلەپكى بوغۇنلىرىدا مۆجىزە خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنى روياپقا چىقارغان ئىدى. بۇ ئەقىدە كېيىنچە بۇددا دىنى، ھىندى دىنى، ۋە ناسارا دىنىنىڭ ئەقىدىسىگە ئوخشاشلا چۈشكۈنلىشىپ كەتتى. بەل قويىۋېتىشكە، سەۋەب قىلماسلىققا، مەسئۇلىيەتسىزلىككە ئايلىنىپ قالدى. ئاخىرى بېرىپ، مانا ھازىرقىدەك پىكرىي، ئىلمىي، ماددىي زەئىپلىك، ھەزارىي قالاقلىق پەيدا بولدى. بۇ، ياۋۇز كۈچلەرنى ئىسلامنىڭ پېيىنى قىرقىشقا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەلىيىتىنى دەستەك قىلىپ، ئىسلامدىن نەپرەتلەندۈرۈشكە جەلپ قىلدى. بۇ ئەقىدە قانداق بولۇپ مۇشۇنداق ئۆزگىرىپ كەتتى؟

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ ئەقىدىنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ كەتمىدى، لېكىن ئۇنىڭ جەۋھىرى مەزمۇنى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتتى. خۇددى ئىمان ۋە ئىبادەت چۈشەنچىسى بۇرمىلىنىپ، شەكىلۋازلىققا ئايلىنىپ قالغاندەكلا، قازا ۋە قەدەر چۈشەنچىسىمۇ خاتا چۈشىنىلىپ، ئەمەلىي قىممىتىنى يوقاتتى.

www.uyghurkitap.com

ئىلمى كالامچىلار قازا ۋە قەدەر ئەقىدىسىنى تالىشىپ، پىرقىلەرگە بۆلۈندى. بۇنىڭ بىلەن قازا ۋە قەدەر ئەقىدىسى زېھنىي كۈچنى خورىتىدىغان بىر پەلسەپىۋىي مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى. ئىسلام تەربىيىسىنىڭ يولىغا ئايلىنالمىدى. ئاۋام مۇسۇلمانلار تەربىيىلەنمىدى. تېخىمۇ توغرىسىنى ئېيتقاندا، قازا ۋە قەدەر ئەقىدىسىنىڭ تەربىيىۋىي قىممىتىگە دىققەت قىلىنمىدى. بۇ خۇددى ئەينى ۋاقىتتا تەۋھىد ئەقىدىسىنىڭ سوغۇق كالامىزم بەھسلىرىگە ئايلىنىپ، ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلىنالمىغانلىقىغا، ئىمانىنى چىڭىتىشتىن بەكرەك شۈبھە ئۇرۇقىنى تېرىغىنىغا، كىشىلەر تەۋھىدنى ئېتىقاد سۈپىتىدە تەتقىق قىلغان، تەتقىق قىلغۇچىلار كىشىلەرنىڭ ئەمەلىيىتىدىن ۋە تەۋھىدنىڭ تەلەپ - تەقەززالىرىدىن ئايرىلىپ، سۆز ئويۇنى پاتقىقىغا پېتىپ قالغىنىغا ئوخشاش بىر ئىش بولدى.

مانا ئەمدى ھازىرغا كەلگەندە «زامانىۋىيلاشقان مۇسۇلمانلار» ياۋروپالىق خوجا ئاكىلىرىغا ئوخشاشلا قازا ۋە قەدەر ئەقىدىسىدىن چىقىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇلار: غايىۋانە ئەقلىيچىلىك بىزنىڭ كېيىن قېلىشىمىزغا سەۋەب بولدى. بىز بۇنى تاشلىۋېتىپ، ئىلمىي ئەقلىيچىلىكنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. قازا ۋە قەدەر دېگەن باشباشتاقلىق، بىلىمسىزلىك، چۈشكۈنلۈك ۋە قالاقلىق بار يەردىلا بولىدىغان نەرسە. تۈزۈم، بىلىم، تەرەققىيات، ئىلمىي پىلان ۋە كومپيۇتېر بار يەردە تەقدىر نېمە ئىش قىلىدۇ، ئۇنىڭ قولىدىن نېمە كېلىدۇ؟ دەپ بىلجىرلىشىۋاتىدۇ. بۇ ئادەملەر اللهنىڭ مۇنۇ سۆزىدىن غاپىل بولماقتا: ﴿فَلَمَّا نَسُوا مَا ذُكِّرُوا بِهِ فَتَحْنَا عَلَيْهِمْ أَبْوَابَ كُلِّ شَيْءٍ حَتَّى إِذَا فَرِحُوا بِمَا أُوتُوا أَخَذْنَاهُمْ بَغْتَةً فَإِذَا هُمْ مُبْلِسُونَ﴾ ﴿ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنى ئۇنتۇغان چاغدا، ئۇلارغا (سىناش ئۈچۈن) پاراۋانلىقنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتۇق، ئۇلار تاكى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن نېمەتلەردىن خۇشال - خۇرام تۇرغاندا (ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت جازالىدۇق)، ئۇلار ھەسرەتتە قالدى﴾[1].

---

[1] سۈرە ئەنئام، 44- ئايەت.

بەلكى ئۇلار بۇنىڭدىنمۇ ئاسانراق ھېس قىلغىلى بولىدىغان، ئىشقا ئېشىشقا باشلاۋاتقان غەيىتىن غاپىل قېلىۋاتىدۇ. تەقدىرگە ھېچ ئورۇن قالدۇرمىغان ئاشۇ ھېسابدان، پىلانچىلارغا ئۇشتۇمتۇت كېلىۋاتقان كېسەللەرنى كۆرمەسكە سېلىۋاتىدۇ. روھىي كېسەل، نېرۋا كېسەل، ئەقلىي كېسەل، جىسمانىي كېسەل، ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي، پىكرىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي كېسەللەر، يەنە ئاللىقانداقتۇر ئۇلارنىڭ يادىغا يەتمىگەن نۇرغۇن كېسەللەر يامراپ كەلمەكتە.

ھەر خىل سەزگۈرلۈك كېسەللىكلىرى ئۇلارنىڭ پىلانىدا بارمىدى؟

ئەيدىز كېسىلى ئۇلارنىڭ پىلانىدا بارمىدى؟

جىنايەتنىڭ يامراپ كېتىشى ئۇلارنىڭ پىلانىدا بارمىدى؟

زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ يامراپ كېتىشى ئۇلارنىڭ پىلانىدا بارمىدى؟

مانا بۇلار اللهنىڭ تەقدىرى بىلەن ئىشقا ئېشىش ئالدىدا تۇرغان غەيىبنىڭ ئالدىنقى ئالامەتلىرىدۇر: ﴿فَقُطِعَ دَابِرُ الْقَوْمِ الَّذِينَ ظَلَمُوا وَالْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ ﴿زۇلۇم قىلغان قەۋمنىڭ يىلتىزى قۇرۇتۇلدى (يەنى ئۇلار پۈتۈنلەي ھالاك قىلىندى). جىمى ھەمدۇ سانا (پەيغەمبەرلىرىگە ياردەم بېرىپ، كۇففارلارنى ھالاك قىلغانلىقى ئۈچۈن) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللهقا خاستۇر!﴾[1]

قازا ۋە قەدەر چۈشەنچىسى كېيىنكى دەۋرلەردە خاتا چۈشىنىلدى.

مۇسۇلمانلار ھازىر بۇنى تۈزۈتۈشى كېرەك. قازا ۋە قەدەر كېيىنكى دەۋرلەرنى بېسىپ كەتكەن سەلبىيلىك ئەمەس، غەرب جاھىلىيىتىدىن كېلىۋاتقان ئىدىيۋى ھۇجۇمغا ئەگىشىپ، ئىسلام دۇنياسىغا يامراۋاتقان سەۋەبكە چوقۇنۇشمۇ ئەمەس. مۇسۇلمانلار قازا ۋە قەدەر ئەقىدىسى ئىنسان ھاياتىدا پەيدا قىلىدىغان مىسلىسىز مۇۋازىنەتنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈشى

[1] سۈرە ئەنئام، 45- ئايەت.

كېرەك، ئۇلار قازا ۋە قەدەر ئەقىدىسىنى كالامزىمچە ئۆگىنىشتىن ئەمدى توختىشى كېرەك، قازا ۋە قەدەر ئەقىدىسى ئىسلام تەربىيىسىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنىغا ئايلىنىشى كېرەك. ئىسلام تەربىيىسى ئىلاھىي يولنى ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلالايدىغان، اللەنىڭ تەقدىرىنى ئىشقا ئاشۇرالايدىغان ياراملىق ئادەملەرنى تەربىيىلەشنى نىشان قىلىدۇ: ﴿**هُوَ الَّذِي أَرْسَلَ رَسُولَهُ بِالْهُدَى وَدِينِ الْحَقِّ لِيُظْهِرَهُ عَلَى الدِّينِ كُلِّهِ وَكَفَى بِاللَّهِ شَهِيدًا**﴾ ﴿اللە ھەق دىننى پۈتۈن دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن، پەيغەمبىرىنى ھىدايەت بىلەن ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ اللەنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشكە اللە يېتەرلىكتۇر﴾[1].

---

[1] سۈرە فەتھ، 28- ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# دۇنيا ۋە ئاخىرەت چۈشەنچىسى

بۇرۇنقى مۇسۇلمانلار كېيىنكى مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش دۇنيا بىلەن ئاخىرەت ئوتتۇرىسىغا پاسىل تام سوقۇۋالمىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ تونۇشىدا ئاخىرەتتىن ئۈزۈلگەن دۇنيالىق ئىش، دۇنيالىقتىن ئۈزۈلگەن ئاخىرەتلىك ئىش مەۋجۇد ئەمەس ئىدى.

توغرا، بەزى ئەمەللەردە روھىي خاراكتېر كۈچلۈك بولىدۇ. مەسىلەن، ناماز، دۇئا، زىكىر - تەسبىھ قاتارلىقلاردا شۇنداق بولىدۇ. بەزى ئەمەللەردە پىكرىي خاراكتېر كۈچلۈك بولىدۇ. مەسىلەن، ئىلىم تەھسىل قىلىش، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي... ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا شۇنداق بولىدۇ. بەزى ئەمەللەردە ھېسسىي خاراكتېر كۈچلۈك بولىدۇ. مەسىلەن، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم _ كېچەك، جىنسىي تۇرمۇش... قاتارلىقلاردا شۇنداق بولىدۇ. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن بۇ ئەمەللەرنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ. بۇ ئەمەللەرنىڭ بەزىسىنى ئاخىرەتتىن ئايرىلغان ھالەتتىكى دۇنيالىق ئەمەل، بەزىسىنى دۇنيادىن ئايرىلغان ھالەتتىكى ئاخىرەتلىك ئەمەل دەپ قارىغىلى بولمايدۇ.

بۇرۇنقى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھاياتىنى توغرا مەنىدىكى ئىبادەت كونترول قىلاتتى: ﴿قُلْ إِنَّ صَلَاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە ئۈچۈندۇر﴾[1].

---

[1] سۈرە ئەنئام، 162- ئايەت.

﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنْسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾ ﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم﴾[1].

تــوغرا مەنە بــىلەن قىلىنغــان ئىبــادەت چۈشەنچىســدە ئىبــادەت پائالىيەتلىرى دۇنيالىق ئىشتىن ئايرىلمايدۇ، دۇنيــا ئــاخىرەتتىن ئايرىلمايــدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۈرۈنقى مۇسـۇلمانلار هايــاتلىقنى پــارچىلىغىلى بولمايــدىغان زەنجىرسىمان هالقــا دەپ چۈشــىنەتتى. بــۇ هالقــدا نامــازمۇ، قۇربــانلىقمۇ، يېمەك - ئىچمەكمۇ، جىنسىي تۇرمۇشمۇ، الله يولىدا غازات قىلىشمۇ، رىزىــق ئىزدەشمۇ، ئىلىم تەلەپ قىلىشمۇ، جاهاننى ئاۋات قىلىشــمۇ بــار ئىــدى. بــۇ ئىشلارنىڭ هەممىسى ئىبادەت ئىدى. هەممىسى بىرلا ۋاقىتتا هەم دۇنيالىق هەم ئاخىرەتلىك ئىش ئىدى. ئىنساننىڭ كېچىدە ياكى كۈندۈزدە ئۆتكۈزگەن لەهزىلىرى ۋە اللهنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ، اللهتىن نازىــل بولغــان شــەرىئەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ قىلغان پائالىيەتلىرىنىڭ هەممىسى ئىبادەتنىڭ ئوخشىمىغان تۈرلىرى ئىدى. بۇ ئىبــادەتلەر بىــر - بىــرىگە تۇتۇشــۇپ كېتەتتــى. ئىنســان ئىبادەتتىن ئىبادەتكە يۆتكىلەتتى - يۇ، ئەمما هېچقاچان ئىبادەتنىڭ سىرتىغا چىقىپ قالمايتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىنســانىي مەۋجۇتلۇقنىــڭ غايىســى ئىشــقا ئاشاتتى.

ناماز، زاكات، روزا، هەج قاتارلىق ئىبادەت پائالىيەتلىرىدە روهىي خــاراكتېر كۈچلۈك. لــېكىن بــۇ، مەزكــۇر ئىبادەتلەرنىــڭ باشقىســى ئىبــادەت ئەمەس دېگەنلىك ئەمەس. بۇ ئىبادەتلەر دۇنيالىقتىن قول ئۈزگەن ئاخىرەتكە خــاس ئەمەللەر دېگەنلىكمۇ ئەمەس. چۈنكى، بۇ ئىبادەتلەرنىڭ بۇ دۇنيــادا ئىشــقا ئېششــقا تېگىشــلىك تەلەپ - تەقەززالــرى بــار. نامــاز يامــان ۋە بــۇزۇق ئىشــلاردىن توســدۇ، زاكــات روهنــى ۋە مــالنى پاكلايــدۇ، روزا تەقۋالىقــا كۆندۈرىدۇ، هەج ياخشىلىققا چاقىرىدۇ... ئەنە شۇنداق قىلىپ، بۇ ئەمەلــلەر بىرلا ۋاقىتتا هەم دۇنيانىڭ هەم ئاخىرەتنىڭ ئەمەللىرىگە ئايلىنىدۇ.

---

[1] سۈرە زارىيات، 56- ئايەت.

ئىنسانلار ھاياتىدىكى بەزى ئەمەللىرىنىڭ ئەقلىي خاراكتېرى ياكى ھېسسىي خاراكتېرى كۈچلۈك بولىدۇ. لېكىن بۇ، شۇ ئەمەلنىڭ كەڭ مەنىگە ئىگە ئىبادەت دائىرىسىنىڭ سىرتىدا ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بۇ ئەمەللەردە اللهنىڭ رازىلىقى كۆزلەنسە، الله نازىل قىلغان شەرىئەتكە مۇۋاپىق بولسا، ئىبادەت بولۇۋېرىدۇ. شۇڭا بۇ ئەمەللىرىنىمۇ ئاخىرەتتىن ئۈزۈلگەن ھالەتتىكى دۇنيالىق ئەمەل دېگىلى بولمايدۇ.

ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇق غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ئىبادەت ئىنسان ھاياتىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىدا، ئىنساننىڭ ھەممە پائالىيىتىدە مۇكەممەللىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئايرىغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە بىرلىشىپ كېتىدۇ. تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار بۇ مەسىلىنى شۇنداق تونۇيتتى. كەلىمە شاھادەت يەنى ئىمان ئۆزىنىڭ چوڭقۇر مەزمۇنى بىلەن ئۇلارنىڭ ھاياتلىق پائالىيەتلىرىنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن ئىدى.

اللهتىن باشقا مەبۇد بەرھەق يوق دەپ جەزمەن ئىشىنىش الله نازىل قىلغان، ئىنساننىڭ بۇ دۇنيالىق يولىنى تۈزەيدىغان، ئاخىرەتتە ئۇنى خاتىرجەم جايغا يەتكۈزىدىغان ئىلاھىي يولغا تولۇق رىئايە قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى... بۇ چاغدا بۇ دىنىنىڭ ئىشلىرىنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايتتى.

ئەينى ۋاقىتتىكى جاھىلىيەت كىشىلىرى گەرچە ئېغىزلىرىدا: اللهچوڭ خۇدا، بىز باشقا ئىلاھلارغا چوڭ ئىلاھقا يېقىنلىشىش ئۈچۈن ئىبادەت قىلىمىز، دېسىمۇ، ئەمەلىيەتتە تۈرلۈك ئىلاھلارغا چوقۇناتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھاياتى چېچىلىپ پارچە - پارچە بولۇپ كەتكەن ئىدى.

ئۇلار ئاخىرەتكە ئىشەنمەيتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ تونۇشىدا دۇنيا بىلەن ئاخىرەت بىر - بىرىگە باغلانمايتتى.

ئۇلار تۈرلۈك ئىلاھلارغا چوقۇناتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىبادىتىمۇ چېچىلاڭغۇ

ئىدى. بىردەم بۇتقا چوقۇنۇۋاتقان، بىردەم قەبىلىگە چوقۇنۇۋاتقان، بىردەم ئاتا - بوۋىسىنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە چوقۇنۇۋاتقان، بىردەم هاۋايى - هەۋىسىگە چوقۇنۇۋاتقان، لېكىن بۇ چوقۇنۇشلار بىر - بىرىگە باغلانمايتتى. شۇنىڭ بىلەن هاياتتا هەقىقىي نىشان، هەقىقىي غايە بولمايتتى: ﴿وَقَالُوا مَا هِيَ إِلَّا حَيَاتُنَا الدُّنْيَا نَمُوتُ وَنَحْيَا وَمَا يُهْلِكُنَا إِلَّا الدَّهْرُ وَمَا لَهُمْ بِذَلِكَ مِنْ عِلْمٍ إِنْ هُمْ إِلَّا يَظُنُّونَ﴾ ﴿ئۇلار (يەنى قىيامەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار): هايات دېگەن پەقەت دۇنيادىكى هاياتىمىزدۇر، ئۆلىمىز ۋە تىرىلىمىز (يەنى تۇغۇلىمىز). پەقەت زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوق بولىمىز، دەيدۇ. ئۇلار بۇ خۇسۇستا هېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس، ئۇلار پەقەت گۇمان بىلەن سۆزلەيدۇ﴾[1].

هاۋايى - هەۋەسىنىڭ تەقەززاسى بويىچە غايىسىز ئۆتكەن هاياتتا «ئەتىكى قىيىرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ياخشى» بولۇپ ئۆتىۋېرىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن تارىختىكى هەر خىل جاهىلىيەتلەرگە ئوخشاش ئەرەب جاهىلىيىتىمۇ چېچىلاڭغۇلۇق خاراكتېرىگە ئىگە ئىدى.

شۇنداق چېچىلاڭغۇ ياشاۋاتقان ئەرەبلەر ئىمان ئېيتىش بىلەنلا باشقىچە ئادەمگە ئايلاندى. ئۇلارنىڭ چېچىلاڭغۇلۇقى بىرلىككە ئايلاندى.

ئۆزئارا قىرغىن قىلىشىۋاتقان قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىشىپ، تارىختا بىرىنچى قېتىم ئۇممەت شەكىللەندۇردى. ۋەهالەنكى، ئۇلار ئىمان ئېيتمىغاندا اللهتىن باشقا هېچكىم بىلمەيدىغان شۇنچە ئۇزۇن زامان بىرلىشەلمەي ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. چۈنكى ئۇلاردا بىرلىكنىڭ ئاساسى يوق ئىدى.

هەر خىل ئىرق، تىل، ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەر بىرلەشتى. هەممىسى ئۇممەت بوتىسىدا ئېرىدى. بۇنداق ئىش تارىختا بۇرۇن بولۇپ باقمىغان، كېيىنمۇ بولمىدى.

---

[1] سۈرە جاسىيە، 24- ئايەت.

روھىيەت يۈزلىنىشى بىرلىككە كەلدى. ئەمدى تەن بىر تەرەپكە، ئەقىل بىر تەرەپكە، روھ بىر تەرەپكە ماڭمايتتى.

الله ياراتقان پەدىدىكى ئىنسان پارچىلانماس بىر پۈتۈنلۈكتۇر. بۇ پۈتۈنلۈكتە بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپتىن ئايرىلمايدۇ. ھاياتلىق بۆلۈنمەيدۇ. ئىلاھلار، ئىبادەتلەر ھاياتلىقنى بۆلۈۋەتكەندە، ئىنسان پىترىتى ئۇنى بىرلەشتۈرۈپ تۇردۇ. ئىلاھ بىر بولغاندا، ئىبادەت بىر بولغاندا چېچىلغان تەرەپلەر يىغىلىپ، ئىنساننىڭ الله ياراتقان ھالەتتىكى بىر پۈتۈنلىكى ئەسلىگە كېلىدۇ.

ئىنسان پائالىيىتى بىر يول بويىچە بىرلىككە كەلدى. ئەمدى «ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ياخشى» دەيدىغانلار قالمىدى. بۈگۈن بىلەن ئەتىنىڭ نېمە پەرقى بار؟! بۈگۈن بىر ئىلاھقا، ئەتە بىر ئىلاھقا تەۋەمۇ؟! ياكى بۈگۈن، ئەتە، جىمى ھاياتلىق بىر ئىلاھقا تەۋەمۇ؟!

ئەنە شۇ يوسۇندا ھەر خىل پائالىيەتلەر بىر اللهنىڭ دەرگاھىدىن كەلگەن بىر يولدا رەتكە تىزىلىپ بىرلەشتى.

مۇسۇلمانلارنىڭ پۈتۈن ھاياتى ــ يېمەكى، ئىچمەكى، جىڭ ـ تارازىسى، ئېلىم ـسېتىمى، نامىزى، جەڭ ۋە تىنچلىقلىرى... ھەممە ئەمەلى اللهنىڭ شەرىئىتىدىن ئىبارەت بىرلا دەستۇرغا بويسۇندى. ئۇلار اللهنىڭ ھارام قىلغىنىنى ھارام، ھالال قىلغىنىنى ھالال، دۇرۇس قىلغىنىنى دۇرۇس، مۇستەھەب قىلغىنىنى مۇستەھەب، مەكرۇھ قىلغىنىنى مەكرۇھ دەپ تونۇدى. ھەر خىل ئىشلار بىر يۈزلىنىشكە ئىگە بولدى. ھەممە پائالىيەتلەر بىر خىل تۈسكە ـ اللهنىڭ دەرگاھىدىن كەلگەن شەرىئەتكە رىئايە قىلىش تۈسىگە كىردى. بۇ، مۇسۇلمانلىقنىڭ باش بەلگىسىگە ئايلاندى.

بۇنىڭغا ئەگىشىپ، دۇنيانىڭ يولى بىلەن ئاخىرەتنىڭ يولى بىرلەشتى.

بۇ ئىككى يول قانداقمۇ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلسۇن؟!

بىرسى بىر ئىلاھنىڭ، يەنە بىرسى باشقا بىر ئىلاھنىڭ بولمىسا!

بۇ دۇنيانى شەرىئىتى بىلەن باشقۇرۇۋاتقان ئىلاھ بىلەن، قىيامەت كۈنى ئىنسانلاردىن ھېساب ئالىدىغان ئىلاھ بىر تۇرسا!

الله ئىنسانلاردىن قايسى ئاساس بويىچە ھېساب ئالىدۇ؟

بۇ دۇنيالىق مىزان بىلەن ئۇ دۇنيالىق مىزان باشقا، باشقىمۇ؟ مەلۇم بىر ئەمەل بۇ دۇنيالىق مىزاندا ياخشى، ئۇ دۇنيالىق مىزاندا يامان ياكى ئۇ دۇنيالىق مىزاندا يامان، بۇ دۇنيالىق مىزاندا ياخشى چىقىپ قالامدۇ؟

ئىككى دۇنيانىڭ مىزان - ئۆلچىمى بىر ئەمەسمۇ؟! دۇنيادا ياخشى بولغان ئەمەلنىڭ ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتىمۇ ياخشى بولىدىغۇ؟! دۇنيادا يامان بولغان ئەمەلنىڭ ئاخىرەتتىكى جازاسىمۇ يامان بولىدىغۇ؟!: ﴿**لِلَّذِينَ أَحْسَنُوا الْحُسْنَى وَزِيَادَةٌ وَلَا يَرْهَقُ وُجُوهَهُمْ قَتَرٌ وَلَا ذِلَّةٌ أُولَئِكَ أَصْحَابُ الْجَنَّةِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ وَالَّذِينَ كَسَبُوا السَّيِّئَاتِ جَزَاءُ سَيِّئَةٍ بِمِثْلِهَا وَتَرْهَقُهُمْ ذِلَّةٌ مَا لَهُمْ مِنَ اللَّهِ مِنْ عَاصِمٍ كَأَنَّمَا أُغْشِيَتْ وُجُوهُهُمْ قِطَعًا مِنَ اللَّيْلِ مُظْلِمًا أُولَئِكَ أَصْحَابُ النَّارِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ**﴾ ﴿ياخشى ئىش قىلغانلار جەننەتكە ۋە اللەنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە نائىل بولىدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى قارىلىق ۋە خارلىق قاپلىمايدۇ (يەنى ئۇلارغا غەم-قايغۇ ۋە پەرىشانلىق يۈزلەنمەيدۇ). ئەنە شۇلار ئەھلى جەننەت بولۇپ، جەننەتتە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر. (دۇنيادا) يامان ئىشلارنى قىلغۇچىلار، (بىر يامانلىقنى قىلسا، قىلغان يامانلىقىغا) ئوخشاش (يەنى شۇنىڭغا لايىق) جازاغا ئۇچرايدۇ، ئۇلار خارلىققا دۇچار بولىدۇ، ئۇلارنى اللەنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى زادى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى گويا قاراڭغۇ كېچىنىڭ پارچىسى بىلەن ئورالغاندەك قارىيىپ كېتىدۇ، ئۇلار ئەھلى دوزاخ بولۇپ، دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر﴾[1].

[1] سۈرە يۇنۇس، 26- ۋە 27- ئايەتلەر.

﴿فَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ خَيْرًا يَرَهُ وَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ شَرًّا يَرَهُ﴾ ﴿كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ﴾[1].

﴿تِلْكَ حُدُودُ اللَّهِ وَمَنْ يُطِعِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ يُدْخِلْهُ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَذَلِكَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ وَمَنْ يَعْصِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَيَتَعَدَّ حُدُودَهُ يُدْخِلْهُ نَارًا خَالِدًا فِيهَا وَلَهُ عَذَابٌ مُهِينٌ﴾ ﴿ئەنە شۇلار (يەنى اللە بەندىلىرىنىڭ ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن يۇقىرىدىكى ئەھكاملار) اللەنىڭ قانۇنلىرىدۇر، كىمكى اللەقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدىكەن، اللە ئۇنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇ ئۇيەرلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتۇر. كىمكى اللەقا ۋە پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ، اللەنىڭ قانۇنلىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىدىكەن، اللە ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ، ئۇ دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، خورلىغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾[2].

﴿أَفَمَنْ يَعْلَمُ أَنَّمَا أُنْزِلَ إِلَيْكَ مِنْ رَبِّكَ الْحَقُّ كَمَنْ هُوَ أَعْمَى إِنَّمَا يَتَذَكَّرُ أُولُو الْأَلْبَابِ الَّذِينَ يُوفُونَ بِعَهْدِ اللَّهِ وَلَا يَنْقُضُونَ الْمِيثَاقَ وَالَّذِينَ يَصِلُونَ مَا أَمَرَ اللَّهُ بِهِ أَنْ يُوصَلَ وَيَخْشَوْنَ رَبَّهُمْ وَيَخَافُونَ سُوءَ الْحِسَابِ وَالَّذِينَ صَبَرُوا ابْتِغَاءَ وَجْهِ رَبِّهِمْ وَأَقَامُوا الصَّلَاةَ وَأَنْفَقُوا مِمَّا رَزَقْنَاهُمْ سِرًّا وَعَلَانِيَةً وَيَدْرَءُونَ بِالْحَسَنَةِ السَّيِّئَةَ أُولَئِكَ لَهُمْ عُقْبَى الدَّارِ جَنَّاتُ عَدْنٍ يَدْخُلُونَهَا وَمَنْ صَلَحَ مِنْ آبَائِهِمْ وَأَزْوَاجِهِمْ وَذُرِّيَّاتِهِمْ وَالْمَلَائِكَةُ يَدْخُلُونَ عَلَيْهِمْ مِنْ كُلِّ بَابٍ سَلَامٌ عَلَيْكُمْ بِمَا صَبَرْتُمْ فَنِعْمَ عُقْبَى الدَّارِ وَالَّذِينَ يَنْقُضُونَ عَهْدَ اللَّهِ مِنْ بَعْدِ مِيثَاقِهِ وَيَقْطَعُونَ مَا أَمَرَ اللَّهُ بِهِ أَنْ يُوصَلَ وَيُفْسِدُونَ فِي الْأَرْضِ أُولَئِكَ لَهُمُ اللَّعْنَةُ وَلَهُمْ سُوءُ الدَّارِ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان نەرسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەم (ھەقنى كۆرمەيدىغان دىلى)

---

[1] سۈرە زەلزەلە، 7-ۋە 8- ئايەتلەر.
[2] سۈرە نىسا، 13- ۋە 14- ئايەتلەر.

كور ئادەم بىلەن ئوخشاش بولامدۇ؟ (اللهنىڭ ئايەتلىرىدىن) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا پەند - نەسىھەت ئالىدۇ. ئۇلار اللهنىڭ ئەھدىگە (يەنى الله تاپشۇرغان ئىشلارغا) ۋاپا قىلىدۇ، بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزمايدۇ. ئۇلار اللهنىڭ (خىش - ئەقرىبالارغا) سىلە - رەھىم قىلىشتىن ئىبارەت ئەمرىنى بەجا كەلتۈرىدۇ، اللهتىن قورقىدۇ، قاتتىق ھېساب ئېلىنىشتىن قورقىدۇ. پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ (يەتكەن كۆلپەتلەرگە) سەۋر قىلغانلار، (پەرز) نامازنى ئادا قىلغانلار، بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن مال – مۈلۈكتىن (الله يولىدا) يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا سەرپ قىلغانلار ۋە ياخشىلىقى ئارقىلىق يامانلىقنى دەپئى قىلىدىغانلار (يەنى بىلمەستىن يامان ئىش قىلىپ قالسا، ئارقىدىن ياخشى ئىش قىلىدىغانلار، يامانلىق قىلغۇچىلارغا كەڭ قورساق بولۇپ، ياخشى مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلار) _ ئەنە شۇلارنىڭ ئاخىرەتلىكى ياخشى بولىدۇ. ئۇلار مەڭگۈ تۇرىدىغان جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، خوتۇنلىرى ۋە ئەۋلادىنىڭ ئىچىدىكى ياخشىلارمۇ جەننەتكە كىرىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارنى (مۇبارەكلەش ئۈچۈن جەننەتنىڭ) ھەربىر دەرۋازىسىدىن كىرىدۇ. (پەرىشتىلەر ئۇ دۇنيادا) «سەۋرنى دوست تۇتقانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن! ئاخىرەتلىكنىڭ ياخشى بولۇشى نېمىدېگەن ئوبدان!» دەيدۇ. اللهقا بەرگەن ۋەدىسىنى مۇستەھكەملىگەندىن كېيىن بۇزغانلار، اللهنىڭ سىلە - رەھىم قىلىشتىن ئىبارەت ئەمرىنى تۇتمىغانلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار _ ئەنە شۇلار لەنەتكە دۇچار بولىدۇ ۋە (ئۇلارنىڭ) ئاخىرەتلىكى يامان بولىدۇ﴾[1].

مانا بۇ ئەھۋالدا دۇنيا بىلەن ئاخىرەت قانداقسىگە بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ ئىككى يول بولۇپ قالىدۇ؟!

يوقسۇ! ئىككىسى بىر يولدۇر. بۇ يول دۇنيادىن باشلىنىپ، ئاخىرەتكە بارىدۇ. بۇ قوش لېنىيىلىك يولدۇر. ئەمما ئۇنىڭ يۈزلىنىشى ئاخىرەت

[1] سۈرە رەئد، 19- ئايەتتىن 25- ئايەتكىچە.

www.uyghurkitap.com

تەرىپىگىدۇر. بىر لىنىيىدىكى يولدا ياخشى ئەمەل قىلىپ، جەننەتكە كىرىدىغانلار ماڭىدۇ. يەنە بىر لىنىيىدىكى يولدا دوزاخقا بارىدىغان ئەسكىلەر ماڭىدۇ. ھەرئىككىلى يول دۇنيا ئاخىرەتكە تۇتاش بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن بىر يۆنىلىشكە ئىگىدۇر: ﴿كَمَا بَدَأَكُمْ تَعُودُونَ فَرِيقًا هَدَى وَفَرِيقًا حَقَّ عَلَيْهِمُ الضَّلَالَةُ إِنَّهُمُ اتَّخَذُوا الشَّيَاطِينَ أَوْلِيَاءَ مِنْ دُونِ اللَّهِ وَيَحْسَبُونَ أَنَّهُمْ مُهْتَدُونَ﴾ ﴿سىلەر اللە دەسلەپتە پەيدا قىلغان ھالىتىڭلاردا (ئەسلىگە) قايتىسىلەر .اللە (سىلەردىن) بىر گۇرۇھنى ھىدايەت قىلدى؛ يەنە بىر گۇرۇھقا گۇمراھلىق تېگىشلىك بولدى. شۈبھىسىزكى، ئۇلار اللەنى قويۇپ، شەيتانلارنى دوست تۇتقان تۇرۇقلۇق ئۆزلىرىنى توغرا يولدا دەپ گۇمان قىلىدۇ﴾[1].

تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنىڭ تونۇشىدا دۇنيا ئاخىرەتكە شۇ دەرىجىدە تۇتاشقان ئىدىكى، ئۇلار ئەمەلىيەتتە بۇ دۇنيادا ياشاۋاتىسمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرى، پىكىر - خىياللىرى ئاخىرەتكە باغلانغان ئىدى. ئۇلار ئاخىرەتنى كۆز بىلەن كۆرۈۋاتقاندەك تۇيغۇدا ياشايتتى.

قۇرئان قايتا تىرىلىش، ھېساب ۋە جازانى مەركەزلىك بايان قىلغاچقا ۋە قۇرئاندا تەسۋىرلەنگەن قىيامەت كۆرۈنۈشلىرى ناھايىتى جانلىق بولغاچقا، مۇسۇلمانلار ئاخىرەت كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقاندەك، گويا دۇنيا ئاخىرلىشىپ، ئاخىرەت كېلىپ بولغاندەك تۇيغۇ ئىچىدە ياشايتتى: «ئۇلار (يەنى ئەھلى جەننەت) بىر – بىرىگە قارىشىپ پاراڭ سېلىشىدۇ. ئۇلار ئېيتىدۇ: ﴿قَالُوا إِنَّا كُنَّا قَبْلُ فِي أَهْلِنَا مُشْفِقِينَ فَمَنَّ اللَّهُ عَلَيْنَا وَوَقَانَا عَذَابَ السَّمُومِ إِنَّا كُنَّا مِنْ قَبْلُ نَدْعُوهُ إِنَّهُ هُوَ الْبَرُّ الرَّحِيمُ﴾ ﴿بىز ھەقىقەتەن (دۇنيادىكى چاغدا) ئائىلىمىزدە (اللەنىڭ ئازابىدىن) قورقاتتۇق. اللە بىزگە مەرھەمەت قىلدى، بىزنى زەھەرلىك ئازابتىن ساقلىدى. بىز ھەقىقەتەن ئىلگىرى اللەقا ئىبادەت قىلاتتۇق، اللە

[1] سۈرە ئەئراف، 29- ۋە 30- ئايەتلەر.

ھەقىقەتەن ئېھسان قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[1].

ساھابىلەرنىڭ ئاخىرەتكە كەلتۈرگەن ئىمانى ناھايىتى كۈچلۈك، قىيامەتنىڭ تەسۋىرلىنىشىمۇ كىشىنى لەرزىگە سالغۇدەك جانلىق بولغاچقا، ئۇلار بۇ دۇنيادا ياشاۋاتسىمۇ، ئاخىرەتتىكى جازا ياكى مۇكاپاتنى ھېس قىلالايتتى. بىر ياخشى ئىشنى قىلغان بولسا، بۇ دۇنيادا تۇرۇپ ئۆزىنىڭ جەننەتتىكى ئورنىنى تەسەۋۋۇر قىلاتتى. بىر يامان ئىشنى قىلغان بولسا، بۇ دۇنيادا تۇرۇپ ئۆزىنىڭ دوزاختىكى ئورنىنى تەسەۋۋۇر قىلاتتى، قورقاتتى، غەمگە چۆكەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆز ئەمىلىنى تۈزىتەتتى. مۆجىزە خاراكتېرلىك ئالىي ئۇپۇقلارغا يۈكسىلەتتى.

ئۇلارمۇ پەرىشتە ئەمەس ئىدى. ئۇلاردىن ئىنسانلىقتىن ھالقىش تەلەپ قىلىنمىغان ئىدى... پەيغەمبەرلەردىن باشقا ھەممە ئىنسان خاتالىشىدۇ. لېكىن ئۇلار خاتالاشسا، تەۋبە قىلىشقا ئالدىرايتتى: ﴿**وَالَّذِينَ إِذَا فَعَلُوا فَاحِشَةً أَوْ ظَلَمُوا أَنْفُسَهُمْ ذَكَرُوا اللَّهَ فَاسْتَغْفَرُوا لِذُنُوبِهِمْ وَمَنْ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلَّا اللَّهُ وَلَمْ يُصِرُّوا عَلَى مَا فَعَلُوا وَهُمْ يَعْلَمُونَ أُولَئِكَ جَزَاؤُهُمْ مَغْفِرَةٌ مِنْ رَبِّهِمْ وَجَنَّاتٌ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَنِعْمَ أَجْرُ الْعَامِلِينَ**﴾ ﴿تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا اللهنى ياد ئېتىدۇ. گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، گۇناھنى كەچۈرىدىغان اللهتىن باشقا كىم بار؟ ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ. ئۇلارنىڭ (يەنى يۇقىرىقى خىسلەتلەرگە ئىگە كىشىلەرنىڭ) مۇكاپاتى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بولغان مەغپىرەت ۋە ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇر. بۇ يەرلەردە ئۇلار مەڭگۈ قالىدۇ. ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئېرىشىدىغان ساۋابى نېمىدېگەن ياخشى!﴾[2]

[1] سۈرە نۇر، 26- ئايەتتىن 28- ئايەتكىچە.
[2] سۈرە ئال ئىمران، 135- ۋە 136- ئايەتلەر.

«كل بني آدم خطاء ، وخير الخطائين التوابون» «ھەرقانداق ئادەم خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ، خاتالىق ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى تەۋبە قىلغانلاردۇر»[1].

دېمەك، ئۇلارنىڭ تونۇشىدا دۇنيا بىلەن ئاخىرەت بىر - بىرىگە تۇتاش بىر ھېساب ئىدى، ئايرىم - ئايرىم ئىككى ھېساب ئەمەس ئىدى.

دەرۋەقە، قۇرئان كەرىمدە بۇ دۇنيا سۆكۈلدى. ھەدىستە لەنەت قىلىندى. كىشىلەرگە دۇنياپەرەس بولماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلىندى. قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ يوليورۇقلىرى قانداق ئورۇندا شۇنداق قىلدى؟

قۇرئان ۋە ھەدىس ئىككى ئورۇندا دۇنياپەرەسلىكنى سۆكتى:

بىرىنچىسى، دۇنيانىڭ مۇھەببىتى ئىنساننى الله ۋە ئاخىرەت كۆڭگە ئىمان كەلتۈرۈشتىن توسقان ئورۇندا؛ ئىككىنچىسى، الله يولىدا جىھاد قىلىشتىن توسقان ئورۇندا:

﴿وَفَرِحُوا بِالْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَمَا الْحَيَاةُ الدُّنْيَا فِي الْآخِرَةِ إِلَّا مَتَاعٌ﴾ ﴿(مۇشرىكلار) دۇنيا تىرىكچىلىكىگە خۇش بولۇپ كەتتى، دۇنيا تىرىكچىلىكى ئاخىرەتكە قارىغاندا ئازغىنا نەرسىدۇر﴾[2].

﴿وَوَيْلٌ لِلْكَافِرِينَ مِنْ عَذَابٍ شَدِيدٍ الَّذِينَ يَسْتَحِبُّونَ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا عَلَى الْآخِرَةِ وَيَصُدُّونَ عَنْ سَبِيلِ اللَّهِ وَيَبْغُونَهَا عِوَجًا أُولَئِكَ فِي ضَلَالٍ بَعِيدٍ﴾ ﴿قاتتىق ئازابتىن كاپىرلارغا ۋاي! ئۇلار بۇ دۇنيانى ئاخىرەتتىن ئارتۇق كۆرىدۇ (كىشىلەرنى) اللهنىڭ يولىدىن (يەنى ئىسلام دىنىدىن) توسىدۇ، اللهنىڭ يولىنىڭ ئەگرى بولۇشىنى تىلەيدۇ، ئۇلار (ھەقتىن) يىراق بولغان گۇمراھلىقتىدۇر﴾[3].

﴿وَلَكِنْ مَنْ شَرَحَ بِالْكُفْرِ صَدْرًا فَعَلَيْهِمْ غَضَبٌ مِنَ اللَّهِ وَلَهُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ ذَلِكَ بِأَنَّهُمُ

---

[1] ئىبنى ماججە رىۋايەت قىلغان.

[2] سۈرە رەئد، 26- ئايەت.

[3] سۈرە ئىبراھىم، 2- ۋە 3- ئايەتلەر.



www.uyghurkitap.com

اسْتَحَبُّوا الْحَيَاةَ الدُّنْيَا عَلَى الْآخِرَةِ وَأَنَّ اللَّهَ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الْكَافِرِينَ﴾ ﴿كۇفرى بىلەن كۆڭلى ئازادە بولسا (يەنى ئىختىيارىي يوسۇندا مۇرتەد بولغان بولسا)، ئۇ اللهنىڭ غەزىپىگە دۇچار بولىدۇ ۋە چوڭ ئازابقا قالىدۇ. بۇ (يەنى ئازاب) ئۇلارنىڭ دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتتىن ئارتۇق كۆرگەنلىكلىرى ۋە اللهنىڭ كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدىغانلىقى ئۈچۈندۇر﴾[1].

مانا بۇ ئايەتلەردىكى سۆكۈش دۇنيانىڭ مۇھەببىتى كىشىلەرنىڭ اللهقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈشىگە توسالغۇ بولغىنىغا قارىتىلغان. تۆۋەندىكى ئايەتلەردىكى سۆكۈش دۇنيالىق نازۇنېمەتنىڭ الله يولىدا مېلى، جېنى بىلەن جىھاد قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلغانلىقىغا قارىتىلغان:

﴿قُلْ إِنْ كَانَ آبَاؤُكُمْ وَأَبْنَاؤُكُمْ وَإِخْوَانُكُمْ وَأَزْوَاجُكُمْ وَعَشِيرَتُكُمْ وَأَمْوَالٌ اقْتَرَفْتُمُوهَا وَتِجَارَةٌ تَخْشَوْنَ كَسَادَهَا وَمَسَاكِنُ تَرْضَوْنَهَا أَحَبَّ إِلَيْكُمْ مِنَ اللَّهِ وَرَسُولِهِ وَجِهَادٍ فِي سَبِيلِهِ فَتَرَبَّصُوا حَتَّى يَأْتِيَ اللَّهُ بِأَمْرِهِ وَاللَّهُ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الْفَاسِقِينَ﴾ ﴿ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭلار (ھەممىدە ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل - ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن اللهتىن، اللهنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە اللهنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا (يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، اللهنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار)، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى اللهنىڭ ئەمرى (يەنى مەككىنى پەتىھ قىلىش ئىزنى) كەلگۈچە كۈتۈڭلار، الله پاسىق قەۋمنى (يەنى اللهنىڭ دىنىنىڭ چەك - چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) ھىدايەت قىلمايدۇ﴾[2].

﴿وَإِذَا أُنْزِلَتْ سُورَةٌ أَنْ آمِنُوا بِاللَّهِ وَجَاهِدُوا مَعَ رَسُولِهِ اسْتَأْذَنَكَ أُولُو الطَّوْلِ مِنْهُمْ وَقَالُوا

---

[1] سۈرە نەھل، 106- ۋە 107- ئايەتلەر.

[2] سۈرە تەۋبە، 24- ئايەت.

**ذَرْنَا نَكُنْ مَعَ الْقَاعِدِينَ رَضُوا بِأَنْ يَكُونُوا مَعَ الْخَوَالِفِ وَطُبِعَ عَلَى قُلُوبِهِمْ فَهُمْ لَا يَفْقَهُونَ﴾**

﴿بىرەر سۈرە نازىل قىلىنىپ: « اللهقا ئىمان ئېيتىڭلار ۋە اللهنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن بىللە جىھاد قىلىڭلار» دېيىلسە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مالدارلار سەندىن (غازاتتىن قېلىپ قېلىشقا) رۇخسەت سورايدۇ، ئۇلار: «بىزنى قوي، (غازاتقا چىقماي، ئۆيلىرىدە بىخىرامان) ئولتۇرغۇچىلار بىلەن بىللە بولايلى» دەيدۇ. ئۇلار ئۆيلىرىدە قالغۇچىلار (يەنى ئاياللار، كېسەللەر ۋە ئاجىزلار) بىلەن بىللە بولۇشقا رازى بولدى، ئۇلارنىڭ دىللىرى پېچەتلەندى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار (جىھادتا پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشتىن كېلىدىغان بەختنى) چۈشەنمەيدۇ﴾[1].

**﴿فَرِحَ الْمُخَلَّفُونَ بِمَقْعَدِهِمْ خِلَافَ رَسُولِ اللَّهِ وَكَرِهُوا أَنْ يُجَاهِدُوا بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَقَالُوا لَا تَنْفِرُوا فِي الْحَرِّ قُلْ نَارُ جَهَنَّمَ أَشَدُّ حَرًّا لَوْ كَانُوا يَفْقَهُونَ﴾**

﴿رەسۇلۇللاھقا خىلاپلىق قىلىپ (تەبۇك غازىتىغا چىقماي) قېلىپ قالغانلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆيلىرىدە بىخىرامان ئولتۇرغانلىقلىرى بىلەن خۇشال بولۇشتى، ئۇلار اللهنىڭ يولىدا ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن جىھاد قىلىشنى ياقتۇرمىدى، ئۇلار (بىر - بىرىگە): «ئىسسىقتا چىقماڭلار» دېيىشتى. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «جەھەننەمنىڭ ئوتى تېخىمۇ قىزىقتۇر. ئەگەر ئۇلار چۈشىنىدىغان بولسا، (ئەلۋەتتە ئىسسىقتا رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرگە چىقاتتى)﴾[2].

مانا بۇ ئايەتلەردە دۇنيانىڭ ئېزىقتۇرىشىغا ئۇچرىدى، دەپ سۆكۈلگەنلەر زاھىرى جەھەتتە مۇسۇلمان قىياپەتكە كىرىۋالغان، ئەمما دىلىدا ئىمانى يوق مۇناپىقلاردۇر. ئۇلار اللهنىڭ ھۆكمىدە كاپىرلاردۇر، دوزاخنىڭ ئەڭ تۆۋەن قەۋىتىگە كىرگۈچىلەردۇر: **﴿إِنَّ الْمُنَافِقِينَ فِي الدَّرْكِ الْأَسْفَلِ مِنَ النَّارِ وَلَنْ تَجِدَ لَهُمْ**

---

[1] سۈرە تەۋبە، 86- ۋە 87- ئايەتلەر.

[2] سۈرە تەۋبە، 81- ئايەت.

نَصِيرًا﴾ ﴿مۇنـاپىقلار چوقـۇم دوزاخنىـڭ ئەڭ ئاسـتىنقى قەۋەتـىگە (يەنـى قەئرىگە) تاشلىنىدۇ، ئۇلارغا ھەرگىزمۇ (ئـازابتىن قۇتقۇزىـدىغان) مەدەتكـار تاپالمايسەن﴾[1].

﴿وَمَا مَنَعَهُمْ أَنْ تُقْبَلَ مِنْهُمْ نَفَقَاتُهُمْ إِلَّا أَنَّهُمْ كَفَرُوا بِاللَّهِ وَبِرَسُولِهِ وَلَا يَأْتُونَ الصَّلَاةَ إِلَّا وَهُمْ كُسَالَى وَلَا يُنْفِقُونَ إِلَّا وَهُمْ كَارِهُونَ فَلَا تُعْجِبْكَ أَمْوَالُهُمْ وَلَا أَوْلَادُهُمْ إِنَّمَا يُرِيدُ اللَّهُ لِيُعَذِّبَهُمْ بِهَا فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَتَزْهَقَ أَنْفُسُهُمْ وَهُمْ كَافِرُونَ﴾ ﴿ئۇلارنىـــڭ بەرگەن نەپىقىلىـرى شـۇنىڭ ئۈچـۈن قوبـۇل بولمايـدۇكى، ئـۇلار اللهنـى ۋە اللهنىـڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلىدۇ، نامازنى خۇش ياقماسلىق بىلەن ئوقۇيدۇ، (پـۇل - مېلىنى) رازىلىق بىـلەن بەرمەيـدۇ. ئۇلارنىــڭ مـال - مـۈلكى ۋە ئەۋلادى سېنى ئەجەبلەندۈرمىسۇن، الله ئـۇلارنى بـۇ دۇنيـادا شـۇ نەرسـىلەر بىـلەن ئازابلاشنى ۋە ئۇلارنىڭ كاپىر پېتى جان ئۈزۈشىنى ئىرادە قىلىدۇ﴾[2].

مانا بـۇ ئىككـى ئورۇنـدا دۇنيـا سـۆكۈلىدۇ. بـۇ سۆكۈشـنىڭ سـەۋەبلىرى يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە ئېنىق بايان قىلىندى... بۇ ئىككى سـاھەدە دۇنيانىـڭ سۆكۈلۈشىدىكى ھەقىقىي سەۋەب نېمە؟

ھەقىقىــي سـەۋەب شـۇكى، بـۇ ئىككـى سـاھەدە دۇنيـا ئـاخىرەتتىن ئايرىۋېتىلگەن. بۇ دۇنياپەرەسلەر ياكى ئاخىرەتكە زادى ئىشـەنمىگەن يـاكى ئىشەنگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىمانى ناھايىتى گۇڭگا، زەئىپ ئـارىلاش ئىمـان بولۇپ، ئاخىرەت توغرىسىدا ئېنىق چۈشەنچىگە كېلەلمىگەن. شۇڭا بۇ ئىمان ئۇنىــڭ تەپەككۇرىغـا، ھـېس - تۇيغۇسـىغا، ئەمەلىـي ھەرىكـىتىگە تەسـىر كۆرسىتەلمىگەن. بۇنداق ئادەملەرنىڭ تونۇشـىدا ۋەدە قىلىنغـان جەنـنەتكە كىرىش ئۈچۈن جان چىقىمى، مال چىقىمى تارتىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ چىقىم ئۇنى ھوزۇر - ھالاۋەتتىن ئايرىۋېتىدۇ. چـۈنكى ئـۇ، ھـوزۇر - ھالاۋەتنىـڭ الله

---

[1] سۈرە نىسا، 145- ئايەت.

[2] سۈرە تەۋبە، 54- ۋە 55- ئايەتلەر.

www.uyghurkitap.com

بەلگىلەپ بەرگەن مىقدارىغا كۆپايىلىنىشنى خالايدىغان ئادەم ئەمەس. ئۇ شەھۋانىي نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىشنى خالايدىغان ئادەم. الله شەھۋانىي نەپسنى كونترول قىلىش ئۈچۈن ئاتا قىلغان كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى ئىشقا سالمايدىغان ئادەم. ئۇنىڭ ئالدىدا ھوزۇر - ھالاۋەت بىر تەرەپتە، جەننەت بىر تەرەپتە تۇردۇ. جەننەت تەرىپىگە ماڭسا ھوزۇر - ھالاۋەتتىن ئايرىلىپ قالىدۇ. شۇڭا نەپسى - خاھىشىغا بېرىلگەن بۇ ئادەم جەننەت تەرىپىگە ماڭمايدۇ. چېكىدىن ئاشقان ھوزۇر - ھالاۋەتتىن ۋاز كېچىپ جەننەتكە كىرىش بىلەن جەننەتتىن مەھرۇم قىلىدىغان، چېكىدىن ئاشقان ھوزۇر - ھالاۋەت ــ بۇ ئىككىسىنىڭ بىرىنى تاللاشقا دۇچ كەلگەندە، ئۇ چوقۇم دۇنيانى تاللىۋالىدۇ: ﴿وَآثَرَ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا فَإِنَّ الْجَحِيمَ هِيَ الْمَأْوَى﴾ ﴿كىمكى دۇنيا تىرىكچىلىكىنى (ئاخىرەتتىن) ئارتۇق كۆرىدىكەن، ئۇنىڭ جايى ھەقىقەتەن جەھەننەم بولىدۇ﴾[1].

﴿بَلْ تُؤْثِرُونَ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا وَالْآخِرَةُ خَيْرٌ وَأَبْقَى﴾ ﴿سىلەر دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئارتۇق كۆرىسىلەر. ئاخىرەت ياخشىدۇر ۋە باقىيدۇر﴾[2].

﴿وَالَّذِينَ كَفَرُوا يَتَمَتَّعُونَ وَيَأْكُلُونَ كَمَا تَأْكُلُ الْأَنْعَامُ وَالنَّارُ مَثْوًى لَهُمْ﴾ ﴿كاپىرلار (ھاياتى دۇنيادا ئۇنىڭ لەززەتلىرىدىن) بەھرىمان بولىدۇ ۋە چاھارپايلاردەك يەپ - ئىچىدۇ، (ئاخىرەتتە) ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ﴾[3].

بۇنداق ئادەملەر جەننەتتىن بۇ دۇنيانىڭ ھوزۇر - ھالاۋىتىنى ئەۋزەل كۆرىدۇ. چۈنكى ئۇلارغا نىسبەتەن دۇنيانىڭ ھوزۇر - ھالاۋىتىدىن مەھرۇم بولۇشنىڭ ئازابى الله ئۇلارنى قورقۇتقان ئازابتىن دەرتلىكراقتۇر. چۈنكى ئۇلار ئاخىرەتكە زادى ئىشەنمەيدىغان ئادەملەر. ئۇنداقتا ئۇلار ئاخىرەت ئازابى

[1] سۈرە نازىئات، 38- ۋە 39- ئايەتلەر.
[2] سۈرە ئەئلا، 16- ۋە 17- ئايەتلەر.
[3] سۈرە مۇھەممەد، 12- ئايەت.

دېگەن نەرسە يوق دەپ گۇمان قىلىدۇ ياكى ئۇلار ئاخىرەتكە كەلتۈرگەن ئىمانى زەئىپ ئادەملەر. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ خىيالدىكى گۈڭگا ئازاب كۆز ئالدىدىكى ئازابتىن يېنىك بىلىنىدۇ. بۇ ئىككى ھالەتنىڭ ھەر ئىككىلىسى نورمال ھالەت ئەمەس. چۈنكى، بۇ ھالەتتىكى ئادەملەر پەقەت ھېسسىي نەرسىلەرگىلا ئىشىنىپ، ھېسسىي نەرسىلەرنىڭ مەنىۋى دالالەتكە ئىشەنمەيدىغان ئادەملەر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تونۇشىدا مىزانلار مۇجمەللىشىپ كەتكەن:

﴿وَلَقَدْ ذَرَأْنَا لِجَهَنَّمَ كَثِيرًا مِنَ الْجِنِّ وَالْإِنْسِ لَهُمْ قُلُوبٌ لَا يَفْقَهُونَ بِهَا وَلَهُمْ أَعْيُنٌ لَا يُبْصِرُونَ بِهَا وَلَهُمْ آذَانٌ لَا يَسْمَعُونَ بِهَا أُولَئِكَ كَالْأَنْعَامِ بَلْ هُمْ أَضَلُّ أُولَئِكَ هُمُ الْغَافِلُونَ وَلِلَّهِ الْأَسْمَاءُ الْحُسْنَى﴾ ﴿شەك-شۈبھىسىزكى، جىن ۋە ئىنسانلاردىن نۇرغۇنلىرىنى دوزاخقا (يېقىلغۇ بولۇش ئۈچۈن) ياراتتۇق، ئۇلار دىللىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق ھەقنى چۈشەنمەيدۇ، ئۇلار كۆزلىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (اللهنىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى) كۆرمەيدۇ، ئۇلار قۇلاقلىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (اللهنىڭ ئايەتلىرىنى ئىبرەت ئېلىپ) تىڭشىمايدۇ. ئۇلار گويا ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر گۇمراھدۇر، ئەنە شۇلار غاپىلدۇر. اللهنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار﴾[1].

ياكى ئۇلار دىلى كور ئادەملەر. ئۇلار پەقەت كۆز ئالدىدىكىنىلا كۆرىدۇ. يىراقنى كۆرەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ قوبۇللاش ئۇسكىنىسى يېقىندىكىنى قوبۇل قىلالايدۇ، يىراقتىكىنى قوبۇل قىلالمايدۇ: ﴿وَمَنْ يَعْشُ عَنْ ذِكْرِ الرَّحْمَنِ نُقَيِّضْ لَهُ شَيْطَانًا فَهُوَ لَهُ قَرِينٌ وَإِنَّهُمْ لَيَصُدُّونَهُمْ عَنِ السَّبِيلِ وَيَحْسَبُونَ أَنَّهُمْ مُهْتَدُونَ﴾ ﴿كىمكى مېھرىبان اللهنى ياد ئېتىشتىن (يەنى قۇرئاندىن) يۈز ئۆرۈيدىكەن، بىز ئۇنىڭغا شەيتاننى مۇسەللەت قىلىمىز (شەيتان ئۇنى ۋەسۋەسە قىلىدۇ)، شەيتان ئۇنىڭغا ھەمىشە ھەمراھ بولىدۇ. شەك- شۈبھىسىزكى، شەيتانلار

[1] سۈرە ئەئراف، 179- ۋە 180- ئايەتلەر.

ئۇلارنى (يەنى ئازغۇن كۇففارلارنى) توغرا يولدىن توسىدۇ، ئۇلار بولسا ئۆزلىرىنى توغرا يولدا دەپ گۇمان قىلىدۇ﴾[1].

ئەمما نورمال ئادەملەر ئۇلارغا زادى ئوخشىمايدۇ.

نورمال ئادەملەر غەيبكە ئىشىنىشكە كەلگەندە روھىيەت دەرۋازىسىنى تاقىۋالمايدۇ، بىۋاستە سەزگۈ ئىچىگىلا قاپسىلىپ قالمايدۇ. ياراتقۇچى اللە ئۇلارنى بىر - بىرىگە روبىرو تۇرىدىغان ئىككى خىل ئىقتىدار بىلەن تەمىنلىگەن بولۇپ، بۇ ئىككى ئىقتىدارنىڭ ھەر بىرى ئۇلارنىڭ خەلىپىلىك ۋەزىپىسىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپىنى ئورۇنلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. ئۇلار بۇ ئىككى ئىقتىدارنىڭ مۇۋازىنىتىنى بۇزماي ساقلايدۇ. ئۇ ئىككى ئىقتىدارنىڭ بىرىنچىسى بىۋاستە سەزگۈلەرنىڭ بايقىغىنىغا ئىشىنىش، ئىككىنچىسى غەيبكە ئىشىنىشتىن ئىبارەت. ئۇلار بىرىنچى خىل ئىقتىدارنى كۆز ئالدىدىكى نەرسىلەرنى، ماددىي كائىناتنى ۋە ماددىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلىشكە ئىشلىتىدۇ. بۇ ئارقىلىق اللە ئۇلارغا مۇسەخخەر قىلىپ بەرگەن نېمەتلەردىن پايدىلىنىپ، ئۆز ئەھۋالىنى ياخشىلايدۇ. ئىككىنچى خىل ئىقتىدارنى بىۋاستە سەزگۈ بىلەلمەيدىغان، ئەمما ئىنسان پىترىتى ھېس قىلالايدىغان ھەقىقەتلەرنى بىلىشكە ئىشلىتىدۇ. مەسىلەن، اللەنىڭ بارلىقى، پەيغەمبەرنىڭ ھەقلىكى، ئىلاھىي ۋەھيىنىڭ راستلىقى، قايتا تىرىلىشنىڭ راستلىقى قاتارلىق ھەقىقەتلەرنى ئىككىنچى خىل ئىقتىدار بىلەن بىلگىلى بولىدۇ. بۇ بىلىش خەلىپىلىكنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، زېمىننى ئىلاھىي يولنىڭ تەقەززاسى بويىچە گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ يەردىكىسى پەقەت ماددىي گۈللىنىشلا ئەمەس، جىسمانىي تەلەپ ۋە جىسمانىي ھوزۇر - ھالاۋەت دائىرىسىگە قاپسىلىپ قالىدىغان گۈللىنىش ئەمەس. بەلكى ھەقىقىي ھازارەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن گۈللىنىش. يەنى اللە لايىدىن ۋە ئىلاھىي روھنىڭ

[1] سۈرە زۇخرۇف، 36- ۋە 37- ئايەتلەر.

پۈۋلەنمىسىدىن ياراتقان ئىنسانغا لايىق كېلىدىغان ئالىي قىممەت قاراشلار بىلەن يۇغۇرۇلغان گۈللىنىش. ئىلاھىي ۋەھيىدىن ئېلىنغان قىممەت قاراشلار بولمىغاندا ئىلاھىي روھنىڭ تەقەززاسى ئىشقا ئاشمايدۇ، ئىنسان قارا لاي ئىچىگە غەرق بولۇپ كېتىدۇ، لاي پاتقىقى ئىچىدىن كۆتۈرۈلەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى يۈكسىلىش ۋە پەرۋاز قىلىش ئۇسكۈنىسىنى نابۇت قىلىۋەتكەن بولىدۇ.

تەركىبىگە لاي بىلەن روھ يۇغۇرۇۋېتىلگەن، ھاياتلىق نىزامىنى ئىلاھىي يولدىن ئالغان ئىنسان نورمال ئىنساندۇر. بۇنداق ئىنساننىڭ تونۇشى بىنورمال ئىنسانلارنىڭ تونۇشىغا تامامەن ئوخشىمايدۇ.

بۇ دۇنيادا الله مەلۇم مىقداردىكى ھوزۇر - ھالاۋەتنى دۇرۇس قىلدى... الله ئۇنى ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئايالىنى زېمىنغا چۈشۈرگەندىن باشلاپ دۇرۇس قىلغان ئىدى: ﴿وَقُلْنَا اهْبِطُوا بَعْضُكُمْ لِبَعْضٍ عَدُوٌّ وَلَكُمْ فِي الْأَرْضِ مُسْتَقَرٌّ وَمَتَاعٌ إِلَى حِينٍ﴾ ﴿(ئادەمگە، ھەۋۋاغا، ئىبلىسقا): بىر- بىرىڭلار بىلەن ئۆچەكەشكەن ھالدا (جەننەتتىن يەر يۈزىگە) چۈشۈڭلار، يەر يۈزىدە ۋاقتلىق (ئەجىلىڭلار توشقۇچە) يەرلىشىڭلار ۋە (نېمەتلەردىن) بەھرىمەن بولۇڭلار، دېدۇق﴾[1].

الله ئۆزىنىڭ ئىلمى ۋە ھېكمىتى بىلەن بەلگىلىگەن مىقداردىن ئېشىپ كەتمىگەن ھوزۇر - ھالاۋەت ئىنسانغا ماس كېلىدۇ، ئىنساننىڭ زېمىندىكى خەلىپىلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ، ئىنسانغا زىيان كەلتۈرمەيدۇ ۋە ئۇنى ھالاك قىلمايدۇ. دەل شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئىنساننىڭ يارىتىلىشىدىكى غايە بولغان سىناش ھوزۇر - ھالاۋەتتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. الله ئىنسان ۋۇجۇدىنى كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنى ياخشى كۆرىدىغان قىلىپ ياراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەردە ھۇدۇدلارنى بەلگىلىدى: ﴿زُيِّنَ لِلنَّاسِ حُبُّ الشَّهَوَاتِ مِنَ النِّسَاءِ

[1] سۈرە بەقەرە، 36- ئايەت.

وَالْبَنِينَ وَالْقَنَاطِيرِ الْمُقَنطَرَةِ مِنَ الذَّهَبِ وَالْفِضَّةِ وَالْخَيْلِ الْمُسَوَّمَةِ وَالْأَنْعَامِ وَالْحَرْثِ ذَٰلِكَ مَتَاعُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا﴾ ﴿ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن – كۈمۈشتىن تۈپلانغان كۆپ ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان (باقاسى يوق) شەيئىلەردۇر﴾[1].

﴿تِلْكَ حُدُودُ اللَّهِ﴾ ﴿ئەنە شۇلار اللهبەلگىلىگەن ھۆدۇدلاردۇر﴾[2].

﴿تِلْكَ حُدُودُ اللَّهِ فَلَا تَعْتَدُوهَا﴾ ﴿ئەنە شۇلار اللهنىڭ ھۆدۇدلىرىدۇر، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلماڭلار﴾[3].

الله ئۆزىنىڭ رەھمىتى بىلەن بەلگىلىگەن ھۆدۇدلار ھوزۇر - ھالاۋەتنى ئۆز لايىقىدا ئىشقا ئاشۇرىدۇ. ئىنسان ۋۇجۇدىغا زىيان سالمايدۇ. بۇنىڭدىكى سىناش نۇقتىسى كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتىنى ئىنسانغا چىرايلىق كۆرسىتىش، ھوزۇر - ھالاۋەتكە ئىنتىلىپ تۇرىدىغان قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھوزۇر - ھالاۋەتكە مىقدار بەلگىلەپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە يول قويماسلىقتىن ئىبارەت.

اللهنىڭ ھوزۇر - ھالاۋەتكە مىقدار بەلگىلەپ بېرىشى ئىنسانلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈندۇر. الله ھەممىدىن بىھاجەتتۇر. شۇنداقتىمۇ الله ئىنساننى كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى بىلەن، كۆڭۈلنى باشقۇرۇش ئۇتتۇرىسىدا مەھرۇملۇق تۇيغۇسى بىلەن تەتۈر قىينىغىنى يوق. الله ئىنسانغا ناھايىتى پايدىلىق، تەسىرى كۈچلۈك بىر قورال بەرگەن بولۇپ، ئىنسان بۇ قورال ئارقىلىق شەھۋانىي نەپسىنى تىزگىنلەپ، مەھرۇملۇق تۇيغۇسىنى يېڭەلەيدۇ. بەلكى بۇ ئارقىلىق يۈكسىلەلەيدۇ ۋە ئىقتىدارغا ئىگە بولىدۇ،

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 14- ئايەت.
[2] سۈرە بەقەرە، 187- ئايەت.
[3] سۈرە بەقەرە، 299- ئايەت.

شەھۋانىي نەپسىنىڭ پەسىلكىلىرىدىن يۈكسىلىدۇ، ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولىدۇ. بۇنى ھېس قىلىش ئارقىلىق دەسلەپكى باسقۇچتا پەيدا بولغان مەھرۇملۇق تۇيغۇسىنى يېڭەلەيدۇ، بارا - بارا مەھرۇملۇق تۇيغۇسىغا كەلمەيدىغان بولىدۇ.

ئۇ كاتتا قورال قەلب ياكى ئەقىل ياكى يۈرەكتىن ئىبارەت:

﴿وَاللَّهُ أَخْرَجَكُمْ مِنْ بُطُونِ أُمَّهَاتِكُمْ لَا تَعْلَمُونَ شَيْئًا وَجَعَلَ لَكُمُ السَّمْعَ وَالْأَبْصَارَ وَالْأَفْئِدَةَ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾ ﴿الله سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان ھالىتىڭلار بىلەن چىقاردى، الله سىلەرگە شۈكۈر قىلسۇن دەپ، قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەكلەرنى ئاتا قىلدى﴾[1].

﴿أَفَلَمْ يَسِيرُوا فِي الْأَرْضِ فَتَكُونَ لَهُمْ قُلُوبٌ يَعْقِلُونَ بِهَا أَوْ آذَانٌ يَسْمَعُونَ بِهَا فَإِنَّهَا لَا تَعْمَى الْأَبْصَارُ وَلَكِنْ تَعْمَى الْقُلُوبُ الَّتِي فِي الصُّدُورِ﴾ ﴿ئۇلار زېمىندا سەير قىلمىدىمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار (يەنى سەير قىلىپ) چۈشىنىدىغان قەلبلەرگە، ياكى ئاڭلايدىغان قۇلاقلارغا ئىگە بولمىدىمۇ؟ ھەقىقەتەن كۆزلەرلا كور بولمايدۇ، لېكىن كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر كور بولىدۇ (يەنى ھەقىقىي كورلۇق كۆزنىڭ كورلۇقى ئەمەس، دىلنىڭ كورلۇقىدۇر، كور ئادەم ئىبرەت ئالمايدۇ ۋە چۈشەنمەيدۇ)﴾[2].

ھەرقانداق ئىشتىكى سىناق نۇقتىسى مۇنداق: ئىنسان الله ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان مۇشۇ بۈيۈك قورالدىن پايدىلىنىپ، شەھۋانىي نەپسىنى كونترول قىلىپ، بۇ ئارقىلىق ئىنسانغا لايىق دەرىجىگە يۈكسىلىپ، ھەقىقىي ھازارەت بەرپا قىلىپ، خەلىپىلىك ۋەزىپىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاخىرەتتە تولۇق مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، جەننەتنى قولغا كەلتۈرەمدۇ، جەننەتنىڭ «ما لا عين رأت

[1] سۈرە نەھل، 78- ئايەت.

[2] سۈرە ھەج، 46- ئايەت.

**ولا أذن سمعت ولا خطر على قلب بشر»** «كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان، ئىنسانىنىڭ دىلىغا كەچمىگەن نېمەتلىرىگە»[1] ئېرىشەمدۇ ياكى بۇ كاتتا قورالنى بىر ياققا تاشلاپ قويۇپ، شەھۋانىي نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، چۈشكۈنلىشىپ ئۆزىنى ۋە ئۆزگىلەرنى يېقىن كەلگۈسىدە ياكى يىراق كەلگۈسىدە ۋەيران قىلامدۇ، ئىنسانغا لايىق هازارەت بەرپا قىلماي ئۆتەمدۇ، خەلىپىلىك ۋەزىپىسىنى ئىشقا ئاشۇرامدۇ، ئۆزىنى روھلارمۇ، بەدەنلەرمۇ تاقەت كەلتۈرەلمەيدىغان قورقۇنچلۇق ئازابقا دۇچار قىلامدۇ؟

**﴿إِنَّ الَّذِينَ كَفَرُوا بِآيَاتِنَا سَوْفَ نُصْلِيهِمْ نَارًا كُلَّمَا نَضِجَتْ جُلُودُهُمْ بَدَّلْنَاهُمْ جُلُودًا غَيْرَهَا لِيَذُوقُوا الْعَذَابَ إِنَّ اللَّهَ كَانَ عَزِيزًا حَكِيمًا وَالَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ سَنُدْخِلُهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا أَبَدًا لَهُمْ فِيهَا أَزْوَاجٌ مُطَهَّرَةٌ وَنُدْخِلُهُمْ ظِلًّا ظَلِيلًا﴾** ﴿شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى دوزاخقا كىرگۈزىمىز، ئۇلارنىڭ تېرىلىرى پىشىپ تۈگىگەن چاغدا ئازابنى تېتىتىش ئۈچۈن ئورنىغا باشقا تېرە يەڭگۈشلەيمىز. الله ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمىز، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. ئۇ يەردە ئۇلارغا پاك جۈپتىلەر بولىدۇ، ئۇلارنى جەننەتنىڭ مەڭگۈلۈك سايىسىغا داخىل قىلىمىز﴾[2].

نورمال ئىنسان بۇ مەسىلىنى شۇنداق تونۇغان ئىكەن، ئۇنداقتا ئۇ، اللهئۇنىڭغا ئاتا قىلغان ئەقلىغا ماس، ھېكمەتكە ئۇيغۇن ھالدا ھوزۇر ھالاۋەتنىڭ مۇباھ مىقدارى بىلەن كۇپايىلىنىدۇ، مۇباھتىن ھارامغا ئۆتۈپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بۇ دۇنيالىق تۇرمۇشىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتىدۇ، اللهنىڭ قورقۇنچلۇق ئازابىدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ، ئاخىرەتتە جەننەت ۋە اللهنىڭ

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] سۈرە نىسا، 56- ۋە 57- ئايەتلەر.

رازىلىقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

دىنىمىزنىڭ سۆزلۈك مەنبەلىرى بولغان كىتابۇللاھ ۋە ھەدىسى رەسۇلۇللاھ بىلەن تەربىيىلەنگەن تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنىڭ تونۇشى شۇنداق ئىدى. ئۇلارنىڭ تونۇشىدا دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنىڭ يولى بىر ئىدى: ﴿**وَابْتَغِ فِيمَا آتَاكَ اللَّهُ الدَّارَ الْآخِرَةَ وَلَا تَنْسَ نَصِيبَكَ مِنَ الدُّنْيَا وَأَحْسِنْ كَمَا أَحْسَنَ اللَّهُ إِلَيْكَ وَلَا تَبْغِ الْفَسَادَ فِي الْأَرْضِ إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ الْمُفْسِدِينَ**﴾ ﴿الله ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن، الله ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەن (اللهنىڭ بەندىلىرىگىمۇ) ياخشىلىق قىلغىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى تىلىمىگىن، الله ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ﴾[1].

﴿**هُوَ الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ الْأَرْضَ ذَلُولًا فَامْشُوا فِي مَنَاكِبِهَا وَكُلُوا مِنْ رِزْقِهِ وَإِلَيْهِ النُّشُورُ**﴾ ﴿الله سىلەرگە زېمىننى مېڭىشقا ئاسان قىلدى، زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار. اللهنىڭ (بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار، سىلەر تىرىلگەندىن كېيىن اللهنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر﴾[2].

ئىسلام ئىنسان روھىيىتىدە ئەنە شۇنداق يارىشىملىق بىر تەڭپۇڭلۇقنى پەيدا قىلدى. تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار بۇ تەڭپۇڭلۇقنى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئىشقا ئاشۇردى. بۇ تەڭپۇڭلۇق تارىخنىڭ ئېسىدىن چىقمىدى. ئىنسانىي رېئاللىققا شۇنداق چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتىكى، ئۇنىڭغا تارىختىكى ھېچقانداق تەسىر تەڭ تۇرالمايدۇ... بۇ يارىشىملىق تەڭپۇڭلۇق كېيىنكى ئەۋلاد مۇسۇلمانلاردا بۇزۇلۇشقا باشلىدى. بۇ قېتىمقى بۇزۇلۇش ئەرەب جاھىلىيىتىدىكى بۇزۇلۇشقا تامامەن ئوخشىمايدىغان يۆنىلىشتە يۈز بەردى.

ئەرەب جاھىلىيىتىدىكى بۇزۇلۇش كىشىلەرنىڭ تونۇشىدا دۇنيانىڭ

---

[1] سۈرە قەسەس، 77- ئايەت.

[2] سۈرە مۇلك، 15- ئايەت.

ئاخىرەتتىن ئايرىلىپ كەتكەنلىكىدە ئىدى. ئۇلار ئاخىرەتكە، قايتا تىرىلىشكە، جازا - مۇكاپاتقا ئىشەنمەيتتى. شۇڭا دۇنيانى ئاخىرەتتىن ئەۋزەل كۆرەتتى. ئەمما ھازىرقى بۇزۇلۇش كىشىلەرنىڭ تونۇشىدا دۇنيانىڭ ئاخىرەتتىن ئايرىلىپ كەتكەنلىكىدە. ھازىرقىلار دۇنيانىڭ ئىشىنى كىچىك كۆرۈپ، كۆزگە ئىلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاخىرەتنى ئەۋزەل كۆرىدۇ.

بۇ، قارىماققا ئىماننىڭ ئۆز ئەينىدەك، ھەرقانداق ئىنسان شۇنداق قىلىشى كېرەكتەك، شۇنداق قىلالىغانلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يېتىپ، دىندىكى ناھايىتى چوڭ بىر ئىشنى قىلغاندەك كۆرۈنىدۇ.

خەتەر دەل مانا مۇشۇ يەردە! بۇ مۇسۇلمانلار ئارىسىغا ئۇزاقتىن بۇيان كەڭ تارقىلىپ، ئۇلارغا ئىزچىل تەسىر كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان سوپىزمچە تاللاشتۇر، ئەۋزەل كۆرۈشتۇر. دېمىسىمۇ قۇرئاندا مۇنداق ئايەتلەر بارغۇ: **﴿فَمَنْ زُحْزِحَ عَنِ النَّارِ وَأُدْخِلَ الْجَنَّةَ فَقَدْ فَازَ وَمَا الْحَيَاةُ الدُّنْيَا إِلَّا مَتَاعُ الْغُرُورِ﴾** ﴿كىمكى دوزاختىن يىراق قىلىنغان ۋە جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن ئىكەن، ئۇ مۇرادىغا يەتكەن بولىدۇ. دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئالدايدىغان مالدىنلا ئىبارەتتۇر (يەنى ئالدايدىغان نەرسە بولۇپ، ئازغىنا بەھرىمەن بولغاندىن كېيىن تۈگەيدۇ﴾[1].

ئالدايدىغان مالدىن يىراق بولۇپ، ئاخىرەتكە دىلى باغلانغان كىشى مۇرادىغا يېتىدۇ ئەمەسمۇ؟! دىنىنىڭ جەۋھىرىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ ئەمەسمۇ؟! تىللاردا داستان بولغۇدەك ئاجايىپ ئىشلارنى قىلىدۇ ئەمەسمۇ؟! مانا بۇ سوپىزمنىڭ مەنتىقىسى.

تەگلەپ سۈرۈشتە قىلساق، بۇ مەنتىقىنىڭ مەلۇم بولمىغان نۇرغۇن نۇقسانلىرى ئاشكارا بولىدۇ.

سوپىلارنىڭ اللهنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەيدىغانلىقى... راست! ئەمما ئۇلارنىڭ الله پەرز

[1] سۈرە ئال ئىمران، 185- ئايەت.

قىلغان يولغا ماڭغانلىقى... يالغان!

بىز هازىر سوپىزمنىڭ ھەقىقەتتىن يىراقلاشقان تەرەپلىرى، ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد، ھۇلۇل ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش باشقا ئازغۇن ئېتىقادلىرى ھەققىدە سۆزلىمەيمىز. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مازارى - ماشايىخلارغا چوقۇنۇش، بۇنى چۆرىدەپ تارقالغان بىدئەت - خوراپات ۋە ئەپسانىلەر، بەندە بىلەن اللە ئوتتۇرىسىغا ۋاستە پەيدا قىلىشلار ھەققىدە سۆزلىمەيمىز. بىزنىڭ دىنىمىز اللە بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق ۋاستىلارنى يوق قىلىپ، ئىنسان قەلبىنى ئازات قىلىپ، ئۇنى بىۋاستە شېرىكسىز ھالدا اللەقا باغلاش ئۈچۈن كەلگەن: ﴿**وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِي عَنِّي فَإِنِّي قَرِيبٌ أُجِيبُ دَعْوَةَ الدَّاعِ إِذَا دَعَانِ فَلْيَسْتَجِيبُوا لِي وَلْيُؤْمِنُوا بِي لَعَلَّهُمْ يَرْشُدُونَ**﴾ ﴿مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىمان ئېيتسۇن (يەنى ھەمىشە ئىمان بىلەن بولسۇن)﴾[1].

بىز هازىر سوپىزمدىكى بۇ ئازغۇنلۇقلار توغرىسىدا، شېرىك ئېتىقادلار ھەققىدە سۆزلىمەيمىز. چۈنكى بىز هازىر دۇنيا ۋە ئاخىرەت چۈشەنچىسى ھەققىدە سۆزلەپ كېتىۋاتىمىز. شۇڭا بىز سوپىزمنىڭ مۇشۇ ساھەدە پەيدا قىلغان بۇزغۇنچىلىقلىرى ھەققىدىلا سۆزلىمەكچىمىز.

سوپىلار دۇنيانى سۆكۈپ كەلگەن ئايەتلەرگە ۋە دۇنياغا لەنەت قىلىپ كەلگەن ھەدىسلەرگە ئېسىلدى[2].

ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئىچىدىكى دۇنيالىق

---

[1] سۈرە بەقەرە، 186- ئايەت.

[2] كقوله صلى الله عليه وسلم : " الدنيا ملعونة ، ملعون ما فيها ، إلا ذكر الله أو عالم أو متعلم " رواه ابن ماجه والترمذي. «دۇنيا ۋە دۇنيادىكى نەرسىلەر لەنەت قىلىنغاندۇر، ئاللاھنى زىكىر قىلىش ياكى ئىلىم ئۆگىتىش ياكى ئىلىم ئۆگىنىش بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر». ئىبنى ماجە ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

www.uyghurkitap.com

هوزۇر - هالاۋەتنى تەرك ئېتىپ، دۇنيالىقتا كۆڭۈل بەرمىگەن زاھىدلارغا بەكرەك ئېپسلدى.

ئۇلار يەنە شۇنىڭغا چىك ئېسىلدىكى، دۇنيالىقتا بېرىلىش مۇئمىننى گۇناھقا ئېلىپ بارىدۇ، گۇناھ اللهنىڭ غەزىپىنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئاخىرەتتە ئازابقا دۇچار قىلىدۇ. ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: دۇنيانى پەسلەشتۇرۇپ، ئۇنى ھەقىر بىر نەرسىگە ئايلاندۇرمىغىچە، دۇنيانىڭ زىبۇزىننەتلىرىدىن ۋاز كەچمىگىچە، ئىمكانقەدەر ئۇنىڭدىن يىراقلاشمىغىچە گۇناھ - مەئسىيەتلەردىن ساقلانغىلى بولمايدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، دۇنيانى سۆككەن ئايەتلەر كاپىر ۋە مۇناپىقلار ھەققىدە كەلگەن...

توغرا، مۇئمىن ناۋادا مال - دۇنياغا مۇئامىلە قىلىشتا كاپىر قىلغان ئىشلارنىڭ بەزىسىنى قىلىپ سالسا، گەرچە كاپىر بولۇپ كەتمىگەن تەقدىردىمۇ، ئەمما دۇنيانى سۆككەن ئايەتلەرنىڭ تەكىتىگە داخىل بولۇپ قالىدۇ. تۆۋەندىكى مۇنۇ ئايەتتە شۇنداق مەزمۇن بار: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا مَا لَكُمْ إِذَا قِيلَ لَكُمُ انْفِرُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ اثَّاقَلْتُمْ إِلَى الْأَرْضِ أَرَضِيتُمْ بِالْحَيَاةِ الدُّنْيَا مِنَ الْآخِرَةِ فَمَا مَتَاعُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا فِي الْآخِرَةِ إِلَّا قَلِيلٌ إِلَّا تَنْفِرُوا يُعَذِّبْكُمْ عَذَابًا أَلِيمًا وَيَسْتَبْدِلْ قَوْمًا غَيْرَكُمْ وَلَا تَضُرُّوهُ شَيْئًا وَاللَّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! سىلەرگە اللهنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشقا چىقىڭلار دېيىلسە، نېمىشقا يۇرتۇڭلاردىن ئايرىلغىڭلار كەلمەيدۇ؟ دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەتتىكى (بەخت) بىلەن تېگىشىشكە رازى بولدۇڭلارمۇ؟ دۇنيا ھاياتىدىن بەھرىمەن بولۇش ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئەرزىمەس نەرسىدۇر. ئەگەر سىلەر جىھادقا چىقمىساڭلار الله سىلەرگە قاتتىق ئازاب قىلىدۇ. (سىلەرنى ھالاك قىلىپ) ئورنۇڭلارغا سىلەردىن باشقا قەۋمنى كەلتۈرىدۇ، سىلەر اللهقا

قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر، الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾[1].

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۆۋەندىكى ئىككى ئايەتنىڭ كاپىرلار ھەققىدە نازىل بولغانلىقىنى بىلسىمۇ، ئۆزىنىڭ شۇ ئىككى ئايەتنىڭ تەكىتىگە داخىل بولۇپ قېلىشىدىن داۋاملىق قورقاتتى: ﴿أَذْهَبْتُمْ طَيِّبَاتِكُمْ فِي حَيَاتِكُمُ الدُّنْيَا وَاسْتَمْتَعْتُمْ بِهَا﴾ ﴿سىلەر لەززەتلىرىڭلارنى ھاياتىي دۇنيادا بەھرىمەن بولۇپ تۈگەتتىڭلار﴾[2].

﴿ثُمَّ لَتُسْأَلُنَّ يَوْمَئِذٍ عَنِ النَّعِيمِ﴾ ﴿ئاندىن (دۇنيادا سىلەرگە بېرىلگەن) نېمەتلەردىن سوئال - سوراق قىلىنىسىلەر﴾[3].

بۇ توغرا...

دۇنياغا ئاخىرەتتىن غاپىل بولۇشقا ئېلىپ بارىدىغان دەرىجىدە بېرىلىش مەيلى مۇئمىندىن سادىر بولسۇن ياكى كاپىردىن سادىر بولسۇن، مەيلى بۇ ئىككى خىل بېرىلىشنىڭ جازاسى پەرقلىق بولسۇن، بەرىبىر ئۇنى الله قوبۇل قىلمايدۇ.

بۇ بىر ئىش. لېكىن دۇنيا بىلەن ئاخىرەت بىر - بىرىگە قارشى ئىككى لاگېر، بىرىگە يۈزلەنگەن كىشى يەنە بىرىدىن ئايرىلىشى زۆرۈر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككىسىنىڭ بىرىنى تاللاشقا، يەنە بىرىنى تاشلىۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ، دەپ قاراش ئايرىم بىر ئىش. بۇنىڭغا الله نىڭ دىنىدىن ئاساس يوق. ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله نىڭ مۇنۇ سۆزىگە قۇلاق سالايلى:

﴿ابْتَغِ فِيمَا آتَاكَ اللَّهُ الدَّارَ الْآخِرَةَ وَلَا تَنْسَ نَصِيبَكَ مِنَ الدُّنْيَا وَأَحْسِنْ كَمَا أَحْسَنَ اللَّهُ إِلَيْكَ وَلَا تَبْغِ الْفَسَادَ فِي الْأَرْضِ إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ الْمُفْسِدِينَ﴾ ﴿الله ساڭا بەرگەن

[1] سۈرە تەۋبە، 38- ۋە 39- ئايەتلەر.
[2] سۈرە ئەھقاف، 20- ئايەت.
[3] سۈرە تەكاسۇر، 8- ئايەت.

بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن، الله ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەن (اللهنىڭ بەندىلىرىگىمۇ) ياخشىلىق قىلغىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى تىلىمىگىن، الله ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ﴾[1].

﴿هُوَ الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ الْأَرْضَ ذَلُولًا فَامْشُوا فِي مَنَاكِبِهَا وَكُلُوا مِنْ رِزْقِهِ وَإِلَيْهِ النُّشُورُ﴾ ﴿الله سىلەرگە زېمىننى مېڭىشقا ئاسان قىلدى، زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار. اللهنىڭ (بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار، سىلەر تىرىلگەندىن كېيىن اللهنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر﴾[2].

﴿قُلْ مَنْ حَرَّمَ زِينَةَ اللَّهِ الَّتِي أَخْرَجَ لِعِبَادِهِ وَالطَّيِّبَاتِ مِنَ الرِّزْقِ قُلْ هِيَ لِلَّذِينَ آمَنُوا فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا خَالِصَةً يَوْمَ الْقِيَامَةِ كَذَلِكَ نُفَصِّلُ الْآيَاتِ لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ﴾ ﴿ئېيتقىنكى، «الله بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان زىبۇزىنىنەتلەرنى، شېرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟» ئېيتقىنكى، «ئۇلار بۇ دۇنيادا مۇئمىنلەر ئۈچۈن يارىتىلغان (گەرچە ئۇلارغا كۇففارلار شېرىك بولسىمۇ)، ئاخىرەتتە بولسا مۇئمىنلەرگىلا خاستۇر». (اللهنىڭ بىر ۋە شېرىكى يوق ئىكەنلىكىنى) بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز﴾[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىگە قاراپ باقايلى: «**ألا إني أعبدكم لله وأخشاكم له ، ولكني أصوم وأفطر ، وأقوم وأنام وأتزوج النساء ، فمن رغب عني سنتي فليس مني**» «ئاگاھ بولۇڭلاركى، مەن اللهتىن ئاراڭلاردىكى ئەڭ بەك قورقىدىغان، اللهقا ئەڭ بەك ئىبادەت قىلىدىغان كىشىمەن. لېكىن روزا تۇتىمەن، ئېغىز ئاچىمەن، قىيام قىلىمەن ۋە ئۇخلايمەن، ئاياللارنى نىكاھىمغا ئالىمەن. كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇ ماڭا

---

[1] سۈرە قەسەس، 77- ئايەت.

[2] سۈرە مۇلك، 15- ئايەت.

[3] سۈرە ئەئراف، 32- ئايەت.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەگەشكەنلەردىن ئەمەس»①.

«الله بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان زىبۇزىننەتلەرنى، شېرىن، پاك رىزىقلارنى كىم هارام قىلدى؟» بۇ ئايەت ھەققىدە ئالاھىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئايەتتە زىبۇزىننەتنى زىكرى قىلىش ئۆزگە خاس مەنىگە ئىگە. زىننەت دېگەن بېزەشتۇر. بېزەش زۆرۈرىيەتتىن ئارتۇق نەرسىدۇر. يەنى اللهنىڭ بەندىلەرگە مۇباھ قىلغىنى پەقەت جاننى ساقلايدىغان زۆرۈرىيەتلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى زۆرۈرىيەتتىن ئېشىپ بېزەش دەرىجىسىگە يەتكەن نەرسىدۇر. قۇرئان كەرىمدە بېزەشنىڭ مۇباھلىقىغا دالالەت قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشارەتلەر بار: ﴿أَمَّنْ خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ وَأَنْزَلَ لَكُمْ مِنَ السَّمَاءِ مَاءً فَأَنْبَتْنَا بِهِ حَدَائِقَ ذَاتَ بَهْجَةٍ مَا كَانَ لَكُمْ أَنْ تُنْبِتُوا شَجَرَهَا أَإِلَهٌ مَعَ اللَّهِ بَلْ هُمْ قَوْمٌ يَعْدِلُونَ﴾ ﴿ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۇنىڭ بىلەن گۈزەل باغلارنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن كىم؟ ئۇ باغلارنىڭ دەرەخلىرىنى ئۆستۈرۈش سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن كەلمەيدۇ، اللهتىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئۇلار (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كەتكەن قەۋمدۇر﴾②.

﴿وَهُوَ الَّذِي أَنْزَلَ مِنَ السَّمَاءِ مَاءً فَأَخْرَجْنَا بِهِ نَبَاتَ كُلِّ شَيْءٍ فَأَخْرَجْنَا مِنْهُ خَضِرًا نُخْرِجُ مِنْهُ حَبًّا مُتَرَاكِبًا وَمِنَ النَّخْلِ مِنْ طَلْعِهَا قِنْوَانٌ دَانِيَةٌ وَجَنَّاتٍ مِنْ أَعْنَابٍ وَالزَّيْتُونَ وَالرُّمَّانَ مُشْتَبِهًا وَغَيْرَ مُتَشَابِهٍ انْظُرُوا إِلَى ثَمَرِهِ إِذَا أَثْمَرَ وَيَنْعِهِ إِنَّ فِي ذَلِكُمْ لَآيَاتٍ لِقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ﴾ ﴿الله بۇلۇتتىن يامغۇر سۈيىنى چۈشۈردى، شۇنىڭ بىلەن بارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈردى، ئۆسۈملۈكلەردىن يېشىل ياپراقلارنى چىقاردى، (بۇغداي ۋە ئارپا باشاقلىرىغا ئوخشاش) بىر - بىرىگە مىنگىشىپ كەتكەن دانلارنى يېتىشتۈردى، خورما دەرىخىنىڭ چېچەكلىرىدىن يەرگە يېقىن

① بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
② سۈرە نەمل، 60- ئايەت.

ساغىلىپ تۇرىدىغان خورما ساپاقلىرىنى يېتىشتۈردى، (يامغۇر سۈيى بىلەن) ئۈزۈملۈك باغلارنى يېتىشتۈردى، (يامغۇر سۈيى بىلەن) شەكىلدە، ھەجىمدە، تەمدە بىر - بىرىگە ئوخشايدىغان ۋە ئوخشىمايدىغان زەيتۇن، ئانار دەرەخلىرىنى يېتىشتۈردى، (ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ) يېڭى تۈتقان مېۋىسىگە ۋە پىشقان مېۋىسىگە قاراڭلار، ئۇلاردا اللهنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (اللهنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئوچۇق دەلىللەر بار﴿[1] .

﴿وَالْأَنْعَامَ خَلَقَهَا لَكُمْ فِيهَا دِفْءٌ وَمَنَافِعُ وَمِنْهَا تَأْكُلُونَ وَلَكُمْ فِيهَا جَمَالٌ حِينَ تُرِيحُونَ وَحِينَ تَسْرَحُونَ﴾ ﴿الله چارۋا ماللارنى سىلەرنىڭ مەنپەئەتلىنىشىڭلار ئۈچۈن ياراتتى، ئۇلار (نىڭ يۇڭى ۋە تېرىسى) بىلەن ئىسسىنىسىلەر، ئۇلار (نىڭ نەسلى، سۈتى، سۆڭىكى ۋە قىغى) دىن پايدىلىنىسىلەر ۋە ئۇلار (نىڭ گۆشلىرى) نى يەيسىلەر. ئۇلارنى كەچتە ئوتلاقتىن قايتۇرۇپ كەلگەن ۋە ئەتىگەندە ئوتلاققا ئېلىپ چىققان ۋاقتىڭلاردا، چارۋا ماللار سىلەرگە زىننەت بولۇپ (خۇشاللىق بېغىشلايدۇ)﴿[2] .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىقى ھەدىسى شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇكى، بۇ دۇنيانىڭ ھوزۇر - ھالاۋەتلىرىدىن چورتلا قول ئۈزۈش الله رازى بولىدىغان ئىبادەت قاتارىغا كىرمەيدۇ. بۇ قول ئۈزۈش ئىبادەتتىكى راستچىللىق ۋە اللهتىن قورقۇشنى ئىپادىلەشنىڭ توغرا شەكلى ئەمەس. چۈنكى جاھاندىكى ھەممە مەخلۇقتىن بەكرەك ئىبادەت قىلغۇچى، اللهتىن بەكرەك قورققۇچى زات پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنداق قىلمايتتى، ئۇنىڭغا بۇيرىمايتتى. بەلكى بۇنداق قىلغان كىشىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدىن يۈز ئۆرىگۈچى دەپ ھېسابلاپ، ئۇنى يولدىن چىقىپ كەتمەسلىككە ئاگاھلاندۇرىدۇ: «فمن رغب عن سنتي فليس مني»

[1] سۈرە ئەنئام، 99- ئايەت.

[2] سۈرە نەھل، 5- ۋە 6- ئايەتلەر.

«كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇ ماڭا ئەگەشكەنلەردىن ئەمەس»[1].

سوپىلار ئۆز يولىغا دەلىل كۆرسەتكەن زاھىدلارنىڭ تۇتقان يولى سوپىلارنىڭ يولىغا ئوخشىمايدۇ.

يۇزەكى قارىغاندا، زاھىدلىق بىلەن سوپىلىق بەزى جەھەتلەردە ئوخشاپ قالىدۇ. مەسىلەن، ھەر ئىككىلىسى ھوزۇر - ھالاۋەتكە بېرىلمەيدۇ، ھەممە كۈچىنى تۈرلۈك ئىبادەتلەرگە قارىتىدۇ. مۇباھ ھوزۇر - ھالاۋەتلەردىن مەنپەئەتلىنىشكە پۇرسەت قالدۇرمايدۇ... بۇ شۇنداق، لېكىن ئۇ ئىككىسى شۇنىڭدىن كېيىن بىر - بىرىدىن ئايرىلىدۇ، بۇ ئايرىلىش ئۆزئارا زىت ئىككى نەرسە بولۇشقىچە بېرىپ يېتىدۇ. ئۇ ئىككىسى ئىبادەتنىڭ تۈرى جەھەتتە پەرق ئېتىدۇ. يەنى ئىبادەت چۈشەنچىسىدە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. شۇ جەھەتتىن ئۇ ئىككىسىنىڭ ھاياتلىق يولى ۋە مەسىلەكلىرىمۇ ئوخشىمايدۇ.

شەھۋانىي نەپسىنىڭ ئالدىنى توسالايدىغان «سېپىل» سېلىش كېرەك! بۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمەسلىك كېرەك! بۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن ئاۋۋال كۈچلۈك ئىرادە بولۇشى كېرەك! كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمەي شەھۋانىي نەپسىنىڭ ئالدىنى توسقاندا، روھىيەتتە ناھايىتى زور يۈكسەك بىر كۈچ ھاسىل بولىدۇ. بۇ كۈچ ئالىي دەرىجىلەرگە يۈزلىنىدۇ، يۇقىرىغا قاراپ ئۆرلەيدۇ. بۇ خۇددى ئېقىۋاتقان ئېقىننىڭ ئالدىنى توسسا، سۇ قېيىپ، ئەسلىدىكى ئېقىن سىزىقىدىن يۇقىرى ئۆرلىگەنگە ئوخشاشلا بىر ئىش...

مۇشۇ يەرگە يەتكىچە زاھىدلىقتىن پەيدا بولغان «روھىي چېنىقىش» بىلەن، سوپىلىقتىن پەيدا بولغان «روھىي چېنىقىش» بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ... زاھىدنىڭ روھىدىمۇ، سوپىنىڭ روھىدىمۇ ناھايىتى زور روھىي كۈچ توپلىنىدۇ. بۇ ئالىي دەرىجىدىكى كۈچ شەھۋانىي نەپسىنىڭ كەينىگە

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

كىرگەنلەر ھەرگىزمۇ يېتەلمەيدىغان ئالىي ئۇپۇقلارغا يېتەلەيدۇ... بۇ ئىككى خىل روھ يېتىپ بارغان ئۇپۇق بىر - بىرىگە ئوخشمايدۇ...

ساھابىلەر ئىچىدىكى زاھىدلار ۋە زاھىدلارنىڭ خوجىسى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زاھىدلىق، يەنى بۇ دۇنيانىڭ ھوزۇر - ھالاۋەتلىرىگە بېرىلمەسلىك ئۇلارنى يۈكسەلدۈرگەن ئۇپۇقلارنى بىزگە بىلدۈرگەن ئىدى...

الله يولىدا جىھاد قىلىش، اللهنىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن جىھاد قىلىش، «دىن پۈتۈنلەي الله ئۈچۈن بولسۇن» دەپ جىھاد قىلىش، زېمىندا ئىلاھىي ئادالەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن جىھاد قىلىش، كىشىلەر خىيال قىلغان ئىدېئال جەمئىيەتنى ئەمەلىيەتتە بەرپا قىلىش ئۈچۈن جىھاد قىلىش، ئازغۇنلۇقنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا توغرىلىقنى پەيدا قىلىدىغان زور ئىجابىي كۈچ، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ئارقىلىق «ئىنسانلار ئىچىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشى ئۇممەت» بولۇش سالاھىيىتىنى ھازىرلاش: ﴿كُنْتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ﴾ ﴿سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان، اللهقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۇممەتسىلەر﴾[1].

مانا بۇلار زاھىدلىقتىن پەيدا بولغان جۇغلانما ئېنېرگىيە يېتىپ بارغان ئۇپۇقلاردۇر. بۇ ئېنېرگىيە رېئالىي دۇنيادا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان گىگانت بىر بىنا سالدى، ئۇنىڭدىن زېمىنغا نۇر تارالدى. ئىنسانىي زۇلۇماتلارنىڭ الله يورۇشنى تەقدىر قىلغانلىرى يورۇدى. بۇ نۇر يېرىم ئەسىر ئىچىدە غەربىي ئوكياندىن باشلاپ، شەرقىي ھىندىستانغىچە يورۇقلۇق تارقاتتى. ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇقلار توسيالمىدى، زۇلۇماتلار ئۇنى توختىتىپ قالالمىدى.

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 110- ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشلىق زاھىدلار دۇنيالىق ھوزۇر - ھالاۋەتنى ھارام قىلمايتتى، ئەمما ئۇنىڭدىن ئۆزىنى ئالىي تۇتالايتتى. دۇنيالىق ھوزۇر - ھالاۋەت ئۇلارنى ئۇلۇغۋار نىشانلارنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالىي ئۇپۇقلارغا ئۆرلەپ جىھاد قىلىشتىن كاشىلا قىلالمايتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆيۈمچان ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ داق يەردە بىر قات پالاز ئۈستىدە ئۇخلىغانلىقىنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك تەنلىرى يۇمشاقراق ياتسۇن دەپ، پالازنى ئىككى قاتلاپ سېلىپ بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ياقتۇرمايدۇ. ئۇنى پالازنى ئەسلىدىكىدەك بىر قات قىلىپ سېلىشقا بۇيرۇيدۇ. الله ئۈچۈن دۇنيالىق ھوزۇر - ھالاۋەتتىن ئۈزۈلگەن ئالىي دەرىجىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە نىسپىي يۇمشاقلىقنىڭ الله يولىدا جىھاد قىلىشقا كۈچ توپلاشقا كاشىلا بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «**ألا إني أعبدكم لله وأخشاكم له ، ولكني أصوم وأفطر ، وأقوم وأنام ، وأتزوج النساء فمن رغب عني سنتي فليس مني**» «روزا تۇتىمەن، ئېغىز ئاچىمەن، قىيام قىلىمەن ۋە ئۇخلايمەن، ئاياللارنى نىكاھىمغا ئالىمەن. كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇ ماڭا ئەگەشكەنلەردىن ئەمەس»[1].

سوپىلار دۇنيانىڭ ھوزۇر - ھالاۋىتىدىن يۈكسەلدۈرىدىغان زور روھىي كۈچكە ئېرىشكەندىن كېيىن، بۇ كۈچنى نېمىگە سەرپ قىلىدى؟

ئۇلار بۇ كۈچنى باشقا بىر خىل جىھادقا – كۆڭۈلدىكى شەيتان بىلەن جىھاد قىلىشقا ئىشلەتتى. كىتابۇللاھدا كەلگەن جىھاد ئايەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى شۇنداق جىھاد دەپ تەۋىل قىلدى. ھەتتا كاپىر ۋە مۇناپىقلارغا قارشى قورallıq ئۇرۇش قىلىش ۋە ئۇلارغا قاتتىق تېگىش ھەققىدىكى ئۇچۇق

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

مەزمۇنلۇق ئايەتلەرنىمۇ شۇنداق تەۋىل قىلدى.

شۈبھىسىزكى، اللە شەيتانغا قارشى جىھاد قىلىشقا بۇيرۇغان... ئالىي ئىدىيىئاللارنى ئەمەلىي دۇنيادا ئىشقا ئاشۇرغان تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار شەيتانغا قارشى جىھاد قىلىپ، بۇ جەھەتتە تارىختىكى ئەڭ چوڭ غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. لېكىن ئۇلار شەيتاننىڭ روھىيەتنى كونترول قىلىشىنى يوقاتقاندىن كېيىن، جىھاد ئاخىرلاشتى دەپ قارىمىدى. ھەممىدىن خەۋەردار اللە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّهُ لَيْسَ لَهُ سُلْطَانٌ عَلَى الَّذِينَ آمَنُوا وَعَلَى رَبِّهِمْ يَتَوَكَّلُونَ إِنَّمَا سُلْطَانُهُ عَلَى الَّذِينَ يَتَوَلَّوْنَهُ وَالَّذِينَ هُمْ بِهِ مُشْرِكُونَ﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، مۆئمىنلەرنىڭ ۋە پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۈل قىلغۇچىلار (يەنى يۆلەنگۈچىلەر) نىڭ ئۈستىدىن شەيتان ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ (يەنى پەرۋەردىگارىغا چىن يۆلەنگەن مۆئمىنلەرگە شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى تەسىر قىلالمايدۇ). شەيتان پەقەت ئۆزىنى دوست تۇتىدىغانلار ۋە ئۆزىنىڭ (ئىغۋا قىلىشى) بىلەن مۇشرىك بولۇپ كەتكەنلەر ئۈستىدىنلا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ﴾[1].

بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى ھەممە مۆئمىنلەرگە سادىق كېلىدۇ. اللە ئىمانىغا گۇۋاھلىق بەرگەن ساھابىلەرگە تېخىمۇ بەك سادىق كېلىدۇ: ﴿آمَنَ الرَّسُولُ بِمَا أُنْزِلَ إِلَيْهِ مِنْ رَبِّهِ وَالْمُؤْمِنُونَ﴾ ﴿پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، مۆئمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى﴾[2].

﴿أُولَئِكَ كَتَبَ فِي قُلُوبِهِمُ الْإِيمَانَ وَأَيَّدَهُمْ بِرُوحٍ مِنْهُ وَيُدْخِلُهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمْ وَرَضُوا عَنْهُ أُولَئِكَ حِزْبُ اللَّهِ أَلَا إِنَّ حِزْبَ اللَّهِ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾ ﴿ئەنە شۇلارنىڭ دىللىرىدا اللە ئىماننى مەھكەم قىلدى ۋە ئۆز دەرگاھىدىن بولغان روھ بىلەن ئۇلارنى كۈچەيتتى، اللە ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە

[1] سۈرە نەھل، 99- ۋە 100- ئايەتلەر.

[2] سۈرە بەقەرە، 285- ئايەت.

مەڭگۈ قالىدۇ، اللە ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، اللەتىن ئۇلارمۇ مەمنۇن بولىدۇ، ئەنە شۇلار اللەنىڭ قوشۇنىدۇر، بىلىڭلاركى، اللەنىڭ قوشۇنى مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾[1].

ساھابىلەر شەيتان بىلەن بولغان جەڭدە شەيتاننى يېڭىشنى جىھاد قىلىشنىڭ، ياخشىغا بۇيرۇپ، ياماندىن توسۇشنىڭ، زېمىندا ئىلاھىي ئادالەت بەرپا قىلىشنىڭ، شېرىك قورغانلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، ئىمان قورغانلىرىنى بەرپا قىلىشنىڭ، تاغۇتلارنى يوقىتىپ، ئىلاھىي ھاكىمىيەت بەرپا قىلىشنىڭ، اللەنىڭ دۈشمەنلىرىنى قورقۇتىدىغان كۈچ پەيدا قىلىشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى قىلاتتى.

ئۇلار كۆڭۈلدىكى شەيتان بىلەن جىھاد قىلىشتىن ئىش باشلىمىغان بولسا ياكى شەيتان ئۈستىدىن تەلتۆكۈس غەلىبە قىلمىغان بولسا ئىدى، بۇ ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىنى قىلالمىغان بولاتتى. لېكىن ئۇلار شەيتان بىلەن جەڭ قىلغان يەردىلا توختاپ قېلىپ: ئاخىرقى غايە مۇشۇ، ھەممە ئىش ئاخىرلاشتى دېمىدى.

شەيتان بىلەن قىلىنغان جەڭدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر ئىش بار.

سوپىلارنىڭ شەيتان بىلەن جەڭ قىلىش ئۇسۇلى نەپسى خاھىشىنى ئۆلتۈرۈپ، شەيتانغا ئورۇن قالدۇرماسلىقتىن ئىبارەت. شەيتان ئىنساننىڭ نەپسى خاھىشىنى ئۇۋۇا قىلىپ، نەپسى خاھىشىنىڭ ئوتلىرىنى پۈۋلەپ يىلىنجىتىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نەپسى خاھىشنى باسقىلى بولمايدۇ. نەپسى خاھىش ئۆلسە، شەيتان تۇرغىلى جاي تاپالماي، ئۆز ئۈستىگە ئالغان رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئامالسىز قالىدۇ: شەيتان ئېيتتى: ﴿**وَقَالَ لَأَتَّخِذَنَّ مِنْ عِبَادِكَ نَصِيبًا مَفْرُوضًا وَلَأُضِلَّنَّهُمْ وَلَأُمَنِّيَنَّهُمْ...**﴾ ﴿مەن ئەلۋەتتە سېنىڭ بەندىلىرىڭدىن

[1] سۈرە مۇجادەلە، 22- ئايەت.

www.uyghurkitap.com

مۇئەييەن ساندىكىلەرنى ئىگەللەيمەن. شۇنداقلا چوقۇم ئۇلارنى ئازدۇرىمەن، ئۇلارنى خام خىيال قىلدۇرىمەن...﴾[1].

الله (ئىبلىسقا) ئېيتتى: ﴿قَالَ اذْهَبْ فَمَنْ تَبِعَكَ مِنْهُمْ فَإِنَّ جَهَنَّمَ جَزَاؤُكُمْ جَزَاءً مَوْفُورًا وَاسْتَفْزِزْ مَنِ اسْتَطَعْتَ مِنْهُمْ بِصَوْتِكَ وَأَجْلِبْ عَلَيْهِمْ بِخَيْلِكَ وَرَجِلِكَ وَشَارِكْهُمْ فِي الْأَمْوَالِ وَالْأَوْلَادِ وَعِدْهُمْ وَمَا يَعِدُهُمُ الشَّيْطَانُ إِلَّا غُرُورًا﴾ ﴿بارغىن (ساڭا مۆھلەت بەردىم)، ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بالىلىرىدىن) كىمكى ساڭا ئەگىشىدىكەن، (جەھەننەم ساڭا ۋە ئۇلارغا) بېرىلگەن تولۇق جازادۇر. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن قوزغىتالايدىغانلىكى ئادىمىڭنى ئاۋازىڭ بىلەن (يەنى گۇناھقا چاقىرىشىڭ بىلەن) قوزغاتقىن، ئاتلىق ۋە پىيادە قوشۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلغىن، ئۇلارنىڭ ماللىرىغا ۋە بالىلىرىغا شېرىك بولغىن، ئۇلارغا (يالغان) ۋەدىلەرنى بەرگىن - شەيتاننىڭ ئۇلارغا بەرگەن ۋەدىسى پەقەت ئالدامچىلىقتۇر﴾[2].

سوپىلار شەيتانغا كۆڭۈلدىن ئورۇن بەرمەسلىك ئۈچۈن «جىھاد» قىلىشۋېرىدۇ، بۇ يولدا نۇرغۇن رىيازەتلەرنى چېكىدۇ، ئاخىرى نەپسى خاھىشنى ئۆلتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولىدۇ.

ئەمما زاھىدلار شەيتان بىلەن جەڭ قىلىشتا نەپسى - خاھىشنى ئۆلتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانمايدۇ. بەلكى ئىلاھىي يولدىن قوبۇللاپ ئالغان ئۇسۇلنى ئىشلىتىدۇ. بۇ ئۇسۇل نەپسى - خاھىشنى تىرىك ساقلاپ قېلىش، ئەمما ئۇنى شەيتان ئازدۇرالمايدىغان قورغان ئىچىگە ئېلىشتىن ئىبارەت. نەپسى - خاھىش زېمىننى ئىلاھىي يولنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئاۋات قىلىشقا، الله يولدا جىھاد قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ. الله ئىنسان روھىيىتىدىكى نەپسى خاھىش تۈرتكىلىرىنى بىكارغا ياراتمىغان، بەلكى مەقسەت بىلەن ياراتقان.

[1] سۈرە نىسا، 118- ۋە 119- ئايەتلەر.

[2] سۈرە ئىسرا، 63- ۋە 64- ئايەتلەر.

الله ئىنساننى يەر يۈزىدە خەلىپە بولۇشقا ياراتقان، ئۇنى زېمىننى ئاۋات قىلىشقا تەكلىپ قىلغان: ﴿وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلَائِكَةِ إِنِّي جَاعِلٌ فِي الْأَرْضِ خَلِيفَةً﴾ ﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن» دېدى﴾[1].

﴿هُوَ أَنْشَأَكُمْ مِنَ الْأَرْضِ وَاسْتَعْمَرَكُمْ فِيهَا﴾ ﴿الله سىلەرنى تۇپراقتىن ياراتتى، سىلەردىن زېمىننى ئاۋات قىلىشنى تەلەپ قىلدى﴾[2].

الله ئىنساننى مەلۇم مەقسەت بىلەن تۇپراقتىن يارىتىپ، ئۇنىڭغا جان كىرگۈزدى. ئۇنى پەرىشتىلەرنى ياراتقاندەك، ساپ نۇردىن ياراتمىدى: ﴿إِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلَائِكَةِ إِنِّي خَالِقٌ بَشَرًا مِنْ طِينٍ فَإِذَا سَوَّيْتُهُ وَنَفَخْتُ فِيهِ مِنْ رُوحِي فَقَعُوا لَهُ سَاجِدِينَ﴾ ﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە ئېيتتى: مەن ھەقىقەتەن لايدىن بىر ئادەم يارىتىمەن. ئۇنى مەن راۋۇرۇس ياراتقان (يەنى ئۇنى يارىتىپ سۈرەتكە كىرگۈزۈپ، ئەزالىرىنى تولۇق، مۇكەممەل ئىنسان ھالىتىگە كەلتۈرگەن) ۋە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن ۋاقتىمدا ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار﴾[3].

ئىنسان لاي - تۇپراقتىن يارىتىلغان بولغاچقا، ئۇنىڭ روھىيىتىگە كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى چىرايلىق كۆرسىتىلدى: ﴿زُيِّنَ لِلنَّاسِ حُبُّ الشَّهَوَاتِ مِنَ النِّسَاءِ وَالْبَنِينَ وَالْقَنَاطِيرِ الْمُقَنْطَرَةِ مِنَ الذَّهَبِ وَالْفِضَّةِ وَالْخَيْلِ الْمُسَوَّمَةِ وَالْأَنْعَامِ وَالْحَرْثِ ذَلِكَ مَتَاعُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَاللَّهُ عِنْدَهُ حُسْنُ الْمَآبِ﴾ ﴿ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن - كۈمۈشتىن توپلانغان كۆپ ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە

[1] سۈرە بەقەرە، 30- ئايەت.

[2] سۈرە ھۇد، 61- ئايەت.

[3] سۈرە ساد، 71- ۋە 72- ئايەتلەر.

مەنپەئەتلىنىدىغان (باقاسى يوق) شەيئىلەردۇر؛ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بولسا قايتىدىغان گۈزەل جاي (يەنى جەننەت) باردۇر (شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىغا ئەمەس، جەننەتكە قىزىقىش كېرەك)﴾[1].

لېكىن ئىنسان ۋۇجۇدىدا ئالىي روھ بولغاچقا، ئۇ نوقۇل ھالدىكى قارا لايلا ئەمەس. ئۇنىڭ ھوزۇر - ھالاۋىتى ھايۋانلارنىڭكىگە ئوخشاش پەقەت جىسمانىي ھوزۇر - ھالاۋەتلا ئەمەس. ئۇنىڭدا قارا لايىنى يورۇتىدىغان سۈزۈك روھ بار. بۇ روھ ئىنسان ۋۇجۇدىغا قىممەت قاراشلارنى، پرىنسىپلارنى، نىشانلارنى، ئاللاھنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان ئىنسانغا لايىق ئالىي ئۇيۇقلارغا يېتىش ئىستىكىنى تارقىتىدۇ: ﴿وَلَقَدْ كَرَّمْنَا بَنِي آدَمَ وَحَمَلْنَاهُمْ فِي الْبَرِّ وَالْبَحْرِ وَرَزَقْنَاهُمْ مِنَ الطَّيِّبَاتِ وَفَضَّلْنَاهُمْ عَلَى كَثِيرٍ مِمَّنْ خَلَقْنَا تَفْضِيلًا﴾ ﴿شەك - شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق، ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا (ئۇلاغلارغا) مىندۈردۇق، دېڭىزدا (كېمىلەرگە) چىقاردۇق، ئۇلارنى شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۈستۈن قىلدۇق﴾[2].

ئىنسان ۋۇجۇدىدا نەپسى خاھىش ئىستەكلىرىنىڭ بولۇشى زۆرۈر ئىدى. بۇ ئىستەكلەر ئىنساننى ئەمگەك قىلىشقا، مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشقا، قۇرۇلۇش قىلىشقا ئۈندەيتتى. بۇ ئىشلار زېمىندا خەلىپە بولۇشنىڭ زۆرۈر شەرتلىرى ئىدى. نەپسى خاھىشنىڭ ئىستەكلىرى بولغاندىلا، ئاندىن ھەر خىل توسۇقلار ئىنساننىڭ خەلىپىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا توسقۇنلۇق قىلالمايتتى. بۇ ھەممىدىن خەۋەردار، ياراتقۇچى ئاللاھقا ئايان ئىدى.

ئاللاھقا يەنە شۇ ئايان ئىدىكى، نەپسى خاھىشنى تىزگىنلىمىگەندە، ئۇ ئۆزىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى جارى قىلدۇرالمايلا قالماستىن، بەلكى

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 14- ئايەت.
[2] سۈرە ئىسرا، 70- ئايەت.

ئىنساننى نابۇت قىلىۋېتەتتى.

ئىلاھىي يول نەپسى خاھىشىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ، نەپسى خاھىشىنى كونترول قىلاتتى، ئۆلتۈرۈپ قويماياتتى، ھەم ئۇنى ئۆز مەيلىگىمۇ قويۇۋەتمەيتتى.

توغرا، نەپسى خاھىش ئىنسانىي ھاياتنىڭ سىناق نۇقتىسىدۇر: ﴿إِنَّا جَعَلْنَا مَا عَلَى الْأَرْضِ زِينَةً لَهَا لِنَبْلُوَهُمْ أَيُّهُمْ أَحْسَنُ عَمَلًا﴾ ﴿ئىنسانلارنىڭ قايسىلىرىنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى يەر يۈزىنىڭ زىننىتى قىلدۇق﴾[1].

سوپىلار ئىنساننىڭ نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىپ، ئازىدىغانلىقىنى بايقىدى، شۇنىڭ بىلەن نەپسى خاھىشىنى توگىتەلىسە، ئۆلتۈرەلىسە، سىناقتىن ئۆتەلەيدۇ، دەپ قارىدى. لېكىن ئۇلار نەپسى خاھىشىنىڭ يارىتىلىشىدىكى ھېكمەتنى، نەپسى خاھىشنى تىرىك ساقلاپ قېلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى، ئەمما ئۇنى ئىمكانقەدەر كونترول قىلىش لازىملىقىنى، الله نازىل قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بايان قىلغان ئىلاھىي يولنىڭ شۇنىڭغا بۇيرۇيدىغانلىقىنى بىلەلمەي قالدى: «روزا تۇتىمەن، ئېغىز ئاچىمەن، قىيام قىلىمەن ۋە ئۇخلايمەن، ئاياللارنى نىكاھىمغا ئالىمەن. كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇ ماڭا ئەگەشكەنلەردىن ئەمەس».

ئۇلار بۇ ھېكمەتنى بىلمىگىنىدە نەتىجە قانداق بولدى؟

ئىنسان ھەرگىزمۇ سوپىلار ئارزۇ قىلغاندەك ساپ نۇرغا ئايلىنالمايدۇ. ناۋادا ئىنسان نەپسى خاھىشىنى ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق سۈزۈك نۇر بولۇش دەرىجىسىگە يېتەلىگەن (ۋاسىل بولالىغان) تەقدىردە، ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلىنغان ئىبادەتنى بەجا كەلتۈرەلەمدۇ؟

---

[1] سۈرە كەھف، 7- ئايەت.

www.uyghurkitap.com

ھەقىقىي سوپى روھىي رىيازەت ئارقىلىق جىسمانىي ئېغىرلىقتىن قۇتۇلۇپ، نەپسى خاھىشتىن ئەركىنلىشىپ، ئالىي ئۇپۇقلاردا پەرۋاز قىلالايدۇ، نەپسى خاھىشقا بېرىلگەن ئادەملەر بارالمايدىغان سىرلىق دۇنيالارنى كېزەلەيدۇ. بۇنى ھېچكىم ئىنكار قىلمايدۇ. لېكىن سوپىلار «ۋاسىل بولدۇم» دېگەن شېرىن خىيال بىلەن ئەمەل قىلمايدىغان بولۇۋالدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەمەل دېگەن ئادەتتىكى ئىنسانىنىڭ ئاللاھقا يېتىش (ۋاسىل بولۇش) ۋاسىتىسى. ئاللاھقا يېتىپ بولغانلارنىڭ ۋاسىتىگە ھاجىتى يوق. شۇڭا ئۇلار ئەمەل قىلمىسىمۇ بولىدۇ.

ئەنە شۇنداق قىلىپ، سوپىلارنىڭ روھىدا بىرقانچە خىل ئامىللار توپلىنىدۇ. ئۇ ئامىللار ئۇنى بۇ دۇنيالىقتا ئىشلەشتىن، جىھاد قىلىشتىن قايتۇرۇۋېتىدۇ. ۋەھالەنكى ھەقىقىي زاھىد زېمىندا ئاللاھنىڭ يولىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، ناھەقنى پاچاقلاپ، ھەقنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن جىھاد قىلىدۇ، قۇرۇلۇش قىلىدۇ، ئىقتىساد توپلاپ، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزىدۇ.

سوپىلاردىكى بىرىنچى پاسسىپ ئامىل ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشىدۇر. ئۇلار دۇنيانى ئاخىرەتتىن ئايرىۋېتىپ «دۇنيا دېگەن بىر زىندان، روھنى ئەركىنلەشتۈرۈش ئارقىلىق بۇ زىنداندىن قۇتۇلۇپ، ئىلاھىي نۇرغا، ئاخىرەتكە يېتىش كېرەك» دەپ قارايدۇ. دۇنيانى زىندان دېگەن كىشى ئۆزىنى قىينىغان مۇشۇ زىندانىنى ئاۋات قىلىشقا ھەرىكەت قىلارمۇ؟ ياق!!! ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن دۇنيادىن بېزىدۇ. دۇنيا يوقالسىمۇ، ۋەيران بولسىمۇ، ئۇنىڭغا بەرىبىر، ئۇ، دۇنيادىن قۇتۇلۇشنىلا ئويلايدۇ، دۇنيانى تۈزەشكە ھەرىكەت قىلمايدۇ.

سوپىلاردىكى ئىككىنچى پاسسىپ ئامىل، نەپسى خاھىش ئىستەكلىرىنى ئۆلتۈرۈش، قىزىقماسلىق.

ئىنسان يېمەك - ئىچمەككە، كىيىم - كېچەككە، تۇرالغۇغا، جىنسىي

تۇرمۇشتا قىزىقىدۇ، كۆچ - قۇۋۋەتكە قىزىقىدۇ، مال - مۈلۈككە قىزىقىدۇ، ئىلىمگە قىزىقىدۇ، غالىب بولۇشقا قىزىقىدۇ، مەرتىۋىلىك بولۇشقا قىزىقىدۇ، ئۈتۈپ چىقىشقا قىزىقىدۇ، ماددىي ۋە مەنىۋى قۇرۇلۇشلارغا قىزىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز قىزىقىشلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. بەزىلەرنىڭ قىزىقىشى يۈكسەك قىزىقىش، بەزىلەرنىڭ چۈشكۈن قىزىقىش. بەزىلەرنىڭ نورمال قىزىقىش، يەنە بەزىلىرىنىڭ يوللۇق قىزىقىش، بەزىلىرىنىڭ يولسىز قىزىقىش...

روھىي رىيازەت ئارقىلىق روھنى پاكلاشتۇرىمەن دېگەن قىزىقىش بىلەن ئۆلتۈرۈپ تاشلانسا، ئىنساننى نېمە ھەرىكەتكە كەلتۈرىدۇ؟ نېمە سەئيى قىلغۇزىدۇ؟ ئۇ، جاننى ساقلىغۇدەك ئوزۇقتىن باشقا ھېچ نەرسىگە ئىنتىلمەيدىغان تۇرسا!

سوپىلاردىكى ئۈچىنچى پاسسىپ ئامىل، ئاتالمىش «روھنى ئاقارتىش». باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا «ۋاسىل بولدۇم» دەپ مەسخۇش يۈرۈش. ھەقىقىي مەۋجۇتلۇق پەيدا قىلىدىغان پانىيلىقنىڭ لەززىتىنى سۈرۈش. بۇ ئۈچ خىل نام بىلەن ئاتىلىۋاتقىنى بىر خىل سېزىم بولۇپ، بۇ سېزىم روھىيەتنى قانائەت قىلىشقا، بارغا كۆپايىلىنىشكە، ئارتۇق نەرسىلەرگە قىزىقماسلىققا ئۈندەيدۇ. پەقەت ئالىي ماقاملارغىلا قىزىقتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، سوپى تېخىمۇ بەك روھىي رىيازەت، ئىستىقامەت قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇ، نەپسىنى تېخىمۇ بەك ئۆلتۈرۈپ، تىرىلمەكچى، پانىي بولۇپ، مەۋجۇتلۇق تاپماقچى بولىدۇ.

بۇ ئۈچ پاسسىپ ئامىل بىرلىشىپ، ئۇنىڭغا قازا ۋە قەدەر ھەققىدىكى خاتا چۈشەنچە قوشۇلۇپ، ئەمەلىيەتتە بولۇۋاتقان ئىشلارنى: «ئۆزگەرمەس تەقدىر، ئۇنى ئۆزگەرتىمەن دېيىش اللەنىڭ تەقدىرىگە قارشى تۇرغانلىق» دەپ قارايدۇ. مانا بۇ ئامىللار سوپىلارنىڭ ۋۇجۇدىدا جەم بولغاندا، ئۇنى ھاياتلىقنىڭ مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان قايناملىرىغا ئۆزىنى ئېتىشقا

ئىنتىلدۈردىغان نېمە قالدۇ دەيسىز؟ توغرا، ئۇ ھاياتلىق دولقۇنىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، تىنچ ياشاش ئۈچۈن جان - جەھلى بىلەن تىرىشىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، سوپىلارنىڭ ئەڭ چوڭ دەستىكى شۇكى، دۇنياغا بېرىلىش گۇناھ - مەئسىيەتلەرگە ئېلىپ بارىدۇ، نەپسى - خاھىشنى ئۆلتۈرمىگۈچە گۇناھتىن ساقلانغىلى، شەيتاننىڭ ئېزىقتۇرۇشىدىن يىراق بولغىلى بولمايدۇ. ئۇلار بۇ ھەقتە قۇرئاندىكى بىر بۆلۈك يوليورۇقلارنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىدىكى كۆرسەتمىلەرنى دەلىل كەلتۈرۈشىدۇ.

﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّ وَعْدَ اللَّهِ حَقٌّ فَلَا تَغُرَّنَّكُمُ الْحَيَاةُ الدُّنْيَا وَلَا يَغُرَّنَّكُمْ بِاللَّهِ الْغَرُورُ﴾ ﴿ئى ئىنسانلار! اللهنىڭ ۋەدىسى ھەقىقەتەن ھەقتۇر، سىلەرنى ھەرگىز دۇنيا تىرىكچىلىكى مەغرۇر قىلمىسۇن، شەيتاننىڭ سىلەرنى اللهنىڭ ئەپۇسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن مەغرۇر قىلىشىغا يول قويماڭلار﴾[1].

﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ اتَّقُوا رَبَّكُمْ وَاخْشَوْا يَوْمًا لَا يَجْزِي وَالِدٌ عَنْ وَلَدِهِ وَلَا مَوْلُودٌ هُوَ جَازٍ عَنْ وَالِدِهِ شَيْئًا إِنَّ وَعْدَ اللَّهِ حَقٌّ فَلَا تَغُرَّنَّكُمُ الْحَيَاةُ الدُّنْيَا وَلَا يَغُرَّنَّكُمْ بِاللَّهِ الْغَرُورُ﴾ ﴿ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلارغا (بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنلاش، مەنئى قىلغان ئىشلاردىن چەكلىنىش بىلەن) تەقۋادارلىق قىلىڭلار، شۇنداق بىر كۈندىن قورقۇڭلاركى، (ئۇ كۈندە) ئاتا بالىسىغا ئەسقاتمايدۇ، بالىمۇ ئاتىسىغا ئەسقاتمايدۇ، اللهنىڭ ۋەدىسى ھەقىقەتەن ھەقتۇر، سىلەرنى ھەرگىز دۇنيا تىرىكچىلىكى مەغرۇر قىلمىسۇن، شەيتاننىڭ سىلەرنى اللهنىڭ ئەپۇسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن مەغرۇر قىلىشىغا يول قويماڭلار﴾[2].

﴿وَاضْرِبْ لَهُمْ مَثَلَ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا كَمَاءٍ أَنْزَلْنَاهُ مِنَ السَّمَاءِ فَاخْتَلَطَ بِهِ نَبَاتُ الْأَرْضِ

[1] سۈرە فاتىر، 5- ئايەت.

[2] سۈرە لوقمان، 33- ئايەت.

**فَأَصْبَحَ هَشِيمًا تَذْرُوهُ الرِّيَاحُ وَكَانَ اللَّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ مُقْتَدِرًا**﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارغا (يەنى كىشىلەرگە) دۇنيا تىرىكچىلىكى ھەققىدە مۇنداق مىسالنى كەلتۈرگىن: (ئۇ شۇنىڭغا) ئوخشايدۇكى، بىز ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇردۇق، شۇ سۇ بىلەن زېمىنىنىڭ ئۆسۈملۈكلىرى بىر - بىرىگە چىرمىشىپ بولۇق ئۆستى، كېيىن ئۇ قۇرۇپ تۆكۈلدى، شاماللار ئۇنى (تەرەپ - تەرەپكە) ئۇچۇرۇپ كەتتى، الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾[①].

﴿**اعْلَمُوا أَنَّمَا الْحَيَاةُ الدُّنْيَا لَعِبٌ وَلَهْوٌ وَزِينَةٌ وَتَفَاخُرٌ بَيْنَكُمْ وَتَكَاثُرٌ فِي الْأَمْوَالِ وَالْأَوْلَادِ كَمَثَلِ غَيْثٍ أَعْجَبَ الْكُفَّارَ نَبَاتُهُ ثُمَّ يَهِيجُ فَتَرَاهُ مُصْفَرًّا ثُمَّ يَكُونُ حُطَامًا وَفِي الْآخِرَةِ عَذَابٌ شَدِيدٌ وَمَغْفِرَةٌ مِنَ اللَّهِ وَرِضْوَانٌ وَمَا الْحَيَاةُ الدُّنْيَا إِلَّا مَتَاعُ الْغُرُورِ**﴾ ﴿بىلىڭلاركى، دۇنيا تىرىكچىلىكى ئويۇندىن، (كىشىنى ئاخىرەتتە غەپلەتتە قالدۇرىدىغان) مەشغۇلاتتىن، زىبۇزىنەتتىن، ئۆزئارا پەخىرلىنىشتىن، پۇل - مال، پەرزەنت كۆپەيتىپ پەخىرلىنىشتىن ئىبارەتتۇر، (ھوسۇل ئۇچۇن ئۆستۈرگەن) ئۆسۈملۈكى دېھقانلارنى خۇرسەن قىلغان يامغۇرغا ئوخشايدۇ، ئاندىن ئۇ ئۆسۈملۈك قۇرۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭ سارغىيىپ قالغانلىقىنى كۆرىسەن، ئاندىن ئۇ يەنچىلگەن چۆپكە ئايلىنىدۇ. ئاخىرەتتە (كۇففارلار ئۇچۇن) قاتتىق ئازاب بار، (ياخشى بەندىلەر ئۈچۈن) اللهنىڭ مەغپىرىتى ۋە رازىلىقى بار، دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت (غاپىل ئادەم) ئالدىنىدىغان بەھرىمەن بولۇشتۇر﴾[②].

«**فو الله ما الفقر أخشى عليكم ، ولكن أخشى عليكم أن تبسط عليكم الدنيا كما بسطت على من كان قبلكم ، فتنافسوها كما تنافسوها ، وتلهيكم كما ألهتهم**» «...الله بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرنىڭ يوقسۇل بولۇپ قېلىشىڭلاردىن ئەنسىرىمەيمەن. لېكىن سىلەرگە بۇرۇنقىلارغا مال دۇنيا كەڭرى قىلىنغاندەك كەڭرى قىلىنىشىدىن، مال - دۇنيادا ئۇلار بەسلەشكەندەك

[①] سۈرە كەھف، 45- ئايەت.

[②] سۈرە ھەدىد، 20- ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بەسلىششىڭلاردىن، مال - دۇنيا ئۇلارنى ھالاك قىلغاندەك سىلەرنىمۇ ھالاك قىلىشىدىن ئەنسىرەيمەن»[1].

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «**كنت أمشي مع النبي – صلى الله عليه وسلم – في حرة المدينة فاستقبلنا أحد ، فقال : يا أبا ذر ! قلت : لبيك يا رسول الله . قال : ما يسرني أن عندي مثل أحد هذا ذهبا تمضي عليّ ثالثة وعندي منه دينار ، إلا شيئا أرصده لدين ، إلا أن أقول به في عباد الله هكذا وهكذا وهكذا – عن يمينه وعن شماله ومن خلفه . ثم مشى ثم قال : إن الأكثرين هم المقلون يوم القيامة إلا من قال هكذا وهكذا وهكذا ، عن يمينه وعن شماله ومن خلفه . وقليل ما هم**» «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە مەدىنىنىڭ سايلىقىدا پىيادە كېتىپ باراتتىم، بىزگە ئالدىمىز تەرەپتىن ئۇھۇد تېغى كۆرۈندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

_ ھەي ئەبۇ زەر! _ دېدى. مەن:

_ مانىمەن، ئى اللهنىڭ رەسۇلى، _ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

_ مەندە ئۇھۇد تېغىدەك چوڭلۇقتا ئالتۇن بولسىكەن دەپ ئارزۇ قىلمايمەن، ناۋادا بولۇپ قالسا، ئۈچ كۈنگىچە بىر تىللامۇ قويماي اللهنىڭ بەندىلىرىگە ئۈلەشتۈرىۋېتىمەن. قەرزىم بولسا، قەرز ئىگىسى ئۈچۈن قەرزگە چۈشلۇقنى ئېلىپ قالىمەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى دەپ بولۇپ، يەنە بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

_ مال - دۇنياسى كۆپ كىشىلەرنىڭ قىيامەتتە ئالىدىغان ساۋابى ئاز بولۇپ قالىدۇ، قولىدىكى مال - دۇنيانى ھەر تەرەپكە ئۈلەشتۈرۈۋەتكەنلەر

---

[1] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

بۇنىڭدىن مۇستەسنا! ئۇنداق قىلالايدىغانلار ناھايىتى ئاز»[1].

ساھابىلەر كىتابۇللاھ ۋە ھەدىس رەسۇلۇللاھتىكى بۇ ئاگاھلاندۇرۇشلارنى ئاڭلاپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، جەزىم قىلغان ھالدا شۇنى بىلدىكى، بۇ دۇنيانىڭ مال - ماتــالرى يوقــالغۇچى نەرســدۇر. پەقەت ئــاخىرەتلا ھېــرىس بولۇشــقا ئەرزىيدىغان ھەقىقىي نېمەتتۇر. شۇنىڭ بىــلەن ئــۇلار بــۇ دۇنيانــىڭ مــال - ماتالىرىغــا كــۆپ قىزىقمىــدى. يۇقىرىــدا كۆرســتىپ ئــۆتكىنىمىزدەك، بــۇ، جىھادقا، كۆرەشكە، ئىلىمگە ئالدىراپ ئۇلارغا يېتىش ئۈچۈن بەسلىشىش ئىچىدە بولدى. ھەرگىزمۇ ئىچىگە تىنىشقا ئۇندەيدىغان پاسسىپلىق ئەمەس ئىدى. نەپسى خاھىشنى ئازغۇنلۇققا قارشى قورغان ئىچىگە ئالدىغان زاھىــدلىق ئىــدىكى، نەپسى خاھىشىنىڭ قاتىلى ئەمەس ئىدى. بۇ ئاگاھلاندۇرۇشــلار كىشــلەرنى دۇنياغا بېرىلىپ، ئــاخىرەتنى ئۇنتــۇپ قالمىســۇن دەپ نەســىھەت قىلغىلــى كەلگەن. ھەرگىزمــۇ ھايــاتلىق بەرپــا قىلىشــنى چەكلىگىلــى، ھەرىــكەت ۋە ئەمگەكنى مەنئىي قىلغىلى كەلگەن ئەمەس. بۇ ئاگاھلاندۇرۇشلار يولــدىكى خەتەرلىك جايلارغا بېكىتىلگەن يول بەلگىلىرىگە ئوخشايتتى، بــۇ بەلگــىلەر مەلۇم يول بۆلەكلىرىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىدىن سىگنال بېرەتتــى. ئەممــا مېڭىشتىن توسمايتتى. قاچانلاردۇر بىر زامانلاردا بىر تۈركۈم كىشىلەر بۇ يول بەلگىلىرىنى كۆرۈپ: «بۇ يولغا ماڭمايلى، يولدا خەتەرلىك جايلار بار ئىكەن» دېيىشــىپ، زىيــادە ئېھتىياتچــان بولــۇپ كېتىشــتى. شــۇنىڭ بىــلەن ئــۇلار سەپىرىنى داۋاملاشتۇرالمىدى. ئــۆزىگە ئىشــەنچ قىلغــانلار پەم - پاراســەت بىلەن خەتەرلىك جايلاردىن ساق ئۆتۈپ، ئۆز مەنزىلىگە راۋان بولۇشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسلىرىگە قاراڭ:

**«والـذي نفسـي بيـده لـو لـم تـذنبوا فتسـتغفروا لـذهب الله بكـم وجـاء بقـوم يـذنبون فيستغفرون فيغفر الله لهم»** «جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ناۋادا

[1] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

گۇناھ قىلمىساڭلار، مەغپىرەت تەلەپ قىلمىساڭلار ئىدى، اﷲ سىلەرنى يوق قىلىۋېتىپ، گۇناھ قىلىدىغان، مەغپىرەت تەلەپ قىلىدىغان ۋە اﷲنىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشىدىغان كىشىلەرنى كەلتۈرەتتى»[1].

بۇ ھەدىس گۇناھ قىلىشقا قىزىقتۇرغانلىقمۇ؟

ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەس، اﷲنىڭ دەرگاھىدىن كىشىلەرنى كۆچىنىڭ يېتىشىچە اﷲقا ئىتائەت قىلىشقا، گۇناھلاردىن يىراق بولۇشقا چاقىرغىلى كەلگەن پەيغەمبەرنىڭ گۇناھقا قىزىقتۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ئۇ ھەدىس ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىشقا قىزىقتۇرغانلىقتۇر. ئادەم ئەمەلىي ئىشلارنى قىلغاندا ئۇنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈشى تۇرغان گەپ، «**كل بني آدم خطاء**» «ھەرقانداق ئادەم پەرزەنتى خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ...»[2].

ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىش جەريانىدا خاتالىق ئۆتكۈزگەن مۇئمىن اﷲنىڭ مەغپىرىتىنى تەلەپ قىلىش يولىدا ماڭىدۇ: ﴿**وَالَّذِينَ إِذَا فَعَلُوا فَاحِشَةً أَوْ ظَلَمُوا أَنْفُسَهُمْ ذَكَرُوا اللَّهَ فَاسْتَغْفَرُوا لِذُنُوبِهِمْ وَمَنْ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلَّا اللَّهُ وَلَمْ يُصِرُّوا عَلَى مَا فَعَلُوا وَهُمْ يَعْلَمُونَ أُولَئِكَ جَزَاؤُهُمْ مَغْفِرَةٌ مِنْ رَبِّهِمْ وَجَنَّاتٌ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَنِعْمَ أَجْرُ الْعَامِلِينَ**﴾ تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا اﷲنى ياد ئېتىدۇ. گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، گۇناھنى كەچۈرىدىغان اﷲتىن باشقا كىم بار؟ ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ. ئۇلارنىڭ (يەنى يۇقىرىقى خىسلەتلەرگە ئىگە كىشىلەرنىڭ) مۇكاپاتى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بولغان مەغپىرەت ۋە ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇر. بۇ يەرلەردە ئۇلار مەڭگۇ قالىدۇ. ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئېرىشىدىغان ساۋابى

[1] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىبنى ماجەھ رىۋايەت قىلغان.

نېمىدېگەن ياخشى!﴿[1].

گۇناھ قىلمايدىغان ئادەم مەۋجۇت بولسا، ئۇ چوقۇم ئەمەلىي ھەرىكەت قىلمايدىغان ئادەمدۇر. ئۇنىڭ ئەمەلىي ھەرىكەت قىلمىغانلىقىنىڭ ئۆزى ئېغىر خاتالىقتۇر، بۇ خاتالىق تارازا - مىزانغا ناھايىتى ئېغىر كېلىدىغان خاتالىقتۇر، چۈنكى ئۇ، ئىنسانغا پەرز قىلىنغان ئەمەللەرنى ئادا قىلىشتىكى كەمچىلىكتۇر.

نەرسە - كېرەكلەر بىلەن لىق توشقۇزۇلغان بىر سېۋەتنى بېشىڭىزدا كۆتۈرۈپ، سېۋەتتىكى نەرسىلەر تۆكۈلۈپ كەتمىسۇن دەپ ھەرىكەت قىلماي جىم تۇرغىنىڭىز ئۇستاتلىق ئەمەس. چۈنكى سىز بۇ جىم تۇرۇش جەريانىدا كۆپ جاپالارنى تارتىسىڭىزمۇ، لېكىن سىزدىن تەلەپ قىلىنغان ھەرىكەتنى ئورۇنلىمىدىڭىز.

﴿كَلَّا لَمَّا يَقْضِ مَا أَمَرَهُ﴾ ﴿ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇ، اللهنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى بەجا كەلتۈرمىدى﴾[2].

ئۇستاتلىق دېگەن بېشىڭىزدا ھېلىقى سېۋەتنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، سىزدىن تەلەپ قىلىنغان ھەرىكەتنى ئورۇندىشىڭىز ھەم سېۋەتنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى چېچىۋەتمەسلىكىڭىزدۇر. دۇرۇس نىيەت بىلەن كۈچىڭىزنى ئايىماي تىرىشچانلىق كۆرسەتسىڭىزمۇ، سېۋەتنىڭ ئىچىدىن بىرەر نەرسە چۈشۈپ كەتكۈدەك بولسا، بۇ ئىشقا سەل قارىمىسىڭىز، چۈشۈپ كەتكەن نەرسىنى كىچىك چاغلىمىسىڭىز ۋە خاتالىقىڭىزدا چىڭ تۇرۇۋالمىسىڭىز، بەلكى تەۋبە - ئىستىغپارغا ئالدىرىسىڭىز، الله سىزنى ئۆزىنىڭ پەزلى - مەرھەمىتى بىلەن ئەپۇ قىلىدۇ، سىزنى مەغپىرەت قىلىدۇ.

مانا بۇ يەردە اللهنىڭ ئىنسانغا ھەتتا گۇناھ قىلغان تەقدىردىمۇ رەھمەت

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 135- ۋە 136- ئايەتلەر.

[2] سۈرە ئەبەسە، 23- ئايەت.

www.uyghurkitap.com



قىلدىغانلىقى ئايان بولىدۇ. ئىنساننىڭ الله تەلەپ قىلغان ئەمەللەرنى بەجا كەلتۈرۈش جەريانىدا سادىر قىلغان خاتالىقلىرى ھېچ ئىش قىلماي تۇرۇۋېلىش ياكى پەرزلەردىن يۈز ئۆرۈش جەريانىدىكى خاتالىقلارغا ئوخشىمايدۇ.

بۇ يەردە يەنە ئىلاھىي يولنىڭ ئىنسانغا مۇئامىلە قىلىشتىكى بۈيۈكلىكى نامايان بولىدۇ.

ئىنسان ئەمەلىيەتتە گۇناھتىن مەڭگۈ ساقلىنالمايدۇ. شۇڭا ئىلاھىي يولدا ئىنساننىڭ خاتالىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆز قىزىقىشلىرىنى ئۆلتۈرۈشى تەلەپ قىلىنمايدۇ. چۈنكى، ئىنساننىڭ نەپسى خاھىشىنى ئۆلتۈرۈش ئىنساننىڭ يارىتىلىشىدىكى غايە بولغان خەلىپىلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا دەخلى قىلىدۇ. ئىنساندىن پەقەت ئىمكانىيەت يار بەرگەن، مۇباھ قىلىنغان ساھەلەرنىڭ ھەممىدە ئەمەل قىلىپ ۋە ھەرىكەت قىلىپ، زېمىننى ئىلاھىي يولنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئاۋات قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ: ﴿**فَاتَّقُوا اللَّهَ مَا اسْتَطَعْتُمْ وَاسْمَعُوا وَأَطِيعُوا**﴾ ﴿تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە اللهقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، (ۋەزنى) ئاڭلاڭلار، (ئەمرىگە) ئىتائەت قىلىڭلار...﴾[1].

بۇ تەلەپ ئورۇندالغاندا زېمىن جانلىنىدۇ، ھەرىكەتكە كېلىدۇ، ئۆسىدۇ ۋە كۆچىيىدۇ. ئىنسانىي تاقەتنىڭ مىقدارىچە پاكىزلىنىدۇ. تۆۋەندىكى ئايەتتە «يەر يۈزىنى بۇزۇش» دېگەن مانا شۇ: ﴿**وَلَا تُفْسِدُوا فِي الْأَرْضِ بَعْدَ إِصْلَاحِهَا**﴾ ﴿يەر يۈزىنى تۈزگەندىن كېيىن، يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلماڭلار﴾[2].

يەر يۈزىدىكى بۇزغۇنچىلارنى تۈزەش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش جەريانىدا زىددىيەتلەر يۈز بېرىدۇ: ﴿**وَلَوْلَا دَفْعُ اللَّهِ النَّاسَ بَعْضَهُمْ بِبَعْضٍ لَفَسَدَتِ الْأَرْضُ وَلَكِنَّ**

[1] سۈرە تەغابۇن، 16- ئايەت.

[2] سۈرە ئەئراف، 56- ئايەت.

﴿**اللَّهَ ذُو فَضْلٍ عَلَى الْعَالَمِينَ**﴾ «الله ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىپ تۇرمىسا (يەنى كۈچلۈك تاجاۋۇزچىغا ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بولغان بىرسىنى ئاپىرىدە قىلمىسا) ئىدى، يەر يۈزى ئەلۋەتتە پاساتقا ئايلىناتتى (يەنى خارابلىققا يۈزلىنەتتى)، لېكىن الله (يامانلىقنى ئۇستۇنلۇككە ئىگە قىلماسلىق بىلەن) پۈتۈن جاھان ئەھلىگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر»[①].

﴿**اللَّهُ وَلَوْلَا دَفْعُ اللَّهِ النَّاسَ بَعْضَهُمْ بِبَعْضٍ لَهُدِّمَتْ صَوَامِعُ وَبِيَعٌ وَصَلَوَاتٌ وَمَسَاجِدُ يُذْكَرُ فِيهَا اسْمُ اللَّهِ كَثِيرًا وَلَيَنْصُرَنَّ اللَّهُ مَنْ يَنْصُرُهُ إِنَّ اللَّهَ لَقَوِيٌّ عَزِيزٌ**﴾ «ئەگەر الله ئىنسانلارنى بىر - بىرىگە قارشىلىق كۆرسەتكۈزمىگەن بولسا، راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى، چېركاۋلار، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە اللهنىڭ نامى كۆپ يادلىنىدىغان مەسجىدلەر ئەلۋەتتە ۋەيران قىلىناتتى، كىمكى اللهنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە الله ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ، الله ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر»[②].

مۇسۇلمان شەخس ۋە ئىسلامىي ئۇممەتنىڭ يەر يۈزىدىكى ۋەزىپىسى ئەنە شۇ. يەر يۈزىدە ئادەملا بولىدىكەن، بۇ ۋەزىپە داۋاملىق ئىجرا قىلىنىدۇ.

مۇسۇلمان شەخس ۋە ئىسلامىي ئۇممەتتىن ئەنە شۇنداق كەڭ دائىرىلىك ئىبادەت قىلىش ۋە بۇ ئارقىلىق ئىنسانىي مەۋجۇدلۇقنىڭ غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

زاھىدلار (ساھابىلەر) بۇ تەلەپنى ئېھسان دەرىجىسىگە يەتكۈزۈپ ئورۇندىدى. «**قال : وما الإحسان ؟ قال : الإحسان أن تعبد الله كأنك تراه ، فإن لم تكن تراه فإنه يراك**» «ئېھسان دېگەن نېمە؟ ئېھسان دېگەن اللهنى كۆرگەندەك تۇرۇپ ئىبادەت قىلىشتۇر. ئەگەر سەن اللهنى كۆرمىسەڭمۇ، الله سېنى كۆرۈپ

---

[①] سۈرە بەقەرە، 251، ئايەت.

[②] سۈرە ھەج، 40- ئايەت.

تۇرىدۇ»[1].

ئەمما سوپىلار ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، ئاغزاكى زىكرى ئېيتىش بىلەنلا تۇتۇشتى. بۇلارنىڭ قارىشىچە ئاخىرەت ئۈچۈن تەلەپ قىلىنغان ئەمەللەر شۇنچىلىكلا بولۇپ، دۇنيانىڭ ئىشلىرى بىلەن ھەپىلىشىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى.

ئاندىنچۇ؟!

ئۇلار بارغا قانائەتلىنىپ، رىزىق ئىزدەشنى توختاتتى.

ئۇلار مېدىتسىنا، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، گېئومېترىيە، فىزىكا، خىمىيە قاتارلىق ئىلىملارنى پانىي دۇنيانىڭ ئىلىملىرى دېگەن باھانە بىلەن تاشلىۋەتتى.

ئۇلار يەنە بۇ دۇنيانى گۈللەندۈرۈش ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ، دېگەن باھانە بىلەن ماددىي تەرەققىياتنى توختاتتى.

ئۇلار يەنە ناھەقچىلىك بىلەن كۈرەش قىلىشتىن، ئۇنى يوق قىلىشقا تىرىشىشتىن توختىدى. چۈنكى اللهنىڭ بەندىلىرىگە ئىرادە قىلغىنى شۇ ئىمىش. ناۋادا الله بۇنىڭدىن باشقىنى ئىرادە قىلسا ئىدى، شۇ باشقىسى بولارمىش. الله ئۇنى ئۆزگەرتكىسى كەلسە، ئۆزى بىۋاستە ئۆزگەرتەرمىش...

بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىسلام دۇنياسى كەمبەغەللەشتى، نادانلاشتى، كېسەللەشتى، زەئىپلەشتى... ھەممە ساھەدە قالاقلاشتى.

بۇنداق كېتىۋەرسە، دىنىنىڭ ئىشى تۈزەلمەيدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ھالىمۇ ياخشىلانمايدۇ. مۇسۇلمانلار الله ئۇلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلىگەن بۈيۈك ۋەزىپىنى ئادا قىلالمايدۇ. بۇ ۋەزىپە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە يولباشچى ۋە يېتەكچى بولۇشتىن ئىبارەت.

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

﴿وَكَذَلِكَ جَعَلْنَاكُمْ أُمَّةً وَسَطًا لِتَكُونُوا شُهَدَاءَ عَلَى النَّاسِ وَيَكُونَ الرَّسُولُ عَلَيْكُمْ شَهِيدًا﴾ ﴿شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۇممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ياخشى ئۇممەت قىلدۇق﴾[1].

ھەممىسى كەمبەغەل، ھەممىسى كېسەل، ھەممىسى نادان، ھەممىسى پالەچ ھالغا چۈشكەن بىر ئۇممەت قانداقمۇ يېتەكچى بولالايدۇ؟!

ھەممە ئادەم كۈندىلىك تۇرمۇشقىلا سەئيى قىلسا، ئۇنداقتا، ئىسلامىي دۆلەت تۆۋەندىكى ئىلاھىي ئەمرنى ئورۇنداشقا ئىشلىتىدىغان ئېشىنچە ئىقتىسادنى نەدىن تاپىدۇ؟ ﴿وَأَعِدُّوا لَهُمْ مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوَّةٍ وَمِنْ رِبَاطِ الْخَيْلِ تُرْهِبُونَ بِهِ عَدُوَّ اللَّهِ وَعَدُوَّكُمْ﴾ ﴿دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار...﴾[2].

دۇنيالىق ئىلىم، ماددىي تەرەققىيات بولمىسا، دۈشمەننى قورقۇتىدىغان كۈچنى قانداق تەييارلىغىلى بولىدۇ؟!

كېسەل تارقىلىپ كەتسە، داۋالانمىسا، مېدىتسىنانى بىلمىسە، اللهنىڭ تەقدىرىگە بويسۇنۇش ۋە رازى بولۇش باھانىسى بىلەن داۋالاشقا ھەرىكەت قىلىنمىسا، دۈشمەنگە قارشى قورال كۆتۈرىدىغان كۈچلۈك بەدەنلەر قانداق بارلىققا كېلىدۇ؟!

باشقا كۆپلىگەن ئىلاھىي بۇيرۇقلارنى دېمىگەندىمۇ، مۇشۇ بىر بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈنمۇ، ھازىر تۇتۇپ مېڭىۋاتقان يولىمىزنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

---

[1] سۈرە بەقەر، 143- ئايەت.

[2] سۈرە ئەنفال، 60- ئايەت.

www.uyghurkitap.com



كىشىلىرىمىزنىڭ ئىلىم - پەنگە يۈزلىنىپ، ئىلىم - پەن ئىگەللەپ، ئىلىم - پەن جەھەتتە دۈشمەندىن يۇقىرى تۇرۇشىغا؛ ماددىي تەرەققىياتقا يۈزلىنىپ، بۇ جەھەتتە دۈشمەندىن يۇقىرى تۇرۇشىغا؛ ئىقتىساد توپلاپ، بۇ ئارقىلىق دۈشمەننى يېڭىشكە كېرەكلىك كۈچ توپلىشىغا؛ ھەر ساھەە، ھەر جەھەتتە كۆپلەپ مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ.

دەرۋەقە، بۇ دۇنيانىڭ ھوزۇر - ھالاۋەتلىرىگە بېرىلمەسلىك ئىمانىي مەسىلەكىنىڭ يۇقىرى چوققىسىدۇر. مۇئمىن يەتمەكچى بولغان ئەڭ ئالىي ماقامدۇر. لېكىن دۇنياغا بېرىلمەسلىك مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشقا زىت ئەمەس.

ھەقىقىي ئىمانى بار كىشى ئۆزى خىزمەت قىلغان ساھەدە بار كۈچى بىلەن نەتىجە يارىتىدۇ. ھالال مېھنىتىنىڭ ئەجىر مېۋىلىرىنى ئىمكانىقەدەر ئاز ئىستېمال قىلىدۇ. ئاشقىنىنى اللەنىڭ يولىغا خەير - ئېھسان قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت كۈچىيىپ، ئىجتىمائىي كاپالەت ئىشقا ئاشىدۇ. بارلار يوقلارنى يۆلەيدۇ. ئۇ ئارقىلىق تۇرمۇش پەرقى كىچىكلەيدۇ. زىيادە بايلىق، زىيادە كەمبەغەللىك ھالىتى مەۋجۇد بولمايدۇ... ئاندىن كېيىن دۆلەت ئىسلام ئەلچىلىكى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا ياردىمى تېگىدىغان ئىشىنچە ئىقتىسادقا ئېرىشەلەيدۇ. ئىسلام دۆلىتى كۈچىيىپ، دۈشمەن ئەيمىنىدىغان ھالەتكە كەلمىگىچە ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمايدۇ.

زەئىپلىشىش، قالاقلىشىش دۈشمەننىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغىدى. ئاخىرى بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆۋەندىكى ھەدىستە ئاگاھلاندۇرغان يامان ئاقىۋەت يۈز بەردى: «**يوشك أن تداعى عليكم الأمم كما تداعى الأكلة إلى قصعتها . قالوا : أمن قلة نحن يومئذ يا رسول الله ؟ قال : إنكم يومئذ كثير ، ولكنكم غثاء كغثاء السيل**» «سىلەرگە بارلىق مىللەتلەر بىر لوقما تائامغا ئۇلاشقاندەك ئولىشىپ كېلىدۇ». «شۇ كۈنلەردە سانىمىزنىڭ ئازلاپ كەتكەنلىكىدىن

شۇنداق بولامدۇ؟» دېيىلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بەلكى شۇ كۈنلەردە سىلەرنىڭ سانىڭلار كۆپ، بىراق سەلدىكى كۆپۈككە ئوخشاپ قالىسىلەر» دېدى[1].

بىز گۇناھنىڭ ھەممىنى سوپىلارغا يۈكلەپ، ئۇلارغا ئۇۋال قىلماقچى ئەمەسمىز. مۇرجىئىلىك، سىياسىي مۇستەبىتلىك، تەكلىپلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بىدئەت خۇراپاتلار ھەم مۇشۇ پالاكەتكە سەۋەب بولدى. سوپىلارنىڭ ئىچىدىنمۇ جىھاد قىلغانلار، قوماندانلار، زالىم پادىشاھنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ئۇنى زۇلۇمدىن قايتۇرغانلارمۇ چىققان، ئۇلار ھەقىقىي زاھىدلار بولۇپ، نامدا سوپى ئاتالغانلاردۇر.

ئالىملار ئازىيىپ كەتكەن، ئاۋام خەلقنىڭ سوپىلاردىن باشقا بارىدىغان دىنىي پېشۋاسى يوق بولۇپ قالغان ئەھۋالدا، سوپىلار بىدئەت - خۇراپاتقا ئېلىشتۇرۇپ بولسىمۇ، ئاۋام خەلقنى اللهنىڭ دىنىغا باغلاپ تۇردى.

سىياسەت ۋە ئۇرۇش ئىسلامىي ئۇممەتنى پارچىلاپ، ئۆزئارا دۈشمەنلىشىدىغان كىچىك دۆلەتلەرگە بۆلۈۋەتكەندە، سوپىلار مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى مەلۇم دەرىجىدە ساقلىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ تۆھپىلىرى ئىسلامىي ئۇقۇملارنى خاتا چۈشىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۇسۇل خاتالىقلىرىنى يوققا چىقىرالمايدۇ.

ئۇلار دۇنيانى ئاخىرەتتىن ئايرىۋېتىپ، ئىككىسىنى ئۆزئارا قارشى قىلىپ قويدى.

ئۇلار ئىبادەتنىڭ دائىرىسىنى مەلۇم ئىبادەتلەرگىلا تارايتىپ، ئىبادەتنىڭ كەڭ مەنىسىگە سەل قارىدى.

مانا بۇ ئىككى خاتالىق ئىسلامنىڭ جۈملىسىدىن ئەمەس.

---

[1] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كىرگەندە مەسجىد بىنا قىلىشقا بۇيرىدى، ئاندىن كېيىن ساھابىلەرنى بازارغا يولغا سالدى. ئۇ زاماندا بازار يەھۇدىيلارنىڭ قولىدا ئىدى، ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈك شۇلارنىڭ قولىدا بولۇپ، جازانىخورلۇق قىلاتتى، كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەيتتى. ئەڭ چوڭ زاھىد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ زاھىد ساھابىلىرىنى ئاخىرەتنى تېپىش ئۈچۈن ئىقتىسادىي ئىشلار (كېيىنكىلەر ئىقتىسادنى دۇنيانىڭ ئىشى دەپ تونۇيدىغان بولۇۋالدى) غا قىزىقماي، ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈكنى يەھۇدىيلارغا تاشلاپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشقا بۇيرۇدىمۇ؟!

شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلەرگە يەھۇدىيلارنىڭ قولىدىن ئىقتىسادىي ئەۋزەللىكنى تارتىۋېلىشقا يوليۇرۇق بېرىشى چوڭقۇر مەنىگە ئىگە.

دەسلەپتە مەسجىد سېلىندى، مەسجىدتە ئىمانىنىڭ كۈچلەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدىغان ناماز ئوقۇلىدۇ. كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تەربىيىلىنىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرى بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، سىياسەت بەلگىلىنىدۇ. ئىسلامىي ئۇممەتنىڭ جان تومۇرى بولغان ئىقتىسادىي ھايات بازاردا بەرپا قىلىنىدۇ: ﴿**وَلَا تُؤْتُوا السُّفَهَاءَ أَمْوَالَكُمُ الَّتِي جَعَلَ اللَّهُ لَكُمْ قِيَامًا**﴾ ﴿الله تىرىكچىلىكىڭلارنىڭ ئاساسى قىلغان ماللىرىڭلارنى ئەخمەقلەرگە تۇتقۇزۇپ قويماڭلار﴾[1].

مەسجىدمۇ كېرەك، بازارمۇ كېرەك. شۇندىلا ياخشىغا بۇيرۇپ، ياماندىن توسىدىغان، نىجاتلىققا ئېرىشىدىغان ئىسلامىي ئۇممەتنىڭ مەۋجۇتلىقى تولۇق ئىشقا ئاشىدۇ: ﴿**وَلْتَكُنْ مِنكُمْ أُمَّةٌ يَدْعُونَ إِلَى الْخَيْرِ وَيَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ**﴾ ﴿سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا

[1] سۈرە نىسا، 5- ئايەت.

دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن. ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾[1] . .

ئەمما اﷲ پەرز قىلغان ئىبادەتنىڭ مەلۇم بىر تەرىپىنىلا تۇتۇۋېلىپ، شۇنىلا ئاخىرەتتىكى نىجاتلىققا ئېلىپ بارىدىغان ئىبادەت دەپ تونۇۋېلىش، ئىبادەتنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە سەل قاراپ، ئۇنى دۇنيالىق ئىش، دۇنيالىق ئىشقا كۆڭۈل بەرمەسلىك اﷲقا يېقىنلاشتۇرىدۇ دەپ تونۇۋېلىش سوپىلارنىڭ ئەڭ چوڭ خاتالىقى. بۇ خاتالىق ئىسلامىي ئۇممەتنىڭ هاياتىغا خەتەرلىك ئاسارەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئىماننىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەلەپ - تەقەززالىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا پۈتلىكاشاڭ بولدى.

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 104- ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

## هازارەت چۈشەنچىسى

ئىمان ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مەزمۇنىدىن قۇرۇقدىلىپ، ئىبىزدىلا دېيىلىدىغان، ئەمەلىي ئىپادىسى يوق قۇرۇق سۆزگە ئايلاندۇرۇپ قويۇلدى. ئىبادەت چۈشەنچىسى مەلۇم بىرقانچە ئىبادەت پائالىيىتى بىلەنلا چەكلەپ قويۇلدى، قازا ۋە قەدەر ئەقىدىسى سەۋەب قىلماي قاراپ ئولتۇرىدىغان پاسسىپلىققا ئايلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىجابىي رولىنى يوقاتتى. دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئۆزئارا قارشى قويۇلدى. مۇسۇلمانلار مۇشۇنداق بىر بۆلۈك ئازغۇنلۇقلار ئىچىدە قايمۇقۇپ يۈرگەندە ھازارەت چۈشەنچىسىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس.

تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنىڭ ھازارەت چۈشەنچىسى ئىسلام روھىدىن ئېلىنغان ئىدى. ئۇلار بۇنى دىنىنىڭ باشقا مەزمۇنلىرىنى چۈشەنگەندەك توغرا چۈشەنگەن ئىدى.

ئىسلامنىڭ تەۋەللۇدى بىلەن زاماندىش بولغان بەزى جاھىلىيەتلەر دىققىتىنى مەنىۋى مەدەنىيەتكە مەركەزلەشتۈرۈپ، ماددىي گۈللىنىشكە سەل قارىغان ئىدى. ماددىي گۈللىنىش جىسمانىي ھوزۇر - ھالاۋەتكە تۇتاشتۇر. ئۇلارنىڭ قارىشىچە «جىسىم نىجىس، ھاقارەتلىك، لەنەتكەردى» ئىدى.

ئىسلامنىڭ تەۋەللۇدى بىلەن زاماندىش بولغان يەنە باشقا جاھىلىيەتلەر دىققىتىنى ماددىي مەدەنىيەتكە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاخىرەتكە سەل قارايتتى، روھىي دۇنياغا سەل قارايتتى. ئۇلار بۇنى «شەخسىي ئىش، ئەمەلىي تۇرمۇش بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، بەلكى كۆپ ھاللاردا مەدەنىيەتكە يۈرۈش قىلىشتىن توسىدۇ» دەپ قاراپ، ماددىي دۇنياغا ئۆزىنى ئاتقان

ئىدى. ھەممە كۈچىنى ماددىي تەرەققىياتقا قاراتقان ئىدى. قىممەت قاراش، پرىنسىپ ۋە ئىدېئاللىقلاردىن خالىي ئىدى.

ئەمما ئىنسانىنى ياراتقۇچى، ئىنساننىڭ ئەھۋاللىرى ۋە ھاجەتلىرىنى بىلگۈچى ۋە ئۇنى تۈزەيدىغان، ئۇنىڭغا كېرەكلىك بولغان نەرسىلەرنى بىلگۈچى الله تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ئىسلام ناھايىتى مۇكەممەل بىر يول ئىدى. بۇ يول ئىنساننىڭ ھېچقانداق تەرىپىگە سەل قارىمايتتى. بىر تەرەپتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرىمەن دەپ، يەنە بىر تەرەپتىكى ئېھتىياجىنى نابۇت قىلمايتتى. الله ياراتقان نورمال پىترەتكە ئاۋاز قوشاتتى: ﴿فَإِذَا سَوَّيْتُهُ وَنَفَخْتُ فِيهِ مِنْ رُوحِي فَقَعُوا لَهُ سَاجِدِينَ﴾ ﴿ئۇنى مەن راۋۇرۇس ياراتقان (يەنى ئۇنى يارىتىپ سۈرەتكە كىرگۈزۈپ، ئەزالىرىنى تولۇق، مۇكەممەل ئىنسان ھالىتىگە كەلتۈرگەن) ۋە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن ۋاقتىمدا ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار﴾[1].

ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ تەركىبى قۇرۇلمىسى تۇپراق بىلەن روھنىڭ زىچ بىرلىشىشىدىن پۈتكەن بولۇپ، ئۇنى پارچىلىغىلى بولمايدۇ. ئۇ، ماددىي دۇنيادىمۇ ۋە روھىي دۇنيادىمۇ ناھايىتى كەڭ ھاياتىي مەنىگە ئىگە. ئەمدى ئۇنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشىدا ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ تەركىبى قۇرۇلمىسىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان كەڭلىك ۋە زىچ بىرلىشىش ئىپادە ئېتىشى كېرەك.

بۇ مەقسەتنى ئىلاھىي يول بىلەن ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ، كەڭلىك ۋە زىچ بىرلىشىش ئىلاھىي يولنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالامىتىدۇر. ئىلاھىي يول كەڭ بولۇپ، ئۇ ئىنسانىي ھاياتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىنسانىي ھاياتنىڭ تەرەپلىرىنى بىر - بىرىگە باغلايدۇ ۋە تەكشۈشلاشتۇرىدۇ. مانا بۇ، ئىسلامنىڭ بۈيۈكلىكىدۇر. ئىسلامنىڭ ئىنسانلار ھاياتىنى ئىماننىڭ سىرتىدا باشقۇرۇۋاتقان جاھىلىيەت يوللىرىنى بېسىپ چۈشىدىغان تەرىپىدۇر.

[1] سۈرە ساد، 72- ئايەت.

الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَفَحُكْمَ الْجَاهِلِيَّةِ يَبْغُونَ وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ اللَّهِ حُكْمًا لِقَوْمٍ يُوقِنُونَ﴾ ﴿ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ (اللەقا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە اللەتىنمۇ ئادىل كىم بار﴾[1].

اللەنىڭ ھۆكمى جىنايى جازالار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، بۇ خۇددى جاھىلىيەت ھۆكمىنىڭ مەھكىمىلەرگە دەۋالىشىپ بارغان كىشىلەرگە ھۆكۈم قىلىدىغان قانۇنلار بىلەنلا چەكلەنمىگىنىگە ئوخشايدۇ. اللەنىڭ ھۆكمى كەڭ بولۇپ، ئۇ، ئىنسان ھاياتىدىكى چوڭ - كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دەۋالىشىش دەرىجىسىگە يەتكەن ياكى يەتمىگەن ئىشلار، زاھىرى ئەمەللەر، يوشۇرۇن نىيەتلەر ھېچقايسىسى اللەنىڭ ھۆكمىنىڭ سىرتىدا ئەمەس. جاھىلىيەت قانۇنلىرىمۇ دەتالاش، زۇلۇم - شىكايەت ۋە جىنايەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىدىغان قانۇنلار ياكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ياكى سودا مۇناسىۋەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان قانۇنلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. بەلكى ئۇ، اللەنىڭ يولىنى ئاساس قىلمىغان، ئىماندىن چەتنىگەن تۈزۈم، ئورگان، پىكىر، مەسلەك ۋە ھېس - تۇيغۇلاردۇر. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن زېمىننى ئاۋات قىلىپ، ھازارەت بەرپا قىلىش ئىمان بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. الله ھاياتلىققا قانۇن قىلىپ نازىل قىلغان ئىلاھىي يول بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

ئىسلامنىڭ ھازارەت چۈشەنچىسى ئىبادەت چۈشەنچىسى بىلەن بىردەكتۇر. ئىبادەت ئىنسانىي مەۋجۇتلۇقنىڭ غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. بۇ غايىنى مۇنۇ ئايەت بەلگىلىگەن: ﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنْسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾ ﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم﴾[2].

ئىنسانىي مەۋجۇتلۇقنىڭ بۇ غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ھازارەت پەيدا

---

[1] سۈرە مائىدە، 50- ئايەت.
[2] سۈرە زارىيات، 56- ئايەت.

بولىدۇ. ھازارەت ئالغا ئىلگىرىلەش ياكى چۈشكۈنلىشىش، دۇرۇس يولدا مېڭىش ياكى ئېزىشنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەمدۇر.

ئىنسانىي مەۋجۇتلۇقنىڭ غايىسى ھەققىدىكى كۆز قاراش ئوخشىمىسا، ھازارەت كۆز قارىشىمۇ ئوخشىمايدۇ. شۇنىڭدەك تارىخىي قارىشىمۇ ئوخشىمايدۇ.

«نىرۋانا» لارنىڭ دېيىشىچە، ئىنسانىي مەۋجۇدلۇقنىڭ غايىسى بۇيۇك مەۋجۇدىيەت ئىچىگە سىڭىشىپ كېتىشتۇر ياكى تەن سىرتمىقىدىن قۇتۇلۇپ، روھنى ئەركىنلەشتۈرۈپ، ياراتقۇچى بىلەن بىرلىشىپ كېتىشتۇر. بۇ گەپ بويىچە بولغاندا، تەننى زىيانغا ئۇچرىتىش ھېسابىغا، ماددىي گۈللىنىشنى زىيانغا ئۇچرىتىش ھېسابىغا روھىي دۇنيانى ئىشقا ئاشۇرۇش ھازارەتلەشكەنلىك بولىدۇ.

بۇ دۇنيالىق ھوزۇر - ھالاۋەت سۈرۈش ئىنسانىي مەۋجۇتلۇقنىڭ غايىسىگە ئايلانغاندا، ھالال - ھارام، ياخشى - يامان، پازىللىق ۋە رەزىللىك، چېكىنىش ۋە يۈكسىلىش قاتارلىق قىممەت قاراشلار ئېتىبارغا ئېلىنمىغاندا، ماددىي گۈللىنىشلا ھازارەت دەپ قارىلىدۇ. بۇ ھازارەتتە تۇرمۇش گۈزەللىشىدۇ ۋە قولايلىشىدۇ. كىشىلەر ماددىي ھوزۇر - ھالاۋەتكە دۇم چۈشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىمكانىقەدەر كۆپ راھەت كۆرۈش ئۈچۈن باشقىلارنى بېسىۋېلىشقا، زورلۇق كۈچ بىلەن باش ئەگدۈرۈشكە كۈچەيدۇ. ماددىي كۈچ، ھەربىي كۈچ، سىياسىي كۈچ، ئىلمىي كۈچ... ھەممە كۈچ مۇشۇ مەقسەتكە ئىشلىتىلىدۇ.

بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان كەڭ مەنىگە ئىگە ئىبادەت ھاياتلىقنىڭ غايىسىگە ئايلانغاندا، ھازارەت چۈشەنچىسى يۇقىرىقى چۈشەنچىلەرنىڭ ھېچبىرىگە ئوخشىمايدۇ. شۇنىڭدەك تارىخىي چۈشەنچىمۇ ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، بۇ چاغدا تارىخنى چۈشەندۈرۈشتە، قالاقلىق ياكى تەرەققىياتنى چۈشەندۈرۈشتە ئىنسانىي مەۋجۇتلۇقنىڭ غايىسى ئىشقا ئېشىشى ئۆلچەم

www.uyghurkitap.com

قلىنندۇ.

ئىبادەت چۈشەنچسى نامىلق بۆلۈمدە شۇنى بايان قلدۇقكى، اللە ئۆزىنىڭ پەزلى - مەرھەمتى بلەن ئىنسانىنىڭ ھەممە پائالىيەتلىرىنى ئىبادەت ھېسابلاپ بەردى. ئىنسانىنىڭ جسمانىي، ئەقلىي، روھىي ساھەلەردىكى ھەممە پائالىيتى اللە كۆرسەتكەن يول بلەن، اللەنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ قىلىنسا، شەكسز ئىبادەت بولىدۇ. اللە ئىنساندىن ئەنە شۇنداق ئىبادەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئىنسانىي مەۋجۇتلۇقنىڭ غايىسى پەقەت ئەنە شۇنداق ئىبادەت قىلىشتىنلا ئىبارەت. بۇ ئىبادەت ھازارەتنى قۇرۇپ چىقىدۇ. ھازارەت دېگەن ھەرقايىسى ساھەلەردىكى ئىنسانىي پائالىيەتلەرنىڭ نەتىجىلىرىدۇر.

ئىنچىكىلەپ نەزەر سالىدىغان بولساق، جسمانىي، ئەقلىي ياكى روھىي پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ھازارەت شەكىللەندۈرۈۋەرمەيدۇ ياكى ھازارەتنىڭ بىر قسمى بولۇۋەرمەيدۇ. بۇ ناھايىتى چۈشىنىشلىك بىر ئىش. ئىنسان پائالىيتى پەقەت ئىنسانىي مەۋجۇتلۇقنىڭ غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى نىشان قىلغاندىلا ھازارەتكە ئايلىنىدۇ. مەسىلەن، يەر ئۈستىدە مېڭىش ياكى يەرنى كولاشنىڭ ئۆزىلا ھازارەت شەكىللەندۈرەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نىشانلىق مېڭىش كېرەك، خۇددى نامەلۇم جايلارنى بايقاشقا مېڭىشقا ئوخشاش. نىشانلىق كولاش، مەسىلەن، يەر قوينىدىكى بايلىقلارنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن كولىغاندەك. مانا مۇشۇنداق نىشانلىق ھەرىكەتلا ھازارەت شەكىللەندۈرەلەيدۇ ياكى ھازارەتنىڭ بىر قسمى بولالايدۇ. ئەقلىي ۋە روھىي پائالىيەتمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. بۇ ئىككى خىل پائالىيەتمۇ نىشانغا ئىگە بولغاندا، شۇنداقلا نىشان ئىنسانىي مەۋجۇتلۇقنىڭ غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بلەن بىردەكلىككە ئىگە بولغاندا، ئاندىن ھازارەت شەكىللەندۈرەلەيدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشەنچلىك ھالدا مۇنداق دېيەلەيمىز: «جاھىلىيەتلەرنىڭ ماددىي، ئەقلىي نەتىجىلىرى گەرچە ناھايىتى كۆپ بولۇپ، قارىماققا بىزنىڭ

كۆزىمىزنى قاماشتۇرۇۋەتسىمۇ، ئەمما ئۇ، ھەقىقىي ھازارەت ئەمەس. چۈنكى، بۇ، ئىنساننىي مەۋجۇتلۇقىنىڭ غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولالمىغانلىقى ئۈچۈن ھازارەت بولۇش شەرتىگە توشمايدۇ.

ئىنساننىڭ روھىي تەرىپىنىلا ئىشقا ئاشۇرۇپ، ماددىي تەرىپىنى زىيانغا ئۇچرىتىش ئىنساننىي مەۋجۇتلۇقىنىڭ غايىسىنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرالمايدۇ. ئىنسان ۋە ئىنساننىي ھاياتىنىڭ ماددىي تەرىپىنىلا ئىشقا ئاشۇرۇپ، روھىي تەرىپىنى زىيانغا ئۇچرىتىشمۇ ئىنساننىي مەۋجۇتلۇقىنىڭ غايىسىنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرالمايدۇ، بەلكى ئىنساننى ھالاكەتكە سۆرەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىككىسىنىڭ ھەر ئىككىلىسى ھەقىقىي ھازارەتنى شەكىللەندۈرەلمەيدۇ، بەلكى جاھىلىيەتچە ھازارەت شەكىللەندۈرىدۇ.

پرىئەۋنىزم جاھىلىيىتىدە ماددىي ۋە روھىي تەرەپنى تەڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلغان. لېكىن بۇ پائالىيەتلەر پرىئەۋننى ئىلاھ دەپ ئەقىدە قىلىش، اللهنى قويۇپ، ئۇنىڭغا چوقۇنۇش ئاساسى بويىچە بارلىققا كەلگەن. مۇنداق ناتوغرا ئاساس بويىچە ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەر گەرچە ماددىي ۋە مەنىۋى تەرەپنى تەڭ ئۆز ئىچىگە ئالسىمۇ، يەنىلا ھەقىقىي ھازارەت شەكىللەندۈرەلمەيدۇ. بەلكى جاھىلىيەتچە ھازارەت شەكىللەندۈرىدۇ.

ھەقىقىي ھازارەت ئىنساننىي مەۋجۇتلۇقىنىڭ غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتۇر. ئىنساننىي مەۋجۇتلۇقىنىڭ غايىسىنى مۇنۇ ئايەت بەلگىلىدى: ﴿**وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنْسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ**﴾ «جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم»[1].

ئۇنى مۇنۇ ئايەت چۈشەندۈردى: ﴿**قُلْ إِنَّ صَلَاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ لَا شَرِيكَ لَهُ وَبِذَلِكَ أُمِرْتُ وَأَنَا أَوَّلُ الْمُسْلِمِينَ**﴾ «(ئى مۇھەممەد!)

[1] سۈرە زارىيات، 56- ئايەت.

ئېيتقىنىكى، مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت - ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللہ ئۈچۈندۇر. اللہنىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنىڭغا (يەنى يالغۇز اللہقىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن﴾[1].

ئىسلامىيەتنىڭ چۈشەنچىسىدە ئىنساننىڭ نىشانلىق پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى ھازارەتتۇر. بۇ چۈشەنچە بويىچە ئېيتقاندا، ھەقىقىي مەنىدىكى ناماز ۋە ھەج ھازارەتنىڭ بىر قىسمىدۇر. يەر يۈزىدە اللہنىڭ شەرىئىتىنى بەرپا قىلىش، اللہ نازىل قىلغان قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشمۇ ھازارەتنىڭ بىر تەركىبى قىسمىدۇر. يەر يۈزىدە اللہنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىلاھىي ئادالەت بەرپا قىلىشمۇ ھازارەتنىڭ بىر تەركىبى قىسمىدۇر. اللہ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ : ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا آمِنُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ وَالْكِتَابِ الَّذِي نَزَّلَ عَلَى رَسُولِهِ وَالْكِتَابِ الَّذِي أَنْزَلَ مِنْ قَبْلُ وَمَنْ يَكْفُرْ بِاللَّهِ وَمَلَائِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَالًا بَعِيدًا﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! اللہقا، اللہنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە اللہ ئۇنىڭغا نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە ئىلگىرى اللہ نازىل قىلغان كىتابلارغا (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابلارغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار. كىمكى اللہنى، اللہنىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ﴾[2].

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُونُوا قَوَّامِينَ لِلَّهِ شُهَدَاءَ بِالْقِسْطِ وَلَا يَجْرِمَنَّكُمْ شَنَآنُ قَوْمٍ عَلَى أَلَّا تَعْدِلُوا اعْدِلُوا هُوَ أَقْرَبُ لِلتَّقْوَى وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ خَبِيرٌ بِمَا تَعْمَلُونَ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! اللہنىڭ (ھەقلىرىنى) ئادا قىلىشقا تىرىشىڭلار، ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار، بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل

[1] سۈرە ئەنئام، 162- ۋە 163- ئايەت.

[2] سۈرە نىسا، 136- ئايەت.



www.uyghurkitap.com

بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، (دۈشمىنىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار، بۇ (يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر، اللهتىن قورقۇڭلار، الله ھەقىقەتەن قىلمىشلىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر﴾[1].

ھاياتلىقنى اللهتىن قورقۇشنى ئاساس قىلغان ئەخلاق قائىدىلىرى ئۈستىگە بەرپا قىلىش، سىياسەت يۈرگۈزۈشتىمۇ ئەخلاقلىق بولۇش، ھۆكۈمدار اللهنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، پۇقرا ھۆكۈمدارنىڭ شەرىئەتكە ئۇيغۇن ھۆكۈملىرىگە بويسۇنۇش، الله رازىلىقى ئۈچۈن نەسىھەت قىلىش، ياخشىغا بۇيرۇپ، ياماندىن توسۇش، ياخشىلىق ۋە تەقۋالىققا ھەمكارلىشىش، گۇناھ ۋە تاجاۋۇزغا ھەمكارلاشماسلىق، ئىشلارنى الله بۇيرۇغان كېڭەش بويىچە بىر تەرەپ قىلىش؛ ئىقتىسادتىمۇ ئەخلاق بولۇش.

ھالال - ھارامغا رىئايە قىلىش، جازانىخورلۇق، بېسىمدارلىق، قارىچىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلماسلىق، كىشى ھەققىنى يەۋالماسلىق، مالنى زاكات ئارقىلىق پاكلاش، الله يولىدا خەير - ئېھسان قىلىش، بۇزۇپ - چاچماسلىق، گۇناھ ـ مەئسىيەتكە، كىبىرى - تەمەنناغا پۇل خەجلىمەسلىك؛ ئىجتىمائىي ئەخلاقلارغا رىئايە قىلىش، دوستانە بولۇش، ئۆزئارا كېيىل بولۇش، كىشىنىڭ جېنىغا، مېلىغا، ئابرۇيىغا چېقىلماسلىق، ئاچچىق يۈتۈش ۋە ئەپۇچان بولۇش، كىشىلەرنى مەسخىرە قىلماسلىق، چېقىمچىلىق، پايلاقچىلىق قىلماسلىق، تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدىمەسلىك؛ ئائىلىۋىي مۇناسىۋەتلەردە ئەخلاقلىق بولۇش، جىنسىي ئالاقىدە ئەخلاقلىق بولۇش... مۇشۇنداق ئەخلاقىي قائىدە بويىچە ھاياتلىق بەرپا قىلىش ھازارەتنىڭ بىر تەركىبى قىسمىدۇر.

شەخسىي ۋەدىلەرگە ياكى دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئەھدە - ۋەدىلەرگە رىئايە قىلىش ئىسلامىي ھازارەتنىڭ بىر قىسمىدۇر.

---

[1] سۈرە مائىدە، 8- ئايەت.

اللهنىڭ دىنىنى ۋە دىنىي ھۆكۈملەرنى ئۆگىنىش ياكى اللهنىڭ كائىناتتىكى قانۇنىيەتلىرىنى ۋە ماددىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆگىنىپ، الله ئىنسانغا بەخش ئەتكەن ئېنېرگىيەلەرنى تېپىپ چىقىپ، ئۇنى زېمىننى ئاۋات قىلىشقا ئىشلىتىش ياكى اللهنىڭ ئىنسانىي ھاياتتىكى قانۇنىيەتلىرىنى ئۆگىنىپ، ياخشى جەمئىيەتكە ئاساس ھازىرلاش ياكى ئىنسانىيەتنىڭ تارىختىكى ئازغۇنلۇقلىرىنى ۋە ھىدايەتلىرىنى، بۇ ئىككىسىنىڭ نەتىجىلىرىنى ئۆگىنىش. يەنى ھەر خىل ئىلىملەرنى ئۆگىنىش ئىسلامىي ھازارەتنىڭ بىر قىسمىدۇر.

پاكىز سەنئەت بەرپا قىلىش.

پاھىشە گۈزەللىك ئەمەس، بەلكى چۈشكۈنلۈكتۇر. زەئىپلىك گۈزەللىك ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىنسانىي مەۋجۇتلۇقنىڭ غايىسىنى بايقىماسلىق غاپىللىقى ياكى ئۇ غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا كەمچىلىك ئۆتكۈزۈش لەھزىسىدۇر. بۇنى چىرايلىق كۆرسەتمەيدىغان، ئازغۇنلۇقنى چىرايلىق كۆرسەتمەيدىغان، شەيتانغا چوقۇنۇشنى، ھاۋايى - ھەۋەسكە چوقۇنۇشنى چىرايلىق كۆرسەتمەيدىغان، ساختا مەبۇدلارغا قۇلچىلىق قىلىشتىن ئازات بولۇشقا ئۈندەيدىغان، كائىناتتىكى ۋە ئىنسانىي ھاياتتىكى گۈزەللىكلەرنى كۆيلەيدىغان گۈزەل سەنئەت پەنلىرىنى بەرپا قىلىش ئىسلامىي ھازارەتنىڭ بىر قىسمىدۇر.

مانا بۇلار ئىسلامىي ھازارەتنىڭ مەنىۋى تەرىپىدۇر. ئىسلامىي ھازارەتنىڭ ماددىي تەرىپىمۇ ناھايىتى بۈيۈكتۇر.

ئىنسان اللهقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يارىتىلدى. يەر يۈزىنى ئاۋات قىلىش ئەنە شۇ كەڭ مەنىدىكى ئىبادەتنىڭ بىر قىسمىدۇر. پەقەت كەڭ مەنىدىكى ئىبادەتلا ئىنساننىڭ زېمىندىكى خەلىپىلىكىنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ: ﴿وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلَائِكَةِ إِنِّي جَاعِلٌ فِي الْأَرْضِ خَلِيفَةً﴾ ﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار)

يارىتىمەن دېدى﴾[①].

﴿هُوَ أَنْشَأَكُمْ مِنَ الْأَرْضِ وَاسْتَعْمَرَكُمْ فِيهَا﴾ ﴿الله سىلەرنى زېمىندىن (يەنى تۇپراقتىن) ياراتتى. سىلەردىن زېمىننى ئاۋات قىلىشنى تەلەپ قىلدى﴾[②].

شېرىكنى يوقىتىپ، تەۋھىد بەرپا قىلىش، ئىلاھىي ئادالەت ۋە ئىمانىي ئەخلاق بەرپا قىلىش زېمىننى ئاۋات قىلىشنىڭ بىر تەرىپىدۇر. چۈنكى، زېمىن پەقەت ئازغۇنلۇق ۋە بۇزۇلۇشتىن ساقلايدىغان ئىمانىي سايىلەرنىڭ ئاستىدىلا ھەقىقىي ئاۋات بولىدۇ. ماددىي تەرەققىيات زېمىننى ئاۋات قىلىشنىڭ يەنە بىر تەرىپىدۇر.

ماددىي تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە تەر تۆكۈشكە، ماددىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلىشكە، اللەنىڭ كائىناتتىكى قانۇنىيەتلىرىنى (ھازىرقى زامان جاھىلىيىتى بۇ قانۇنىيەتلەرنى تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى دەپ ئاتايدۇ) بايقاشقا، فىزىكا، خېمىيە، مېدىتسىنا ۋە باشقا پەنلەردىن پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

ھازىرقى زامان جاھىلىيىتى ماددىي تەرەققىياتنىلا ھازارەت ياكى ھازارەتنىڭ ئەڭ مۇھىم مەزمۇنى دەپ قارايدۇ. ئەمما ئىسلام ماددىي تەرەققىياتنىڭ ھازارەت دائىرىسىگە كىرىشىگە ئۇنىڭ ئىلاھىي يولغا ئۇيغۇن بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ.

كائىناتتىكى ئېنېرگىيىلەرنى بايقاش تولىمۇ زۆرۈر. لېكىن ئۇ، ئىنساننىڭ يەر يۈزىدە قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئىشى ئەمەس. ئەڭ مۇھىمى، بايقاشتىكى غايە، بايقاش ئۇسۇلى ۋە يولىدۇر.

«ئەڭ مۇھىمى» دېسەك، بەزىلەر، «مەنىۋى قىممەت قاراشلارنى

---

[①] سۈرە بەقەرە، 30- ئايەت.

[②] سۈرە ھۇد، 61- ئايەت.

ماددىي تەرەققىياتنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇش دەپتۇ» دەپ چۈشىنىۋالىدۇ. ئەقلى بار كىشى ھەرگىز ئۇنداق دېمەيدۇ. مەنىۋى قىممەت قاراشلار بولغان بىلەن نان بولمىسا، قورساق تويمايدۇ، يېقىلغۇ بولمىسا، ماشىنا پويىزلار ماڭمايدۇ، ئايروپىلان ئۇچمايدۇ. ياساش ئورۇنلىرى بولمىسا، زەمبىرەك، تانكا ۋە راكېتالارنى ياسىغىلى بولمايدۇ. بۇ ناھايىتى ئوچۇق مەسىلە. ئۇنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. لېكىن بۇ جايدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاشلا مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ئوچۇق بىر مەسىلە بار. بۇ مەسىلىدە ھەرقانداق جاھىلىيەت كۆپ تالىشىدۇ. بولۇپمۇ ھازىرقى زامان جاھىلىيىتى ناھايىتى بەك تالىشىدۇ. ئۇ مەسىلە شۇكى، نان، يېقىلغۇ، ياساش ئورۇنلىرى، ماشىنا، پويىز، تانكا، زەمبىرەكلەر ئۆزى يالغۇز ھالدا ھازارەتنى، ھازارەتلىك ئىنساننى روياپقا چىقىرالمايدۇ. زېمىننى ھەقىقىي ئاۋات قىلالمايدۇ. چۈنكى بۇ نەرسىلەر قىممەت قاراشتىن ئايرىلسا، ۋەيرانچىلىق پەيدا قىلىدۇ. بۇ، تارىختىن بۇيان مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرسىمۇ، بەلكى، ھەر خىل ئاگاھلاندۇرۇش سىگناللىرى ۋە جاھىلىيەت سەپلىرى ئىچىگە كەڭ تارقىلىۋاتقان بۇزۇقچىلىقلار بۇنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرسىمۇ، ئەمما ھازىرقى زامان جاھىلىيىتى بۇنى ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىمايدۇ ياكى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيدۇ.

ئىنسان ماددىي جەھەتتە قانچىكى تەرەققىي قىلغان بىلەن، مەنىۋى قىممەت قاراشلاردىن ئايرىلىپ قالسا، ھايۋاندىنمۇ بەتتەرلىشىپ كېتىدۇ. ھازىرقى زامان جاھىلىيىتى بۇ سۆزىمىزنىڭ شاھىدى. مانا ئۇنىڭ ئالدىدا كۆپ مىقداردا ئىلىم بار، ماددىي تەرەققىيات بار، ماددىي كەشپىياتلار، تارىختىن بېرى ھېچقانداق بوغۇنغا نېسىپ بولمىغان ماددىي پاراۋانلىقلار بار. بىرلا كۇنۇپكىنى بېسىش بىلەن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالايدۇ، چوڭ ئۇسكۇنىلەرنى ئايلاندۇرالايدۇ. خەلقئارا خەۋەرلەرنى ئاڭلىتالايدۇ ۋە كۆرسىتەلەيدۇ، باشقا پىلانېتلارغا چىقالايدۇ. بۇ شۇنداق، لېكىن ئۇنىڭ ئىنسانلىقى قېنى؟! ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنسانلىقىنى ئىزدەپ، تانىسخانىلاردا ئىگىز - پەس سەكرىمەكتە

ياكى ئەيش ـ ئىشرەتكە غەرق بولماقتا ياكى كىشىلەرگە تاجاۋۇز قىلىپ، دۇنيانىڭ تىنچلىقىنى بۇزماقتا ياكى روھىي شىپاخانىلارغا مېھمان بولماقتا، گاڭگىرىماقتا، بىئارام بولماقتا، نېرۋىلىرى بۇزۇلماقتا! بەختى ۋەيران بولماقتا!

ھەرقانداق جەمئىيەتتە بۇنىڭدەك ئەھۋاللار قىسمەن يۈز بېرىدۇ. لېكىن ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىدە بۇنداق ئەھۋاللار ئىجتىمائىي ئاپەتكە ئايلانماقتا، كۈنسېرى گەۋدىلەنمەكتە، قورقۇنچلۇق نىسبەت بىلەن يۇقىرى ئۆرلىمەكتە.

ئىسلامىي ھازارەت چۈشەنچىسىدە ئىنسان تۇپراق بىلەن ئىلاھىي روھنىڭ يۇغۇرۇلمىسى دەپ قارىلىدۇ. دارۋىنىزمغا ئوخشاش قىممەت قاراش ۋە ئەخلاقلارنى چۆرۈۋېتىدىغان ھايۋان دەپ قارالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۆز خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋېلىپ، اللهنىڭ ئىبادىتىدىن چوڭچىلىق بىلەن ۋاز كېچىپ، زوراۋانلىق قىلىدىغان ساختا ئىلاھ بولۇۋېلىشىغىمۇ يول قويۇلمايدۇ. ئىسلامىي ھازارەت مانا مۇشۇ چۈشەنچە ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئىسلامىي ھازارەت ئاپىرىدە بولغاندا، ئۇنىڭدا تارىختىكى ئەڭ ئۇلۇغ قىممەت قاراشلار بار ئىدى. ئۇنىڭ ماددىي كۆرۈنۈشى تولىمۇ ئاددىي ئىدى: بىر تۇركۈم چېدىر، لاي تام، خورمىزارلىق، ئات، تۆگە، قوي، ئوق، قىلىچ... مانا بۇلار ئىسلامىي ھازارەتنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى كۆرۈنۈشى. لېكىن ئۇ، ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئاددىي سۈرىتى بىلەن تارىختىكى بىر چوڭ مۆجىزە ھېسابلىنىدۇ.

بۇنداق تۆۋەن دەرىجىدىكى ماددىي گۈللىنىشنىڭ ئالىي دەرىجىدىكى ھازارەت ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكىچە ھازارەت قۇرۇپ چىقىشىغىمۇ كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. لېكىن مىسلىسىز قىممەت قاراشلاردىن تاشقىنلاپ چىقىپ، ئەمەلىيەتكە ئايلىنىۋاتقان قىممەت قاراشلار ماددىي گۈللىنىشتىكى بۇ نۇقسانىنى تۈگىتىپ، «ئىنسانلار ئىچىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى بىر ئۈممەت» نى مەيدانغا كەلتۈردى. بۇ ئۈممەت ئىسلامىي ھازارەتنىڭ ئاخىرقى ھاسىلاتى ئەمەس. بەلكى ئۇ ئىسلامىي

www.uyghurkitap.com

هازارەتنىڭ تۈگۈلۈشى ئىدى، خالاس. بىز مۇشۇ يەردە توختاپ، مۇنۇ سوئالغا جاۋاب ئىزدەيلى: هازارەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئىككى تەرىپىنىڭ بىرىدە نۇقسان كۆرۈلگەندە، يەنە بىرى شۇ نۇقساننى ياپالامدۇ؟

بۇ سوئالغا ئىسلامىي ئۇممەت تەجرىبىسى بىلەن هازىرقى ئۇممەت تەجرىبىسى ئېنىق جاۋاب بېرەلەيدۇ. ئىسلامىي ئۇممەت تەجرىبىسىدە مەنىۋى مەدەنىيەت ماددىي مەدەنىيەتتىكى نۇقساننى تولۇقلاپ تارىختىكى ئەڭ ياخشى ئۇممەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. ئەمما ماددىي تەرەققىيات ۋە تېخنولوگىيە تەرەققىياتى مەنىۋى مەدەنىيەت بوشلۇقىنى تولدۇرالمىدى. تارىختىكى ئەڭ يامان جاھىلىيەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى.

ئىسلامىي هازارەت ئۆزىنىڭ دەسلەپكى تۈگۈلۈشىدا كۈچ - قۇۋۋەت ئېلېمېنتلىرىغا هامىلدار ئىدى. بۇ ئېلېمېنتلار كېيىنچە بىر – بىرلەپ ئوتتۇرىغا چىقتى.

ئىسلامىي هازارەت مۇسۇلمانلارنى هەرقايسى مەنبەلەردىن ئىلىم ئۆگىنىشكە، ئەينى دەۋرنىڭ ئىلىم - پەن تىلى بولغان يۇنان ۋە لاتىن تىللىرىنى ئۆگىنىشكە، ئىلمىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىشقا، ئۆز ئالدىغا ئىلىم - پەن هەرىكىتى بەرپا قىلىپ، تەجرىبىچىلىكنى ئىجاد قىلىشقا ئۈندىدى. ياۋروپانىڭ هازىرقى ئىلىم - پېنى ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلاردىن ئۆگىنىۋالغان تەجرىبىچىلىكنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان.

ئىسلامىي هازارەت مۇسۇلمانلارنى ماددىي جەهەتتىن گۈللىنىشكە ئۈندىدى. ئىسلام ئۇسلۇبىدا قۇرۇلغان شەهەرلەر، هۈنەر _ كەسىپلەر، باشقۇرۇش تۈزۈملىرى، مائارىپ تۈزۈملىرى، نازارەت قىلىش تۈزۈملىرى، هەربىي تۈزۈملەر، ئەرزىيەت مەهكىمىلىرى... ئەنە شۇ ماددىي گۈللىنىشنىڭ مەهسۇلى ئىدى.

ئىسلامىي هازارەت مۇسۇلمانلارنى زېمىننىڭ نامەلۇم جايلىرىنى بايقاشقا، خەرىتىلەرنى سىزىشقا، تارىختىكى ئەڭ زور جۇغراپىيە هەرىكىتىنى ئېلىپ

بېرىشقا ئۈندىدى. ياۋروپانىڭ كېيىنكى بايقاشلىرى، جۈملىدىن فاسكو داگاما، كولومبو، ماگېللان قاتارلىقلارنىڭ ھەرىكەتلىرى ئىسلام جۇغراپىيە بىلىملىرىنى ئاساس قىلغان.

ئىسلامىي ھازارەت مۇسۇلمانلارنى ناھايىتى زور تەپەككۇر بايلىقى يارىتىشقا ئۈندىدى. ھازىرقىلار بۇ بايلىقنىڭ موللىقى، چوڭقۇرلىقى ۋە ئەسلىلىكىگە ھەيران قالىدۇ.

ئىسلامىي ھازارەت مۇسۇلمانلارنى گۈزەل سەنئەت پەنلىرىنى قۇرۇپ چىقىشقا ئۈندىدى. ئىسلامىي ھازارەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ زېمىننى گۈللەندۈرۈشتە توغرا ئەقىدىنى چىقىش نۇقتىسى قىلدى. ئەقىدىنىڭ سايىسىدىن چىقىپ كەتمىدى. ئۇلار الله ۋە ئاخىرەت كۈنىگىمۇ ئىشەندى، زېمىنىنىمۇ ئاۋات قىلدى. ئىمانىنىڭ تەقەززاسى بولغان قىممەت قاراش، ئەخلاق ۋە پرىنسىپلار بىلەن ماددىي تەرەققىياتنى زىتلاشتۇرمىدى.

ئىسلامىي ھازارەت كېيىنچە راھەتپەرەسلىك كېسىلىگە مۇپتىلا بولدى. مۇسۇلمانلارنىڭ تارىختىكى ئۇتۇقسىزلىقلىرى ئەنە شۇنىڭدىن باشلاندى.

راھەتپەرەسلىك ھەرقانداق ئىنساندا بولىدىغان بىر ئەھۋال. بۇ توغرىدا ھازىر كۆپ سۆزلەشكە ئورۇن يوق، لېكىن ھازارەت چۈشەنچىسى ھەققىدە گەپ بولۇنغاندا، بۇ توغرىدا ئازراق توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ھەرقانداق بىر مىللەت ئۆسۈپ يېتىلىش باسقۇچىدا ناھايىتى تىرىشچان، ئىرادىلىك بولىدۇ. چۈنكى ئۇ، نۇرغۇن رىقابەتلەرگە دۇچ كېلىدۇ. رىقابەت ئىرادىنى تاۋلايدۇ. كۈچكە كۈچ قوشىدۇ. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ مىللەت ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قۇدرەت تېپىپ، رىقابەتلەرنى يېڭىپ، خاتىرجەم بولۇپ قالىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى كۆرۈپ، قانائەت ھاسىل قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىر خىل بوشىشىش پەيدا بولىدۇ. ئىرادە سۇسلىشىدۇ، راھەتپەرەسلىك باشلىنىدۇ. بولۇپمۇ، غالىبلىقتا كۆپ ئىقتىساد قوشۇلۇپ كەلسە، تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

راھەتپەرەسلىككە ئەگىشىپ يىمىرىلىش باشلىنىدۇ.

راھەتپەرەسلىكنىڭ مەسخۇشلۇقلىرى ئىچىدە ھوزۇر - ھالاۋەتكە چۆككەن كىشىلەر ئۆزىگە بالا - قازانىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى تۇيمايدۇ. تۇيسىمۇ، ئۆز كۈچىگە مەغرۇر بولۇپ ياكى راھەتپەرەسلىكنىڭ ئەللەيلىشىدىن كۆزىنى ئاچالماي، ھالاكەت سىگنالىغا قۇلاق سالمايدۇ.

راھەتپەرەسلەرنى ۋەيران قىلىدىغان ئىلاھىي قانۇنىيەت ئەنە شۇنداق جارى بولىدۇ: ﴿**وَإِذَا أَرَدْنَا أَنْ نُهْلِكَ قَرْيَةً أَمَرْنَا مُتْرَفِيهَا فَفَسَقُوا فِيهَا فَحَقَّ عَلَيْهَا الْقَوْلُ فَدَمَّرْنَاهَا تَدْمِيرًا**﴾ ﴿بىرەر شەھەر (ئاھالىسى)نى ھالاك قىلماقچى بولساق، ئۇنىڭدىكى دۆلەتمەن ئادەملەرنى (بىزگە ئىتائەت قىلىشقا) بۇيرۇيمىز، ئۇلار ئىتائەت قىلماي، پىسقى - پاسات قىلىدۇ - دە، ئۇلارغا ئازابىمىز تېگىشلىك بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى قورقۇنچلۇق رەۋىشتە ھالاك قىلىمىز﴾[1].

ئىلاھىي قانۇنىيەت ھېچكىمگە يان باسمايدۇ. بەزى مىللەتلەر باھانە تېپىپ، ئىلاھىي قانۇنىيەتنى ئۆزىگە يان باستۇرماقچى بولىدۇ: ﴿**وَقَالَتِ الْيَهُودُ وَالنَّصَارَى نَحْنُ أَبْنَاءُ اللَّهِ وَأَحِبَّاؤُهُ قُلْ فَلِمَ يُعَذِّبُكُمْ بِذُنُوبِكُمْ**﴾ ﴿يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار: بىز اللهنىڭ ئوغۇللىرىدۇرمىز (يەنى ئاتا - بالىدەك يېقىنمىز) ۋە (بىز اللهنىڭ دىنىدا بولغاچقا) دوستلىرىدۇرمىز دېدى. ئېيتقىنكى، (ئۇنداق بولسا) الله نېمە ئۈچۈن سىلەرنى گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن ئازاب قىلىدۇ؟﴾[2]

ئىسلامىي ئۇممەتمۇ راھەتپەرەسلىشىپ، دۇنياغا بېرىلىپ كەتكىنىدە ئۆزگەرمەيدىغان ئىلاھىي قانۇنىيەت بويىچە يىمىرىلىدى. ﴿**فَلَنْ تَجِدَ لِسُنَّتِ اللَّهِ تَبْدِيلًا وَلَنْ تَجِدَ لِسُنَّتِ اللَّهِ تَحْوِيلًا**﴾ ﴿اللهنىڭ (مەخلۇقاتلار ئۈستىدە قوللانغان) يولىدا ھەرگىزمۇ ھېچقانداق ئۆزگىرىشنى كۆرمەيسەن، الله يولىدا ھەرگىز

---

[1] سۈرە ئىسرا، 16- ئايەت.

[2] سۈرە مائىدە، 18- ئايەت.

يۈتكىلىشىنىمۇ (يەنى ئازابنىڭ ئازابقا تېگىشلىك بولغانلار ئۈستىدىن باشقىلارنىڭ ئۈستىگە يۆتكىلىشىنى) كۆرمەيسەن﴾[1].

مۇسۇلمانلاردا بىر تەرەپتىن راھەتپەرەسلىك ئەۋج ئالدى. يەنە بىر تەرەپتىن بۇنىڭغا تېخىمۇ خەتەرلىك يول بىلەن ئىنكاس قايتۇرۇلدى. يەنى دۇنيانى تاشلاش، ماددىي كۈچكە سەۋەب قىلماسلىق تەشەببۇس قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلامىي ھازارەت بىرلا ۋاقىتتا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن يىمىرىلدى. راھەتپەرەسلىك مەنىۋى ھازارەتنى بۇزدى، سوپىزم ماددىي ھازارەتنى ۋەيران قىلدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ راھەتپەرەسلىك قىلغىنى خاتا ئىدى. بۇنى ئوڭشايمەن دەپ، دۇنيانى تاشلاشنى، ماددىي كۈچكە سەۋەب قىلماسلىقنى تەشەببۇس قىلىش تېخىمۇ خاتا ئىدى. چۈنكى، بۇ ئىككى ئىشنىڭ ھەر ئىككىلىسى زەئىپلىشىشكە سەۋەب بولاتتى. زەئىپلىشىش دۈشمەنلەرنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەر تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، اللهنىڭ دىنىنى تۈگىتىشنى قەست قىلدى.

ھەرقايسى ساھەلەردە ئومۇميۈزلۈك تارايتىش - كىچىكلىتىش دولقۇنى پەيدا بولدى. تەپەككۇر ۋە ئىلىممۇ، ئەدەبىيات ۋە سەنئەتمۇ سىياسەت، ئىقتىساد، جەڭمۇ تارايدى. سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشمۇ، ئەخلاقمۇ تارايدى. ھەممىدىن ئاۋۋال ئەقىدە تارايدى، ئىمان ۋە ئىبادەت ئۇقۇمى تارايدى.

بۇ ئەھۋال نەچچە ئەسىر شۇنداق داۋام قىلدى. ئىسلام دۇنياسى كۈنسېرى تۆۋەنلىدى، دۈشمەنلەر كۈنسېرى كۈچەيدى، مۇداپىئەدىن ھۇجۇمغا ئۆتتى، ئىسلام دۇنياسىنى پارچىلاپ يۇتۇۋالدى. مۇسۇلمانلارنى قۇل قىلدى ۋە خورلىدى، ئىسلامنى يوق قىلىشنى قەست قىلدى.

---

[1] سۈرە فاتىر، 43- ئايەت.

ئىسلام دۇنياسى ئاخىرى ئويغاندى. بۇ چاغدا ئۇ، ئىچكىرى تەرىپىدىن يىمىرىلىپ كەتكەن، دۈشمەن قولىغا تامامەن چۈشۈپ قالغان ئىدى.

ئىسلام دۇنياسىنىڭ يىمىرىلىشى تارىختا يۈز بەرگەن ئازغۇنلۇقلارنىڭ تەبىئىي نەتىجىسى. ئىمان ئۇقۇمىنىڭ ۋاكۇئۇملاشقانلىقىنىڭ، ئىبادەت ئۇقۇمىنىڭ ۋاكۇئۇملاشقانلىقىنىڭ، يۆلىنىشىنىڭ پاسسىپلىقىنىڭ، الله تەييارلاشقا بۇيرۇغان كۈچ - قۇۋۋەت ۋاسىتىلىرىنى تەييارلىمىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

بۇ ئازغۇنلۇققا كۈچ جەھەتتىن تەڭلىشىدىغان يەنە بىر مۇسىبەت يۈز بەردى. ئۇ بولسىمۇ، زامانىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ روھىي مەغلۇبىيىتىدۇر. ھەقىقىي دىنغا قايتقان، دىنىنى ئەمەلىي ئىجرا قىلىۋاتقان ئايرىم كىشىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلار تېخى بۇ مەغلۇبىيەتتىن ئېسىگە كېلىپ بولالمىدى. بۇ روھىي مەغلۇبىيەت ئىدىيىۋى ھۇجۇمنىڭ زەھەرلىرىنى ئويلانماستىن، قارشىلىق كۆرسەتمەستىن قوبۇل قىلىشقا شارائىت ھازىرلىدى.

ئىدىيىۋى ھۇجۇم مۇسۇلمانلارنىڭ كاللىسىغا نۇرغۇن ئازغۇن چۈشەنچىلەرنى كىرگۈزۈۋەتتى. ھازارەت چۈشەنچىسى شۇ چۈشەنچىلەرنىڭ بىرى.

مۇسۇلمانلار ئىدىيىۋى ھۇجۇمنىڭ ئاسارىتىگە ئۇچرىغاچقا، تەرەققىياتتا كېيىن قېلىشقا مۇسۇلمانلىق سەۋەب بولدى، دەپ گۇمان قىلىشتى.

بۇ ھەقىقەتتىن تولىمۇ يىراق بىر گۇماندۇر. ئۇلار كېيىن قالغاندا ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىدىن تولىمۇ يىراقلاشقان ئىدى. بۇ يىراقلىشىش ئۇلارنى تەرەققىياتتا كېيىن قويغان ئىدى.

مانا بۇ گۇمان ئۇلارنى ئىسلامنىڭ سىرتىدىن، غەرب ھەزارىتىدىن، يەنى ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىدىن ھەل قىلىش چارىسى ئىزدەتكۈزدى.

هازىرقى زامان جاھىلىيىتى ئۇلارغا مۇنـداق دېـدى: «ھـازارەت دېـگەن مـاددىي، ئىلمـىي ۋە تېخنولـوگىيە تەرەققىياتــدۇر. مــاددىي تۇرمۇشــنى ئاسانلاشــتۇرۇپ، ئىنســاننىڭ يــۈكىنى مېخانىكىغــا يۈكلەشــتۇر. كېســەل ئاغرىقلىرىنى دورىغا تايىنىپ يوق قىلىشتۇر».

هازىرقى زامان جـاھىلىيىتى ئېغىزىـدا دېمىســىمۇ، ئەمەلـىي ھەرىكىتـى بىلەن يەنە مۇنداق دېدى: «قىممەت قاراش، ئەخـلاق، پرىنسـىپ دېـگەن جانغا ئەسقاتمايدىغان بىھۇدە نەرسىدۇر».

ھازارەتلەشمەكچى بولغان «زامانىۋى مۇسۇلمانلار» پەيـدا بولـدى. ئـۇلار قالاقلىق قالپىقىنى چۆرۈۋېتىپ، نەچـچە يـىل ئىچـىدە نەچـچە ئەسـىرلىك قالاقلىقنى تۈگەتمەكچى بولۇشتى.

ئۇلار غەربنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ھازارەتلىشىپ دىنىسىزلاشتى.

ئۇلار ناھايىتى سۇسلۇق، خۇشياقماسلىق بىلەن ماددىي كۈچ - قۇۋۋەتنىڭ بەزىبىــر ســەۋەبلىرىنى قىلــدى. شــۇنىڭ بىــلەن بىــرگە ئــۇلار غەربىنــىڭ راھەتپەرەسلىكىگە قۇلاق تۇۋىگىچە چۆكتى. زامانىۋىي ئۆيلەر، كـۆركەم ئـۆي جاھازلىرى، ماشىنا، ئايروپىلانلار، توك ئوچاقلىرى، توڭلاتقـۇ، تـار كـىيىملەر، ھاراق، قىمار، جىنسىي قالايمىقانچىلىق «تەرەققىيات» بولۇپ قالدى. بۇنىڭ سىرتىدا يەنە ئەخلاقىــي بـۇزۇقچىلىقلار بـار. بـۇنى ئـۇلار ئۆزىمـۇ ئېغىزىـدا ئېتىراپ قىلىدۇ، كۆڭلىدە ئەخلاقىي بۇزۇقچىلىقنىڭ تېخىمـۇ كەڭ تارقىلىــپ كېتىشــىنى ئــارزۇ قىلىــدۇ. شــۇنداق بولغانــدا، ئــۇلار كــۆڭلىگە كەلــگەن نىجىسلىقلارنىڭ ھەممىنى تەرەققىيات نامى بىلەن قىلالايدۇ ئەمەسمۇ؟!

ئۇلار ھە دېسىلا سانائەتلىشىش، بـاي بولـۇش، تۇرمـۇش سەۋىيىســىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئېلېكترلىششنى تەرغىب قىلىـدۇ. راسـت، بـۇ ھەقىقـىي ماددىي تەرەققىيـات. لـېكىن قىمـمەت قـاراش ۋە ئەخـلاق بولمىغانـدا، بـۇ تەرەققىياتنىــڭ نــېمە ئەھمىيىتــى بولـىدۇ؟ دىــن بولمىغانــدا ئۇنىــڭ نــېمە قىممىتى بولىدۇ؟ ئـۇلار ئـۆزىنى بۇنىـڭ بىـلەن خورلـۇقتىن قۇتۇلـدۇق دەپ

ئويلامدىكىنە! ئۇلار ھازىرقى زاماندىكى تارىخچى تويۇنبىينىڭ ئاتا تۈرك تۈركىيىسى ھەققىدىكى مۇنۇ سۆزىنى ئاڭلاپ باقسۇن:

«تۈركلەر ئاساسىي قانۇننى ئۆزگەرتىش بىلەنلا بولدى قىلمىدى. (قانۇننى ئۆزگەرتىش قانۇننى ئىسلاھ قىلىش مەزگىلىدە ئانچە تەس ئىش ئەمەس) بەلكى يېڭىدىن قۇرۇلغان تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئىسلام دىنىنى ھىمايە قىلغۇچىنى (خەلىپىنى) يوق قىلدى. خەلىپىنىڭ ئورنىنى (خەلىپىلىكنى) ئەمەلدىن قالدۇردى. دىنىي زاتلارنى ھوقۇقىدىن قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تۈزۈملىرىنى بىكار قىلدى. ئاياللارنىڭ ھىجابىنى يوقاتتى. ھىجابقا ئالاقىدار ھەممە ئىشنى چەكلىدى. ئەرلەرنى شەپكە كىيىشكە مەجبۇرلىدى. ئىسلام شەرىئىتىنى پۈتۈنلەي سۈپۈرۈپ تاشلىدى. شىۋىتسارىيە قانۇننى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىپ، شۇ قانۇننى يولغا قويدى. ئىتالىيەنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇننى ئىجرا قىلدى. بۇ ئىككى قانۇن دۆلەت مەجلىسىدە ئاۋازغا قويۇلغاندىن كېيىن، مەجبۇرى يولغا قويۇلدى. ئەرەبچە يېزىقنى لاتىنچىغا ئۆزگەرتتى. بۇنىڭ بىلەن ئوسمانىيلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبى مىراسلىرىنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمى تاشلىۋېتىلدى.

غەرب كۆزەتكۈچىلىرى تۈركلەرنى تەنقىدلاشتا چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكى ۋە ئۇلارنى مەسخىرە قىلماسلىقى كېرەك. چۈنكى، دورامچى تۈركلەرنىڭ قىلماقچى بولغىنى پەقەت ئۆز ۋەتىنىنى ۋە ئادەملىرىنى ھازىرقى ھالىتىدىن بىزنىڭ ھالىتىمىزگە ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت. بىز ئۇلارنىڭ بۇ چاكىنىلىقىنى تەنقىدلەۋاتىمىز. ئۇلار گەرچە كېيىن قالغان بولسىمۇ، غەرب دۆلەتلىرى ۋە غەرب خەلقلىرىنىڭ قىلغانلىرىنى قىلىپ باقماقچى.

بىز تۈركلەرنىڭ نىشانىنى تولۇق بايقىغىنىمىزدا ھەيرانلىق ئىچىدە مۇنداق بىر سوئالنى سوراشقا مەجبۇر بولىمىز: ئۇلارنىڭ بۇ نىشانى شۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش جەريانىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىغا ئەرزىمدۇ؟

ناھايىتى ئېنىقكى، بىز غورۇرلۇق، ئەنئەنىۋى مۇسۇلمان تۈركىينى ياخشى كۆرمەيمىز. بۇ تۈركىيە بىزگە «ئۈلگۈر كاپىرلار» دېگەن نەزەر بىلەن قارايتتى. ئۆزىنىڭ بىزدەك بولۇپ قالمىغىنىغا شۈكرى قىلاتتى. بۇ بىزنىڭ ئۆچمەنلىكىمىزنى قوزغايتتى. كونا ئەنئەنىۋى تۈركىيە ئۆزىنىڭ خېمىرتۇرۇچىنى ئالاھىدە چاغلايتتى. شۇڭا بىز بۇ ئالاھىدە خېمىرتۇرۇچنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، تۈركچە مۇجمەللىك دەپ ئاتاپ، تۈركلەرنىڭ كىبىرىنى يەرگە ئۇرماقچى بولدۇق. ئاخىرى بىز تۈركلەرنىڭ مەنىۋى قوغدىنىش كۈنلۈكىنى پاچاقلىۋېتىشكە مۇۋەپپەق بولدۇق، ئۇلارنى دورامچىلىق ئىنقىلابى قوزغاشقا كۈشكۈرتتۇق. دورامچىلىق ئۇلارنى بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدىلا ۋەيران قىلدى.

تۈركىيە بىزنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشىمىز ۋە نازارىتىمىز بىلەن ئۆزگەردى، ئۆزىنى بىزگە ۋە باشقا غەرب خەلقلىرىگە ئوخشاش قىلىدىغان ۋاستىلەرنى ئىزدەشكە باشلىدى. ھازىر بىز بۇنىڭدىن سىقىلىش ھېس قىلىۋاتىمىز. بەلكى ئۆچمەنلىك ۋە نارازىلىق تۇيغۇسىدا بولۇۋاتىمىز. تۈركىيە بىزگە: «مەن نېمىلا قىلسام سېنىڭ نەزەرىڭدە خاتامۇ؟» دېيىشى مۇمكىن. تۈركىيە بىزگە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ «مۇقەددەس كىتاب» ىمىزنىڭ تۆۋەندىكى بۆلەكلىرىنى ئوقۇشى مۇمكىن: «بىز سىلەرنىڭ دېپىڭلارنى چالدۇق، سىلەر ئۇسسۇل ئوينىمىدىڭلار؛ بىز سىلەرنىڭ غېمىڭلارنى يېدۇق، مەت قىلىپمۇ قويمىدىڭلار؛ بىز قايغۇردۇق، سىلەر ئىچ ئاغرىتمىدىڭلار».

نېمىلا دېگەن بىلەن، بىزنىڭ تۈركلەرنى تەنقىدلىشىمىز بەك قوپال بولۇپ كەتتى، يوق ئەيىبنىمۇ ئارتمىدۇق، شۇنداقتىمۇ چەكتىن ئېشىپ كەتتى. چۈنكى، تۈركلەرنىڭ تىرىشچانلىقلىرى بىكار كەتمەي، ئۆزلىرى ئۈمىد قىلغان مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ قالسا، قانچىلىك مەدەنىيلىشىپ كەتمەكچى؟! بۇ نۇقتا دورامچىلىقنىڭ ئەجەللىك ئىككى ئاجىزلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ:

بىرىنچى ئاجىزلىق شۇكى، دورامچىلىق ئەگەشىشتۇر، ئىجادىيلىق ۋە

كەشىپ قىلىش ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن دورامچىلىق پەرزەن ئۇتۇق قازانغان تەقدىردىمۇ، دورامچىلار جەمئىيىتىدە پەقەت سانائەت مەھسۇلاتلىرى كۆپىيىدۇ خالاس! ئەمما ئىنسان روھىيىتىنىڭ ئىجادچانلىق ئىقتىدارى جارىي قىلدۇرۇلمايدۇ.

ئىككىنچى ئاجىزلىق شۇكى، دورامچىلىق ناھايىتى چوڭ بولغاندا پەقەت رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيدۇ. بۇ ھالەتتە دورامچىلار پەقەت ساناقلىق ساھەلەردىلا ئۆز يولىنى تاپالايدۇ. غالىبلارنىڭ ئاخىرى ئېرىشىدىغىنى دورامچى ھازارەت يالاڭتۆشلىرىنى كۆپەيتىش. (غەرب ھەزارىتىگە قۇل بولغانلارنى دېمەكچى)

مانا بۇ سۆز خىرىستىئانلارنىڭ ئاشكارا ھاقارىتى ۋە ئوچۇق تاماشا كۆرۈشىدۇر. ئۆزىنى يوقاتقانلارنىڭ، ئىنسانىيەتكە ئۆز ئالدىغا بىرەر نەرسە سوۋغا قىلالمىغانلارنىڭ تاماشىسىنى كۆرگەنلىكتۇر.

ھەقىقىي مۇسۇلمانلاردا 20 - ئەسىرنىڭ جاھىلىيىتى ئىچىدە ئېزىپ يۈرگەن ئىنسانلارغا بېرىدىغان نۇرغۇن، نۇرغۇن نەرسىلەر بار.

مۇسۇلمانلار ماددىي گۈللىنىشنى قەيەردىن ئالغۇسى كەلسە شۇ يەردىن ئالسۇن، لېكىن ئىلاھىي يول ئاساسىدا گۈللەنسۇن. ئىسمى جىسمىغا لايىق ھەقىقىي ھازارەت قۇرۇپ چىقسۇن!

ئۇلار ئىلىم - پەن، ماددىي تەرەققىيات ۋە تېخنولوگىيىنى قوبۇل قىلسۇن. لېكىن ئۇلار بۇ ئىشلارنى قايسى مەقسەتتە ئىشلىتىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالسۇن.

ئۇلار قوبۇل قىلغان شەھۋانىي نەپسىگە قۇل بولۇشقا، ئاخىرەتنى ئۇنتۇپ، دۇنياغا بېرىلىشكە، اللهقا ئىبادەت قىلماي شەيتانغا چوقۇنۇشقا ئىشلىتەمدۇ؟

ئۇنداق قىلسا، ئۇلار ئۆزىنى خار - زەبۇنلۇقتىن قۇتقۇزالمايدۇ. ئىنسانىيەتنى ئۆزىنى يۈتتۈرۈپ قويۇش ۋە گاڭگىراشتىن قۇتقۇزالمايدۇ.

ئۇلار بۇ قوبۇللانمىلارنى ئىلاھىي يولنى بەرپا قىلىشقا، ئىلاھىي دۆلەتنى قايتا قۇرۇشقا، ئىلاھىي ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، ئائىلىۋىي، جىنسىي، پىكرىي، ئەدەبىيات - سەنئەت مۇناسىۋەتلىرىنى ئەخلاقىي قائىدىلەر ئۈستىگە بەرپا قىلىشقا... ئىشلەتسىچۇ؟ باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىنسانىي مەۋجۇتلۇقنىڭ غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرسىچۇ؟ ئىمانىنى ئەمەلىيلەشتۈرسىچۇ؟ ئىبادەتنىڭ توغرا ئۇقۇمىنى ئىشقا ئاشۇرسىچۇ؟

بۇ چاغدا ئۇلار ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ. يول ئىزدەۋاتقان ئازغۇن ئىنسانلارغا نىجاتلىق قولىنى سۇنىدۇ. بۇ اللهقا تەس ئەمەس: ﴿وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنْكُمْ وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُمْ فِي الْأَرْضِ كَمَا اسْتَخْلَفَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ الَّذِي ارْتَضَى لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُمْ مِنْ بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْنًا يَعْبُدُونَنِي لَا يُشْرِكُونَ بِي شَيْئًا وَمَنْ كَفَرَ بَعْدَ ذَلِكَ فَأُولَئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ﴾ ﴿الله ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ، شۇ ۋەدىدىن كېيىن كاپىر بولغانلار اللهنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر﴾[1].

﴿الَّذِينَ إِنْ مَكَّنَّاهُمْ فِي الْأَرْضِ أَقَامُوا الصَّلَاةَ وَآتَوُا الزَّكَاةَ وَأَمَرُوا بِالْمَعْرُوفِ وَنَهَوْا عَنِ الْمُنْكَرِ وَلِلَّهِ عَاقِبَةُ الْأُمُورِ﴾ ﴿(اللهنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغانلار) شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى اللهقا مەنسۇپتۇر (يەنى ھەممە

[1] سۈرە نۇر، 55- ئايەت.

ئىشلار ئاخىرەتتە ئاللاھقا قايتىدۇ﴾[1].

﴿وَكَذَلِكَ جَعَلْنَاكُمْ أُمَّةً وَسَطًا لِتَكُونُوا شُهَدَاءَ عَلَى النَّاسِ وَيَكُونَ الرَّسُولُ عَلَيْكُمْ شَهِيدًا﴾ ﴿شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق...﴾[2].

[1] سۈرە ھەج، 41- ئايەت.
[2] سۈرە بەقەرە، 143- ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# پارلاق ئىستىقبال

كىتابىمىزنىڭ يۇقىرىقى بەتلىرىدە ئىسلامنىڭ بەزىبىر ئاساسى چۈشەنچىلىرى ئۈستىدە توختىلىپ، دىننى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىۋاسىتە قوبۇل قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قولىدا تەربىيىلەنگەن ساھابىلەرنىڭ ۋە ئۇلارغا يانداش ئۆتكەن بىرقانچە ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنىڭ مەزكۇر چۈشەنچىلەرنى قانداق چۈشەنگەنلىكىنى، بۇ چۈشەنچىلەرنىڭ كېيىنچە قانداق خاتا چۈشىنىلگەنلىكىنى، بۇ خاتا چۈشەنچىلەرنىڭ مۇسۇلمانلار ھاياتىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنى يۇقىرى پەللىدىن بۇ كۈنلەردىكى ئازگالغا چۈشۈرۈپ، سەلدىكى كۆپۈكچىلەرگە ئوخشاش قىلىپ قويغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق.

ئەمدى ئالدىمىزغا تەبىئىي ھالدا مۇنداق بىر سوئال قويۇلىدۇ: بۇندىن كېيىنكى ئىشلار قانداق بولۇپ كېتەر؟

بۇ سوئالغا ئۆز تەقدىرى بىلەن ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن الله جاۋاب بەرسۇن: ﴿**وَاللَّهُ غَالِبٌ عَلَى أَمْرِهِ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ**﴾ ﴿الله (خالىغان) ئىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قادىردۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى)ئۇقمايدۇ...﴾[1].

ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى غالىب اللەنىڭ تەقدىرىدۇر. الله ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى ھەر تەرەپتىن ئىسكەنجىگە ئېلىپ، ئۇلارنى سەلدىكى كۆپۈكچىلەرگە ئوخشاش قىلىپ قويغان ھالەتتىن قۇتقۇزۇپ، راۋۇرۇس يولغا ئېلىپ چىقىشنى، يەنە بىر قېتىم يىلتىز

[1] سۈرە يۇسۇف، 21- ئايەت.

تارتقۇزۇشنى، ئۇلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى خار - زەبۇنلۇقتىن، چېچىلاڭغۇلۇقتىن، گاڭگىراشتىن قۇتقۇزۇشنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار ئارقىلىق گاڭگىراۋاتقان ئىنسانىيەتكە يورۇقلۇق شولىسى چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى ھىدايەتكە باشلاشنى تەقدىر قىلدى.

لېكىن ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئالدىدىكى يولدا داۋانلار كۆپ. تىكەنلەر كۆپ، ئوڭۇشسىزلىقلار كۆپ. بۇ يولدا ماڭغانلارغا زىيانكەشلىك قىلىپ، ئۇلارغا بىر - بىرلەپ چاڭ سالىدىغان ياۋايى ھايۋانلار كۆپ. چۈنكى بۇ ھايۋانلار شۇنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇكى، ئۇلار بۈگۈن چاڭ سالمىسا، ئەتە ئامالسىز قالىدۇ.

بىراق «مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى» دېگەن كىتابتا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمدەك، خۇش خەۋەر توسۇقتىن چوڭ! اللهنىڭ تەقدىرى ئۆز يولىنى داۋاملاشتۇرماقتا، تەقدىرنىڭ ئالدىنى ھېچ نەرسە توسالمايدۇ: ﴿**وَلَا يَحْسَبَنَّ الَّذِينَ كَفَرُوا سَبَقُوا إِنَّهُمْ لَا يُعْجِزُونَ**﴾ ﴿كاپىرلار قۇتۇلدۇق دەپ ئويلىمىسۇن، ئۇلار (پەرۋەردىگارىنىڭ جازاسىدىن) ھەقىقەتەن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ﴾[1].

ئەمما ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى يولدا پۈتلىشىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئوڭۇشسىزلىقلارنى بىلىشى، داۋاندىن ئۆتۈشكە تەييارلىق قىلىشى ھەم زىيانداش ياۋايى ھايۋانلارنىڭ خاراكتېرىنى چۈشىنىپ، ئۇلار بىلەن جەڭنىڭ خاراكتېرىنى ۋە جەڭ مەيدانلىرىنى بىلىشى كېرەك! بەزى ياۋايى ھايۋانلار مۇسۇلمانلارغا ئىچ ئاغرىتىپ قويار ياكى بۇ يولدا ماڭغانلار بىلەن كىلىشىپ ئۆتەر، دېگەن گۇماندا بولماسلىقى كېرەك!

ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى مەيلى خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن، اللهنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن قانلىق جەڭ قىلىدۇ. چۈنكى، بۇ دۈشمەنلەر ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىگە يول قويمايدۇ، ئۇرۇش ئاچماي قالمايدۇ: ﴿**وَلَنْ تَرْضَى**

---

[1] سۈرە ئەنفال، 59- ئايەت.

عَنْكَ الْيَهُودُ وَلَا النَّصَارَى حَتَّى تَتَّبِعَ مِلَّتَهُمْ﴾ ﴿سەن يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارنىڭ دىنىغا كىرمىگۈچە، ئۇلار سەندىن ھەرگىزمۇ رازى بولمايدۇ...﴾[1].

﴿وَلَا يَزَالُونَ يُقَاتِلُونَكُمْ حَتَّى يَرُدُّوكُمْ عَنْ دِينِكُمْ إِنِ اسْتَطَاعُوا﴾ ﴿...كۇففارلار قولىدىن كەلسىلا سىلەرنى دىنىڭلاردىن قايتۇرۇۋەتكەنگە قەدەر سىلەر بىلەن داۋاملىق ئۇرۇشىدۇ...﴾[2].

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام ئۈيغىنىش ھەرىكىتى بۇ جەڭدە يېڭىشكە قانداق تەييارلىق قىلىش لازىملىقىنى بىلىشى كېرەك. ھەممىدىن ئاۋۋال شۇنى چۈشىنىشى كېرەككى، بۇ جەڭ قايسىدۇر بىر گۇرۇھ بىلەن ياكى بىر دۈشمەن بىلەن قىلىدىغان جەڭ ئەمەس. بەلكى، بۇ بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ بارلىق دۈشمەنلەر بىلەن قىلىدىغان جېڭىدۇر. چۈنكى، دىن ۋە دىن دۈشمەنلىرىلا بولىدىكەن، دىن بىلەن دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تۈگىمەيدۇ. دىن دۈشمەنلىرى بىلەن بۆلۈنۈپ جەڭ قىلغاندا، دۈشمەننى يەڭگىلى بولمايلا قالماستىن، بەلكى، ئۇنىڭغا يەم بولۇپ كېتىدىغان گەپ. شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقلىشىپ، بىرلىك سەپ ھاسىل قىلىپ، جەڭ قىلىشى كېرەك، باشقا ئىشتا ئىختىلاپلاشسىمۇ، بۆلۈنسىمۇ، بۇ ئىشتا بۆلۈنمەسلىكى كېرەك!

بىز بارلىق مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقلىشىشى كېرەك دېسەك، بەزىلەر بىر مۇسۇلمان قالماي ھەممىسى ئىتتىپاق ھاسىل قىلسۇن دېگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالىدۇ. بۇ مۇمكىن ئەمەس. تارىختا ھېچقانداق بىر جەمئىيەتتە ھەممە ئادەم قىرقىغاندەك تەپتەكشى ھالەتتە بىردەك ئالىي دەرىجىدە ياكى مۇستەھكەم دەرىجىدە ياكى ياخشىلىقتا يۈزلىنىشتە بولۇپ باققان ئەمەس. كۆپ قېتىم دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

[1] سۈرە بەقەرە، 120- ئايەت.

[2] سۈرە بەقەرە، 217- ئايەت.

جەمئىيەتنىمۇ ئۇنداق تەكشى ئەمەس ئىدى.

بىز بارلىق مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقلىشىش دېگەنـدە، مۇسـۇلمانلار ئىچىـدە پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ جەمئىيىتىـدە ۋۇجۇدقـا كەلگەنـدەك، بىـر مۇستەھكەم بازا ۋۇجۇدقا كەلسۇن، بۇ بازا شۇنداق كۈچلـۈك ۋە مۇسـتەھكەم بولسۇنكى، ئۇ ئىمانى ئـاجىزلارنى، توسـۇقچىلارنى، كېيىـن تـارتقۇچىلارنى، ئېغىرلىق قىلغۇچىلارنى، مۇناپىقلارنى چانـدۇرماي ئـۆزىگە قوشـۇپ، نىشـان تەرىـپىگە قـاراپ ماڭغـان سـەپرىنى داۋاملاشتۇرالىسـۇن. پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز قولى بىلەن قۇرۇپ چىققان بازا ئۆز ئىچىـدىكى شـۇنداق گۇرۇھلارنىـڭ توسـقىنىغا ئۇچرىمـاي، ئـۆز يـولىنى داۋاملاشـتۇرۇپ، اللەنىـڭ دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن ھەل قىلغۇچ غەلـبىگە ئېرىشـكەندەك، غەلـبىگە ئېرىششۇن دېمەكچى بولىمىز.

ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىگە ناھايىتى ئېنىق مەلۇم بولسۇنكى، بـۇ بىـر گۇرۇھ بىلەن يەنە بىر گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى ياكى بىر خەلق بىلەن يەنە بىر خەلق ئوتتۇرىسىدىكى ياكى بىر تۈرلۈك قورال بىـلەن يەنە بىـر تۈرلـۈك قـورال ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ ئەمەس. بەلكى ئۇ، ھەممىـدىن ئـاۋۋال ئېتىقـاد بىـلەن ئېتىقاد ئوتتۇرىسىدىكى، يول بىلەن يول ئوتتۇرىسىدىكى جەڭـدۇر. اللەقـا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان ئېتىقاد بىـلەن اللەقـا شـېرىك كەلتۈرىـدىغان ياكى اللەنى تـۈپتىن ئىنكـار قىلىـدىغان ئېتىقـاد ئوتتۇرىسـىدىكى جەڭـدۇر. تەۋھىد ئېتىقادى ئۈستىگە قۇرۇلغان، ئىلاھىي مەنبەدىن ئېلىنغان يول بىلەن شېرىك ياكى كۇپرى ئۈستىگە قۇرۇلغان غەيرى ئىلاھىي مەنـبەدىن ئېلىنغـان يول ئوتتۇرىسىدىكى جەڭدۇر.

ئېتىقاد ئۆزىگە قوشۇلۇپ قالغـان ھەر خىـل كەلگىنـدى ئېلېمېنـتلاردىن ساپلاشتۇرۇلمىسا، ئېتىقـاد جېگىـدە يەڭگىلـى بولمايـدۇ. بـۇ قوشـۇنلارنىڭ قانچىلىك چوڭقۇر دەرىجىدە قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىدىن، قوشـۇلۇپ كەتكىلـى قانچە ئۇزاق بولغانلىقىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى تازىلىماي بولمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

جاھىلىيەت، تارىختا پەقەت ئىككى قېتىم ئىسلام ئېتىقادى بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك قارشىلاشتى. بىرىنچى قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېڭى پەيغەمبەر بولغاندا ئىپتىدائىي ئىسلامدا، ئىككىنچى قېتىم ھازىرقى زاماندا قارشىلاشتى. بۇ ئىككى قېتىملىق قارشىلىشىش ماھىيەتتە پەرقلەنمەيدۇ، پەقەت ۋاستىدە پەرقلىنىدۇ. قارشىلىشىشنىڭ ماھىيىتى ئىسلام بىلەن جاھىلىيەت، ئىمان بىلەن كۇپرىنىڭ قارشىلىشىشىدىن ئىبارەت. ۋاستىدىكى پەرق شۇكى، ئىككىنچى قېتىملىق قارشىلىشىشتا زامانىۋى ئىلىم - پەن، تېخنىكا، قاتناش، تەشۋىقات ۋاستىلىرى بار. بۇ ۋاستىلار ئىسلام بىلەن قارشىلاشقۇچىلارنىڭ بىرلىكىنى تېخىمۇ چىڭىتىپ، ئۇلارنى تېخىمۇ ياۋۇزلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

ئىسلام قۇدرەت تاپقاندىن كېيىن، كۆپلىگەن جاھىلىيەتلەر بىلەن قارشىلاشتى. ئەھلى سەلىبلەر بىلەن، موڭغۇللار بىلەن، يەھۇدىيلار بىلەن قارشىلاشتى. لېكىن بارلىق جاھىلىيەت بىلەن بىراقلا قارشىلىشىش تارىختا پەقەت ئىككى قېتىملا يۈز بەردى: بىرىنچى قېتىملىقى ئىپتىدائىي ئىسلامدا، ئىككىنچى قېتىملىقى ھازىرقى ۋاقىتتا. ھازىرقى قارشىلىشىش بىرىنچى قېتىملىق قارشىلىشىشقا ئوخشاش بولغان ئىكەن، ئۇنداقتا جاھىلىيەتكە تەڭ كېلىش، ئاخىرىدا ئۇنى يېڭىش ئۈچۈن ئېتىقادىمىز بىرىنچى قېتىم قارشىلاشقۇچىلارنىڭ ئېتىقادىدەك ساپ بولۇشى، ئىمانىمىز مۇستەھكەم بولۇشى، الله ئۈچۈن بارلىقىمىزدىن ۋاز كەچكەن بولۇشىمىز كېرەك!

ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىگە شۇ مەلۇم بولسۇنكى، ھازىر ئىسلام بىلەن قارشىلىشىۋاتقان جاھىلىيەت ماددىي ھازارەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىدە تۇرماقتا، بۇ ھازارەتتىن مەغرۇرلانماقتا. مۇسۇلمانلار بۇ جەھەتتە ناھايىتى قالاق ھالەتتە تۇرماقتا! بۇ، مۇسۇلمانلاردىن دۈشمەننىڭ ماددىي ھەزارىتىگە تاقابىل تۇرۇشتا تۈنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار پارىسلار ۋە ۋىزانتىيلىكلەر (رۇملار)نىڭ ماددىي ھەزارىتىگە تاقابىل تۇرغاندا قوللانغانغا ئوخشاش

ئۇسۇل قوللىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. تۈنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار دۇشمەنىنىڭ تازا ئەۋجگە چىققان ماددىي ھەزارىتىگە ئۇلارنىڭكىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان مەنىۋى ھازارەت بىلەن تاقابىل تۇرغان ئىدى. ئۇ چاغدا پارىسلار ۋە ۋىزانتىيىلىكلەرنىڭ ماددىي ھەزارىتى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان بولۇپ، مۇسۇلمانلاردا ئۇلاردا بار ماددىي قوراللار ۋە تەشكىلىي تۈزۈملەر يوق دېيەرلىك ئىدى. شۇنداقتىمۇ، مۇسۇلمانلار يەڭدى. ئادەتتىن تاشقىرى قانۇنىيەتكە تايىنىپ ئەمەس، ئادەتتىكى قانۇنىيەتكە تايىنىپ يەڭدى. اللەنىڭ قانۇنىيىتى شۇكى، ھەق بولمىسا، ناھەق پاخپىيىۋالىدۇ. ھەق كەلسە ناھەق ئۆزلىكىدىن يوقۇلىدۇ.

﴿وَقُلْ جَاءَ الْحَقُّ وَزَهَقَ الْبَاطِلُ إِنَّ الْبَاطِلَ كَانَ زَهُوقًا﴾ ﴿ھەقىقەت (يەنى ئىسلام) كەلدى، باتىل (يەنى كۇفرى) يوقالدى. باتىل ھەقىقەتەن ئوڭاي يوقىلىدۇ دېگىن﴾[1].

اللەنىڭ يەنە بىر قانۇنىيىتى شۇكى، ھەق بىلەن ناھەقنىڭ تىركىشىشى نەتىجىسىدە زېمىن بۇزۇلۇشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ: ﴿وَلَوْلَا دَفْعُ اللَّهِ النَّاسَ بَعْضَهُمْ بِبَعْضٍ لَفَسَدَتِ الْأَرْضُ وَلَكِنَّ اللَّهَ ذُو فَضْلٍ عَلَى الْعَالَمِينَ﴾ ﴿اللە ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىپ تۇرمىسا (يەنى كۈچلۈك تاجاۋۇزچىغا ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بولغان بىرسىنى ئاپىرىدە قىلمىسا) ئىدى، يەر يۈزى ئەلۋەتتە پاساتقا ئايلىناتتى (يەنى خارابلىققا يۈزلىنەتتى)، لېكىن اللە (يامانلىقنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلماسلىق بىلەن) پۈتۈن جاھان ئەھلىگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر﴾[2].

اللەنىڭ يەنە بىر قانۇنىيىتى شۇكى، ھەقنىڭ ھەققە ئىشەنگەن قوشۇنلىرى بولىدۇ. چۈنكى قوشۇنى يوق ھەق غەلىبە قىلالمايدۇ. ھەقنىڭ

---

[1] سۈرە ئىسرا، 81-ئايەت.

[2] سۈرە بەقەرە، 251 – ئايەت.

قوشـۇنى اللهقـا ئىخـلاس قىلغـان، ئېتىقـاد ئاساسـىدا بىرلەشـكەن، ئىتتىپاقلاشقان، اللهقا ھەقىقىي تەۋەككۇل قىلغان، زورۇرىيەت تېپىلغاندا الله يولىدا جىھادقا چىقىدىغان قوشۇندۇر.

﴿هُوَ الَّذِي أَيَّدَكَ بِنَصْرِهِ وَبِالْمُؤْمِنِينَ وَأَلَّفَ بَيْنَ قُلُوبِهِمْ لَوْ أَنْفَقْتَ مَا فِي الْأَرْضِ جَمِيعًا مَا أَلَّفْتَ بَيْنَ قُلُوبِهِمْ وَلَكِنَّ اللَّهَ أَلَّفَ بَيْنَهُمْ إِنَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٌ يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ حَسْبُكَ اللَّهُ وَمَنِ اتَّبَعَكَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ حَرِّضِ الْمُؤْمِنِينَ عَلَى الْقِتَالِ إِنْ يَكُنْ مِنْكُمْ عِشْرُونَ صَابِرُونَ يَغْلِبُوا مِائَتَيْنِ وَإِنْ يَكُنْ مِنْكُمْ مِائَةٌ يَغْلِبُوا أَلْفًا مِنَ الَّذِينَ كَفَرُوا بِأَنَّهُمْ قَوْمٌ لَا يَفْقَهُونَ الْآنَ خَفَّفَ اللَّهُ عَنْكُمْ وَعَلِمَ أَنَّ فِيكُمْ ضَعْفًا فَإِنْ يَكُنْ مِنْكُمْ مِائَةٌ صَابِرَةٌ يَغْلِبُوا مِائَتَيْنِ وَإِنْ يَكُنْ مِنْكُمْ أَلْفٌ يَغْلِبُوا أَلْفَيْنِ بِإِذْنِ اللَّهِ وَاللَّهُ مَعَ الصَّابِرِينَ﴾ «الله سـېنى ئۆزىنىـڭ يـاردىمى بىـلەن ۋە مـۇئمىنلەر بىـلەن كۈچلەندۈرـدى. الله مۇئمىنلەرنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈردى. سەن يەر يۈزىدىكى پۈتۈن بـايلىقنى سەرپ قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرەلمەيتتىڭ؛ لېكىن الله (ئۆزىنىڭ قۇدرەت كامىلەسى بىلەن) ئۇلارنى ئىناق قىلدى. شۈبھىسىزكى، الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئى پەيغەمبەر! (يالغۇز) الله ساڭا ۋە ساڭا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرگە كۇپايە قىلغۇچىدۇر. ئـى پەيغەمـبەر! مـۇئمىنلەرنى (مۇشـرىكلار بىـلەن) ئـۇرۇش قىلىشـقا رىغبەتلەنـدۈرگىن، ئەگەر سـىلەردە چىدامىلىق 20 ئادەم بولىدىغان بولسا، (دۈشمەندىن) 200نـى يېڭەلەيـدۇ؛ ئەگەر سـىلەردە (چىـدامىلىق) 100 ئـادەم بولـىدىغان بولسـا، كـاپىرلاردىن 1000نـى يېڭەلەيـدۇ؛ چـۈنكى ئـۇلار (جاھـىل) قەۋم بولـۇپ، (اللهنىـڭ ھېكمىتىنىـــى) چۈشـــەنمەيدۇ. الله ئەمـــدى ســـىلەرنىڭ (يۈكـــۈڭلارنى) يېنىكلەتتى، سىلەرنىڭ ئاجىزلىقىڭلارنى بىلدى، ئەگەر سىلەردە چىدامىلىق 100 ئـادەم بولـىدىغان بولسـا، 200 (دۈشـمەن)نى يېڭەلەيـدۇ، ئەگەر سىلەردە (چىدامىلىق) 1000 ئادەم بولىدىغان بولسا، اللهنىـڭ ئىزنـى بىـلەن

2000 (دۈشمەن)نى يېڭەلەيدۇ. اﷲ چىدامىلىقلار بىلەن بىللىدۇر﴾[1] .

اﷲنىڭ يەنە بىر قانۇنىيىتى شۇكى، ھەق يوق ۋاقىتىدا ماددىي كۈچى بىلەن پاخپايغان ناھەقنىڭ يىلتىزى بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ ناھەق بىر مەزگىل دەۋر سۈرىدۇ: ﴿فَلَمَّا نَسُوا مَا ذُكِّرُوا بِهِ فَتَحْنَا عَلَيْهِمْ أَبْوَابَ كُلِّ شَيْءٍ حَتَّى إِذَا فَرِحُوا بِمَا أُوتُوا أَخَذْنَاهُمْ بَغْتَةً فَإِذَا هُمْ مُبْلِسُونَ فَقُطِعَ دَابِرُ الْقَوْمِ الَّذِينَ ظَلَمُوا وَالْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ ﴿ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنى ئۇنتۇغان چاغدا، ئۇلارغا (سىناش ئۈچۈن) پاراۋانلىقنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتۇق، ئۇلار تاكى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن نېمەتلەردىن خۇشال - خۇرام تۇرغاندا (ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت جازالىدۇق)، ئۇلار ھەسرەتتە قالدى. زۇلۇم قىلغان قەۋمنىڭ يىلتىزى قۇرۇتۇلدى (يەنى ئۇلار پۈتۈنلەي ھالاك قىلىندى). جىمى ھەمدۇ سانا (پەيغەمبەرلىرىگە ياردەم بېرىپ كۇففارلارنى ھالاك قىلغانلىقى ئۈچۈن) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اﷲقا خاستۇر!﴾[2]

پەقەت ھەقنىڭلا يىلتىزى بولىدۇ. ھەق كۆكلىسە يەنى ھەقكە ئىشەنگەن، ئىخلاسمەن، جىھاد قىلالايدىغان، سەۋر قىلالايدىغان قوشۇن بارلىققا كەلسە، ھەقنىڭ قوشۇنى گەرچە ئاز بولغان تەقدىردىمۇ، ھەق غەلىبە قىلىدۇ. چۈنكى ھەق يىلتىزلىق قىممەت قاراشلارغا ئىگە بولۇپ، اﷲ ئۇنىڭ يوقالماسلىقىنى تەقدىر قىلغان: ﴿فَأَمَّا الزَّبَدُ فَيَذْهَبُ جُفَاءً وَأَمَّا مَا يَنْفَعُ النَّاسَ فَيَمْكُثُ فِي الْأَرْضِ كَذَلِكَ يَضْرِبُ اللَّهُ الْأَمْثَالَ﴾ ﴿...كۆپۈك بولسا ئېقىپ تۈگەيدۇ، ئىنسانلارغا پايدىلىق نەرسە زېمىندا قېلىپ قالىدۇ، اﷲ مىساللارنى ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ﴾[3] .

﴿كَتَبَ اللَّهُ لَأَغْلِبَنَّ أَنَا وَرُسُلِي إِنَّ اللَّهَ قَوِيٌّ عَزِيزٌ﴾ ﴿اﷲ (لەۋھۇلمەھپۇزغا):

---

[1] سۈرە ئەنفال، 62 – ئايەتتىن 66 – ئايەتكىچە.

[2] سۈرە ئەنئام، 44 – ۋە 45 – ئايەتلەر.

[3] سۈرە رەئد، 17 – ئايە7.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

«مەن ۋە مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىم چوقۇم غەلىبە قىلىمىز» دەپ يازدى، اللہ ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر﴾[1].

﴿وَلَقَدْ كَتَبْنَا فِي الزَّبُورِ مِنْ بَعْدِ الذِّكْرِ أَنَّ الْأَرْضَ يَرِثُهَا عِبَادِيَ الصَّالِحُونَ﴾ ﴿بىز لەۋھۇلمەھپۇزدا (ئەزەلدە) يازغاندىن كېيىن، (داۋۇدقا نازىل قىلىنغان) زەبۇردا زېمىنغا (يەنى جەننەت زېمىنغا) ھەقىقەتەن مېنىڭ ياخشى بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ دەپ يازدۇق﴾[2].

﴿وَلَقَدْ سَبَقَتْ كَلِمَتُنَا لِعِبَادِنَا الْمُرْسَلِينَ إِنَّهُمْ لَهُمُ الْمَنْصُورُونَ﴾ ﴿بىزنىڭ پەيغەمبەر بەندىلىرىمىز ھەققىدىكى سۆزلىرىمىز ئالدىنئالا ئېيتىلغان. ئۇلار چوقۇم نۇسرەت تاپقۇچىلاردۇر﴾[3].

دېمەك، اللہنىڭ ئىلمىدا ئەينى ۋاقىتتىكى قارشىلىشىشتا ئىسلامنىڭ ئىككى چوڭ جاھىلىيەت دۆلىتىنى ۋە ئەينى ۋاقىتتا مەۋجۇت بولغان باشقا جاھىلىيەتلەرنى يېڭىدىغانلىقى قارارلىشىپ بولغان ئىدى. قىممەت قاراشلاردىن خالىي، ھەقىقەتتىن خالىي ماددىي كۈچلەرنىڭ ئۆزىنى ھىمايە قىلغۇدەك يىلتىزى يوق ئىدى. اللہنىڭ سۆزى راستتۇر. ھەق يەڭدى، ناھەق يوقىلىپ، ئەسلەردىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

بۇ كۈنلەردىمۇ چوڭ جاھىلىيەت دۆلەتلىرى يەنە بىر قېتىم ئىسلام بىلەن قارشىلاشماقتا. بۇ دۆلەتلەر ماددىي كۈچ، ماددىي تەرەققىيات ۋە تېخنولوگىيىدە مىسلىسىز يۇقىرى پەللىگە چىقتى. لېكىن ئۇلارنىڭ يىلتىزى يوق، پەقەت ھەقنىڭلا يىلتىزى بار.

ھازىرقى زامان جاھىلىيىتى ئىنسانىي دارۋىنىزمچە نۇقتىئىنەزەر بىلەن ھايۋان دەپ تونۇيدۇ. جاھىلىيەتچىلەر ئۆزىنى اللہنىڭ ئىبادىتىدىن چوڭچىلىق

[1] سۈرە مۇجادىلە، 21 – ئايەت.
[2] سۈرە ئەنبىيا، 105 – ئايەت.
[3] سۈرە سافقات، 171 – ۋە 172 – ئايەتلەر.

قىلالايدىغان زوراۋان ئىلاھ دەپ چاغلايدۇ. مانا بۇ يىلتىزى يوق قىزىل ناھەقتۇر.

ماددىي ھازارەت روھىي ھازارەتتىن ئايرىلىپ كەتكەچكە، ئۇنىڭمۇ يىلتىزى يوقتۇر. چۈنكى، روھتىن ئايرىلغان ماددىي ھازارەت ئۆز مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ تۇرالمايدۇ. بۇنداق ھازارەت ئۇستىگە قۇرۇلغان قۇرۇلمىلارمۇ يىمىرىلمەي قالمايدۇ.

دەرۋەقە، ھەقتىن يىراق تۇرۇۋاتقان بۇ ماددىي ھازارەتنىڭمۇ ناھايىتى چوڭ ئۇتۇقلىرى بار. اللہ ئىرىشقان ئىنسانغا مۆئمىن، كاپىر دەپ ئايرىماي، نەتىجە - ئۇتۇق ئاتا قىلىدۇ. تارىختا ئۆتكەن ھەرقانداق جاھىلىيەتنىڭ مەلۇم ئۇتۇقلىرى بولغان: ﴿كُلًّا نُمِدُّ هَؤُلَاءِ وَهَؤُلَاءِ مِنْ عَطَاءِ رَبِّكَ وَمَا كَانَ عَطَاءُ رَبِّكَ مَحْظُورًا﴾ ﴿بۇلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىگە پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاتا قىلغىنىدىن بېرىمىز. پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاتا قىلغىنى (ھېچ ئادەمدىن) مەنئى قىلىنمايدۇ﴾[1].

دەرۋەقە، ھەقتىن يىراق تۇرۇۋاتقان بۇ ماددىي ھازارەتنىڭمۇ بەزىبىر قىممەت قاراشلىرى ۋە مەنپەئەتلىك تەرەپلىرى بار. چۈنكى، ئىنسان روھىيىتى گەرچە ھەقتىن ھەرقانچە يىراقلاشسىمۇ، ئەمما ئۇ پۈتۈنلەي ئەسكىلىشىپ كەتمەيدۇ. جاھىلىيەت ئىچىدىكى ھەممە ئادەم يۈزدەيۈز ئەسكىلىشىپ كەتمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «**خياركم في الجاهلية خياركم في الإسلام إذا فقهوا**» «سىلەرنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدە ياخشى بولغىنىڭلار، دىنىنى چۈشەنسىلا ئىسلامدىمۇ سىلەرنىڭ ياخشىڭلار بولىدۇ»[2].

لېكىن ھەق بىلەن ناھەقنىڭ كۈرىشىدە ھەل قىلغۇچ نەتىجىنى

---

[1] سۈرە بەنى ئىسرائىل، 20 – ئايەت.

[2] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

بەلگىلەيدىغىنى ماددىي ئۈتۈق ئەمەس، ھەم جاھىلىيەتلەردە ئانچە - مۇنچە تېپىلىپ قالىدىغان قىسمەن قىممەت قاراشلىرىمۇ ئەمەس. بەلكى ھازارەت بىناسىنىڭ ئۇلىدۇر.

ناھايىتى ئېنىقكى، پارس ۋە رىملىقلارنىڭ جاھىلىيىتىدىمۇ ناھايىتى پايدىلىق مەنپەئەتلىك ماددىي ئۈتۈقلار بار ئىدى. قىسمەن قىممەت قاراشلىرىمۇ بار ئىدى. لېكىن بۇ، ئۇ ئىككى جاھىلىيەتنى ئىسلام ئالدىدا يىمىرىلىشتىن ھىمايە قىلالمىدى. ئىسلام ئىنسانىي مەۋجۇتلۇقنىڭ غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ساغلام ئاساس ئۈستىگە تۇرغان. بۇ ئاساس يۇقىرىدا بىز بايان قىلغاندەك، كەڭ مەنىگە ئىگە ئىبادەتتۇر. ئەينى چاغدا ئىسلامنىڭ كۈچى ئاجىز، ماددىي ئۈتۈقلىرى يوق دېيەرلىك بولسىمۇ، يەنىلا ئىلاھىي قانۇنىيەت بويىچە يەڭگەن ئىدى. بۇ قانۇنىيەت شۇكى، ھەق يىلتىزى كۆكلەپ، ناھەق بىلەن تەلەپكە لايىق تۇتۇشسا، گەرچە ناھەق (جاھىلىيەت) نىڭ ماددىي كۈچى ناھايىتى زور بولسىمۇ، قىممەت قاراش، پرىنسىپ ۋە ئەخلاقلاردىن خالىي بولغاچقا، ھەق ئالدىدا يېڭىلىدۇ.

ھازىرقى مۇسۇلمانلارمۇ بۇرۇنقى مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش ئىلاھىي قانۇنىيەتلەرگە ئۇيغۇنلىشىپ، غەلىبە قازىنىشنىڭ شەرتلىرىنى ھازىرلىغاندا، چوقۇم غەلىبە قازىنىدۇ. يەر يۈزىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش بولىدۇ، بۇ ئىلاھىي قانۇنىيەتنىڭ تەقەززاسىدۇر. اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ۋەدىسى شەكسىز ئىشقا ئاشقۇسىدۇر. لېكىن ھازىر ئويغانغان مۇسۇلمانلار غەلىبە قازىنىشنىڭ شەرتىنى چوقۇم بىلىشى كېرەك.

ھازىرقى مۇسۇلمانلار ئىلمىي ۋە ماددىي تەرەققىياتتا، تېخنولوگىيىدە، تەشكىلىي - تۈزۈمدە ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىدىن كېيىن قالغان. لېكىن ئۇلاردا جاھىلىيەتتە يوق ئەۋزەللىكلەر بار: ئۇلاردا ساغلام ئەقىدە، ساغلام يول بار، ھەممىدىن خەۋەردار اللە نازىل قىلغان، زېمىننى ۋە ھاياتلىقنى تۈزەيدىغان مۇكەممەل، ھەممىباب، مۇۋازىنەتلىك بىر يول بار. ئۇلار ساغلام

ئەقىدىنى ئۆز ۋۇجۇدىدا ئىشقا ئاشۇرۇپ، بۇ توغرا يولنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە ئىشقا ئاشۇرىدىغانلا بولسا، اللهنىڭ تەقدىرى بىلەن ھەقنىڭ يېڭىش قانۇنىيىتى يەنە جارى بولۇپ، ئىسلامنىڭ جاھىلىيەت بىلەن بولغان توقۇنۇشىدا يەنە غەلىبە قازىنىدۇ.

بىراق، ئەقىدە سۇزۇك، نۇرانە، غۇبارسىز بولغاندىلا، ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ جەزبىدار جىلۋىسى بىلەن جاھىلىيەتتىن ماھىيەتلىك پەرقلىنىپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە قارىتالايدۇ. ئىلاھىي يولدىكى مۇسۇلمانلار قىممەت قاراشلار، ئالىي ئەخلاقلار، چوڭقۇرلۇقلار، مۇستەھكەملىكلەر، ھەممىبابلىقلار، تەڭپۇڭلۇقلار مەلۇم ئادەملەردە ئىشقا ئاشقاندىلا، ئاندىن ئىسلام بىلەن جاھىلىيەت ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ پەرق كىشىلەرگە ئايان بولىدۇ، كىشىلەر بۇ يولنى ياقتۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا كىرىدۇ. ئەنە شۇ چاغدىلا ئىلاھىي قانۇنىيەت بويىچە ھەق غەلىبە قىلىش لاياقىتىگە ئېرىشىدۇ. ھەق ئىنسانلار تۇرمۇشىدا ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. كىشىلەرگە ھەقىقەتنىڭ زوروْرلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. كىشىلەر غەپلەتكە چۆككىنىدە، ياخشىلىق ۋە ھىدايەتنى رەت قىلغىنىدا، ھەقىقەتنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلالمىغان بىلەن، ھەقىقەتنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىدېئال شەكىلدە ئىشقا ئاشقانلىقىنى كۆرسە، ئىنسانىي پىترىتى ئويغىنىپ، ئۆزىدىكى نۇقسانلارنى بايقاپ، كامالەت تېپىشقا ئالدىرايدۇ. ئۇلار ئىسلامنىڭ ئىلىم - پەن تەرەققىياتىغا، تېخنولوگىيىگە ۋە تەشكىلى - تۈزۈمگە پۈتلاشمايدىغانلىقىنى، بەلكى ئۇنى ئىمانىي ئاساس ئۈستىگە توغرا قۇرۇپ چىقىپ، ئۇنىڭغا جاھىلىيەت بەرمىگەن ئەخلاقنى بېغىشلىغانلىقىنى، ئىنسانغا لايىق روھ بېغىشلىغانلىقىنى كۆرسە، ئۇلارنىڭ ئىلاھىي يولغا بولغان ئىشەنچىسى تېخىمۇ بەك ئاشىدۇ، ئىلاھىي يولغا تېخىمۇ بەك يۈزلىنىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى بۇ ئىشنى توغرا مۆلچەرلەپ، يېتەرلىك كۈچ چىقىرىشى لازىم.

www.uyghurkitap.com

بۇ ناھايىتى جىددىي، شۇنداقلا ناھايىتى خەتەرلىك بىر ئىشتۇر.

بۇ، كۆڭۈللۈك سەيلە - ساياھەت ئەمەس، بىرەر كىمنىڭ شەخسىي ئىشىمۇ ئەمەس.

بۇ پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىدۇر؛ پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئىشىدۇر؛ توغرا يولدا مېڭىشنى خالايدىغانلارنىڭ ئىشىدۇر؛ ئىنسانىيەتنى لاي - لاتقىلار ئىچىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىش ئىشىدۇر. مۇسۇلمانلارمۇ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ياكى دۈشمەننىڭ ھەيدەكچىلىك قىلىشى بىلەن لاي - لاتقىلار ئىچىگە چۆككەن. ئېتىقادى بۇزۇلۇپ، ئۆزلۈكىنى يوقىتىپ، سەلدىكى كۆپۈكچىلەرگە ئايلىنىپ قالغان.

بۇ ناھايىتى جىددىي بىر ئىشتۇر. بۇ ئىشنى پارچە - پۇرات، يوقىلاڭ تىرىشچانلىق بىلەن روياپقا چىقارغىلى بولمايدۇ. چالا مۇسۇلمانلىقىمىز بىلەنمۇ روياپقا چىقارغىلى بولمايدۇ.

بۇ ئىشتا ھەممە كۈچنى يىغىشقا توغرا كېلىدۇ. تۈنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار ئۆرلىگەن يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەشكە ئۇرۇنۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەنە شۇ چاغدىلا مۇسۇلمانلاردىكى مەنىۋى ھازارەت ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، مۇسۇلمانلار بىلەن دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى ماددىي پەرقتىن كېلىپ چىققان يوچۇقلارنىڭ ئورنىنى تولدۇرىدۇ. ھەق يولدا ماڭغانلار ماددىي كۈچى بىلەن پاخپايغان ناھەقلەرنى يېڭەلەيدۇ.

ھەرقايسى جايلاردىكى ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى ئاۋۋال يۇقىرى سەۋىيىلىك ئۇلۇلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۇرگەندىن كېيىن، ئاندىن ئاۋام خەلقنى ئويغىنىشقا چاقىرىشى كېرەك.

بۇ يەردە يۇقىرى سەۋىيىلىك مۇستەھكەم ئۇلۇلارنى يېتىشتۇرۇشنىڭ ئۇسۇلى ۋە ئاۋام خەلقنى دەۋەت قىلىش ئۇسۇلىنى سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز. بىز پەقەت بۇ ئىككى ئىشقا ئاساس بولىدىغان ئەڭ ئاساسلىق بىر ئىشنى

كۆرستىپ ئۆتىمىز: «ھەممىدىن ئاۋۋال خاتا چۈشەنچىلەرنى تۈزىتىش كېرەك!» چۈشەنچە توغرا بولمىسا قانداق ئۇل سالغىلى بولىدۇ؟

«تەستىق ۋە ئىقرار بىلەنلا ئىمان پۈتىدۇ، ئەمەل ئىماننىڭ جۈملىسىدىن ئەمەس، كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزىدىن چىقارغان كىشى گەرچە ئىسلام ئەمەللىرىدىن بىرىنى قىلمىسىمۇ مۇئمىن بولۇۋېرىدۇ» دەيدىغان مۇرجىئىلىك ئىدىيىسى ئۈستىگە قانداقمۇ مۇستەھكەم ئۇل سالغىلى بولسۇن؟

پەقەت مەلۇم بىرقانچە خىل ئىشلارنىلا ئىبادەت دەپ تونۇيدىغان، ئەمەلنى، ئەخلاقنى ئىبادەت دائىرىسىدىن چىقىرىۋېتىدىغان، تۇرمۇشنى «داپ بىلەن ئۇسسۇل، خۇدا بىلەن رەسۇل» دەپ ئىككىگە ئايرىپ، كۆڭۈل ئاچقاندا ئىبادەت قىلمايدىغان، قىلغان ئىبادىتىنىڭ ئەمەلىي تەقەززاسىنى ئىشقا ئاشۇرمايدىغان چولتا ئىبادەت چۈشەنچىسى ئۈستىگە قانداقمۇ مۇستەھكەم ئۇل سالغىلى بولسۇن؟

سەۋەب قىلماي، پاسسىپلارچە يۆلىنىپ تۇرۇۋالىدىغان قازا ۋە قەدەر ئەقىدىسى ئۈستىگە قانداقمۇ مۇستەھكەم ئۇل سالغىلى بولسۇن؟

دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىدىغان خاتا تونۇش ئۈستىگە قانداقمۇ مۇستەھكەم ئۇل سالغىلى بولسۇن؟

زېمىننى ئىلاھىي يولنىڭ تەقەززاسى بويىچە گۈللەندۈرۈشكە سەل قارايدىغان ناتوغرا ھازارەت چۈشەنچىسى ئۈستىگە قانداقمۇ مۇستەھكەم ئۇل سالغىلى بولسۇن؟

بۇنداق ئۇل جاھىلىيەت بىلەن بولغان چوڭ توقۇنۇشتا نېمە قىلالايدۇ؟

كىشىلەرگە ھەقنى قوبۇل قىلدۇرغۇدەك قانداق ياخشى تەسىرات بېرەلەيدۇ؟

ئاۋام خەلقنىمۇ توغرا چۈشەنچە بويىچە دەۋەت قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇلار دەۋەتكە يۆلەنچۈك بولىدۇ، يۈك بولۇپ قالمايدۇ.

بىز كىشىلەرنىڭ ئىسلام ھەققىدىكى خاتا چۈشەنچىلىرىنى ئۆزگەرتمىز دېمىسەك، نېمە مەقسەت بىلەن دەۋەت ئېلىپ بارىمىز؟!

تەستىق ۋە ئىقرار بىلەنلا ئىمان پۈتىدۇ، ئەمەل ئىماننىڭ جۈملىسىدىن ئەمەس، كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزىدىن چىقارغان كىشى گەرچە ئىسلام ئەمەللىرىدىن بىرىنى قىلمىسىمۇ مۆئمىن بولۇۋېرىدۇ دەيدىغان مۇرجىئىلىك ئىدىيىسى بويىچە دەۋەت ئېلىپ بېرىپ نېمە قىلىمىز، بىز ئۇلارنى تېخىمۇ ۋەيران قىلىپ، تېخىمۇ بەك كۆپۈكلەشتۈرىمىزمۇ؟! بىز ئۇلارنىڭ مازارى - ماشايىخلارغا چوقۇنۇشتىكى شېرىك ئېتىقادىنى، شەرىئەتنىڭ غەيرىگە ئەگىشىشتىكى شېرىك ئېتىقادىنى، ئاللاھنى قويۇپ، ئۆزى بىلگەنچە قانۇن تۈزگەنلەرنى خۇدا قىلىۋېلىشتىكى شېرىك ئېتىقادىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىمىزمۇ؟! ياكى بىز ئۇلارنى ئۆز ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشكە چاقىرىمىزمۇ؟!

خاتا چۈشەنچىلەرنى تۈزەتمەي تۇرۇپ ھېچ ئىش قىلغىلى بولمايدۇ.

خاتا چۈشەنچىلەر ئەمەلىيەتتە تۈزىتىلىپ، توغرا چۈشەنچىلەر بويىچە مۇستەھكەم ئۇللار سېلىنىپ، ئىسلامنى ئەمەلىي ھەرىكەتتە بىلەن ئىجرا قىلىدىغان ئاڭلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ياردىمى قولغا كەلتۈرۈلگەندىلا، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆۋەندىكى ھەدىستە بايان قىلغان ۋەدە ئىشقا ئاشىدۇ:

«تكون النبوة فيكم ما شاء الله أن تكون ، ثم يرفعها الله إذا شاء أن يرفعها . ثم تكون خلافة على منهاج النبوة ، فتكون ما شاء الله أن تكون ، ثم يرفعها الله إن شاء أن يرفعها ، ثم تكون ملكا عاضا فتكون ما شاء الله أن تكون ، ثم يرفعها إذا شاء الله أن يرفعها ، ثم تكون ملكا جبريا فتكون ما شاء الله أن تكون ، ثم يرفعها الله إذا شاء أن يرفعها ، ثم تكون خلافة على منهاج النبوة»

«پەيغەمبەرلىك ئاراڭلاردا ئاللاھ خالىغان مۇددەت داۋاملىشىدۇ، ئاندىن ئۇنى ئاللاھ ئۆزى خالىغان بىر مەھەلدە كۆتۈرۈۋېتىدۇ؛ ئاندىن كېيىن پەيغەمبەرنىڭ يولى بويىچە خەلىپىلىك بولىدۇ، ئۇ ئاللاھ خالىغان بىر مۇددەت داۋاملىشىدۇ، ئاندىن ئۇنى ئاللاھ ئۆزى خالىغان بىر مەھەلدە كۆتۈرۈۋېتىدۇ؛ ئاندىن كېيىن

چىشلىگەك پادىشاھلار مەيدانغا كېلىدۇ، ئۇ الله خالىغان بىر مۇددەت داۋاملىشىدۇ، ئاندىن ئۇنى الله ئۆزى خالىغان بىر مەھەلدە كۆتۈرۈۋېتىدۇ؛ ئاندىن كېيىن زوراۋان پادىشاھلار مەيدانغا كېلىدۇ، ئۇ الله خالىغان بىر مۇددەت داۋاملىشىدۇ، ئاندىن ئۇنى الله ئۆزى خالىغان بىر مەھەلدە كۆتۈرۈۋېتىدۇ، ئاندىن كېيىن پەيغەمبەرنىڭ يولى بويىچە خەلىپىلىك بولىدۇ»[1].

بۇ چاغدا يەر يۈزىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش بولىدۇ. ئىسلام قايتا جەۋلان قىلىدۇ، كىشىلەر قاراڭغۇلۇقتىن نۇرغا چىقىدۇ، بەندىلەرگە چوقۇنۇشتىن قۇتۇلۇپ، اللهقا ئىبادەت قىلىدۇ. دۇنيانىڭ سىقىلىشلىرىدىن قۇتۇلۇپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازادىلىكىگە ئېرىشىدۇ.

﴿بِنَصْرِ اللَّهِ يَنْصُرُ مَنْ يَشَاءُ وَهُوَ الْعَزِيزُ الرَّحِيمُ﴾ ﴿بۇ كۈندە مۇئمىنلەر اللهنىڭ بەرگەن ياردىمى بىلەن خۇشال بولىدۇ، الله خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىدۇ، الله غالىبتۇر، (مۇئمىنلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[2].

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[2] سۈرە رۇم، 5-ئايەت.